شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخىنى يېزىش-نەشر قىلىش كومىتېتى



# شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ............................................ (1)

1 . شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى
( 1944 - يىل 4 - ئايدىن 1945 - يىل 9 - ئايغىچە ) ......... (8)

2 . ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان تىنچلىق سۆھبىتى
( 1945 - يىل 9 - ئايدىن 1946 - يىل 6 - ئايغىچە ) ...... (145)

3 . شىنجاڭ بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە يىمىرىلىشى
( 1946- يىل 7 - ئايدىن 1947 - يىل 8 - ئايغىچە ) ......... (234)

4 . ئۈچ ۋىلايەت ئىچكى قىسمىنىڭ تەرتىپكە سېلىنىشى ۋە مۇستەھكەملىنىشى
( 1947 - يىل 8 - ئايدىن 1949 - يىل 8 - ئايغىچە ) ...... (327)

5 . جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدە ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ تاشقىنىغا تامامەن قوشۇلۇپ كېتىشى
( 1949 - يىل8- ئايدىن 1949 - يىل 12 - ئايغىچە ) ......... (406)

ئاخىرقى سۆز ............................................ (470)

خاتىمە ............................................ (473)

# كىرىش سۆز

1944 - يىلى كۈزدە، شېڭ شىسەي① ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مىللىي زۇلۇمى ۋە ۋەھشىيانە ھۆكۈمرانلىقىدىن جاق تويغان شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىكى ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسىنىڭ مىللىي ئازادلىق ۋە دېموكراتىك سىياسىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى تەشكىللىك ۋە كەڭ كۆلەملىك قوراللىق كۈرىشى پارتلىدى ھەمدە ئۈچ ۋىلايەتتە ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت قۇرۇلدى. بۇ ئىنقىلاب يۇقىرىدا دېيىلگەن ئۈچ ۋىلايەتتە پارتلىغاچقا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەپ ئاتالدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىكى زور ۋەقە. ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدىكى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردەم بېرىشى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت تەرەققىيپەرۋەر كىشىلىرىنىڭ تەشكىللىشى ۋە يېتەكلىشى ئارقىسىدا پارتلىدى. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بەش يىل داۋام قىلغان بۇ ئىنقىلاب ئەگرى - توقايلىقلار ئىچىدە ئىلگىرىلىدى، غەلىبە ئىچىدە تەرەققىي قىلدى. ئۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى مۇئەييەن دېموكراتىك ھوقۇققا ئىگە قىلدى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى

---

① شېڭ شىسەي (1897 — 1970): لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ كەييۈەن ناھىيىسىدىن، خەنزۇ. 1930 - يىل كۈزدە شىنجاڭغا كەلگەن. 1933 - يىلى شىنجاڭدا يۈز بەرگەن «12 - ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشىدە تەختكە چىقىپ، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى بولغان، ئۇ ھەربىي - مەمۇرىي چوڭ ھوقۇقنى چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىپ، مىلىتارىستلىق مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزگەن. بىرمەھەل سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، كومپارتىيە بىلەن بىرلىشىش سىياسىتىنى يولغا قويغان. 1942 - يىلى ئاشكارا ھالدا جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان. 1944 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭدىن يۆتكىلىپ كەتكەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇش ھارپىسىدا تەيۋەنگە قېچىپ كەتكەن. 1970 - يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن تەيۋەندە ئۆلگەن.

ھەر بىي كۆچنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، غەربىي شىمال جەڭ مەيدانىدىكى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىگە ماسلىشىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋە جاھانگىرلارنىڭ شىنجاڭنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇش بازىسىغا ئايلاندۇرۇش سۇيىقەستىنى تارمار قىلىشقا، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشىغا، خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا غەلىبە قازىنىشىغا مۇھىم تۆھپە قوشتى.

1949 - يىل 8 - ئايدا، ماۋزېدۇڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى① نى جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا تەكلىپ قىلىپ يازغان خېتىدە: «سىلەرنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان ئېلىپ بارغان كۈرەشڭلار پۈتۈن جۇڭگو خەلقىمىزنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى» دەپ كۆرسىتىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ خاراكتېرى ۋە تۆھپىسىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى ۋە ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بەردى.

شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مۇئەييەن تارىخىي شارائىتتا پارتلىدى. 1941 - يىل 6 - ئايدا، گېرمانىيە فاشىست قوشۇنلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەڭ كۆلەمدە تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. 10 - ئايدا لېنىنگراد (ھازىرقى سان پېتېربورگ) نى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، موسكۋا شەھىرىگە قىستاپ

---

① ئەخمەتجان قاسىمى (1914 — 1949): شىنجاڭ غۇلجا ناھىيىسىدىن، ئۇيغۇر. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئېپىنكى مەزگىلىدىكى ئاساسلىق رەھبىرى. بالىلىق چاغلىرىدا تاغىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەن، موسكۋا ئەمگەكچىلەر كوممۇنىستىك داشۆسىدە ئوقۇغان. 1942 - يىل 6 - ئايدا ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، تارباغاتاي، ئىلى قاتارلىق جايلاردا مەخپىي پائالىيەت ئېلىپ بارغان. 1943 - يىل 12 - ئايدا شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان، 1944 - يىل 10 - ئايدا قويۇپ بېرىلگەن. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، غۇلجىدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ گېزىت مۇھەررىرى، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىدە كاتىپ بولۇپ ئىشلىگەن. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ مەسئۇلى، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ سۆھبەت ۋەكىلى بولغان، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1949 - يىل 8 - ئايدا يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا كېتىۋاتقاندا ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ بەختكە قارشى قازا تاپقان.

كەلدى ؛ ياپون جاھانگىرلىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىـ
دىكى تايانچ بازىلار — دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا
قارشى تايانچ بازىلارغا قاراتقان تازىلاشنى جىددىيلەشتۈردى ؛ گومىنـ
داڭ ھۆكۈمىتى تەدرىجىي ھالدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا پاسسىپ قارشى
تۇرۇش ، كومپارتىيىگە ئاكتىپ قارشى تۇرۇش تەرەپكە قاراپ ئۆزگىرىپ ،
كومپارتىيىگە قارشى ئۈزلۈكسىز سۈركۈلۈش پەيدا قىلىپ ، جۇڭگو كوممۇـ
نىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى تۇرۇشلۇق جاي شەنشى - گەنسۇ -
نىڭشيا چېگرا رايونىنى قامال قىلىشنى جىددىيلەشتۈردى . سوۋېت ئىتتىپاـ
قى خەلقى ۋە جۇڭگو خەلقى ۋاقىتلىق قىيىنچىلىق مەزگىلىدە تۇرۇۋاتاتتى .
شىنجاڭدىكى ئىزچىل تۈردە سىياسىي پۇرسەتپەرەسلىك قىلىپ كېلىۋاتقان
مىلىتارىست شېڭ شىسەي ۋەزىيەتنى خاتا مۆلچەرلەپ ، جۇڭگو كوممۇنىسـ
تىك پارتىيىسى بىلەن ئورناتقان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرـ
لىكسەپكە ئۈزۈل - كېسىل بۇزغۇنچىلىق قىلىپ ، 1942 يىل 8 - ئايدا ئۆزىـ
نى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قوينىغا ئاتتى ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ، كومـ
پارتىيىگە ، خەلققە قارشى غالجىرانە جىنايى ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ باردى .
ئۇ تەكلىپكە بىنائەن شىنجاڭدا خىزمەت ئىشلەشكە كەلگەن جۇڭگو كوممۇـ
نىستىك پارتىيىسىنىڭ بارلىق ئەزالىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىـ
رىنى بۆيرۈق چۈشۈرۈپ قولغا ئالدى ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ
مۇنەۋۋەر ئەزالىرى چېن تيەنچيۇ ، ماۋزېمىن ، لىن جىلۇلارغا يوشۇرۇن زىيانـ
كەشلىك قىلدى ؛ ھەر قايسى مىللەتلەردىن بولغان زور بىر تۈركۈم نوپۇزـ
لۇق ئەربابلارنى ، تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەرنى ۋە بىگۇناھ ئاممىنى قولغا
ئالدى ۋە ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلدى . شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا ئىشپىـ
يونلار زورلۇق - زومبۇلۇق قىلدى ، ھەممىلا يەر تۈرمىگە ئايلاندى ، نۇرغۇن
كىشىلەر بالا - چاقىلىرىدىن ، مال - مۈلكىدىن ئايرىلىپ ، خانىۋەيران
بولدى . ھەر مىللەت خەلقى چېكىدىن ئاشقان تېررورلۇق ئىچىدە ياشاشقا
مەجبۇر بولدى .

شېڭ شىسەي ئۆزىنى گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئاتقاندىن كېيىن ، شىنـ
جاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان چېگرا سودىسىمۇ توختىتىۋەتتى ،

شىنجاڭنىڭ چارۋا ، تېرە - يۇڭ ، ئۈچەي قاتارلىق ئەنئەنىۋى ئېكسپورت تاۋارلىرىنى سىرتقا چىقىرىش مۇمكىن بولماي ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئىشلەپچىقىرىشىغا كېرەكلىك چاي ، گەزلىمە ، سەرەڭگە ، قەنت - گېزەك ، قەغەز ، قەلەي قاتارلىق بۇيۇملارنىڭ مال مەنبەسى ئۈزۈلۈپ قالدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ قەغەز پۇلى شىنجاڭغا كۆپلەپ ئېقىپ كىردى ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتمۇ ئۆلكە پۇلىنى بېسىش ، تارقىتىشنى تېزلەتتى ، نەتىجىدە پۇل پاخاللىشىپ ، مال باھاسى ئۈچقاندەك ئۆرلەپ كەتتى . 1944 - يىلى ئىلىدا مال باھاسى 1943 - يىلىدىكىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يەتتە يېرىم ھەسسە ئۆرلىدى ، شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر مىللەت خەلقىگە زورلۇق - زومبۇلۇق بىلەن سالغان ئالۋاڭ - ياساقلىرى كۈنسايىن ئېشىۋەردى ، ھەر مىللەت خەلقى ئاچ - يالىڭاچ تۇرمۇش كەچۈرۈپ ، ئېغىر ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە قالدى . بەزى كىشىلەر سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىشكە ، يەنە بەزى كىشىلەر جانىنى تىكىپ قوزغىلىپ تەۋەككۈل قىلىشقا مەجبۇر بولدى . شىنجاڭدىكى ئىجتىمائىي زىددىيەت ، سىنىپىي زىددىيەت ۋە مىللىي زىددىيەت كۈندىن - كۈنگە كەسكىنلەشتى ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشى ئۈزۈلمەي يۈز بېرىپ تۇردى .

شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان چېگرا لىنىيىسى ناھايىتى ئۇزۇن . شېڭ شىسەي تەرەققىيپەرۋەر قىياپەتكە كىرىۋالغان مەزگىلدە ، سوۋېت ئىتتىپاقى كۆپ قېتىم ئەسكەر چىقىرىپ ، ئۇنىڭ ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملىشىگە ياردەم بەرگەنىدى ، ئۇمۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە پايدىلىق بولغان ئىلغارراق بەزى سىياسەتلەرنى يۈرگۈزگەنىدى . شېڭ شىسەي ئۆزىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قوينىغا ئاتقاندىن كېيىن ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تۈزگەن تۈرلۈك كېلىشىملەرنى يىرتىپ تاشلاپ ، سوۋېت ئىتتىپاقىنى شىنجاڭدىكى بارلىق مەسلىھەتچىلەر ، مۇتەخەسسىسلەر ، ھەربىي ئوقۇتقۇچىلار ، گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئۆمىكى ۋە قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق قىزىل ئارمىيە 8 - تۇەنىنى چېكىندۈرۈپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى . بۇنىڭ بىلەن ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتىگىلا ئېغىر زىيان يېتىپ

قالماستىن ، گېرمانىيە فاشىستلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان سوۋېت ئىتتى-
پاقىنىڭ مەنپەئىتىگىمۇ زىيان يەتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئامېرىكا جاھانگىرلى-
كىنىڭ تەسىر كۈچلىرى شىنجاڭغا ھەدەپ قول تىققانلىقتىن ، سوۋېت ئىتتىپا-
قىنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە ستراتې-
گىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بولغان دىققەت - ئېتىبارى تېخىمۇ قوزغالدى .
شۇڭا ، سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ شېڭ شىسەي-
گە ۋە شىنجاڭدىكى گومىنداڭ دائىرىلىرىگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە كۆپ
تەرەپتىن ياردەم بەردى . ئالما - ئاتا ، ئەنجان ، تاشكەنت قاتارلىق
جايلاردا ھەربىي تەلىم - تەربىيە بازىسى قۇرۇپ ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئو-
قۇۋاتقان شىنجاڭلىق تەرەققىيپەرۋەر ياشلارنى ۋە نائىلاج سوۋېت ئىتتىپاقى-
غا قېچىپ كەتكەن كىشىلەرنى شىنجاڭغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن ، قوراللىق
كۈرەشنى قانات يايدۇرۇشنىڭ تايانچلىرى بولسۇن دەپ تەربىيىلىدى ؛
ئالما - ئاتا ، تاشكەنت قاتارلىق جايلاردا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەل-
قىنى شېڭ شىسەيگە ۋە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى
تۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان تەشۋىقات بۇيۇملىرى-
نى نەشر قىلىپ ، تۈرلۈك يوللار بىلەن شىنجاڭغا كىرگۈزۈپ ، ئاز سانلىق
مىللەتلەر ئىچىدە ناھايىتى زور تەسىر قوزغىدى .

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى ۋە ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا ، شىنجاڭ-
دىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى ، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ تەربىيە-
سى ۋە تەسىرىنى قوبۇل قىلغان بەزى تەرەققىيپەرۋەر ياشلار ، ئىلگىرى سو-
ۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان بەزى زىيالىيلار ۋە شېڭ شىسەي بىلەن گومىنداڭ
ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرىدىغان ھەر قايسى ساھەدى-
كى زاتلار ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىلى ، تارباغاتاي ، ئالتاي ، تاشقور-
غان ( ھازىرقى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى ) قاتارلىق جايلاردا
« ماركسىزم - لېنىنىزم ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى » ، « ئازادلىق تەشكىلاتى » ،
« ئالتاي قازاق مىللىي ئاقارتىش كومىتېتى » قاتارلىق مەخپىي تەشكىلاتلار-
نى قۇردى . بۇ تەشكىلاتلار ھەر قايسى جايلاردا ئاممىغا تەشۋىق قىلىدى-
غان ، ئاممىنى تەشكىللەيدىغان ، قوراللىق كۈرەش ئېلىپ بېرىشقا رەھبەر-

لىك قىلدىغان ئورگانغا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەر بىلەن ئالاقە باغلايدىغان كۆۋرۈككە ئايلاندى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرىشى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئۈچۈن كۈچ توپلاپ بەردى ۋە شارائىت ھازىرلاپ بەردى.

1944 - يىلى، ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتتە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەشلىرىگە پايدىلىق زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. خەلقئارادا سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسى گېرمانىيە فاشىست قوشۇنلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت چېگرىسىدىن پۈتۈنلەي قوغلاپ چىقىرىپلا قالماي، بەلكى شەرقىي ياۋروپادىكى بەزى دۆلەتلەرنى ئازاد قىلدى ھەمدە 9 - ئايدا گېرمانىيە زېمىنىغا كىرىپ ئۇرۇش قىلدى؛ ياپون تاجاۋۇزچىلىرى تىنچ ئوكياندا ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، دۆلەتياۋىينىڭ ئىچكى كابىنېتى ئىستىپا بېرىشكە مەجبۇر بولدى. مەملىكەت ئىچىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلىۋاتقان دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى ياپونغا قارشى باسقۇنچىلىرىغا قارشى تايانچ بازىلاردا ياپون تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرىغا قىسمەن قايتۇرما ھۇجۇم قىلىنىپ، كەڭ كۆلەمدىكى دۆلەت زېمىنى قايتۇرۇۋېلىندى؛ گومىنداڭ جەڭ مەيدانىدىكى خېنەن - خۇنەن - گۇاڭشى ئۇرۇشىدا گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراپ، كەڭ كۆلەمدىكى دۆلەت زېمىنىنى قولدىن بېرىپ قويدى، بۇ ھال گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردىكى كەڭ خەلقنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىققا قارشى تۇرۇش، دېموكراتىك ئىسلاھاتنى تەلەپ قىلىش يولىدىكى دېموكراتىك ھەرىكىتىدە يېڭى دولقۇن قوزغىدى. ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش ئىرادىسى ۋە غەيرىتىگە زور ئىلھام بەردى.

1939 - يىلىلا شېڭ شىسەي چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئۆزىنى قوغداش قورالى ئورنىدا ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان قورال - ياراقلىرىنى يىغىۋېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، چارۋىچىلارنىڭ قاتتىق قارشىلى-

قىغا ئۇچرىغانىدى ، « قورال - ياراق ئىنقلاش » بىلەن « قورال - ياراق
ئىنقلاشقا قارشى تۇرۇش » كۆرىشى بىر مۇنچە جايلاردا ، بولۇپمۇ ئال-
تاي ۋىلايىتىدە ئارقا - ئارقىدىن ھەر خىل كۆلەمدىكى قوراللىق تىركىشىش-
لەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى . 1943 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى
يەنە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ، ھەر مىللەت خەلقىنى 10 مىڭ ھەربي ئات ئىئانە
قىلىشقا زورلىدى ، بۇ « ئات تەقدىم قىلىش ھەرىكىتى » دەپ ئاتالدى .
بۇنداق ئېغىر سىلىق ئاساسلىقى ئىلى ، تارباغاتاي ، ئالتاي ۋىلايەتلىرى-
دىكى كەڭ نامرات چارۋىچىلارنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەنىدى . بىر مەھەل
خەلقنىڭ غەزەپ - نەپرىتى قايناپ تاشتى ، بۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىلا كەس-
كىنلىشىپ كەتكەن سىنىپىي زىددىيەت ۋە مىللىي زىددىيەتلەر تېخىمۇ ئۆت-
كۈرلەشتى . « قورال - ياراق ئىنقلاش » ۋە « ئات تەقدىم قىلىش ھەرىكى-
تى » ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پارتىلىشىدىكى گوت تۇتاشتۇرغۇچى پىلتە
بولدى ، ئىنقىلاب خۇددى بەتلەگىلىك ئوقيادەك ، تېگىپ كەتسىلا پارتلاپ
كېتىدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى .

# 1 . شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى

**( 1944 - يىل 4 - ئايدىن 1945 - يىل 9 - ئايغىچە )**

## 1944 - يىلى ( 4 - ئايدىن 12 - ئايغىچە )

4 - ئاينىڭ 9 - **كۈنى** شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل
ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى يەر ئاستى تەشكىلات — « غۇلجا ئازادلىق تەش-
كىلاتى » سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ قوللى-
شى ۋە ياردىمى ئارقىسىدا ، غۇلجا ناھىيە بازىرى ( ھازىرقى غۇلجا شەھ-
رى ) دە قۇرۇلدى ، ئېلىخان تۆرە[①] رەئىس بولدى .

بۇ تەشكىلات تاسادىپىي قۇرۇلغان ئەمەس . ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسىنىڭ تەربىيىسى ۋە تەسىرىنى قوبۇل قىلغان ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا
ئوقۇپ ، ماركسىزم - لېنىنىزم ئىدىيىسى تەربىيىسىنى ئالغان بىر تۈركۈم تە-
رەققىيپەرۋەر كىشىلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە تۈرتكە بولۇشى ئارقىسىدا ،
ئۇزاق مۇددەت غۇلغۇلا قىلىنىش ئارقىلىق ، ئەينى ۋاقىتتا شېڭ شىسەي ۋە

---

① ئېلىخان تۆرە ( 1885 — 1976 ) : روسىيىنىڭ توخماق دېگەن يېرىدىكى بىر دىندار ئا-
ئىلىدە دۇنياغا كەلگەن ، ئۆزبېك . ئىلگىرى سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە بۇخارالاردا دىنىي بىلىم ۋە تې-
بابەتچىلىكنى ئۆگەنگەن . 1929 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭدىكى غۇلجىغا كېلىپ ئولتۇراق-
لىشىپ ، دىن تارقىتىش ۋە تىبابەتچىلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان . 1937 - يىلى شېڭ شىسەي
تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان ، 1941 - يىلى تۈرمىدىن چىقىپ غۇلجىدىكى ئەڭ چوڭ
مەسچىت — بەيتۇللا مەسچىتىگە ئىمام بولغان . ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ، « غۇلجا ئازاد-
لىق تەشكىلاتى » نىڭ رەئىسى ، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان .
شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇش ھارپىسىدا ، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇ-
قى بىلەن دۆلىتىگە قايتىپ كەتكەن . 1976 - يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن تاشكەنتتە ۋاپات بولغان .

گومىنداڭنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆ-
كۈمرانلىقىغا قارشى ھەر قايسى مىللەت، ھەر قايسى سىنىپ، ھەر قايسى
تەبىقىدىكىلەر ۋە ھەر خىل سىياسىي كۈچلەرنىڭ بىرلىشىشى بىلەن قۇرۇل-
غان.

بۇ تەشكىلاتنىڭ رەھبەرلىك تەركىبىدىكىلەرنىڭ ئەھۋالى مۇرەككەپ
بولۇپ، ئابدۇكېرىم ئابباسوف①، قاسىمجان قەمبىرى② قاتارلىق تەرەق-
قىيپەرۋەر زىيالىيلار ئاز سانىنى تەشكىل قىلاتتى. ئېلىخان تۆرە، مۇھەممەت-

---

① ئابدۇكېرىم ئابباسوف ( 1921 — 1949 ) : ئەسلى يۇرتى شىنجاڭ ئاتۇش، ئۇيغۇر،
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى. ئالتە يېشىدا ئانىسى بىلەن ئىلىغا كېلىپ ئولتۇ-
راقلاشقان. 15 يېشىدا ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۆلكىلىك I - ئوتتۇرا مەكتەپتە
ۋە شىنجاڭ شۆيۈەنى قارمىقىدىكى مىللىي تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىدا بىلىم ئالغان. خەنزۇ تىلى ۋە
خەنزۇ يېزىقىنى پۇختا بىلەتتى. 1939 - يىلى شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇ-
يۇشمىسىغا قاتناشقان. 1942 - يىلى غۇلجىدا ئوقۇتقۇچى، قوشۇمچە ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ
تەرجىمانى بولۇپ، مەخپىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغان، «غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتى» نىڭ رەھ-
بىرىي ئەزاسى بولغان. شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈ-
مىتىنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى،
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىر-
لەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە مۇئاۋىن باش كاتىپى، دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىيىسى
مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەرك-
زىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە شۇ ئىتتىپاقنىڭ ئاخبارات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق
ۋەزىپىلەردە بولغان. 1949 - يىل 8 - ئايدا، يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا قاتنىشىش
ئۈچۈن بېيجىڭغا كېتىۋېتىپ ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ بەختكە قارشى قازا تاپقان.

② قاسىمجان قەمبىرى (1910 — 1956 ) : شىنجاڭ ئاتۇشتىن، ئۇيغۇر. شائىر ۋە دراما-
تورگ. ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ، 1932 - يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن. 1944 - يىل
3 - ئايدا ئىلىغا بېرىپ، «غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتى» نىڭ ئەزاسى بولغان. شىنجاڭ ئۈچ ۋىلا-
يەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى سەھىيە نازارىتىنىڭ نازىرى قاتارلىق
ۋەزىپىلەردە بولغان. شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىلگىرى - ئاخىر
بولۇپ قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق
ۋەزىپىلەردە بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەكەن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى، جەنۇبىي
شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1956 - يىلى كې-
سەل سەۋەبى بىلەن قەشقەردە ۋاپات بولغان.

جان مەخسۇم① قاتارلىق يۇقىرى قاتلام دىنىي زاتلار ۋە رەھىمجان سابىر ھاجى② ، سالىجانباي باباجان③ قاتارلىق سودىگەرلەر ، چارۋىدارلار ۋە پومېشچىكلەر كۆپ ساننى تەشكىل قىلاتتى.

بۇ تەشكىلات قۇرۇلغاندىن كېيىن ، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ قاتارلىق كىشىلەر زىيالىيلار ۋە تەرەققىيپەرۋەر ياشلار ئارىسىدا شىڭ شىسەي ۋە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تەشكىلاتچىلىق ۋە تەرغىباتچىلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى. ئېلىخان تۆرە قاتارلىقلار فېئودال يۇقىرى قاتلام ۋە دىنىي زاتلار ئارىسىدا مەخپىي ئالاقە باغلىدى ھەمدە غۇلجا

---

① مۇھەممەتجان مەخسۇم ( 1902 — 1962 ) : روسىيىنىڭ يەركەنت دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان ، ئۇيغۇر . دىندار ئائىلىدىن كېلىپ چىققان . 1916 - يىلى غۇلجىغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ سودىگەرچىلىك قىلغان . « غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتى »نىڭ رەھبىرىي ئەزاسى . ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن ، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى ، قوشۇمچە ئالىي سوتنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ دائىمىي ئەزاسى ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان . 1962 - يىل 1 - ئايدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان .

② رەھىمجان سابىر ھاجى ( 1906 — 1973 ) : شىنجاڭ غۇلجىدىن ، ئۇيغۇر . ئىلگىرىكى چوڭ سودىگەر ۋە چوڭ پومېشچىك ، مەسئۇدنىڭ جىيەن ئوغلى ھەم كۈيئوغلى . « غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتى »نىڭ رەھبىرىي ئەزاسى ، غۇلجا قوزغىلىڭىغا قاتناشقان ۋە ئۇنى پىلانلىغان . ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى ، قوشۇمچە ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى ، ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ سۆھبەت ۋەكىلى ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى ، قوشۇمچە خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ ئەزاسى ، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ دائىمىي ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان . 1973 - يىل 12 - ئايدا كېسەل سەۋەبى بىلەن غۇلجىدا ۋاپات بولغان .

③ سالىجانباي باباجان ( 1870 — 1954 ) : ئەسلى يۇرتى روسىيە ، ئۆزبېكىستاننىڭ تاشكەنت شەھىرى ئەتراپىدىكى مەرغۇلان دېگەن جايدا تۇغۇلغان ، ئۆزبېك . كېيىن سودىگەرچىلىك قىلىپ ئىلىغا كۆچۈپ كەلگەن ، باي سودىگەر ھەم چوڭ پومېشچىك . « غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتى »نىڭ رەھبىرىي ئەزاسى . ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى ، قوشۇمچە يەر - سۇ ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان . 1954 - يىل 7 - ئايدا ، كېسەل سەۋەبى بىلەن غۇلجىدا ۋاپات بولغان .

بەيتۇللا مەسچىتىنى پائالىيەت نۇقتىسى قىلدى. دىنىي مۇراسىملاردىن پايـ
دىلىنىپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسىغا،
ھەم شېڭ شىسەي، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇ-
رۇش مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ھەم پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم ۋە مىلـ
لىي بۆلگۈنچىلىك مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەشۋىقاتلارنى ئېلىپ بار-
دى. ئۇلار شېڭ شىسەي، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋە ئاز سانلىق مىلـ
لەتتىن چىققان فېئودال كۈچلەرنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىغە سالـ
غان سىنىپىي زۇلۇم، مىللىي زۇلۇملىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان بارلىق ئازاب-
ئوقۇبەتلەرنى پۈتۈنلەي «كاپىر»لاردىن بولغان «خەنزۇلارنىڭ ھۆكۈمرانـ
لىقى» پەيدا قىلغان دەۋىلىپ، كىشىلەرنى خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇشقا،
خەنزۇلارنى چەتكە قېقىشقا چاقىرىپ، «غازات» قىلىشقا كۈشكۈرتتى.
ئۇلار شىنجاڭنىڭ تارىخىنى بۇرمىلاپ، مۇستەقىل بولۇشنى، بۆلۈنۈشنى
تەرغىپ قىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئامېرىكا زۇڭتۇڭى روزۋېلت جياڭ جيېشىغا تېـ
لېگراممىا يوللاپ، ئۇنىڭغا دۇنيا بويىچە فاشىزمغا قارشى تۇرۇش ئىتتىپاقىـ
نىڭ ئومۇملۇقىنى كۆزدە تۇتۇپ، جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنـ
جاڭدىكى جىددىي مۇناسىۋىتىنى پەسەيتىپ، خەلقئارالىق كۈچلەرنىڭ يېـ
ڭىباشتىن تەشكىللىنىشى داۋامىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشـ
نى تەۋسىيە قىلدى.

4 ـ ئاينىڭ باشلىرى ئالتاي پارتىزانلىرى ئەترىتى چىڭگىل ناھىيىسىـ
نىڭ بۇلغۇن دەرياسى ۋادىسىدا قۇرۇلدى، سۇلۇباي باش قوماندان
بولدى.

شۇ ئاينىڭ باشلىرى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەھبىرى چويبالـ
سان چېگرىنى كۆزدىن كەچۈرۈش نامى بىلەن، شىنجاڭنىڭ چىڭگىل ناھىيـ

سىگە كېلىپ ئوسمان ئىسلام ① نى قوبۇل قىلدى . ئوسمان ئىسلامنىڭ تە-
لىپىگە ئاساسەن ، موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى بىر تۈركۈم ھەربىي مەسلى-
ھەتچىلەرنى ئەۋەتتى ھەمدە قورال - ياراغ ، ئوق - دورىلارنى ئەكىلىپ
بەردى .

4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش
ئەلچىسى پەن يۈشىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مەمۇرىي ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ
باشلىقى سۇڭ كېغا : يېقىندىن بۇيان شىنجاڭدا يۈز بەرگەن بىر قاتار
چوڭ - كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگودا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى
كەيپىياتنىڭ كۈنسايىن ئۆلغىيىۋاتقانلىقىغا ئىسپات بولالايدۇ ، دېدى .

4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئالتاي پارتىزانلىرىنىڭ مۇھاسىرىگە ئېلىشى
ئارقىسىدا ، گومىنداڭنىڭ چىڭگىل ناھىيىسىدىكى ھاكىمى تاۋبەيچۈەن چىڭ-
گىل ناھىيە بازىرىنى تاشلاپ ، قالدۇق قىسىملىرىنى باشلاپ گۈچۈڭغا
قاچتى .

4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدى-
كى جىددىي مۇناسىۋىتىنى پەسەيتىش ئۈچۈن ، جياڭ جيېشى مۇنۇلارنى
قارار قىلدى : ( 1 ) شىنجاڭ دائىرىلىرىنىڭ ھەر قانداق چېگرا توقۇنۇشى-
دىن ساقلىنىشى ھەققىدە قاتتىق بۇيرۇق چۈشۈرۈش . ( 2 ) 5 - ئايدا ئۆت-
كۈزۈلىدىغان گومىنداڭ مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىدا

① ئوسمان ئىسلام ( 1899 — 1951 ) : شىنجاڭ كۆكتوقاي ناھىيىسىدىن ، قازاق . شىنجاڭ
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلاشتىن بۇرۇن ، شېڭ شىسەيگە قارشى كۆپ قېتىم قوراللىق كۈرەش
قوزغىغان . 1944 - يىلى بىر مەھەل ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قوللىغان . 1945 - يىل 9 - ئايدا ئۈچ
ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى ، قوشۇمچە ئالتاينىڭ ۋالىيسى بولغان ، كېيىن گومىنداڭ بىلەن تىل
بىرىكتۈرۈپ ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى چىققان . شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن
كېيىن ، قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈپ ئەسىرگە چۈشكەن . 1951 - يىل 5 - ئايدا خەلق ھاكىمىيىتى تە-
رىپىدىن قانۇن بويىچە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن .

شىنجاڭنىڭ رەھبەرلىرىنى تەڭشەش.

**4 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرى** قوبۇقسار (بۇگۈنكى قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى) پارتىزانلار ئەترىتى قۇرۇلۇپ، زوڭغۇرۇپ قالغان ئۇنىڭ رەھبەرلىكىگە كۆرسىتىلدى. ئۇلار گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ قورشاپ يوقىتىشىغا ئۇچرىغانلىقتىن، موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىگە چېكىندى.

**4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى** سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى پەن يۇشىن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ شىجيې بىلەن كۆرۈشۈپ، يېقىندىن بۇيان جۇڭگودا كۆرۈلگەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى خاھىشلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ھەرىكەتلىرىنى ئالاھىدە تىلغا ئالدى. ۋاڭ شىجيې، شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى مۇرەككەپ، شېڭ شىسەينىڭ قولىدا 20 مىڭ ئەسكەر بار، شۇڭا مەسىلىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش ھازىرچە تەس، دېدى.

**5 - ئاينىڭ باشلىرى** «ئالتاي قازاق مىللىي ئاقارتىش كومىتېتى» ئوسمان ئىسلامنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، كورتىدا يىغىن ئېچىپ، لاتىپ مۇستاپا ① قاتارلىق كىشىلەرنى كومىتېت ئەزالىقىغا تولۇقلاپ سايلاشنى ھەمدە كونترول قىلىنغان رايونلار دائىرىسىدە باج ئېلىشنى قارار قىلدى.

---

① لاتىپ مۇستاپا (1899 — 1986): شىنجاڭ كۆكتوقاي ناھىيىسىدىن، قازاق، ئوسمان ئىسلامنىڭ ئەگەشكۈچىسى ۋە ئاساسىي ياردەمچىسى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئوسمان ئىسلام باندىتلىرىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، خەلق ھۆكۈمىتىگە تەسلىم بولغان. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولغان. 1986 - يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان.

5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى   سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى پەن يۈشىن بۇيرۇققا بىنائەن دۆلىتىگە قايتىش ئالدىدا، جياڭ جيېشى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېت - جۇڭگو مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش توغرىسىدىكى ئارزۇسىنى يەتكۈزدى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ھەرىكەتلىرىگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. جياڭ جيېشى تەدبىر قوللىنىپ، جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى جىددىي مۇناسىۋىتىنى ياخشىلايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

5 - ئاي   ئابلىمىت ھاجىيوپ[①]، مەتنىياز قارى ئەيسابايوپ، ئابلىز راخمانوپلارنىڭ ئايرىم - ئايرىم رەھبەرلىكىدە، چۆچەك ناھىيىسى (ھازىرقى چۆچەك شەھىرى)دە ئۈچ جەڭگىۋار گۇرۇپپا (ھەممىسى يەر ئاستى تەشكىلات) قۇرۇلۇپ، شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى پائالىيەت ئېلىپ باردى.

شۇ ئاي   دۇبېك چالغىنبايوپ[②]، بالقاش ئالمغازى قاتارلىق ياش

---

① ئابلىمىت ھاجىيوپ (1917 — 1993): شىنجاڭ ئاتۇشتىن، ئۇيغۇر. سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان. 1939 - يىل 8 - ئايدا چۆچەككە بارغان، 1944 - يىلى چۆچەكتە «ئازادلىق ئۈچۈن كۆرەش» تەشكىلاتىنى قۇرغان. شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي پارتلىغاندىن كېيىن، تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىپى، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى، ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1993 - يىل كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان.

② دۇبېك چالغىنبايوپ (1920 — 1947): شىنجاڭ چاغانتوقاي ناھىيىسىدىن، قازاق، فېئودال يۇقىرى قاتلامدىن كېلىپ چىققان. شىنجاڭ شۆيۈەننى پۈتتۈرگەن. چاغانتوقاي پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ قۇرغۇچىسى. شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئورگان گېزىتى «خەلق ئاۋازى» گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرى بولغان، 1947 - يىل 10 - ئايدا كېسەل سەۋەبى بىلەن چۆچەكتە ۋاپات بولغان.

قازاق زىيالىيلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چۆچەكتە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ ياردىمى بىلەن چۆچەك ناھىيە بازىرىدا قازاق ياشلىرى ئاساس قىلىنغان جەڭگىۋار گۇرۇپپا قۇرۇپ، شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى پائالىيەت ئېلىپ باردى.

**6-ئاينىڭ باشلىرى** دەلىلقان سۇگۇربايوپ① سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۇمۇرخان، ئارۇپباي②، قاسىن قاتارلىق 13 نەپەر مەسلىھەتچىسى («ئاق ئۆي» مەسلىھەتچىلەر گۇرۇپپىسى) بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى ئارقىلىق چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ بوكغۇن دەرياسى ئەتراپىدىكى ئالتاي پارتىزانلىرى تۇرۇشلۇق جايغا كېلىپ، ئالتاي پارتىزانلىرىنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىگە قاتناشتى.

**6-ئاينىڭ 8-كۈنىدىن 16-كۈنىگىچە** قاسىماخۇن ئىسمايىلوپ③

① دەلىلقان سۇگۇربايوپ (1906 — 1949): قازاق، چەرۈجى قەبىلىسىنىڭ تەيجىسى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى. 1941-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئوقۇغان. 1944-يىل 6-ئايدا ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، ئالتاي پارتىزانلىرىغا رەھبەرلىك قىلىش خىزمىتىگە قاتناشقان. ئالتاي پارتىزانلىرىنىڭ باش قوماندانى، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1949-يىل 8-ئايدا، يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا كېتىۋېتىپ ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ بەختكە قارشى قازا تاپقان.

② ئارۇپباي: سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىسى، قازاق، 1944-يىل 6-ئايدا شىنجاڭنىڭ ئالتاي ۋىلايىتىگە كەلگەن، 1945-يىل 9-ئايدا ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى بولغان. 1945-يىل 12-ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ كەتكەن.

③ قاسىماخۇن ئىسمايىلوپ (1904—1956): شىنجاڭ ئاتۇشتىن، ئۇيغۇر، موللا ئىسلام ئىسمايىلوپنىڭ ئىنىسى. 1913-يىلى چۆچەككە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ سودىگەرچىلىك قىلغان، 1944-يىلى چۆچەكتە «ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەش» تەشكىلاتىغا قاتناشقان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، چۆچەك ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان، 1956-يىل 1-ئايدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان.

قاتارلىقلار چوچەك ئارقىلىق چېگرىدىن ئۆتۈپ سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدىكى باقتى كەنتىگە بېرىپ ئابدۇللا رامازانوپ[1]نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئارقىسىدا، چېگرا سودىسى قىلىش نامى بىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسى ئىچىدە ئېمىل قوماندانلىق شتابىنى قۇردى. 15 - كۈنى، ئېمىل قوماندانلىق شتابى تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى مەشھۇر زاتلارغا ۋە ئۈچ جەڭگىۋار گۇرۇپپىنىڭ رەھبەرلىرىگە چوچەكتىكى مەشھۇر زاتلارنى گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىش توغرىسىدا خەت يازدى ھەمدە چوچەكتىكى ئۈچ جەڭگىۋار گۇرۇپپىدىن بىرلىشىشنى تەلەپ قىلدى.

6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى **ستالىن ئامېرىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ھالماننى قوبۇل قىلغاندا: جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىڭ شىسەيىنى شىنجاڭدىكى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇۋېتىشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ياخشىلىشىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، دېدى.

6 - ئاينىڭ باشلىرى **ستالىن موسكۋادا ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭى ھېنرى ۋاللىس بىلەن كۆرۈشكەندە، شىڭ شىسەينىڭ موڭغۇلىيە - جۇڭگو چېگرىسىدا توقۇنۇش پەيدا قىلغانلىقىنى ئەيىبلەپ، شىڭ شىسەينى شىنجاڭدىن يۆتكەپ كېتىش سوۋېت - جۇڭگو مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش يولىدىكى ئىجابىي تەدبىر، دېدى.

6 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭى ھېنرى ۋاللاس سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭ ئارقىلىق چۇڭچىڭغا بې-

---

① ئابدۇللا رامازانوپ: قازاقىستان ئالما - ئاتا شەھىرىدىن، ئۇيغۇر. ئەسلى ئىسمى مەنسۇر روزىيوپ، سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسىنىڭ ئەزاسى، ئەسلىدە شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى تەكلىپ قىلغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەسلىھەتچىسى ئىدى. 1942 - يىلى دۆلىتىگە قايتقان. 1944 - يىل 6 - ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسى ئىچىدە يەر ئاستى تەشكىلات — ئېمىل قوماندانلىق شتابىنى قۇرۇپ، چوچەك ئەتراپىدىكى مەخپىي پائالىيەتلەرگە مەسئۇل بولغان. 1945 - يىل 8 - ئايدا تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى بولغان. 1946 - يىل 6 - ئايدا دۆلىتىگە قايتىپ كەتكەن.

رىپ، جياڭ جيېشىغا شىنجاڭدىكى ئالتايدا يۈز بەرگەن «مالىمانچىلىق» ۋەقەسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ستالىننىڭ ئىنكار قىلغانلىقىنى، شېڭ شىسەينى شىنجاڭدىن يۆتكەپ كېتىلسىلا، ئالتايدىكى «مالىمانچىلىق» ئۆزلۈكىدىن بېسىقىدۇ، دەپ قارايدىغانلىقىنى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگونىڭ قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

**6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى** موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىسى قابدىل موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ 50 نەچچە ھەربىي خادىمىنى ۋە شۇ دۆلەت چېگرىسى ئىچىگە قېچىپ بارغان ئالتايلىق قازاق چارۋىچىلاردىن تەركىب تاپقان 100 دىن ئوشۇق ئادىمى بار پارتىزانلار ئەترىتىنى باشلاپ موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن بورچىن ناھىيىسىگە كەلدى.

**شۇ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى** «ئالتاي قازاق مىللىي ئاقارتىش كومىتېتى» يىغىن چاقىرىپ، شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۆرەشنى پۈتكۈل ئالتاي ۋىلايىتىگە كېڭەيتىشنى قارار قىلدى. تەشۋىقات ۋە سەپەرۋەرلىك خىزمىتىنى ئىشلەش ئۈچۈن، قۇۋانشباي 400 كىشىلىك قوراللىق كۆچنى باشلاپ «قېرىنداشلارغا مۇراجىئەت» نى ۋە دەللىقان سۈگۈر بايېۋنىڭ ئۆز ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا ۋە قەبىلە ئاقساقاللىرىغا يازغان خېتىنى ئېلىپ، موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى ئارقىلىق سارسۇمبە (ھازىرقى ئالتاي شەھىرى) بىلەن بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان تاغلىق رايوندىكى يايلاققا باردى، قابدىل 80 نەپەر قوراللىق كۆچنى باشلاپ قابا ناھىيىسىنىڭ يايلىقىغا باردى، جىلقايدار 250 نەپەر قوراللىق كۆچنى باشلاپ جېمىنەي ناھىيىسىگە باردى.

**6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى** قۇۋانشباينىڭ قوراللىق شۆبە ئەترىتى ئاساسىدا تەشكىللەنگەن بۇرۇلتوقاي پارتىزانلار ئەترىتى قۇرۇلدى.

**6 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى** قابدىلنىڭ قوراللىق شۆبە ئەترىتى ئاساسىدا تەشكىللەنگەن قابا پارتىزانلار ئەترىتى قۇرۇلدى.

7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى  موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ياردىمى ئار- قىسىدا، زۇڭغۇرۇپ قالىقان 150 نەچچە كىشىلىك قوبۇقسار پارتىزانلار ئەترىتىنى باشلاپ قوبۇقسار ناھىيىسىگە قايتىپ كېلىپ داۋاملىق پارتىزان- لىق ھەرىكىتى ئېلىپ باردى.

7 - ئاينىڭ 6 - كۈنى  شېڭ شىسەي ۋاقتىلىق 3 - شىنىڭ شىجاڭى تاڭ جىچۇەنگە ئولۇنگۇر رايونى باشقۇرۇش ئىدارىسى① دىن ئىككى تۈمەن ئەسكەرنى سارسۇمبىگە يۆتكەپ ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈ- شۈردى.

7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى  جىلقايدارنىڭ قورالىق شۆبە ئەترىتى ئاسا- سىدا تەشكىللەنگەن جىمنەي پارتىزانلار ئەترىتى قۇرۇلدى، رامازان بو- لىم②، موللا ئىسلام ئىسمايىلوپ③ رەھبەرلىككە كۆرسىتىلدى.

7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى  ئابدۇللا رامزانوپنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويى- چە، ئابلىمىت ھاجىيوپنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن تارباغاتايدىكى ئۈچ جەڭگىۋار گۇرۇپپا بىرلەشتۈرۈلۈپ، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمران- لىقىغا قارشى مىللىي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش جەڭگىۋار تەشكىلاتى

---

① ئولۇنگۇر رايونى باشقۇرۇش ئىدارىسى: باشقۇرۇش ئىدارىسى ئەينى چاغلاردا چەت- ياقا ئۆلكە، رايونلاردىكى ناھىيىگە باراۋەر كېلىدىغان ئوتتۇرىچى شەكىلدىكى ھاكىمىيەت تەشكى- لىي ئىدى. ئولۇنگۇر رايونى باشقۇرۇش ئىدارىسى شۇ چاغدا ئۈرۈمچى رايونىغا قارايتتى. ئى- دارە ئورنى ھازىرقى كۆكتوقاي ناھىيىسىدىكى سارتوقايدا ئىدى.

② رامازان بولىم (1884—1946): شىنجاڭ جىمنەي ناھىيىسىدىن، قازاق. كېلىپ چىقى- شى زالىڭ (بىر خىل مەرتىۋە). جىمنەي پارتىزانلىرىنىڭ رەھبىرى. ئالتاي ئىنقىلابىي ۋاقىتلىق ھۆ- كۈمىتىنىڭ ئەزاسى، جىمنەي ناھىيىلىك ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسئۇلى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بول- غان.

③ موللا ئىسلام ئىسمايىلوپ (1890—1958): شىنجاڭ ئاتۇشتىن، ئۇيغۇر. چوڭ سودى- گەر. 1927 - يىلى جىمنەيگە بېرىپ سودىگەرچىلىك قىلغان. شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي پارتى- لىغاندىن كېيىن، جىمنەي پارتىزانلىرىنىڭ مەسئۇللىرىدىن بىرى بولغان. ئالتاي ئىنقىلابىي ۋاقىت- لىق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى، سارسۇمبە ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1958 - يىلى جىمنەيدە كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان.

بولۇپ قۇرۇلدى ، قسقارتىلىپ ، « مىللىي ئازادلىق ئۇچۇن كۇرەش » تەشـ
كىلاتى دەپ ئاتالدى . رەھبەرلىرى ئابلىمىت ھاجىيوپ ، ئابلىز راخمانوپ ،
مەتنىياز قارى ئەيسابايوپلار ئىدى . بۇ تەشكىلاتنىڭ ۋەزىپىسى تاربىغاـ
تايدىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋە زىيالىيلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ ، شىڭ شىسەي
ۋە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش ، رىيوپ پارـ
تىزانلىرى ① نىڭ قوشۇنىنى زورايتىشىغا ياردەم بېرىش ، ئىمىل قوماندانـ
لىق شتابىغا ئاخبارات يىغىپ بېرىش ئىدى .

7 ـ **ئاينىڭ باشلىرى** جىمنەي ، قوبۇقسار قاتارلىق ناھىيىلەردىكى قاـ
زاق ، موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ ئاقساقاللىرى ۋە قوبۇقسار ، جىمنەي پارتىـ
زانلىرىنىڭ رەھبەرلىرى جىمنەي ناھىيىسى بىلەن قوبۇقسار ناھىيىسىنىڭ
چېگرىسىدىكى ساۋۇر تېغى قاراغايتى يايلىقىدا يىغىن ئېچىپ ، سوۋېت ئىتـ
تىپاقىنىڭ مەسلىھەتچىسى ئارۇپباي ، قۇرماشلارنىڭ ياردىمىدە ، قوبۇقسار
ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلىش ھەرىكىتىنى مۇزاكىرە قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى .

7 ـ **ئاينىڭ ئاخىرلىرى** ئوۋ مىلتىقىنى تاپشۇرۇشنى رەت قىلغانلىقى
ئۈچۈن ، گومىنداڭنىڭ نىلقا ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى تەرىپىدىن قاـ
مالغان قازاق چارۋىچى ئەكبەر② ، سېيىت③لەر تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن
گومىنداڭ ناھىيىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ زىيانكەشلىكىگە قوراللىق قارشى چىقىشقا
بەل باغلىدى ، ئۇلار 8 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ، قورال ـ ياراغ تېپىپ كېلىش
ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ، سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسى ئىچىدە فاـ

---

① رىيوپ پارتىزانلار ئەترىتى : 1943 ـ يىل 9 ـ ئايدا بىلوروسىيىنىڭ كونا ئوفىتسېرى رىـ
يوپ چۆچەكنىڭ شىمالىدىكى قىزبېتە تەشكىللىگەن پارتىزانلار ئەترىتى .

② ئەكبەر ( 1911—1944 ) : شىنجاڭ نىلقا ناھىيىسىدىن ، قازاق . كېلىپ چىقىشى چارۋىـ
چى . نىلقا قوزغىلىڭىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىدىن بىرى . نىلقا ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلىش جېـ
ڭىدە مۇھىم رول ئوينىغان ، جەڭدە ئېغىر يارىدار بولۇپ قازا قىلغان .

③ سېيىت ( 1911—1944 ) : شىنجاڭ نىلقا ناھىيىسىدىن ، قازاق . كېلىپ چىقىشى چارۋىـ
چى . ئەكبەرنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى ، نىلقا قوزغىلىڭىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى . نىلقا ناھىيە بازىرى
ۋە غۇلجا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە مۇھىم رول ئوينىغان . غۇلجىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىشتە ئېـ
غىر يارىدار بولۇپ قازا قىلغان .

تىخ مۇسلىموپ① قاتارلىقلار بىلەن ئۇچرىشىپ ، بىرلىكتە قوراللىق كۈرەش
قىلىش قارارىغا كەلدى . ئۇلار ئاتقا مىنىپ - ئوق تېگىشىپ ، كەينى - كەي-
نىدىن ئىلى ناھىيىسىگە قايتىپ كەلدى .

**شۇ ئاينىڭ ئاخىرلىرى** چۆچەكتىكى رىپوپ پارتىزانلىرى جېمنەي پار-
تىزانلىرى بىلەن ساۋۇر تېغىدا ئۇچرىشىپ ، جېمنەي پارتىزانلىرىنىڭ قورال-
ياراغ ، ئوق - دورا ۋە تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى بىلەن تەمىنلىشىگە ئېرىشتى .

**7 - ئاي** ئىسھاقبېك مونونوپ② سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي مەسلى-
ھەتچىلىرىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا زۇلۇم دەستىدىن قې-
چىپ بارغان بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنى توپلاپ سوۋېت ئىت-
تىپاقى چېگرىسى ئىچىدە ھەربىي مەشىق ئېلىپ باردى . شۇنىڭ بىلەن بىر-
گە ، نۇرھاجى بىر بۆلۈك قوراللىق كۈچنى باشلاپ ، سوۋېت ئىتتىپاقى
چېگرىسىدىن تاشقورغانغا كىرىپ ، كىچىك كۆلەملىك قوراللىق كۈرەشلەر-
نى ئېلىپ باردى . گومىنداڭنىڭ ھەربىي ساقچىلىرىغا ئۈزلۈكسىز ھۇجۇم قى-

---

① فاتىخ مۇسلىموپ ( 1900—1980 ) : سوۋېت ئىتتىپاقى مۇھاجىرى ، تاتار . 1944 - يىل
كۈزدە ، ئىلىدا قوراللىق قوزغىلىڭغا رەھبەرلىك قىلغان . ئىلىدا پارتىزانلىرىنى باشلاپ غۇلجىغا ھۇ-
جۇم قىلىش جېڭىگە قاتناشقان . 1944 - يىلدىن 1951 - يىلغىچە ، ئىلىدا ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى بول-
غان . 1955 -يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ كەتكەن . 1980 - يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالما -
ئاتادا ۋاپات بولغان .

② ئىسھاقبېك مونونوپ ( 1902—1949 ) : شىنجاڭ ئۈلۈغچات ناھىيىسىدىن ، قىرغىز . ئە-
مەندار قەبىلىسىنىڭ بېگى . سوۋېت ئىتتىپاقىدا ھەربىي ئىشلارنى ئۆگەنگەن . ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلا-
بىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى . 1942 - يىلى ئىلىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا
« تاشقورغان ئازادلىق تەشكىلاتى » ۋە تاشقورغان پارتىزانلار ئەترىتىنى قۇرغان . 1944 - يىل
11 - ئايدا ، بىر بۆلۈك قوراللىق كۈچنى باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىلىغا كەلگەن ، كۈرە ۋە
جىڭغا ھۇجۇم قىلىش جېڭىگە قوماندانلىق قىلغان . ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى-
نىڭ ئەزاسى ، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە
ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى ، قوشۇمچە ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش ئارمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى ،
شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ ئەزا-
سى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن . 1949 - يىل 8 - ئايدا يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ
يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا كېتىۋېتىپ ، ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ بەختكە قارشى قا-
زا تاپقان .

لىپ پاراكەندىچىلىك سالدى.

**8 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە** قابا پارتىزانلىرى قابا ناھىيە
بازىرىغا تۆت كېچە - كۈندۈز ئۈزۈلدۈرمەي ھۇجۇم قوزغىدى. 8 - كۈنى
گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ياردەمگە كەلگەن قوشۇنى يېتىپ كەلگەنلىكتىن،
پارتىزانلار مۇھاسىرە قىلىشنى توختىتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى - موڭغۇلىيە
چېگرىسى ئارقىلىق چىگگىل ئەتراپىغا چېكىنىپ، ئالتاي پارتىزانلىرى بىلەن
ئۇچراشتى.

**8 - ئاينىڭ 11 - كۈنى** شېڭ شىسەي جىددىي يىغىن ئېچىش نامى بە-
لەن گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىنىڭ باشلىقى خۇاڭ رۇجېن، قۇرۇ-
لۇش نازارىتىنىڭ نازىرى لىن جىيۈڭ، ئۆلكىلىك پىرقە ئەزالىرى تۇڭ شى-
چۇەن، جاڭ جىجى، لىن بويا قاتارلىقلارنى «توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى يوشۇ-
رۇن پىلانلاش دېلوسى»غا قاتناشقانلار دېگەن بەتنام بىلەن قولغا ئېلىپ
تۈرمىگە تاشلىدى. ئەتىسى يەنە 128 - شىنىڭ شىجاڭى ليوجىڭشىن، ۋا-
قىتلىق 3 - شىنىڭ شىجاڭى تاڭ جىچۇەن، ئاتلىق ئەسكەرلەر 11 - شىسىنىڭ
شىجاڭى ۋۇشىجى، ئاتلىق ئەسكەرلەر 1 - شىسىنىڭ شىجاڭى سۇي يىڭچۇن
قاتارلىق كىشىلەرنىمۇ قولغا ئالدى. مۇشۇ دېلو تۈپەيلىدىن قولغا ئېلىن-
غانلار 300 كىشىدىن ئېشىپ كەتتى، بۇنىڭغا چېتىلغانلار 500 كىشىدىن
ئاشتى. شېڭ شىسەي جياڭ جيېشىگە ئەۋەتكەن تېلېگراممىسىدا ئۆزى قولغا
ئالغانلارنى «كوممۇنىست» دېسە، ستالىنغا ئەۋەتكەن تېلېگراممىسىدا
«ياپونىيە جاسۇسى»دەپ، جياڭ جيېشى بىلەن ستالىننىڭ ئىشەنچىسىگە
ئىگە بولۇشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن مەقسىتىگە يېتەلمىدى.

**8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى** جياڭ جيېشى شېڭ شىسەينىڭ گومىنداڭنىڭ
كۆپلىگەن ئەمەلدارلىرىنى قولغا ئالغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن،
موڭغۇل - تىبەت كومىتېتىنىڭ باشلىقى ۋۇجۇڭشىن ① بىلەن دەرھال كۆرۈ-

---

① ۋۇجۇڭشىن (1884—1959): ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ خېفېي شەھىرىدىن، خەنزۇ. 1944-
يىل 10 - ئايدىن 1946 - يىل 3 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بولغان. 1959 - يىلى كې-
سەل سەۋەبى بىلەن تەيۋەندە ئۆلگەن.

شۇپ ، ئۇنىڭغا شىڭ شىسەينىڭ پات ئارىدا خىزمەتتىن ئىستىپا بېرىدىغان-
لىقىنى ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنى قويماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئۇقتۇردى . ئە-
تىسى يەنە 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ باش قوماندانى جۇشاۋلياڭ[1] نى چاقى-
رىتىپ ، كۆرۈشۈپ ئۇنى مەركەزنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە شىنجاڭغا ئەۋەتىدى-
غانلىقىنى يۈز تۇرانە ئۇقتۇرۇپ ، ئۇنىڭغا ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە بې-
رىپ ، شىڭ شىسەينى ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىپ شىنجاڭدىن ئايرىلىشقا
كۆندۈرۈشنى تاپىلىدى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، شىنجاڭغا كىرگەن يې-
ڭى 2 - جۇن بىلەن گەنسۇدىكى جيۇچۈەندە تۇرۇشلۇق 42 - جۇن ( ھەر
ئىككىسى 29 - جىتۈەنجۈنگە قارايتتى )گە شىڭ شىسەيگە تاقابىل تۇرۇش
تەييارلىقىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى .

8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى فاتىخ مۇسلىموپ ، ئەكبەر ، سىيىت ،
غېنى[2] قاتارلىقلار نىلقا ناھىيىسىنىڭ ئۇلاستاي[3] تاغلىق رايونىدا
پارتىزانلار ئەترىتى قۇردى ھەمدە جالىنغۇل ، جارتۇغان ، كۆكساي قاتار-
لىق جايلارغا ئادەم ئەۋەتىپ ، تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ ، شۇ يەردىكى ئام-
مىنى پارتىزانلار ئەترىتىگە قاتنىشىشقا چاقىردى .

---

① جۇشاۋلياڭ ( 1890—1963 ) : جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇجىن ناھىيىسىدىن ، خەنزۇ . ئەي-
نى چاغدا 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى بولغان ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى باستۇرۇشقا يېتەك-
چىلىك قىلغان ، 1946 - يىل 2 - ئايدا شىنجاڭدىن يۆتكىۋېتىلگەن . 1963 - يىلى كېسەل سەۋەبى
بىلەن تەيۋەندە ئۆلگەن .

② غېنى ( 1901—1978 ) : شىنجاڭ غۇلجىدىن ، ئۇيغۇر . نىلقا قوزغىلىڭىنىڭ ئاساسلىق
رەھبىرى ، نىلقا ناھىيە بازىرى ، غۇلجا شەھىرى ، ئارىشاڭ ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلىش جەڭلى-
رىدە مۇھىم رول ئوينىغان . ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى ، ئۈچ ۋىلا-
يەت مىللىي ئارمىيىسى ھەربىي سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان . يېڭى
جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى بولغان .
1955 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ كەتكەن . 1978 - يىلى چېلەكتە كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋا-
پات بولغان .

③ ئۇلاستاي : شىنجاڭنىڭ نىلقا ناھىيىسى ئىچىدە ئۇلاستاي دەپ ئاتىلىدىغان جايدىن بىر
نەچچىسى بار ، بۇ يەردە دېيىلگىنى نىلقا ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىگە 17 كىلومېتىر كېلىدىغان ئۇلاس-
تاينى كۆرسىتىدۇ .

8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى  جۇشاۋلياڭ ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، شېڭ شىسەيگە مەركەزنىڭ ئۇنى چۇڭچىڭغا دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى قىلىپ يۆتكىمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتتى، ئۇنىڭ سۆزى سىلىق - سىپايە بولغىنى بىلەن پوزىتسىيىسى قەتئىي بولدى. شېڭ شىسەي پەقەت شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنلا بولۇپ، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بولمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندى، ئەمما جۇشاۋلياڭنىڭ پوزىتسىيىسى قاتتىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، مېڭىشتىن بۇرۇنقى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىۋېلىش ھەمدە «توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى يوشۇرۇن پىلانلاش دېلوسى»نى ئۆز قولى بىلەن تەكشۈرۈپ بىر ياقلىق قىلىۋېلىش ئۈچۈن، شىنجاڭدا يەنە ئالتە ئاي تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. جۇشاۋلياڭ بۇ ئىشنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى، چۇڭچىڭغا قايتىپ يوليورۇق سوراشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى  فاتىخ مۇسلىموپ قاتارلىقلار روزى ھېيت نامىزى ئۆتەش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ مەسچىتتە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشىۋاتقاندا، كۈتۈلمىگەن يەردىن بىرى گومىنداڭنىڭ نىلقا ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىگە بۇ ئىشنى مەلۇم قىلىپ قويدى، نىلقا ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى شۇ ھامان قوراللىق ساقچىلارنى ئادەم تۇتۇشقا ئەۋەتتى. فاتىخ مۇسلىموپ قاتارلىقلار بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، ئۆلاستاي پارتىزانلىرىنى باشلاپ يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ زەربە بەردى، يېقىن ئەتراپتىكى ئاممۇ ئۆزلۈكىدىن ئۇرۇشقا قاتناشتى، جەڭدە ساقچىلارنىڭ بىر مۇنچىسى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلۈپ، بەزى قورال - ياراقلار غەنىيمەت ئېلىندى. بۇ مەشھۇر «نىلقا قوزغىلىڭى»نىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالدى.

8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى  ئۆلاستاي پارتىزانلىرى تۇنجى جەڭدە غەلبە قىلىپ داڭ چىقاردى، ئەتراپتىكى ئامما بەس - بەستە سەپكە قاتناشتى،

پارتىزانلار ئەترىتى تۈنجى قېتىم تەرتىپكە سېلىنىپ، 200 دىن ئارتۇق ئادەمگە، 60 تىن ئارتۇق مىلتىققا ئىگە ئۈچ چوڭ ئەترەت بولۇپ تەشكىللەندى. فاتىخ مۇسلىموپ قوماندان بولدى.

**8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى** جۇشاۋلياڭ دوكلات قىلىش ئۈچۈن ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىدىن چۇڭچىڭغا يۈرۈپ كەتتى.

**8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى** ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت «ئىلىدا قوزغىلىڭ»دىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئىلىنىڭ مۇۋەققەت ۋالىيلىقىنى ئۆتەش، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ئامانلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئۆلكىلىك ساقچى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ليۇبىڭدى①نى دەرھال غۇلجىغا ئەۋەتتى.

**8 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى** ليۇبىڭدى غۇلجىغا كەلگەندىن كېيىن، كۆپلىگەن ئىنقىلابىي ئاممىنى ۋە تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنى قولغا ئېلىپ، «غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتى»نىڭ پائالىيەتلىرىگە ناھايىتى زور تەھدىت ۋە قىيىنچىلىقلارنى پەيدا قىلدى. بۇ تەشكىلاتنىڭ بىر مۇنچە ئەزالىرى باشقا يۇرتلارغا كېتىپ پاناھلىنىشقا مەجبۇر بولدى. لېكىن، ليۇبىڭدى ئىلىنىڭ ۋەزىيىتىنى ئاز ساندىكى «پاراكەندىچىلەر»نى قولغا ئېلىش بىلەنلا ئوڭشاپ كەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە «قورشاپ يوقىتىش بىلەن تەسەللىي بېرىشنى تەڭ ئېلىپ بېرىش» فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئات تەغدىم قىلىشنى توختىتىش، ئىلىغا بالدۇرراق ۋالىي تەيىنلەش، يەرلىك مەشھۇر زاتلارنى تەسەللىي بېرىشكە تاللاپ

---

① ليۇبىڭدى ( 1911—1944 ) : شىنجاڭ غۇلجىدىن، خۇيزۇ. ئۇيغۇرچىنى پىششىق بىلىدۇ. شېڭ شىسەيگە تەرجىمان بولغان، كېيىن ئۆلكىلىك ساقچى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1944 - يىل 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى پارتىزانلار تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

كۆرستىش ، توپىلاڭنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن تېزدىن خېلى كۆپ قوشۇن ئە-
ۋەتىپ ، ئىلىنىڭ مۇداپىئە كۈچىنى تولۇقلاش تەكلىپىنى بەردى. ئەمما ،
ئەينى چاغدا شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە جىددىي ئۆزگىرىش بولۇ-
ۋاتقاچقا ، ئارمىيە - ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بۇ ئىشقا ئۈلگۈرەلمىدى .

8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بۇيرۇق چىقىرىپ شىنجاڭ
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى ، قوشۇمچە رەئىسى ۋە شىنجاڭ چېگرا مۇ-
داپىئە دۇبەنى شېڭ شىسەي ۋەزىپىسىدىن سەممىي ئىستىپا سورىغانلىقى
ئۈچۈن ، ئۇنىڭ قوشۇمچە ۋەزىپىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ۋەزىپىسى-
دىن قالدۇرۇلغانلىقىنى ؛ شىنجاڭ ئۆلكىلىك چېگرا مۇداپىئە دۇبەن مەھكە-
مىسىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى ؛ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق بارلىق قى-
سىملارنىڭ ھەربىي ئىشلار كومىتېتىغا بىۋاسىتە قارايدىغانلىقىنى ، شۇ مەھ-
كىمىنىڭ ئىشلىرىنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش گارنىزونى ئۆتكۈ-
زۈۋالىدىغانلىقىنى ؛ دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى
شېن خۇڭلېي باشقا ۋەزىپىگە قويۇلىدىغان بولغاچقا ، ۋەزىپىسىدىن قالدۇ-
رۇلغانلىقىنى ؛ شېڭ شىسەينىڭ دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ
مىنىستىرلىكىگە تەيىنلەنگەنلىكىنى ؛ ۋۇجۇڭشىننىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈ-
مەتنىڭ ئەزالىقى ، قوشۇمچە رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەنلىكىنى ، ۋۇجۇڭشىن
ۋەزىپە ئورنىغا يېتىپ كەلگۈچە ، جۇشاۋلياڭنىڭ مۇۋەققەت رەئىسلىك ۋەزىپە-
سىنى ۋاقىتلىق قوشۇمچە ئۆتەپ تۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى .

9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى شېڭ شىسەي 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ مۇئاۋىن
باش قوماندانىنىڭ نامى بىلەن بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ « ۋە-
زىيىتى مۇقىم بولمىغانلىقى »ئۈچۈن ، ئاتلىق ئەسكەرلەر 1 - شىسىنىڭ شى-
جاڭى سۈي يىڭچۈن « خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆلكىدە تۇرغان » مەز-
گىلدە ، زاپاس 7 - شىنىڭ مۇئاۋىن شىجاڭى دۇدېفۇنى ئىلىدىكى بارلىق
قوشۇنلارغا ۋە ئامانلىق ساقلاش قىسىملىرىغا بىر تۇتاش قوماندانلىق قى-

لىشقا ئەۋەتىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. ئەينى ۋاقىتتا، گومىنداڭنىڭ ئىلىدىـ
كى ئومۇمىي ئەسكىرىي 2500 چە ئىدى.

شۇ كۈنى    جۇشاۋلياڭ ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ، شىنجاڭنىڭ ھەربىي، ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىشقا باشلىدى.

9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى    دۇدېفۇ ئايروپىلان بىلەن غۇلجىغا يېتىپ باردى.

9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى    جۇشاۋلياڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى پۇشكىن بىلەن كۆرۈشۈپ، «رەھىمدىل بولۇش، قوشنا ئەللەر بىلەن ئىناق ئۆتۈش» سىياسىي فاڭجېنىنى يۈرگۈزىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى    ئۆلاستاي پارتىزانلىرى نىلقا ناھىيىسىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا كۆپلەپ ئادەم ئەۋەتىپ، تەشۋىقات پائالىيىتى ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن تەشۋىقات ۋەرەقلىرىنى تارقاتتى. ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى گاۋۋېي بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاۋجۇڭمىڭ، مەسلىھەتچى ليۇبىگىيى قاتارلىقلارنى بىرلىيەن ئەسكەرنى باشلاپ نىلقا ناھىيىسىگە باستۇرۇشقا ئەۋەتتى.

9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى    ئالتاي پارتىزانلىرى نۇرخوجا[1] نى 500 كىشىلىك پارتىزانلار ئەترىتىنى باشلاپ سارسۇمبە، بورچىن قاتارلىق ناھىيىـ

---

① نۇرخوجا (1912—1987): شىنجاڭ كۆكتوقاي ناھىيىسىدىن، قازاق. كېلىپ چىقىشى چارۋىچى. ئالتاي پارتىزانلىرىنىڭ مەسئۇللىرىدىن بىرى، كېيىن ئۆزىنى گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئاتقان، شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندا، تۈركىيىگە قېچىپ كەتكەن.

لەردە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا ئەۋەتتى.

9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى شىڭ شىسەي شىنجاڭدىن ئايروپىلان بىلەن چۆچەكگە كەتتى.

9 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە ئۆلاستاي پارتىزانلىرى جاۋجۇڭمىڭ باشچىلىقىدىكى 300 نەچچە ھەربىي - ساقچىنىڭ ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ ئۆلاستايغا قىلغان ھۇجۇمىنى تارمار قىلدى.

9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئالتاي پارتىزانلىرى نورغات (يەنى قازاقلارنىڭ قەبرىستانلىقى) تا گومىنداڭنىڭ كۆچىكىدىن ئالتايغا ھەربىي ئەشيا قاچىلاپ كېتىۋاتقان 45 ئاپتوموبىل ۋە 100 تۆگىدىن تەركىب تاپقان ترانسپورت ئەترىتىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەن قوشۇنىنىڭ 80 نەچچە ئادىمىنى يوقاتتى، ئوق - دورا قاچىلانغان ئىككى ئاپتوموبىلنى پارتلىتىۋەتتى.

9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى جۇشاۋلياڭ ياردەمگە ئەۋەتكەن قىسىم — زاپاس 7 - شى 19 - تۇەننىڭ 1 - يىڭى غۇلجىغا يېتىپ باردى.

9 - ئاي ئىسھاقبېك مونونوپ تاشقورغان پارتىزانلىرىنى باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئۆلۈغچات ناھىيىسىگە ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق قەشقەر ۋىلايىتىنى ئېلىشقا تەييارلاندى، بۇ خەۋەر ئاشكارىلىنىپ قالغاچقا، گومىنداڭ دائىرىلىرى ئۆلۈغچات ناھىيىسىدىكى مۇداپىئەنى كۈچەيتتى، ئىسھاقبېك مونونوپ ئىلاجىسىز تاشقورغان پارتىزانلىرىنى بۇرۇنقى ئورنىغا چېكىندۈرۈپ، ئالدى بىلەن تاشقورغانغا ھۇجۇم قىلىپ، ئاندىن قەشقەر ۋىلايىتىنى ئېلىش يېڭى لايىھىسىنى تۈزدى. دەل شۇ چاغدا نىلقا ناھىيىسىدىكى ئۆلاستايدا قوراللىق قوزغىلاڭ پارتلىدى، بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئىسھاقبېك مونونوپ دەرھال نۇرھاجى قاتار-

لىقلارغا تاشقورغان پارتىزانلىرىغا باش بولۇپ شۇ يەردە قېلىپ ، تاشقورغان ناھىيىسىگە ھۆججۇم قىلىشقا مەسئۇل بولۇش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى ، ئۆزى بولسا بىر قىسىم قوراللىق كۈچنى باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسى ئارقىلىق ئىلىغا كەتتى .

شۇ ئاي    رىيچوپ پارتىزانلىرى سايۇر تېغىدىن چۆچەك ئەتراپىغا قايتىپ كېلىپ پارتىزانلىق پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى .

10 - ئاينىڭ 4 - كۈنى    ۋۇجۇڭشىن ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بولدى .

10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى    گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بۇيرۇق ئېلان قىلىپ ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەنلىكىنى ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ۋۇجۇڭشىندىن باشقا ئەزالىقىغا ۋە قوشۇمچە ۋەزىپىلەرگە قويۇلغانلارنىڭ ئىسىملىكىنى ئېلان قىلدى :

ئەزا ، قوشۇمچە باش كاتىپ : زېڭ شاۋلۇ

ئەزا ، قوشۇمچە خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى : دېڭ شياڭخەي

ئەزا ، قوشۇمچە مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى : شۇلىيەنشى

ئەزا ، قوشۇمچە قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى : شې لىگيۈن

ئەزا ، قوشۇمچە مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى : پېڭ جىيۈەن

ئەزالار : جۇڭكۈنتيەن ، جاڭ شۈەنزې ، ھاشىم ، ھاكىمبەگ خوجا ①

---

① ھاكىمبەگ خوجا (1871—1957) : ئەسلى ئىسمى غىياسىدىن ، شىنجاڭ غۇلجىدىن ، ئۇيغۇر . ئۇ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىلىنىڭ ئەڭ ئاخىردا تەيىنلەنگەن ھاكىم بېگى بۇۋاقىنىڭ يالغۇز قىزى بىلەن نىكاھلىق بولغاچقا ، شىنجاڭدىكى ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ يۇقىرى قاتلام ۋەكىلى بولۇپ قالغان . شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان . 1957 - يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن غۇلجىدا ۋاپات بولغان .

لىيۇبىڭدې، تېپىن بېز[1]، جانىمقان[2] يۇدا.

10 - ئاينىڭ 5 - **كۈنىدىن 7 - كۈنىگىچە** 5 - كۈنى، ئۇلاستاي پارتىـ
زانلىرى ئەكبەر، خەمىت مۇسلىموپ قاتارلىقلارنى 500 نەچچە كىشىلىك
قوراللىق كۈچنى باشلاپ نىلقا ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى،
يول بويى مىڭغا يېقىن ئاما ئۇلارغا ئەگەشتى. ئەتىسى سەھەردە، سېيىت
باشچىلىقىدىكى 1 - چوڭ ئەترەت، غېنى باشچىلىقىدىكى 2 - چوڭ ئەتـ
رەت، شۇتۇپ ئېۋان قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى 3 - چوڭ ئەترەت شەرق،
جەنۇب، غەرب تەرەپلەردىن ناھىيە بازىرىغا شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلـ
دى، ناھىيە بازىرى ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى ئارقا - ئارقىـ
دىن پارتىزانلارغا ماسلاشتى. پارتىزانلار بىر كېچە - كۈندۈز كەسكىن
جەڭ قىلىپ، 7 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن پۈتۈن ناھىيە بازىرىنى ئىشغال قىلـ
دى، ناھىيە بازىرىنى ساقلاۋاتقان ھەربىي - ساقچىدىن 30 نەچچە كىشىنى
ئۆلتۈرۈپ، يەرلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، ھەربىي - ساقچى خادىملار-
دىن بولۇپ 140 نەچچە ئادەمنى ئەسىرگە ئالدى، ئۈچ پىلىموت، 66 تال

---

① تېپىن بېز (1887—1945): يەنى تېپىن جاغىنتاي. شىنجاڭ سارسۇمبە ناھىيىسى (ھاـ
زىرقى ئالتاي شەھىرى) دىن، موڭغۇل. ئالتاي موڭغۇللىرىنىڭ يۇقىرى قاتلام ۋەكىلى. كېيىنى چاغـ
دا، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى بولغان، 1945 - يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن سارسۇمبـ
دە ۋاپات بولغان.

② جانىمقان: شىنجاڭ سارسۇمبە ناھىيىسىدىن، قازاق. شىنجاڭدىكى قازاقلارنىڭ يۇقىرى
قاتلام ۋەكىللىرىدىن بىرى. ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ
ئەزاسى، قوشۇمچە مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. ئوسمان ئىسلام،
قالىبېكلەرنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇش مەقسىتىدە قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈشىنى
پىلانلاشقا قاتناشقان. شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئوسمان ئىسلامنىڭ قوـ
راللىق توپىلىڭىغا قاتنىشىپ ئەسىرگە چۈشكەن. 1951 - يىل 3 - ئايدا، خەلق ھاكىمىيىتى تەرىپىـ
دىن ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن.

مىلتىق ئولجا ئالدى، تۇرمىگە قامالغان ئوبۇلخەيرى تۆرە① ، يۈسۈپقان كۈنباي② قاتارلىق 100 نەچچە ئادەمنى قويۇپ بەردى.

پارتىزانلار ناھىيە بازىرىغا كىرگەندىن كېيىن، چوبان قەبىلىسىدىكى ئوسماننى نىلقا ناھىيىسىنىڭ ۋاقىتلىق مەسئۇلى قىلىپ تەيىنلىدى، گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ پارتىزانلارنى «قورشاپ يوقىتىشى» غا ياردەم بەرگەن قانائىتبېك، ناھىيە ھاكىمى لوچىشىڭ، ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى فىڭ ۋېيجۇن ۋە ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاۋجۇڭمىڭ قاتارلىقلارغا ئۆلۈم جازاسى بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە جىڭنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئاچال③ ۋە غۇلجىدىن نىلقىغا بارىدىغان ستراتېگىيىلىك مۇھىم جاي — مازار تەرەپكە ئايرىم - ئايرىم ھالدا مۇھاپىزەتچى قوشۇن ئەۋەتتى.

10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ۋۇجۇڭشىن نازارەت، باشقارما مەسئۇللىرىنىڭ يىغىنىنى چاقىرىپ، جايلاردىكى خەلق قوزغىلاڭچى كۈچلىرىگە «قور-

① ئوبۇلخەيرى تۆرە (1890—1970): شىنجاڭ نىلقا ناھىيىسىدىن، قازاق. تۆرە (ئاقسۆڭەك، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە ۋارىسلىق قىلىدىغان مەرتىۋە بولۇپ، ۋاڭ بىلەن باراۋەر) جەمەتىدىن كېلىپ چىققان. ئىلىدىكى قازاقلارنىڭ يۇقىرى قاتلام ۋەكىلى. شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى، چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ سۆھبەت ۋەكىلى، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى، 1-، 2-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 1-، 2-، 3 - نۆۋەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1970 - يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن غۇلجىدا ۋاپات بولغان.

② يۈسۈپقان كۈنباي (1898—1986): شىنجاڭ نىلقا ناھىيىسىدىن، قازاق. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە، مىللىي ئارمىيە ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنىنىڭ تۈەنجاڭى بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇرۇمچى شۆبە ھەربىي رايوننىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان، 1986 - يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن غۇلجىدا ۋاپات بولغان.

③ ئاچال: غۇلجا ناھىيىسى بىلەن جىڭ ناھىيىسىنىڭ چېگرىسىغا جايلاشقان كورگۈچىن تاغ تىزمىسىنىڭ ئېغىزى. ئىلىدىن جوڭغار ئويمانلىقىغا بارىدىغان يېقىن يول بولۇپ، گومىنداڭ ئارمىيىسى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسى تالىشىپ كېلىۋاتقان مۇھىم تاغ ئېغىزى ئىدى.

شاپ يوقىتىش بىلەن تەسەللىي بېرىشنى تەڭ ئېلىپ بېرىش» فاڭجېنىنى قوللىنىش، ھەربىي ئىشلار جەھەتتە باستۇرۇشقا جۇشاۋلياڭ مەسئۇل بولۇش، ھۆكۈمەت تەرەپ بۇنىڭغا زىچ ماسلىشىپ ۋىلايەت، ناھىيىلەردە «قوغدىنىش ئەترەتلىرى» قۇرۇشنى بەلگىلىدى. «تەسەللىي بېرىش» جەھەتتە كىشىلەر رايىنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە، شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قامالغان ھەر مىللەت زاتلىرىدىن 270 كىشىنى دەرھال قويۇۋېتىش (كېيىن يەنە بىر نەچچە يۈز ئادەمنى ئارقا - ئارقىدىن قويۇۋېتىش)، قاماقتا تۇرۇۋاتقان ھەر مىللەتتىن بولغان ئابرويلۇق زاتلار مەسىلەن، ئەلەن ۋاڭ①، گۇاڭ لۇ②، بۇرھان شەھىدى ③ قاتارلىقلار بىلەن

---

① ئەلەن ۋاڭ (1889—1961): ئەسلى ئىسمى ئەلەن موسقان. شىنجاڭ جىمسار ناھىيىسىدىن، قازاق. كەرەي قەبىلىسىنىڭ باشلىقى. 1915 - يىلى ۋاڭلىق نامىنى ئالغان. مەملىكىتىمىزدىكى قازاقلار ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشكەن يۇقىرى قاتلام زات. شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۇنى جارچى - سىلاۋچىلىق ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا تەيىنلىگەن. 1945 - يىل 9 - ئايدا ئۈرۈمچىگە قېچىپ كەلگەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1961 - يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان.

② گۇاڭ لۇ (1900—1973): شىنجاڭ چاپچال ناھىيىسىدىن، شىبە. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان زىيالى. جۇڭگونىڭ تاشكەنتتە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى قانۇن پالاتاسىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇش ھارپىسىدا تەيۋەنگە كەتكەن. 1973 - يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن تەيۋەندە ۋاپات بولغان.

③ بۇرھان شەھىدى (1894—1989): ئەسلى يۇرتى شىنجاڭ ئاقسۇ ناھىيىسى، روسىيىنىڭ قازان شەھىرىدە تۇغۇلغان، ئۇيغۇر. 1912 - يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، شىنجاڭدا سودىگەرچىلىك قىلغان، كېيىن بارا - بارا شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەشھۇر زاتىغا ئايلانغان. 1937 - يىلى جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى زەيساندا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ كونسۇلى بولغان. 1938 - يىلى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان، 1944 - يىلى قويۇپ بېرىلگەن. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، ئۈرۈمچىنىڭ ۋالىيسى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1947 - يىل 9 - ئايدا گومىنداڭ مىللىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1949 - يىل 1 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولغان. 1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بارلىق ئەزالىرىنى باشلاپ ئاشكارا تېلېگرامما يوللاپ ھەقىقەتكە قايتقان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى، مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1989 - يىلى بېيجىڭدا ۋاپات بولغان.

شەخسەن ئۆزى كۆرۈشۈش ياكى ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ قويۇۋېتىش، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى مۇھىم ئەمەللەرگە قويۇش، بەزىلىرىنى پۇل بېرىپ يۇرتىغا يەتكۈزۈپ قويۇشنى بەلگىلىدى.

**10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى** ئۇلاستاي پارتىزانلىرى نىلقا ناھىيە بازىرىدا ئىككىنچى قېتىم تەرتىپكە سېلىندى، ئاساسەن قازاقلاردىن تەركىب تاپقان 1 - چوڭ ئەترەتكە ئەكبەر بىلەن سېيىت باشلىق، مۇئاۋىن باشلىق بولدى، ئاساسەن ئۇيغۇرلاردىن تەركىب تاپقان 2 - چوڭ ئەترەتكە غېنى باشلىق بولدى، كۆپىنچىسى گۇيخۇا (رۇس)لاردىن تەركىب تاپقان 3 - چوڭ ئەترەتكە شۇتۇپ ئۇۋان باشلىق بولدى، ئومۇمىي ئەسكىرىي كۈچ 800 نەچچە كىشىگە يەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ قوشۇن نىلقا پارتىزانلىرى دەپ ئاتالدى، پارتىزانلارنىڭ تەسىرى تېز سۈرئەت بىلەن غۇلجا، تېكەس، كۈنەس ۋە توققۇزتارا ناھىيىلىرىگىچە كېڭەيدى.

**شۇ كۈنى** دۇدېفۇ غۇلجىدىن ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ، جۇشاۋلياڭغا ئىلىنىڭ ئەھۋالىنى دوكلات قىلىپ، ئەسكەر كۆپەيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

**10 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە** 12 - كۈنى جۇشاۋلياڭ زاپاس 7 - شى 19 - تۈەنىنىڭ تۈەنجاڭى پېڭجۇنيىغا 2 - يىڭ بىلەن بىر مىناميوت ليەنىنى باشلاپ ئىلىغا ياردەم بېرىش ھەمدە ئىلى ۋىلايىتىدە (جىڭ، بورتالا، ئارىشاڭ ناھىيىلىرىدىن باشقا) تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قوشۇنلىرى ۋە ئامانلىق ساقلاش قىسىملىرىغا بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىشقا مەسئۇل بولۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى، پېڭ جۇنيى قوشۇن تارتىپ، 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى غۇلجىغا يېتىپ باردى.

**10 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە** 18 - كۈنى جۇشاۋلياڭ پىلانىنى ئۆزگەرتىپ، زاپاس 7 - شىنىڭ سەنمۇجاڭى ساۋرىلىڭنى ۋاقىتىنچە ئىلى ۋىلايىتىنىڭ مۇۋەققەت تىنجىتىش قوماندانلىقىغا بەلگىلەپ، مەزكۇر

ۋىلايەتتە تۇرۇشلۇق قوشۇنلار ۋە ئامانلىق ساقلاش قىسىملىرىغا بىر تۇ-تاش قوماندانلىق قىلىشقا ئەۋەتتى. ئەتىسى ساۋرىلىك ئايروپىلان بىلەن غۇلجىغا باردى، ئۇ نىلقىغا پارتىزانلىرى بىلەن گومىنداڭ قوشۇنلىرى مازار-دا تىركىشىپ تۇرۇۋاتقان ئەھۋالغا ئاساسەن، ئىلىدىكى شۇ چاغدىكى ئەسكىرىي كۈچ بىلەن مازاردىن شەرققە قاراپ ھۇجۇمغا ئۆتۈشنى قارار قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۇچادا تۇرۇشلۇق قوشۇنلارغا مۇزات داۋىنى ① ئارقىلىق جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ ھۇجۇمغا ئۆتۈش؛ زاپاس 7 - شىنىڭ 21 - تۆەنگە جىگدىكى ئاچال ئارقىلىق غۇلجا تەرەپنى تو-سۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى سۇيدۇڭ ناھىيىسى (ھازىرقى قورغاس ناھىيىسى) كەڭساي تاشيول ئاسراش ئۇچاستكىسىنىڭ باشلىقى فاتىي ئىۋانوۋىچ لىسكىن ② تەلكە ئېغىزى ③ ئەتراپىدا پارتىزانلار ئەترىتى

---

① مۇزات داۋىنى : تەگرى تېغىنىڭ ئېغىزى بولۇپ، شىنجاڭنىڭ موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىگە جايلاشقان، ئىلىدىن ئاقسۇغا بارىدىغان مۇھىم يول. ئەينى چاغدا، ئۈچ ۋىلايەت بىلەن گومىنداڭ ئارمىيىسى تالىشىدىغان مۇھىم تاغ ئېغىزى ئىدى.

② فاتىي ئىۋانوۋىچ لىسكىن: (1913—1970) : سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەلىكىدىكى مۇھا-جىر، رۇس. روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن ئىلىغا كەلگەن. شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتىلىغاندىن كېيىن، پارتىزانلارنى باشلاپ كەڭسايدا توسۇپ زەربە بېرىش ئۇرۇشى قىلغان. كې-يىن مىللىي ئارمىيىدە تۆەنجاڭ، لۈيجاڭ قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1949 - يىل 8 - ئايدىن باشلاپ، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ مۇۋەققەت باش قوماندانى بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇ-رۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 5 - جۈننىڭ جۈنجاڭى، ئىلى ھەربىي رايونى-نىڭ قوماندانى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1953 - يىل 7 - ئايدا، تەشكىلنىڭ تەستىقلىشى بى-لەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ كەتكەن. 1970 - يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالما - ئاتادا ۋاپات بولغان.

③ تەلكە ئېغىزى: شىنجاڭ قورغاس ناھىيىسىدىكى تەلكە تاغ تىزمىسى ئارىسىدا، ئۇزۇن-لۇقى 28 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا ئۆرلەپ بارىدىغان ئېگىز تاغ جىلغىسىدىكى ساي، جۇڭغار ئويمانلىقى بىلەن ئىلى ئوتتۇرىسىدىكى ئاساسلىق قاتناش يولى. قىشتا ھاۋا كىلىماتى نۆلدىن تۆۋەن 30—40° گرادۇس بولۇپ، شۇۋرغان بولغان كۈنلەردە يول ئېتىلىپ قالىدۇ. بۇ يەرنىڭ شا-رائىتى ناھايىتى خەتەرلىك بولۇپ، ھەربىي قوشۇنلار چەزمەن تالىشىدىغان جاي.

تەشكىللەشكە باشلىدى.

10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى جىمنەي، قوبۇقسار، قابا، بۇرۇلتوقاي پارتىزانلىرىنىڭ مەسئۇللىرى قىزىل ئادىردا يىغىن ئېچىپ، «ئازادلىق تەشكىلاتى» ۋە پارتىزانلارنىڭ بىرلەشمە قوماندانلىق شتابىنى قۇردى.

10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى دېلى شياڭخەي باشچىلىقىدىكى گۇاڭ لۇ، ئۇجالا ساراچۇن ① قاتارلىق كىشىلەردىن تەركىب تاپقان «غۇلجا جارچى - سىلاۋچىلىق ئۇمىكى» غۇلجىغا كەلدى. ئۇلار ھاكىمبەگ خوجا قاتارلىق ئابرويلۇق زاتلارنى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنى زىيارەت قىلدى، ھەر مىللەت زاتلىرىنىڭ سۆھبەت يىغىنىنى ئېچىپ، «ئىلقا ۋەقەسى — شېڭ شىسەي قالدۇرۇپ كەتكەن جاراھەت» دەپ خۇپسەنلىك قىلدى ھەمدە «مەھبۇسلار» نى قويۇپ بېرىش، ئۆلگەنلەرنىڭ جەسىتىنى ۋە مۇسادىرە قىلىنغان مال - مۈلۈكلەرنى قايتۇرۇپ بېرىشكە ۋەدە بېرىپ، خەلقنىڭ غەزىپىنى بېسىشقا ئۇرۇندى.

10 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە ئىلقا پارتىزانلىرى ئەۋەتكەن شۆبە ئەترەت جىڭ ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى ئىگىلەپ تۇرغان ئاچالنى ئىشغال قىلىپ، 23 - كۈنى جىڭ ناھىيە بازىرىغا 15 كىلومېتر كېلىدىغان جايغىچە ئىلگىرىلەپ كىردى.

---

① ئۇجالا ساراچۇن (1886—1960): شىنجاڭ چاپچال ناھىيىسىدىن، شىبە. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىن چىققان مەشھۇر زات ۋە زىيالى. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ئالما - ئاتادا تۇرۇشلۇق كونسۇلى ۋە ئەنجاندا تۇرۇشلۇق كونسۇلى بولغان. شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئورگان گېزىتى شىبەچە نەشرىنىڭ باش مۇھەررىرى بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولغان. 1960 - يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن غۇلجىدا ۋاپات بولغان.

10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ۋۇجۇڭشىن جياڭ جيېشىغا تېلېگرامما يوللاپ، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىدە تۇرۇشلۇق پەۋقۇلئاددە دىپلوماتىيە خادىمى، ئامېرىكىدا ئوقۇغان ۋۇ زېشياڭنىڭ ئورنىغا جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ خادىمى ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان، رۇس تىلىنى پىششىق بىلىدىغان لىۋزېروۋنى شىنجاڭغا تېزرەك ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى.

10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ۋۇجۇڭشىن ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ ۋالىيلىرىغا تېلېگرامما يوللاپ: «سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭ بىلەن چېگرىداش، بىز بىلەن مۇناسىۋىتى يېقىن بولغان ئىناق قوشنا دۆلەت، بۇ ھەقتە مەركەز ئېنىق يوليورۇق بەردى، جايلاردىكى ئەمەلدارلارنىڭ بۇ روھنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، جايلاردىكى كونسۇلخانا خادىملىرى ۋە بارلىق مۇھاجىرلارغا ئالاھىدە ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلىپ، ئىشتا ھەمكارلىشىپ، يېقىن، ئىناق قوشنىدارچىلىق ئورنىتىش ئارقىلىق دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتىگە ئەھمىيەت بېرىشنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى.

10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى زاپاس 7 - شىنىڭ 21 - تۇەنى ماناستىن جىڭغا يېتىپ بېرىپ، داخېيەنزە ① ۋە ئاچالغا ئورۇنلاشتى.

10 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى گومىنداڭنىڭ كۇنەس مەمۇرىي رايون باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لوجىخۇي نىلقا پارتىزانلىرىنىڭ نىلقا ناھىيە بازىرىنى ئالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ھەربىي - مەمۇرىي خادىملارنى ئېلىپ ناھىيە بازىرىنى تاشلاپ، قارا شەھەرگە قېچىپ كەتتى. مىڭبېشى جايىربېك بەشتۆپە (ھازىرقى كۇنەس ناھىيە بازىرى) دە قوماندانلىق شتابى تەشكىللەپ، ھاكىمىيەتنى ئۆتكۈزۈۋالدى.

---

① داخېيەنزە: شىنجاڭنىڭ جىڭ ناھىيىسى تەۋەسىگە جايلاشقان، ئەينى چاغدا گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئىلىغا ياردەم بېرىدىغان ئالدىنقى سېپى ئىدى.

10 - ئاينىڭ ئاخىرى «غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتى» غۇلجىدا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش شارائىتى پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئابدۇكېرىم ئابباسوپنى ياردەم سوراش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەۋەتتى.

10 - ئاي «ئالتاي ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى» چىڭگىل ناھىيىسى بۇلغۇن ئۆزىنىدە قۇرۇلدى. ئوسمان ئىسلام ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى، دەلىلقان سۇگۇر بايوپ مۇئاۋىن باشلىقى، قوشۇمچە ھەربىي باش قوماندان بولدى، لاتىپ مۇستاپا، رامازان بولىم، موللا ئىسلام ئىسمايىلوپ قاتارلىق 10 كىشى ھۆكۈمەت ئەزاسى بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئالتاي پارتىزانلىرى تەرتىپكە سېلىنىپ 9 چوڭ ئەترەت قىلىندى.

11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى نىلقا پارتىزانلىرى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ بىر يىلىك ئەسكىرىي كۈچ بىلەن قورشاپ ھۇجۇم قىلىشى ئارقىسىدا، نىلقا ناھىيە بازىرىنى تاشلاپ ئۇلاستايغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى.

11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى نىلقا پارتىزانلىرى جالىنغۇلدا ئۇلاستايغا ھۇجۇم قىلىشقا كەلگەن زاپاس 7 - شى 19 - تۇەن 2 - يىڭنىڭ بىر لىيەن ئەسكىرى بىلەن 8 سائەت كەسكىن ئېلىشتى، گومىنداڭ ئارمىيىسى ئېغىر چىقىم تارتىپ، پاتىزانلار تەرىپىدىن چېكىندۇرۇلدى. پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ رەھبىرىي ئەكبەر ئېغىر يارىلىنىپ، 10 - كۈنى قۇربان بولدى.

11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى «غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتى» سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن، غۇلجىدا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئاساسلىق ئەسكىرىي كۈچىنىڭ نىلقا ناھىيىسى ئەتراپىغا يۆتكەلگەنلىكى، شەھەرنى ساقلاۋاتقان 1500 دىن كۆپ-

رەك ھەربىي ـ ساقچىنىڭ ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى ، ھەـ
رەمباغ[1] ، ئايرودروم ، لەڭشاڭ بۆتخانىسى[2] ، قوماندانلىق شتابى ، سابـ
نائەت شىركىتى قاتارلىق جايلاردا تارقاق تۇرۇۋاتقانلىقىدەك ئەھۋالدىن
پايدىلىنىپ ، بىر تەرەپتىن شەھەر ئىچىدە ئامىنى مەخپىي ھەرىكەتلەندۈـ
رۈپ ، تەشكىللەپ ۋە قوراللاندۇرۇپ ، يەنە بىر تەرەپتىن ، ئىلقا ناھىيىسىـ
دىكى ئۇلاستايغا ئادەم ئەۋەتىپ ، ئىلقا پارتىزانلىرىنىڭ دەرھال غۇلجىغا
ھۇجۇم قىلىشىنى تەلەپ قىلىپ ، ئىچكى ـ تاشقى جەھەتتىن ماسلىشىپ ،
غۇلجىنى بىر يولىلا ئالماقچى بولدى .

شۇ كۈنى  لىيۇبىڭدې ، گاۋپىلار جالىنغۇل ئۇرۇشىدا ئېغىر مەغلۇبـ
يەتكە ئۇچرىغانلىقتىن ، ئۈرۈمچىگە جىددىي تېلېگراممىا يوللاپ ياردەم سوـ
رىدى . تېلېگراممىدا مۇنداق دېيىلگەن : « توپىلاڭچىلار » نىڭ كۈچى كۈنـ
دىن ـ كۈنگە كۈچەيمەكتە . ئۇلارنىڭ 1500 دىن ئارتۇق ئادىمى ، 300 دىن
ئارتۇق مىلتىقى بار ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاتلىق ئەسكەر . ئىلقا ناھىيىسىگە
بارغانلىكى ئاپتوموبىللارنىڭ قايتقاندا قاچىلاپ كېلىۋاتقىنى يارىدار
ئەسكەرلەر ، غۇلجا ناھىيىسىدىكى پەنجىم ، جېلىلىيۈزىدە ، سۈيدۈڭ ناھىيەـ
سىدىكى لوسىگۇڭدا مەخپىي تەشكىلاتلار پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ ، ئىـ
لىنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرىدىكى خەزىنە خىزمەتچىلەر ۋە خەزىنە پۇقرالىرى
غۇلجىغا قېچىپ كېلىۋاتىدۇ ، غۇلجا تەھدىت ئاستىدا قالدى ، شۇڭا قوـ
شۇن ئەۋەتىپ ياردەم بېرىشىڭلارنى سورايمىز .

11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى  غۇلجىنىڭ كوچىلىرىدا « يوقالسۇن خەلقنى
ئەزگەن ھۆكۈمەت » ، « مۇسۇلمانلار بىرلىشىپ خىتايلارنى ، شەرقىي شىمالـ

---

① ھەرەمباغ : شىنجاڭ غۇلجا شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى كەڭرى ئېگىزلىك ، جەنۇبىي تەرىپىـ
دىن شەھەر رايونى ، شىمالىي تەرىپىدىن ئايرودرومنى تىزگىنلەپ تۇرغىلى بولىدۇ ، ئەينى ۋاقىتتا ،
گومىنداڭنىڭ غۇلجىدىكى ھاۋا ئارمىيە تەلىم ـ تەربىيە ئەترىتى تۇرغان جاي .
② لەڭشاڭ بۆتخانىسى : شىنجاڭ غۇلجا شەھىرى 9 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ شەرقىي تەرىپىدىـ
كى ئېگىزلىك .

لىقلار ① نى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرايلى » ، « ياشىسۇن ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسى » دېگەنگە ئوخشاش مەزمۇندىكى پلاكات ۋە تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى پەيدا بولدى . ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ھەربىي - ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە : « غۇلجىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرماقتا ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلانغان قورال - ياراغلار شەھەرگە كىرىپ بولدى » دەپ جىددىي تېلېگرامما يوللىدى .

شۇ كۈنى مازارغا ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋاتقان نىلقا پارتىزانلىرى « غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتى » نىڭ ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋېلىپ ، شۇ ھامان ئەسلىدىكى پىلانىنى ئۆزگەرتتى ، مازار تاغ ئېغىزىدا ئۇلاستايغا ھۇجۇم قىلىش ئېھتىمالى بولغان گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا توسۇپ زەربە بېرىش ئۈچۈن ئاز بىر قىسىم كۈچنى قالدۇرغاندىن سىرت ، ئاساسلىق كۈچى بىلەن ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ ، گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ تايانچى پونكىتلىرىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ ، تاغ ئارىسىدىكى چىغىر يوللار ئارقىلىق ئۇدۇل غۇلجىغا قاراپ ئاتلاندى .

11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تاڭ سەھەردە نىلقا پارتىزانلىرى 2 - چوڭ ئەترىتى غۇلجا شەھەر ئەتراپىدىكى بەلگىلەنگەن جايغا يېتىپ باردى ، ئەمما 1 - ، 3 - چوڭ ئەترەت بەلگىلەنگەن جايغا ۋاقتىدا يېتىپ بارالمىغانلىقى ئۈچۈن ، 2 - چوڭ ئەترەت غۇلجا 3 - رايوندىكى ساقچى ئىدارىسىگە يالغۇز ھۇجۇم قىلدى ، بىراق گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ 128 - شىسىدىكى بىر يىلق ئەسكەر ئۈچ ئايروپىلاننىڭ ھىمايىسى ئاستىدا قارشىلىق كۆرسەتتى ، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەترەت نائىلاج تۇرپانيۈزىگە چېكىنىپ 1 - ، 3 -

① شەرقىي شىماللىقلار : « 18 - سىنتەبىر » ۋەقەسىدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا چېكىنگەن شەرقىي شىمالدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پىدائىي ئەسكەرلەرنى كۆرسىتىدۇ ، ئۇلار 1933 - ، 1934 - يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى سىبىرىيە ئارقىلىق ئۇركۈملەپ شىنجاڭغا كېلىپ ئىلى ، تارباغاتاي ، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلاشقان .

چوڭ ئەترەت بىلەن ئۇچرىشىپ، شۇ كۈنى كەچتە ئۈچ دەرۋازىغا يېتىپ كېلىپ بۇيرۇق كۈتۈپ تۇردى.

شۇ كۈنى فاتىي ئىۋانوۋىچ لېسكىن پارتىزانلارنى باشلاپ لوسىگۇڭ رايونلۇق پەيچۇسوغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. رايون باشلىقى، پەيچۇسونىڭ باشلىقى ۋە ساقچىلار بولۇپ نەچچە ئون ئادەمنى ئېتىپ تاشلاپ، 53 تال مىلتىق غەنىيمەت ئېلىپ، لوسىگۇڭ رايونىنى ئىشغال قىلدى. بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، پارتىزانلار ئەترىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي، ناھايىتى تېزلا نەچچە يۈز ئادەمگە يەتتى. بۇنىڭ بىلەن، موگۇتنوپ①، لېسكىن قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى لوسىگۇڭ پارتىزانلار ئەترىتى تەشكىللەندى.

شۇ كۈنى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ سوۋېت ئىتتىپاقى ئوفىتسېرى پېتىر رومانوۋىچ ئالېكساندۇروپ② بىلەن بىرلىكتە بىر قوراللىق قوشۇننى باشلاپ يوشۇرۇن ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قورغاس ئارقىلىق غۇلجىغا كىرىپ، «غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتى» بىلەن بىرلىكتە ھەربىي ئىشلار قوماندانلىق شتابى قۇردى. ئالېكساندۇروپ ئۇنىڭغا مەسئۇل بولدى.

---

① موگۇتنوپ: 1899 - يىلى تۇغۇلغان، سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەلىكىدىكى مۇھاجىر، رۇس. شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، لوسىگۇڭ پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى بولۇپ ئىلگىرى - كېيىن قورغاس ناھىيە بازىرى، سۈيدۈڭ ناھىيە بازىرىنى ئېلىش جەڭلىرىگە قوماندانلىق قىلغان، مىللىي ئارمىيىدە تۇەنجاڭ، لۈيجاڭ قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، غۇلجا شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 1955 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ كەتكەن.

② پېتىر رومانوۋىچ ئالېكساندۇروپ: سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەلىكىدىكى مۇھاجىر، رۇس. 1944 - يىل 11 - ئاينىڭ باشلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىلىغا كېلىپ، غۇلجا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىگە قوماندانلىق قىلغان، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۈچ ۋىلايەت پارتىزانلىرىنىڭ باش قوماندانى، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى، ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1945 - يىل 1 - ئايدا دۆلىتىگە قايتقان.

ئۈنىڭ ئەزالىرى رەھىمجان سابىر ھاجى ، ئابدۇكېرىم ئاbbاسوپ ، ۋ . ما-
ژاروپ① ، قاسىمجان قەمبىرى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپتى. ھەربىي قو-
ماندانلىق شتابى 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ( سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابىغا 27
يىل تولغان كۈنى ) شەھەر بويىچە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى ، ئىلقا پارتىزان-
لىرىنىڭ غۇلجىغا ھۇجۇم قىلىشىغا ماسلىشىشنى قارار قىلدى.

**11 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە** 7 - كۈنى تاڭ سەھەردە ،
ئىلقا پارتىزانلىرى غۇلجىغا ھۇجۇم باشلىدى ، شەھەر ئىچىدىكى ئاز سان-
لىق مىللەتلەر ئاممىسى بۇنىڭغا تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ قوشۇلدى . نەچچە
كۈن كەسكىن جەڭ قىلىش داۋامىدا ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئالتە شوئار
مەھەللىسى ، كۆك كۆۋرۈك ، سايبويى قاتارلىق جايلارنى ئىشغال
قىلدى ھەمدە سايبويى چوڭ كۆۋرۈكنى تىزگىنلەپ ، قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپى-
نىڭ بىناسىنى ئىگىلىدى ، ۋالىي مەھكىمىسىنى ۋە ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدا-
رىسى ، سانائەت شىركىتى قاتارلىق جايلارغا بارىدىغان مۇھىم يول ئېغىز-
لىرىنى ئوت كۈچى ئارقىلىق قامال قىلدى ، ليۇبىڭدېنى ئېتىپ ئۆلتۈردى .
ساۋرىلىڭ بىر تەرەپتىن 19 - تۈەنىنىڭ 1 - يىڭىغا ۋالىي مەھكىمىسى ، ۋىلا-
يەتلىك ساقچى ئىدارىسى ، سانائەت شىركىتى قاتارلىق جايلارنى قەتئىي
ساقلاش توغرىسىدا جىددىي بۇيرۇق چۈشۈرسە ، يەنە بىر تەرەپتىن ، ئىل-
قا ناھىيىسىدە تۇرۇپ قالغان 19 - تۈەنىنىڭ 2 - يىڭىنى دەرھال ياردەمگە
يۆتكىدى ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، جىڭ ۋە ئاچالدا تۇرۇشلۇق
21 - تۈەنگە غۇلجىغا ياردەم بېرىش ھەققىدە جىددىي تېلېگرامما

① ۋ . مازاروپ : 1887 - يىلى تۇغۇلغان ، سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەلىكىدىكى مۇھاجىر ،
رۇس . روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن شىنجاڭغا كەلگەن ، شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى
پارتلىغاندىن كېيىن ، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ سەنمۇ جاڭى بولغان ، 1951 - يىلى سو-
ۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ كەتكەن .

بەردى .

11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى  جۇشاۋلياڭ ، ۋۇجۇگشىنلار مۇنۇلارنى قارار قىلدى : ( 1 ) زاپاس 7 - شىنىڭ شىجاگى لى يۇشياگنى ھەربىي ئىشلارغا رىياسەتچىلىك قىلىشقا غۇلجىغا ئەۋەتىش . ( 2 ) دېڭ شياگخەينىجارچى-سىلاۋچىلىق قىلىشقا يەنە غۇلجىغا ئەۋەتىش . ( 3 ) زوشۇ پىگنى ئىلى ۋىلا-يىتىنىڭ مەمۇرىي تەپتىش ۋالىيلىقىغا تەيىنلەش ، ئۇ دېڭ شياگخەي بىلەن بىللە يولغا چىقىش . ( 4 ) سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى بېجىرىشكە ياردەملىشىش ئۈچۈن ، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى-نىڭ شىنجاگدا تۇرۇشلۇق ئالاھىدە دىپلوماتىيە خادىملىرى مەھكىمىسىگە خادىملارنى لى يۇشياڭ ، دېڭ شياگخەي ، زوشۇپىگلار ماگىدىغان 10 - كۈنىدىكى ئايروپىلاندىن قالدۇرماي غۇلجىغا ئەۋەتىشنى بۇيرۇش .

شۇ كۈنى  زاپاس 7 - شى 21 - تۇەنىنىڭ تۇەنجاگى جياڭ شۇەن-چۈەن باشلىغان ياردەمچى قىسىم بۇيرۇققا بىنائەن ئاچالدىن غۇلجىغا يې-تىپ كېلىپ ، شۇ كۈنى كەچتە پارتىزانلار بىلەن توقۇنۇشتى . زاپاس 7 - شى 19 - تۇەنىڭ 2 - يىگى نىلقا ناھىيە بازىرىنى تاشلاپ غۇلجىغا يار-دەمگە ماگدى . كېيىن ھەرەمباغ ئەتراپىدا پارتىزانلار تەرىپىدىن توسۇلۇپ قېلىپ ، شەھەرگە كىرەلمىدى .

شۇ كۈنى  لوسىگۇڭ پارتىزانلىرى كەگسايىنى قامال قىلىپ ،ئۇرۇمچى-ئىلى تاشيولىنى ئۈزۈۋەتتى .

شۇ كۈنى  كەچتە ساۋرىلىڭ جۇشاۋلياگغا « غۇلجا ۋەقەسى » نى تې-لېگراممىا ئارقىلىق مەلۇم قىلدى ھەمدە تۈۋەندىكىچە ھەل قىلىش چارىسىنى

ئوتتۇرىغا قويدى: ( 1 ) قىسىملارنىڭ كۆچىنى ئۆزلۈكسىز كۆپەيتىپ ، دۆ-
لەت كۆچىنىڭ يېتىشچە ئۇرۇشۇش ، نامدا « باندىتلارنى تازىلاش »
دەپ ، ئەمەلىيەتتە خەلقئارا ئۇرۇش قىلىش ؛ ( 2 ) دىپلوماتىيە ئۇسۇلىدىن
پايدىلىنىپ ، مۇرەسسە قىلىش ، ئۇلارنىڭ دوستانە ياردەم بېرىشىنى تەلەپ
قىلىش ، لېكىن سوۋېت روسىيىسىنىڭ قوشۇن كىرگۈزۈشىگە يول قويماسلىق ؛
( 3 ) شەھەر رايونىدىكى « باندىتلار » نىڭ ھەممىسى رۇس ( ئۇيغۇر ) لار
بىلەن تاتارلار ، ئۇلار كونسۇلخانىنى بازى قىلغان ، ئېرىشكەن قورال -
ياراقلارنىڭ ھەممىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياسالغان . شۇڭا ، يۇقىرى-
قى ( 2 ) چارە مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ بىردىنبىر يولى .

11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى جۇشاۋلياڭ غۇلجا ۋەزىيىتىدە جىددىي ئۆز-
گىرىش بولۇپ ، ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇش ، قونۇشىغا ئىشەنچ قىلالمىغانلىق-
تىن ، لى يۇشياڭ ، دېڭ شياڭخەي ، زوشۇپىڭلارنى غۇلجىغا ئەۋەتىش پىلا-
نىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولدى ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يېڭىباشتىن مۇ-
نۇلارنى قارار قىلدى: ( 1 ) لى يۇشياڭنىڭ قارمىقىدىكى بىر يىگىنى غۇل-
جىغا ياردەم بېرىشكە يۆتكەش ، ھەمدە داخېيەنزىدە تۇرۇشلۇق 21 - تۈەن-
گە تېلېگرامما بېرىپ ، بىر يىلىك ئەسكەرنى تەلكە ئېغىزىغا ئەۋەتىپ ئۇرۇمچى-
دىن غۇلجىغا بارىدىغان تاشيول قاتنىشىنى ئىمكانىقەدەر ساقلاپ قېلىش
توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىش . ( 2 ) ئىلى ۋىلايىتى بويىچە ھەربىي ھالەت
يۈرگۈزۈشنى جاكارلاش ، ئالاھىدە دىپلوماتىيە خادىملىرى مەھكىمىسى ئار-
قىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىغا نوتا تاپ-
شۇرۇپ ، ئۇلارغا كۆتۈلمىگەن ئەھۋال يۈز بېرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈ-
چۈن ، غۇلجا ئەتراپىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇھاجىرلىرىنى ئومۇمىي
ئۇقتۇرۇش چىقىرىش ئارقىلىق كونسۇلخانىغا يىغىش توغرىسىدا تەكلىپ بې-
رىش . ( 3 ) دۆربىلجىندىن بىر پىيادە ئەسكەرلەر يىگىنى شىخوغا يۆت-

كەش ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە قوبۇقسا ردا تۇرۇشلۇق ئاتلىق ئەسكەرلەر تۇە-
نىنى دۆربىلىجىنغا يۆتكەش .

11 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 12 - كۈنىگىچە 10 - كۈنى تاڭ سەھەردە
ئىلقا پارتىزانلىرى شەھەر ئىچىدىكى ھەربىي قوماندانلىق شتابى بىلەن
بىرلىكتە غۇلجا شەھىرىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا ئومۇمىي ھۇجۇم قوز-
غىدى . پارتىزانلار ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ ، گومىنداڭ ھەربىي قوماندانلىق
شتابى ، ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى ۋە سانائەت شىركىتىگە نۇقتىلىق
ھۇجۇم قىلدى . سېپىت باشلىغان پارتىزانلار ئامىنىڭ ماسلىشىشى ئارقى-
سىدا ئىككى سائەت كەسكىن جەڭ قىلىپ ، گومىنداڭنىڭ ھەربىي قوماندا ن-
لىق شتابىنى ئالدى . سېيىت ئېغىر يارىلانغانلىقتىن ، پارتىزانلار ماناپقان
قاتارلىقلارنىڭ باشچىلىقىدا يەنە 12 - كۈنىگىچە كەسكىن جەڭ قىلىپ ،
غۇلجا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ، ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى ۋە ۋالىي مەھكى-
مىسىنى ئىشغال قىلدى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، غېنى باشلىغان يەنە
بىر يولدىكى پارتىزانلار ئامىنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا كەسكىن جەڭ
قىلىپ 21 - كۈنى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى ۋە سانائەت شىركىتىنى
ئالدى ، گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ بىر يىلدا ئەسكىرىنى يوقاتتى . ئىككىنچى
ئىسكىلاتنى ساقلاۋاتقان گومىنداڭ ئارمىيىسىدىكى ئاز سانلىق مىللەتتىن
بولغان 400 نەچچە ئەسكەر قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ھەقىقەتكە قايتتى . شۇنىڭ
بىلەن غۇلجىنىڭ بارلىق شەھەر رايونىنى پارتىزانلار ئىگىلىدى .

ساۋرىلىك قالدۇق قىسىملار ، ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ ئائىلە - تا-
ۋابىئاتلىرى ، ئىلقا ناھىيىسىدىن قايتۇرۇپ كېلىنگەن ياردەمچى قىسىملار ،
شۇنىڭدەك جايلاردىن قېچىپ كەلگەن ئەمەلدارلار ، خەنزۇ ئاممىسى بولۇپ
8000 دىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ شەھەر ئەتراپىدىكى ئايرودروم ۋە ھە-
رەمباغ ، لەڭشاڭ بۇتخانىسى جايلاشقان ئىككى ئېگىزلىككە چېكىنىپ ، قات-

تىق مۇداپىئە كۆرۈپ ياردەم كۆتۈپ ياتتى. پەقەت گاۋۋپىلا ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىگە قاماپ قويۇلغان بىر قىسىم ھەر مىللەت ئاممىسى بۇي-رۇق چۈشۈرۈپ ئاتقۇزۇۋەتكەندىن كېيىن، ئاز ساندىكى ئادىمىنى باشلاپ ئىلى دەرياسىدىن ئۆتۈپ چاپچال ناھىيىسىگە قېچىپ كەتتى.

11 - ئاينىڭ باشلىرى  ئابدۇرېھىم، باۋۇدۇن قاتارلىق كىشىلەر سۇي-دۇڭ ناھىيىسىنىڭ لەڭگەر ئەتراپىدا مەخپىي پائالىيەت ئېلىپ باردى. ھەم-دە لوسىگۇڭ پارتىزانلىرى بىلەن ئالاقىلەشتى. غۇلجا تەرەپ دەررۇ مۇخ-پۇل تۆرە باشچىلىقىدىكى 20 نەپەر ئادەمنى بۇ يەرگە ئەۋەتىپ، سۇيدۇڭ پارتىزانلار ئەترىتىنى قۇردى.

11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى  ۋۇجۇڭشىن، جۇشاۋلياڭ بىلەن بىرلىكتە جياڭ جيېشىغا تېلېگراممىا يوللىدى. تېلېگراممىدا: ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئۇ-زۇل - كېسىل تەڭشەشنىڭ ئامالىنى قىلمىساق، ئىلى ۋەقەسىدەك ۋەقەلەر كەينى - كەينىدىن چىقىپ تۇرىدۇ - دە، شىنجاڭنىڭ كەلگۈسى ۋەزىيىتى كۈندىن - كۈنگە ئوساللىشىپ كېتىدۇ، دېيىلدى. ئۇلار مەركىزىي ھۆكۈمەت-نىڭ ئىككى دۆلەت چېگرىسىنىڭ بۇرۇنقىدەك مۇقىم بولۇشى توغرىسىدا سو-ۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە دەپ قويۇشنى ۋاشىنگتون تەرەپكە ھاۋالە قىلىش-نى تەكلىپ قىلدى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسى بىلەن ھەقىقىي يوسۇندا كېڭىشىشكە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئادەتتە يېقىن بولۇپ كېلىۋاتقان خادىملارنى تېزرەك شىنجاڭغا ئەۋەتىشنى ئۆتۈندى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەربىي، ئىقتىساد جەھەتلەردىن شىن-جاڭنىڭ كۈچىنى تولۇقلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى  «غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتى» ئۇ ق ق

(ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز) كۆلۈبىدا يىغىن ئېچىپ «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»[1] ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» دېيىلدى) قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى، دۆلەت بايرىقىنىڭ تېگى يېشىل، ئوتتۇرىسى سېرىق ھىلال ئاي ۋە يۇلتۇزلۇق بولىدىغانلىقىنى بېكىتتى. يىغىندا ئېلىخان تۆرە، ھاكىمبەگ خوجا، ئابدۇرۇپ مەخسۇم[2]، رەھىمجان سابىرھاجى، مۇھەممەتجان مەخسۇم، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، خەبىپ يونىچ[3]، ئەنۋەر مۇسابايوپ[4]، پاۋىل پاپۇلوۋىچ موسكالىيوپ[5]، ئوبۇلخەيرى

---

① شەرقىي تۈركىستان: 19 ـ ئەسىردە جاھانگىرلار ئوتتۇرا ئاسىياغا مۇستەملىكىچىلىك، تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىنى يۈرگۈزگەندە، ئاتالغۇ ۋە جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم جەھەتتىن زەرەپشان دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى جايلارنى، يەنى ئاساسلىقى شىنجاڭ رايونىنى «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتىغان. كېيىن چەت ئەل تاجاۋۇزچى كۈچلىرى بىلەن شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئىزچىل تۈردە بۇ ئاتالغۇدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭدا جۇڭگونىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارغان.

② ئابدۇرۇپ مەخسۇم (1914—): شىنجاڭ غۇلجىدىن، ئۇيغۇر، ئىلىدىكى ئاتاغلىق دىنىي زات ئىبراھىمنىڭ ئوغلى. دىن ۋە سودىگەرچىلىكنى كەسىپ قىلغان، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئەزاسى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1963 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەن، ھازىر ئالما ـ ئاتادا.

③ خەبىپ يونىچ (1906—1945): شىنجاڭ غۇلجىدىن، تاتار، زىيالىي. شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئورگان گېزىتخانىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1945 ـ يىل 3 ـ ئايدا كېسەل سەۋەبى بىلەن غۇلجىدا ۋاپات بولغان.

④ ئەنۋەر مۇسابايوپ (1917—): شىنجاڭ غۇلجىدىن، ئۇيغۇر. شىنجاڭدىكى باي سودىگەر مۇسابايوپ جەمەتىدىن. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى بولغان. 1955 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ كەتكەن. ھازىر تاشكەنتتە.

⑤ پاۋىل پاپولوۋىچ موسكالىيوپ: سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەلىكىدىكى مۇھاجىر، رۇس. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ كەتكەن.

تۆرە، پۆجە[1]، جانى يولداش[2]، سالىجانباي باباجان، ئابدۇلموتەللى خەلپەت[3]، پېتىر رومانوۋىچ ئالېكساندۇروپ، غېنى قاتارلىق 16 كىشىدىن تەركىب تاپقان «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى. ئېلىخان تۆرە رەئىسلىككە، ھاكىمبەگ خوجا مۇئاۋىن رەئىسلىككە، ئابدۇروپ مەخسۇم باش كاتىپلىققا كۆرسىتىلدى. يىغىندا «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» قارمىقىدىكى ئاپپاراتلارنى قۇرۇش، «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ئورگان گېزىتىنى چىقىرىشقا تۇتۇش قىلىش، ھەربىي قوماندانلىق شتابىنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» پارتىزانلىرى باش قوماندانلىق شتابى قىلىپ ئۆزگەرتىش، ئالېكساندۇروپ باش قوماندانلىقنى ئۈستىگە ئېلىپ، جايلاردا ئۇرۇش قىلىۋاتقان بارلىق قوراللىق كۈچلەرگە بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىش قارار قىلىندى.

شۇ كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى 1 - نومۇرلۇق قارار ماقۇللىدى. قارارنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى مۇنداق: (1) سابىق جۇڭگو ھۆكۈ-

---

① پۆجە (1911—1949): شىنجاڭ ئىلىدا ناھىيىسىدىن، موڭغۇل. يۇقىرى قاتلام دىنىي زات. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى، ئارىشاڭ ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى، ئىلى ۋىلايەتلىك موڭغۇل مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1949 - يىلى غۇلجىدا ۋاپات بولغان.

② جانى يولداش (1908—1971): روسىيىدىكى يەركەنتتە تۇغۇلغان، ئۇيغۇر. 1921 - يىلى غۇلجىغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى، رېفورمىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1971 - يىل 12 - ئايدا كېسەل سەۋەبى بىلەن غۇلجىدا ۋاپات بولغان.

③ ئابدۇلموتەللى خەلپەت (1869—1960): شىنجاڭ قورغاس ناھىيىسىدىن، ئۇيغۇر، دىنىي زات، ئەينى چاغدا شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدە تەسىرى ناھايىتى زور، كورنى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە دىنىي نازارەتنىڭ نازىرى بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى، شىنجاڭ ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1960 - يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن غۇلجىدا ۋاپات بولغان.

مىتىنىڭ ماددىي ـ ئەشيا ، مال ـ مۈلۈكلىرىنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» نىڭ تەستىقىسىز ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلماسلىق. ( 2 ) جايلاردىكى پارتىزانلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت»نىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈپ ، باش قوماندانلىق شتابىنىڭ مەسئۇللىقىدا تارقىتىش. ( 3 ) خەبىب يونىچ مائارىپ نازارىتى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈشكە مەسئۇل بولۇش. ( 4 ) ئەنۋەر مۇسابايوپ مالىيە نازارىتى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈشكە مەسئۇل بولۇش. ( 5 ) ئوبۇلخەيرى تۆرە چارۋىچىلىق ئىدارىسى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈشكە مەسئۇل بولۇش. ( 6 ) سالىجانباي باباجان دېھقانچىلىق ـ ئورمانچىلىق ـ چارۋىچىلىق ـ سۇچىلىق ئىدارىسى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈشكە مەسئۇل بولۇش. ( 7 ) ئابدۇلموتەلى خەلپەت دىنىي ساھەدىكى مۆتىۋەر زاتلاردىن تەركىب تاپقان دىنىي نازارەت قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈشكە مەسئۇل بولۇش. ( 8 ) مۇھەممەتجان مەخسۇم ئالىي سوت مەھكىمىسى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈشكە مەسئۇل بولۇش. ( 9 ) نەقلىيات بېجى ، ئۆي ـ ئىمارەت بېجى ، سودا بېجى ، دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى بېجىنى يېڭى چارە بويىچە ئېلىش. باشقىلاردىن ئېلىنىدىغان باجنى ۋاقتىنچە سابىق جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ باج ئېلىش چارىسى بويىچە ئېلىپ تۇرۇش. ( 10 ) سابىق جۇڭگو ھۆكۈمىتى مۇسادىرە قىلغان خۇسۇسىي ئۆي ـ ھۈيلىلار ۋە سودىگەرلەرنىڭ ماللىرىنى ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىش.

11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 15 ـ كۈنىگىچە 12 ـ كۈنى لوسىگوۋ پارتىزانلىرىنىڭ ئاتىي ئىۋانوۋىچ لىسكىن باشلىغان بىر قوراللىق ئەترىتى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ يېڭى ئەرتەي ، تەلكە داۋىنى ، كەڭساي تاغ ئېغىزى قاتارلىق جايلارنى ئىگىلىدى. گومىنداڭنىڭ قوشۇنلىرى 13 ـ كۈنى كەڭساي تاغ ئېغىزىنى قايتۇرۇۋالدى. 14 ـ كۈنى يەنە تەلكە داۋىنىنى قايتۇرۇۋالدى. لىسكىن قىسمى يېڭى ئەرتەيگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. 15 ـ كۈنى ، گومىنداڭ قوشۇنلىرى يېڭى ئەرتەيگە ھۇجۇم قىلىپ ، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى ، بىر بىرونېۋىكنى پاچاقلاپ تاشلىنىپ ، كەڭساي تاغ ئېغىزىغا

چېكىندى.

11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ۋۇجۇڭشىن گاۋبويۇنى ئالتاينىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى، ئۇنىڭغا ئۆلكىلىك ساقچى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ساۋ تيەنجۇ بىلەن ئالتايغا بېرىپ، ئالتاي پارتىزانلىرىنى «دالالەت» قىلىشقا بۇيرۇق قىلدى.

شۇ كۈنى ساۋرىلىك جۇشاۋلياڭغا تېلېگراممىا يوللاپ، غۇلجا شەھەر رايونىنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى، قىسىملارنىڭ چېكىنىپ غۇلجا شەھىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى ھەرەمباغ، لەڭشاڭ بۇتخانىسى، ئايرودرومنى ساقلاۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلدى. دەرھال ھاۋا ئارقىلىق ئاشلىق، ئوق - دورا، تېببىي دورا يەتكۈزۈپ بېرىشنى ھەمدە ئەمەلدار ۋە ياردەمچى قىسىم ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى.

11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت»تەلئەتمۇسابايوپ①، گۇاڭ لۇ، ليۇبىڭيىلارنى گومىنداڭنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي خادىملىرىنى تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلىشقا ئۈچۈن توققۇزتارانا ھىيسسگەئەۋەتتى.

شۇ كۈنى جياڭ جيېشى ۋۇجۇڭشىنغا تېلېگراممىا ئەۋەتىپ ليۇزېرۇڭنى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئالاھىدە دىپلوماتىيە خادىمى قىلىپ تەيىنلەشكە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شۇ كۈنى گومىنداڭ 29 - جىتۈەنجۈننىڭ باش قوماندانى، قوشۇمچە يېڭى 2 - جۈننىڭ جۈنجاڭى لى تيېجۈن قومۇلدىن ئايروپىلان بىلەن

---

① تەلئەت مۇسابايوپ (1918—) : شىنجاڭ غۇلجىدىن، ئۇيغۇر، شىنجاڭدىكى باي سودىگەر مۇسابايوپ جەمەتىنىڭ ئوغلى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن تۈركىيىگە كۆچۈپ كەتكەن.

ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ، ئىلىدىكى «توپىلاڭچىلارنى تازىلاش» ئىشىغا
رىياسەتچىلىك قىلماقچى بولدى.

**شۇ كۈنى** جۇشاۋلياڭ ئۈرۈمچىدە جىددىي ھەربىي ئىشلار يىغىنى ئې-
چىپ، بەش يولغا بۆلۈنۈپ غۇلجىغا ياردەم بېرىپ، غۇلجا شەھىرىنىڭ
شىمالىي تەرىپىدىكى ئۈچ تايانچ بازىغا بېكىنىۋالغان گومىنداڭ قوشۇنلى-
رىنىڭ غۇلجىنى قايتۇرۇۋېلىشىغا ماسلىشىشنى قارار قىلدى، ئۇنىڭ پىلا-
نى مۇنداق ئىدى: بىرىنچى يول: يېڭى 45 - شىدىكى تۇەنجاڭ خۇۋېنسى
قىسمىنى باشلاپ ئۈرۈمچى - ئىلى تاشيولىنى بويلاپ، كەڭساي تاغ ئېغى-
زىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ سۇيدۇڭگە كىرىپ، سۇي-
دۇڭدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە غۇلجىغا ھۇجۇم قىلىش.
ئىككىنچى يول: كۇچەيتىلگەن ئاتلىق ئەسكەرلەر يېڭى ئاچال داۋىنىدا مۇ-
داپىئەدە تۇرۇۋاتقان قىسىملار بىلەن بىرلىكتە غۇلجىغا شىمال تەرەپتىن ھۇ-
جۇم قىلىش. ئۈچىنچى يول: كۇچەيتىلگەن ئىككى ئاتلىق ئەسكەرلەر لىيەنى
قارا شەھەردىن يولغا چىقىپ، نارات داۋىنى① دىن ئۆتۈپ، غەربىي جە-
نۇبقا يۈرۈش قىلىپ، توققۇزتارا ئارقىلىق غۇلجىغا ھۇجۇم قىلىش. تۆتىن-
چى يول: كۇچەيتىلگەن بىر ئاتلىق ئەسكەرلەر يېڭى ئاقسۇدىن يولغا چى-
قىپ مۇزات داۋىنىدىن ئۆتۈپ موڭغۇلكۈرەگە كىرىپ، جەنۇب تەرەپتىن غۇل-
جىغا ھۇجۇم قىلىش. بەشىنچى يول: كۇچەيتىلگەن بىر يىلك ئارىشاڭدىن
يولغا چىقىپ ئاقسۇ داۋىنىدىن ئېشىپ داشىگۇغا بېرىپ، قورغاس ناھىيە
بازىرى (ھازىرقى يېزا ئىگىلىك 62 - تۇەنىنىڭ شتابى) دا تۇرۇۋاتقان گو-
مىنداڭ قىسىملىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، غەربىي شىمال تەرەپتىن غۇلجىغا ھۇ-
جۇم قىلىش.

**11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى** جۇ شاۋلياڭ زاپاس 7 - شىنىڭ شىجاڭى

---

① نارات داۋىنى: تەڭرى تېغىنىڭ ئېغىزى، شىنجاڭنىڭ كۈنەس ناھىيىسىدە، ئىلىدىن جە-
نۇبىي شىنجاڭدىكى قارا شەھەرگە بارىدىغان مۇھىم يول.

لى يۇشياڭغا زاپاس 7 - شى شتابى بىلەن بىۋاستە قاراشلىق ئەترەتنى ھەمدە يېڭى 45 - شى 3 - تۇەنى ( بىر يىڭ كەم )نى باشلاپ، جەڭ ماشىنىلىرى كالونى ۋە ئۇدۇل ئېتىلىدىغان ئىككى زەمبىرەك بىلەن ئۈرۈمچىدىن ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ ئاۋال جىڭغا بېرىپ، ئاندىن ئىككى ئەترەتكە بۆلۈنۈپ پىيادە داخىيەنزە، ئاچالدىن ئۆتۈپ غۇلجىغا ياردەم بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئىسھاقبېك مونونوپ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقلىق ئوفىتسېر ئالېكساندىر ( تەخەللۇسى ئىسكەندەر )، ئىۋان ياكوۋلېۋىچ پالىنوپ ① قاتارلىقلار تاتار، قىرغىز، قازاقلارنى ئاساس قىلغان بىر يىڭ ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن غۇلجىغا كېلىپ، ھەرەمباغقا قورشاپ ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشتى.

شۇ كۈنى 8 - ئۇرۇش رايونى قوماندانلىق شتابى ئۆز قارمىقىدىكى ھاۋا ئارمىيىسى باش پونكىتىغا جىڭدا ئايرودروم ياساپ، قۇرۇقلۇقتىكى قىسىملارنىڭ ئىلىغا ياردەم بېرىپ ئۇرۇش قىلىش ھەرىكىتىگە ماسلىشىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

11 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە 16 - كۈنى، گومىنداڭنىڭ موڭغۇلكۈرەدىكى ھەربىي - مەمۇرىي خادىملىرى ناھىيە بازىرىنى تاشلاپ

---

① ئىۋان ياكوۋلېۋىچ پالىنوپ: رۇس، چار روسىيە ئارمىيىسىنىڭ ئوفىتسېرى. روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى مەزگىلىدە شىنجاڭغا كەلگەن. 1938 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلگەن. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، بۇيرۇققا بىنائەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىلىغا كەلگەن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ھەرەمباغ، شىخو ئۇرۇشلىرىغا قوماندانلىق قىلغان. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1946 - يىلى 6 - ئايدا بۇيرۇق بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتقان. 60 - يىللاردا كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان.

جەنۇبقا قاچتى ، سابىق ئويرات موڭغۇل گازارمىسىنىڭ باش غوجدارى ئوشۇر بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ ، بىر تەرەپتىن ، ئالاقە باغلاش ئۇچۇن غۇلجىغا ئادەم ئەۋەتتى ، يەنە بىر تەرەپتىن ، نەچچە يۈز كىشىلىك قۇراللىق كۈچ تەشكىللىدى ، 18 - كۈنى شوتا ئەتراپىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ زەربە بېرىپ ، موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى قاتارلىق كىشىلەرنى ئېتىپ ئۆلتۈردى ، 10 نەچچە كىشى قېچىپ كەتكەندىن باشقا ، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى تەسلىم بولدى . ئىستىخبىلىك ھالدا تەشكىللەنگەن بۇ قوراللىق كۈچ غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ، موڭغۇلكۈرە پارتىزانلار ئەترىتى بولۇپ قۇرۇلدى ، ئۇلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ مۇزات داۋىنىدا تۇرۇشلۇق ئىككى يىلىك ئەسكىرىنىڭ ئۇچ قېتىم موڭغۇلكۈرەگە قىلغان ھۇجۇمىنى تارمار قىلىپ ، گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىن موڭغۇلكۈرە ئارقىلىق غۇلجىغا ياردەم بېرىدىغان يولىنى ئۈزۈپ تاشلىدى .

11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى « ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت » نىڭ ئورگان گېزىتى « ئازاد شەرقىي تۈركىستان » گېزىتى ئىدارىسى قۇرۇلدى . خەبەر يونىچ گېزىتخانىغا باشلىق بولدى . شۇ كۈنى مەزكۇر گېزىتنىڭ ئۇيغۇرچە ، قازاقچە ، رۇسچە ، خەنزۇچە (خەنزۇچە گېزىتنىڭ نامى « ئەركىن شەرقىي تۈركىستان گېزىتى » دەپ ئاتالدى ) تۆت خىل نەشرى غۇلجىدا رەسمىي نەشر قىلىندى .

شۇ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت 71 - سانلىق ھەيئەت ئەزالار يىغىنى ئۆتكۈزۈپ ، جايلاردا پارتلىغان قوراللىق كۆرەشلەرگە ھەربىي - سىياسىي جەھەتتىن تەڭ قول سېلىش فاڭجېنىنى قوللىنىشنى ، قوراللىق باستۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، « جارچى - سىلاۋچىلىق ھەيئىتى » قۇرۇپ ، شەرقىي يول ، غەربىي يول ، ئىلى ، تارباغاتاي ، ئالتاي ، قارا شەھەردىن ئىبارەت ئالتە چوڭ ئەترەت تەشكىللەپ ، ئۇلارنىجايلارغابېرىپ « جارچى-

سىلاۋچىلىق» پائالىيىتى ئېلىپ بېرىشقا سېلىشنى قارار قىلدى. ئەينى ۋا-
قىتتا ئىلى ۋىلايىتىنىڭ كۆپ قىسمى ئازاد بولغانىدى، ئىلى ۋىلايەتلىك
جارچى - سىلاۋچىلىق ئەترىتى پەقەت جىڭ، بورتالا، ئارىشاڭ ئەتراپى-
دىلا ھەرىكەت قىلالىدى.

11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» نىڭ مائارىپ نازارى-
تى قۇرۇلدى، خەبىپ يونىچ نازىرلىققا، سەيپىدىن ئەزىزى ① مۇئاۋىن نا-
زىرلىققا تەيىنلەندى.

11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ئېلان چىقىرىپ مۇن-
داق دەپ كۆرسەتتى: «جەمئىيەتتە بۇلاڭچىلىق، ئوغرىلىق، ئالدامچىلىق،
پىتنە - ئىغۋا تارقىتىش قاتارلىق ئەھۋاللار يۈز بېرىپ تۇرۇۋاتقانلىقتىن،
ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ھەر مىللەت مەشھۇر زاتلىرىدىن تەركىب تاپقان پەۋقۇل-
ئاددە ھەربىي سوت قۇرۇشنى، ئۇنى خەلقنىڭ نورمال تۇرمۇشىغا خەۋپ
يەتكۈزگەن بارلىق دېلولارنى تەكشۈرۈپ بىر ياقلىق قىلىشقا ۋە يامان ئا-
دەملەرنى جازالاشقا مەسئۇل قىلىشنى قارار قىلدى».

شۇ كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» پارتىزانلار باش قوماندانلىق شى-

---

① سەيپىدىن ئەزىزى (1915—): شىنجاڭ ئاتۇشتىن، ئۇيغۇر. سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇ-
غان، ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن، چۆچەكتە گېزىت چىقارغان، 1943 - يىلى يازدا ئىلىغا كەلگەن.
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن
نازىرى، نازىرى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە مائارىپ نازارىتى-
نىڭ نازىرى، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي تەشكىلىي كو-
مىتېتىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىلگىرى - كېيىن
بولۇپ شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق
خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى،
مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان.

تابى ئېردەنگە ① پارتىزانلار ئەترىتىنى باشلاپ غۇلجىدىن يولغا چىقىپ، چىڭسىخوزا ئارقىلىق بورتالا ناھىيىسىگە بېرىپ، گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تەشۋىقات پائالىيىتى ئېلىپ بېرىش ھەمدە شۇ يەردىكى خەلقنى پارتىزانلار ئەترىتىگە قوبۇل قىلىپ، پارتىزانلار قوشۇنىنى كېڭەيتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى فاتىخ مۇسلىموپ ئەۋەتكەن مەنسۇر لومىيوپ ② بىلەن كەرىم ھاجى ③ سۈيدۈڭ، چىڭسىخوزا، لوسگۇڭ، مۇشۇ تەيزە قاتارلىق جايلاردىكى خۇيزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان كەنتلەردە تەشۋىقات، سەپەرۋەرلىك ئېلىپ بېرىپ، تېزلىكتە 50 نەچچە كىشىلىك خۇيزۇ پارتىزانلار ئەترىتىنى تەشكىللىدى.

شۇ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» پارتىزانلار باش قو-

---

① ئېردەنى: (1920—): شىنجاڭ بورتالادىن، موڭغۇل. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتىلىغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىدە يىگەنجاڭ، تۈەنجاڭ قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان ھەمدە بورتالا ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا قويۇلغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، قارا شەھەرنىڭ ۋالىيسى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1961 - يىلى 5 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ كەتكەن.

② مەنسۇر لومىيوپ: (1912 -): شىنجاڭ قورغاس ناھىيىسىدىن، خۇيزۇ. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتىلىغاندىن كېيىن، خۇيزۇ پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ مەسئۇلى بولغان. مىللىي ئارمىيىدە يىگەنجاڭ، تۈەنجاڭ قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك سودا بانكىسى ئىلى شۆبىسىنىڭ باشلىقى بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان. ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تارىخىي ماتېرىياللار سارىيىنىڭ مەسئۇل باشقۇرغۇچىسى.

③ كەرىم ھاجى (1885—1955): روسىيىدىكى يەركەنتتە تۇغۇلغان، خۇيزۇ. روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى غۇلجىغا كۆچۈپ كېلىپ، سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتىلىغاندىن كېيىن، خۇيزۇ ئاتلىق تۈەنىنىڭ تۈەنجاڭى، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1955 - يىلى 10 - ئايدا غۇلجىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان.

ماندانلىق شتابى لوسگۇگدا شۆبە قوماندانلىق شتابى قۇرۇش ھەمدە
غۇلجىدىن بىر پارتىزانلار چوڭ ئەترىتىنى ئەۋەتىپ ، لوسگۇڭ پارتىزانلىرى
ئەترىتى ، سۇيدۇڭ پارتىزانلىرى ئەترىتى ، خۇيىزۇ پارتىزانلىرى ئەترىتى
بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ، 4 چوڭ ئەترەت قىلىپ تەشكىللەش ، ھەر بىر چوڭ
ئەترەتتە 400چە ئادەم بولۇشنى قارار قىلدى. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى قور-
غاس ناھىيە بازىرى ، سۇيدۇڭ ناھىيە بازىرى ، كۇرە بازىرى قاتارلىق
جايلارنى ساقلاپ ياتقان گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى پارچىلاپ يوقىتىش
ئىدى .

شۇ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» غۇلجا ناھىيىسىدە ھا-
كىمىيەت قۇرۇپ ، ھاكىم مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ ، تىيىپ ئاخۇننى ھاكىم-
لىققا تەيىنلەشنى قارار قىلدى .

شۇ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى موڭغۇلكۈرەنى پارتىزانلار تىزگىنلىگەنلىك
خەۋىرى تېكەسكە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ، شۇ جايدىكى چارۋىچىلار ئارقا-
ئارقىدىن ئۆزلۈكىدىن ئاۋاز قوشتى ، گومىنداڭنىڭ تېكەس ناھىيىسىدىكى
ھاكىمى ساۋياڭسۇ ھەربىي ، مەمۇرىي خادىملىرىنى باشلاپ تېكەس ناھىيە
بازىرىنى تاشلاپ توققۇزتاراغا ناھىيىسىگە قېچىپ كەتتى .

شۇ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» گومىنداڭنىڭ سومۇل
ناھىيىسىدىكى ھەربىي ، مەمۇرىي كۈچلىرىنىڭ چاپچال ناھىيە بازىرى ( بۈ-
گۈنكى ئايشىن سىرى بازىرى )نى يەنىلا بېسىپ ياتقانلىقىنى كۆزدە تۇ-
تۇپ ، دەرھال ئالتە سومۇلدا چاپچال ناھىيىلىك ھاكىم مەھكىمىسى قۇر-
غانلىقىنى جاكارلاپ چاڭ دېشەننى ھاكىملىققا تەيىنلىدى .

شۇ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» نىلقا ناھىيىسىدە ھاكى-
مىيەت قۇرۇپ ، ھاكىم مەھكىمىسى تەسىس قىلىشنى قارار قىلىپ ، فاتىخ

مۇسۇلمونى ھاكىملىققا تەيىنلىدى.

**11 - ئاينىڭ 19 - ، 20 - كۈنلىرى** 19 - كۈنى موگۇتونوپ لوسگۇگدىكى 400 پارتىزاننى باشلاپ قورغاس ناھىيە بازىرىنى مۇھاسىرىگە ئالدى. 20 - كۈنى تاڭ سەھەردە ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، 4 سائەت كەسكىن جەڭ قىلىپ، 300 كىشىلىك دۈشمەن قوشۇنىنى يوقاتتى. پارتىزانلار ناھىيە بازىرىنى ئالغاندىن كېيىن، 3 يولغا بۆلۈندى. بىر يولدىكى پارتىزانلار كەنسايدىكى پارتىزانلارغا ياردەم بېرىشكە، بىر يولدىكى پارتىزانلار غۇلجىغا بېرىپ ئايرودرومغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىش جېڭىگە قاتنىششقا، يەنە بىر يولدىكى پارتىزانلار موگۇتونوپنىڭ باشچىلىقىدا سۈيدۈڭ ناھىيە بازىرىغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىش جېڭىگە قاتنىششقا ئاتلاندى.

**11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى** «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» تېكەس ناھىيىسىدە ھاكىمىيەت قۇرۇپ، ھاكىم مەھكىمىسى تەسىس قىلىشنى قارار قىلىپ، توق خۇجىنى ھاكىملىققا تەيىنلىدى.

**شۇ كۈنى** جۇڭشاۋلياڭ يېڭى 45 - شىنىڭ شىجاڭى شى يىخۇڭغا تۇرپان ناھىيىسى (بۈگۈنكى تۇرپان شەھىرى)دە تۇرۇشلۇق 2 تۇەننى باشلاپ جىڭخا ئورۇنلىشىپ، غۇلجىغا ياردەم بېرىشكە تەييار تۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى.

**شۇ كۈنى** جۇڭشاۋلياڭ پارتىزانلارنىڭ قورغاس ناھىيە بازىرىنى ئالغانلىقى ۋە غۇلجا ئايرودرومغا كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ غۇلجىنى ساقلاپ ياتقان قوشۇنلىرىغا بولغان قوماندانلىقنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، دۇبىڭيۈنى يەنە غۇلجىغا ئەۋەتىشنى قارار قىلدى. جۇڭشاۋلياڭ ئۇنىڭغا مۇھاسىرە ئـ

چىدە قالغان ھەربىي قىسىملارنى قايتىدىن تەشكىللەپ ، ئايرودروم ، لەڭ-
شاڭ بۆتخانىسى ، ھەرەمباغنى قەتئىي ساقلاش ، يادەمچى قىسىم يېتىپ
كەلگەندىن كېيىن ، كۆچىنى بىرلەشتۈرۈپ غۇلجا شەھەر رايونىنى قايتۇرۇ-
ۋېلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى ھەمدە ھاۋادىن ھەربىي ئەشيالارنى داۋام-
لىق تاشلاپ بېرىشكە ۋەدە قىلدى. دۈدېفۇ شۇ كۈنى ئايروپىلان بىلەن ،
تەرەپ - تەرەپتىن مۇھاسىرىگە ئېلىنغان غۇلجا ئايرودرومغا يېتىپ كەلدى.

11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى دۈدېفۇ ئايرودرومدا ھەربىي ئىشلار يىغىنى-
نى چاقىرىپ ، دۈدېفۇ قۇماندان ، ساۋرىلىڭ مۇئاۋىن قوماندان بولغان
بىرلەشمە قوماندانلىق شتابى تەشكىللەش ، لىچى بىر يىلىڭ ئەسكەرنى
باشلاپ غۇلجا ئايرودرومنى قاتتىق ساقلاش ؛ پېڭ جۇنيى ئۈچ يىلىڭ ئەس-
كەرنى باشلاپ ھەرەمباغنى قەتئىي ساقلاش ، جياڭ شۆەنچۈەن بىر يىلىڭ ۋە
بىر لیەن ئەسكەرنى باشلاپ لەڭشاڭ بۆتخانىسىنى قەتئىي ساقلاشنى قارار
قىلدى.

11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئېلىخان تۆرە سوۋېت ئىتتىپاقى قازاقىستان
ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىگە خەت يېزىپ قورال - ياراق ، ئوق -
دورا ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى. خەتتە «〈ۋاقىتلىق ھۆ-
كۈمەت〉 ئۇنى خەلق ئىگە قىلغان مال - مۈلۈك ۋە چارۋا ماللار بىلەن تې-
گىشدۇ» دېيىلگەن.

11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى جياڭ جيېشى ۋۇجۇڭشىن ، جۇشاۋلياڭغا
خەت يېزىپ ، ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا تۆۋەندىكىچە يوليورۇق
بەردى: (1) غۇلجا ئەتراپىدىكى ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ پائال ھۇجۇم-
غا ئۆتۈپ ، غۇلجا قاتارلىق جايلارنى قايتۇرۇۋېلىش ، ئۇنىڭغا ئىلاج بول-
مىسا ، ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇش قىلىش تەدبىرىنى تۈزۈپ ، غۇلجىدا
كۈچنىڭ بېرىچە تىركىشىپ تۇرۇش ، مۇبادا مەلۇم بىرەر دۆلەت ئوتتۇرىغا

چىقىپ ئارىلاشىشمۇ ئۈنىڭدىن ئەنسىرەش ھاجەتسىز. (2) غۇلجىغا ئەۋەتىلگەن قىسىملاردىن باشقا ئەسكىرىي كۈچلەر ئىلگىرى بېكىتىلگەن لايىھە بويىچە ئۈرۈمچىدىن يۈمبىنىڭ شەرقىگە بارىدىغان چوڭ يولنىڭ مۇداپىئەسىنى چىڭىتىش ھەمدە جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى مۇھىم جايلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، «باندىتلار»نىڭ باشقا جايلارغا يامراپ كېتىشىدىن ساقلىنىش. (3) روسىيە بىلەن بولغان دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى شۇ جاينىڭ ئۆزىدە ئېلىپ بېرىش، ئەگەر ئاز - تولا ئۈمىد بولسىلا، ئىقتىسادىي ھەمكارلىق جەھەتتە مۇمكىن قەدەر ئۇلارغا يول قويۇپ، دۆلەتنىڭ زېمىن پۈتۈنلىكى ۋە ئىگىلىك ھوقوقىنى قوغداش. (4) بارلىق سىياسىي ۋە ھەربىي ۋاستىلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىنى ئامال قىلىپ تۇتۇپ تۇرۇش. ئۈرۈمچىنىڭ ئەتراپىدا ئىستىھكام قۇرۇش، بولۇپمۇ ئىلگىرىكى ئايروپىلان رېمونت قىلىش زاۋۇتى ۋە ھەر قايسى ئايرودروملاردا دەرھال مۇداپىئە كۆرۈشكە تۇتۇش قىلىش.

**11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى** تەلئەت مۇسابايوپ، گۇۋاڭلۇ، ليۇبىڭيى، گومىنداڭنىڭ تۇتقۇزتارا ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى شىجۇن ۋە تۇتقۇزتاراغا قېچىپ كەلگەن تېكەس ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ساۋياڭسۇ تۇتقۇزتارا، تېكەس ناھىيىلىرىنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي خادىملىرىنى باشلاپ، ناھىيە بازىرىنى تاشلاپ شەرققە قاراپ قاچتى.

**11 - ئاينىڭ 27 - كۈنى** «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىدە ھاكىمىيەت قۇرۇپ، ھاكىم مەھكىمىسى تەسىس قىلىشنى قارار قىلىپ، سەيدۇللا مەخسۇمنى ھاكىملىققا تەيىنلىدى.

**11- ئاينىڭ ئاخىرلىرى** «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋىلادىمىر كوزلوپ باشچىلىقىدىكى ۋە ۋىلادىمىر ستېفانوۋىچ باشچىلىقىدىكى ئىككى مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى (شەرتلىك بەلگىسى 1 - نومۇرلۇق ئۆي

ۋە 2 ـ نومۇرلۇق ئۆي )نى غۇلجىغا كېلىشكە تەكلىپ قىلدى .

شۇ ئاينىڭ ئاخىرلىرى   گاۋ ۋېي بىلەن چاپچال ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى
دۇڭ جيەنچيۇ گومىنداڭنىڭ چاپچال ناھىيىسىدىكى ھەربىي ، مەمۇرىي خا-
دىملىرىنى باشلاپ ، ناھىيە بازىرىنى تاشلاپ ، ئىلى دەرياسىدىن ئۆتۈپ
سۇيدۇڭ ناھىيىسىنىڭ كۇرە بازىرىغا قېچىپ بېرىۋالدى .

شۇ ئاينىڭ ئاخىرلىرى   « ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت » كۇنەس ناھىيىسىدە ھا-
كىمىيەت قۇرۇپ ، ھاكىم مەھكىمىسى تەسىس قىلىشنى قارار قىلىپ ، جايلى-
رىكنى ھاكىملىقتا تەيىنلىدى .

شۇ ئاينىڭ ئاخىرلىرى   جۇ شاۋلياڭ خەلق رايىنى مۇقىملاشتۇرۇپ ،
خەتەرلىك ۋەزىيەتتىن قۇتۇلۇش ، ئۇرۇمچىنى قوغداشقا كاپالەتلىك قىلىش
مەقسىتىدە 29 ـ جىتۈەنجۈننىڭ ئەسكەرلىرىنى پۈتۈنلەي غەربكە يۆتكەشكە
بۇيرۇق چۈشۈردى ، كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇش مۇنداق ئىدى : ( 1 ) يېڭى
2 ـ جۈن شتابىنى ئۈرۈمچىدىن غەربتىكى شىخوغا يۆتكەش ، 29 ـ جىتۈەن-
جۈننىڭ باش شتابىنى قۇمۇلدىن غەربتىكى ئۈرۈمچىگە يۆتكەش ، 42 ـ
جۈن شتابىنى جيۇ چۈەندىن غەربتىكى قۇمۇلغا يۆتكەش . ( 2 ) ۋۇۋېيدا
تۇرۇشلۇق ۋاقىتلىق 56 ـ شىنىڭ 2 تۈەن ئەسكىرىنى شىنجاڭغا كىرىپ ئۈ-
رۈمچىگە ياردەم بېرىشكە بۇيرۇش .

11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى   لى يۈشياڭ ئۆز قىسىملىرىنى باشلاپ جىڭغا
كېلىپ ، كەڭسايدىن ئىلى دەريا ۋادىسىغا يۈرۈش قىلىپ ، غۇلجىغا ياردەم
بېرىدىغان ھەربىي ئورۇش پىلانىنى تۈزدى .

ئىلىنىڭ ۋالىيسى زوشۇپىڭمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە جىڭغا كېلىپ ، ئۇ
يەردە ئىلى ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسىنى قۇرۇپ ، « جارچى ـ سىلاۋچى-
لىق » خىزمىتى ئېلىپ باردى .

11 - ئاينىڭ ئاخىرى    ئايرودرومنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ تۇرغان پارتىـ
زانلار ئايرودرومنىڭ سىمسىز تېلېگرامما ئىستانسىسىنى ئىگىلىدى ھەمدە مىـ
ناميوت بىلەن ئايرودرومنى توپقا تۇتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن گومىنداڭـ
نىڭ ھەربىي ئايروپىلانلىرى قونالمايدىغان، ئۇچالمايدىغان بولدى. بۇـ
نىڭ بىلەن ھاۋا ئارقىلىق ماددىي ئەشيا توشۇشنى ھاۋا ئارقىلىق ماددىي
ئەشيا تاشلاشقا ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولدى. لېكىن، پارتىزانلار مۇھاـ
سىرە چەمبىرىكىنى بارغانسېرى تارايتىپ، ھاۋا بوشلۇقىنى ئوت كۈچى بىـ
لەن قاتتىق قامال قىلغانلىقتىن، ھاۋادىن تاشلانغان ماددىي ئەشيالارنىڭ
%80—%90تى پارتىزانلارنىڭ قولىغا چۈشتى.

11 - ئاي    «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ئىچكى ئىشلار نازارىتى قۇرۇلدى،
ئابدۇكېرىم ئابباسوپ نازىر بولدى.

شۇ ئاي    «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» قورغاس ناھىيىسىدە ھاكىمىيەت قۇـ
رۇپ ھاكىم مەھكىمىسى تەسىس قىلىشنى قارار قىلىپ، مۇھەممەت ھاجىنى
ھاكىملىققا تەيىنلىدى.

12 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە    1 - كۈنى، لى يۈشياڭ ھۇـ
جۇم بىلەن كەڭسايىنى ئىشغال قىلىپ، ئۈرۈمچى - ئىلى تاشيولىنى ئېچىپ
غۇلجىغا ياردەم بېرىش ئۇرۇش پىلانىنى يولغا قويۇشقا باشلىدى. سايـ
رامدىن ئەۋەتىلگەن قىسىملار يېڭى ئەرتەيگە ھۇجۇم قىلىشتا ئوڭۇشسىزلىققا
ئۇچرىدى. 3 - كۈنى لى يۈشياڭ زاپاس 7 - شىنىڭ مۇئاۋىن شىجاڭى خۇـ
شىڭياڭ، يېڭى 45 - شى 3 - تۇەنىنىڭ تۇەنجاڭى خۇۋېنىسىنى كەڭساي تاغ
ئېغىزىدا ئالدىنقى سەپ قۇماندانلىق ئورنى قۇرۇشقا ئەۋەتتى. 4 - كۈنى
لى يۈشياڭ ئۆزى كەڭساي تاغ ئېغىزىغا بېرىپ ئۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلدى.
6 - كۈنى يېڭى ئەرتەيگە قىلىنغان قايتا ھۇجۇمدا، ئىككى تەرەپ 4 كۈن

كەسكىن جەڭ قىلدى، پارتىزانلار قەيسەرلىك بىلەن توساپ زەربە بەردى. 9 - كۈنى پىدائىيلار ئەترىتى 2 ئايروپىلاننىڭ ھىمايىسىدە يېڭى ئەرتەيگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ نەتىجە قازىنالمىدى. شۇ چاغدا قاتتىق شۇۋرغان چىقىپ، تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 30 گرادۇس ئەتراپىدا تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىسىملار ناھايىتى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، كەڭساي تاغ ئېغىزىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. 15 - كۈنى زاپاس 7 - شىنىڭ ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئورنى داخېيەنزىگە چېكىندى. بۇنىڭ بىلەن يېرىم ئاي داۋاملاشقان كەڭسايىنى ئىشغال قىلىپ، ئۈرۈمچى - ئىلى تاشيولىنى ئېچىپ غۇلجىغا ياردەم بېرىش ئۇرۇش پىلانى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشتى.

**12 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە** 3 - كۈنى موگۇتنوپ پارتىزانلار چوڭ ئەترىتى بىلەن مەنسۇر لومىيوپ پارتىزانلار چوڭ ئەترىتى سۇيدۇڭ ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى، گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ جاھىللىق بىلەن تاقابىل تۇرۇشىغا ئۇچراپ ئۇزاققىچە ھۇجۇم قىلىپ ئالالمىدى. 25 - كۈنى تەكلىپكە بىنائەن كەلگەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىرساپيورلار قىسمىنىڭ ھەمكارلىشىشى ئارقىسىدا پارتىزانلار پارتلاتقۇچ دورا بىلەن سېپىل تېمىنى پارتلىتىپ سۇيدۇڭ ناھىيە بازىرىنى پۈتۈنلەي ئىشغال قىلىپ، دۈشمەن قوشۇنىنىڭ 2 لىيەن ئەسكىرىنى يوقىتىپ، ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىملارنى ئەسىرگە ئالدى. ناھىيە بازىرىدىكى خەنزۇ ئاممىسىدىن ناھايىتى كۆپ ئادەم ئۆلدى ۋە يارىلاندى.

پارتىزانلار سۇيدۇڭ ناھىيە بازىرىنى ھۇجۇم قىلىپ ئالغاندىن كېيىن، دەرھال 2 يولغا بۆلۈندى، بىر يولدىكى پارتىزانلار كەڭسايدىكى مۇداپىئەنى كۈچەيتىشكە ئاتلاندى، يەنە بىر يولدىكى پارتىزانلار كۈرە بازىرىغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىش جېڭىگە قاتناشتى.

**12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى** «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش

چىقىرىپ مۇنۇلارنى ئېلان قىلدى: خەلقنىڭ قولىدىكى شىنجاڭ ئۆلكە پۇلى ۋە گومىنداڭنىڭ قەغەز پۇلىنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» تامامەن ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە قوغدايدۇ، بۇ پۇللارنىڭ قىممىتى ئۆزگەرمەيدۇ، ئەگەر پۇلنىڭ كۇرسىنى چۈشۈرۈپ، مال باھاسىنى ئۆرلەتكۈچىلەر بولىدىكەن، خەلقنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتىگە زىيان سالغۇچىلار قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

12 - **ئاينىڭ باشلىرى** ئابلىمىت ھاجىيوپ تارباغاتاي «ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەش» تەشكىلاتىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرىنى باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىغا كىرىپ، ئابدۇللا رامازانوپنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا، قارا باستاۋدا قوماندانلىق شتابى قۇرۇپ، تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى يەر ئاستى پائالىيەتلىرىگە رەھبەرلىك قىلدى.

**شۇ ئاينىڭ باشلىرى** خوتۇنسۇمبۇل ناھىيىسىنىڭ (بۈگۈنكى خېجىڭ ناھىيىسى) بايىنبۇلاق يايلىقىدىكى موڭغۇل چاڭ زىدې نىلقا ناھىيىسىگە بېرىپ فاتىخ مۇسلىموپقا ئۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى دوكلات قىلىپ، بىر تۈركۈم قورال - ياراغ، ئوق - دورىلارنى ئېلىپ قايتىپ، بايىنبۇلاق پارتىزانلار ئەترىتىنى قۇرۇپ، گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ قارا شەھەردىن ئىلىغا ياردەم بېرىش يولىنى ئۈزۈپ تاشلىدى.

12 - **ئاينىڭ 7 - كۈنى** «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ئالىي سوت مەھكىمىسى قۇرۇلدى، مۇھەممەتجان مەخسۇم سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

12 - **ئاينىڭ 12 - كۈنى** دۇدېفۇ تېلېگرامما ئارقىلىق جۇڭشاۋلىياڭغا مۇنۇلارنى دوكلات قىلدى: خېلى كۈنلەردىن بۇيان پارتىزانلار مىناميوت ۋە ئېغىر - يېنىك پىلىموتلار بىلەن ھەرەمباغ، ئايرودروم، لەڭشاڭ بۇتخانىسىدىكى تايانچ بازىلىرىمىزغا توختىماي شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ، كۈنىگە ئېتىلغان زەمبىرەك ئوقى 1000 پايدىن ئاشىدۇ، ئىستىھكام ۋە ئۆي -

ئىمارەتلەر ئاساسي جەھەتتىن ۋەيران بولدى ، بۇ يەرنى قوغدىغۇچى قو-
شۇنلار ئوق - دورا ۋە ئاشلىق تۈگىگەنلىكتىن ، ئات - ئۇلاقلارنى سويۇپ
يەپ جان بېقىشقا باشلىدى .

12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى دەللىقان سۇگۇر بايوپ ئالتاي پارتىزانلى-
رى ۋە ھەر مىللەت ئاممىسى قاتناشقان چوڭ يىغىندا گومىنداڭ ئەكسىيەت-
چىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئىلى ۋىلايىتىدە قوزغالغان قوراللىق كۆرەش-
نىڭ غەلىبىگە ئېرىشكەنلىك خەۋىرىنى يەتكۈزدى .

12 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە 18 - كۈنى ئېردەنى پارتى-
زانلار ئەترىتى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» پارتىزانلار باش قوماندانلىق شتا-
بى ئەۋەتكەن ئابدۇللا ، غېنى باشلاپ كەلگەن قوراللىق كۈچ بىلەن بىرلى-
شىپ ، ئارشاڭ ناھىيە بازىرىنى مۇھاسىرىگە ئالدى . بازاردىكى ئاز سان-
لىق مىللەت ئاممىسىنىڭ ماسلىششى ئارقىسىدا ، ئىككى كۈن كەسكىن جەڭ
قىلىش ئارقىلىق ، 20 - كۈنى ئارشاڭ ناھىيە بازىرىنى ئىشغال قىلدى ،
پۈچە ئارشاڭ ناھىيىسىنىڭ ۋاقىتلىق مەسئۇللىقىغا تەيىنلەندى . بۇ قېتىمقى
جەڭدە گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ 70 نەچچە ئادىمى يوقىتىلدى ، ئارشاڭ نا-
ھىيىسىنىڭ ھاكىمى ۋاڭ بىگشياڭ ئەسىرگە ئېلىندى .

12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى لىيۇزېروڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئايروپىلان
بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ ، مىللىي ھۆكۈمەت دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىنىڭ شىن-
جاڭ ئۆلكىسىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە دىپلوماتىيە خادىمى بولدى .

12 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە 26 - كۈنى لى يۈشياڭ
ئۈرۈش قىلىش پىلانىنى جۇشاۋلياڭ تۈزگەن ئىلىغا ياردەم بېرىش يېڭى
لايىھىسىگە ئاساسەن ئۆزگەرتتى ، ئىلىغا ياردەم بېرىش ئۇرۇشىدىكى مۇھىم
نۇقتىنى جىڭ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى جىڭ ئاچىلىدا بۆسۈش ھاسىل قى-
لىپ ، ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا كىرىشكە قاراتتى . 28 - كۈنى قوشۇمچەك-

كه جىلغ ئاچىلى ۋە داخىيەنزىدىن قىستاپ ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىلگەن ئۈچ لىيەن ئەسكەر بەش كۈن كەسكىن جەڭ قىلىش ئارقىلىق، قوشۇمچەكنى ئىشغال قىلدى. چېكىنىپ جىلغ ئاچىلىنىڭ شىمالىدىكى داۋاننى ساقلاۋات- قان پارتىزانلارنىڭ قەيسەرلىك بىلەن توسۇپ زەربە بېرىشى ئارقىسىدا، گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ ئىلگىرىلەپ يارداەم بېرىش سۈرئىتى زور دەرىجىدە ئارقى- غا سۈرۈلدى.

12 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 31 - كۈنىگىچە «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» پارتىزانلار باش قوماندانلىق شتابى ئىسھاقبېك مونونوپنى سۇيدۇڭ ناھە- يە بازىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا قاتناشقان بىر قىسىم پارتىزانلارنى باشلاپ، بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت مۇھاسىرە ئىچىدە تۇرۇپ قالغان كۈرەڭگە بىۋاسى- تە بۆسۈپ كىرىشكە بۇيرىدى. 29 - كۈنى ئىسھاقبېك مونونوپ كۈرە بازى- رىنى ساقلاپ ياتقان دۈشمەن قوشۇنىغا تەسلىم بولۇش بۇيرۇقى بەردى. كۈرە بازىرىنى ساقلاپ ياتقان دۈشمەن قوشۇنلىرىدا ئاشلىق، ئوق - دو- را كەمچىل بولغانلىقى، ئەسكەرلەر جەڭگىۋارلىقىنى يوقاتقانلىقى ئۈچۈن، ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى گاۋۋېي، مەجرۇھ ھەربىي- لەر ساناتورىيىسىنىڭ باشلىقى گويىڭكۇي، كۈرە سودا جەمئىيىتىنىڭ باشلى- قى گاۋشىنۋۇلار ساقلاپ ياتقان قوشۇننىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە بازار سىرتىغا چىقىپ پارتىزانلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ئىككى تەرەپ مەسلىھەتلى- شىش ئارقىلىق مۇنداق كېلىشتى: (1) قوراللىق توقۇنۇشنى داۋاملاش- تۇرماسلىق. (2) قوراللارنى يوشۇرۇش، بۇزۇۋېتىش، كېرەكتىن چىقىرى- ۋېتىشكە يول قويماسلىق. قوراللارنى يىغىپ پارتىزانلار ئەترىتىگە تاپشۇ- رۇش. (3) ھەر ئىككى تەرەپ ۋەدىسىدە تۇرۇپ، پۇقرالارنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش. (4) چېن زىليائڭ باشچىلىقىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ جىسمانىي بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قى- لىش، ئۇلارنى قولغا ئالماسلىق، سوراققا تارتماسلىق. (5) گومىنداڭ ئوفىتسېرلىرى ۋە ئەسكەرلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇسى ۋە تەلىپى بويىچە ئو- رۇنلاشتۇرۇش. (6) يۇقىرىقى ماددىلارغا خىلاپلىق قىلىپ جاھىللىق بىلەن

قارشىلىق كۆرسەتكەن ئۇنسۇرلارنى قاتتىق جازالاش. سۆھبەت ۋەكىللىرى
بازار ئىچىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئامانلىقنى ساقلاش 4 - ئاتلىق
تۈەنىنىڭ تۈەنجاڭى چېن زىلياڭ ۋە بىر لىيەن ئەسكەر تەسلىم بولۇشنى رەت
قىلدى. 13 - كۈنى پارتىزانلار شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغاپ، ئامانلىقنى
ساقلاش 4 - ئاتلىق تۈەنگە بىۋاستە قاراشلىق ئەترەت، ئىككى ئاتلىق
ئەسكەرلەر لىيەندىن ۋە ساقچىلاردىن بولۇپ بىر قانچە يۈز ئادەمنى يو-
قاتتى، گاۋۋېي، چېن زىلياڭ ئۆلتۈرۈلدى. كۆرە بازىرى ھۇجۇم بىلەن ئې-
لىندى. چاپچال ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى دۇڭ جيەنچيۇ قاتارلىق كىشىلەر چاپ-
چال ناھىيىسى ئىچىگە قاراپ قېچىپ كېتىۋاتقاندا، «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت»
ئەۋەتكەن پارتىزانلار تەرىپىدىن پۈتۈنلەي ئەسىرگە ئېلىندى.

12 - **ئاينىڭ** 28 - **كۈنى** لى يۈشياڭ خۇشىگياڭنى بورتالا، ئارىشاڭ
تەرەپتىكى ئۇرۇش ئىشلىرىغا بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىشقا ئەۋەتتى،
خۇشىگياڭ 30 - كۈنى بورتالاغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، شۇ جايدىكى
ئەسكىرىي كۈچ بىلەن بورتالا ناھىيە بازىرى رايونىدىكى مۇھىم نۇقتىلارنى
تۇتۇپ تۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر يىلىك ئەسكەر بىلەن بورتالا-
نى ساقلاش، بىر يىلىك ئەسكەر بىلەن ئارىشاڭغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن لى
يۈشياڭدىن ئىككى يىلىك ئەسكەر كۆپەيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

12 - **ئاينىڭ** 31 - **كۈنى** ئەتىگەن سائەت 8 دە، جۇشاۋلياڭ ئايرو-
پىلان بىلەن ئۈرۈمچىدىن غۇلجىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىغا كېلىپ، سىمسىز تېلې-
فون ئارقىلىق، جياڭ جيېشىگە ۋەكالىتەن دۇدېفۇ ۋە بارلىق ئوفىتسېر، ئەس-
كەرلەرنى رىغبەتلەندۈردى ھەم ھاۋادىن ئوق - دورا، ئوزۇق - تۈلۈك قا-
تارلىق يۈز نەچچە بولاق نەرسە تاشلاپ بەردى. دۇدېفۇ «چېكىنىش ھەققى-
دە بۇيرۇق بولمىسىلا ھەرگىزمۇ چېكىنمەيدىغان» لىقىنى بىلدۈردى. پارتى-
زانلارنىڭ شىددەتلىك توپقا تۇتۇشى بىلەن، ئايروپىلان زەخىملەندى.
جۇشاۋلياڭ رەسۋا بولۇپ ئۈرۈمچىگە قاراپ تىكىۋەتتى.

**شۇ كۈنى** ۋۇجۇڭشىن ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش ئالدىدا تۇرغان تارباغا-تاي ۋالىيسى پىڭ رۇڭنى قوبۇل قىلدى ھەمدە ئۇنى ئۆز قولى بىلەن يازغان تۆت پارچە خەتنى ئالغاچ كېتىپ تارباغاتايدا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ مەسئۇلىغا بېرىشنى بۇيرىدى، ئۇلاردىن تەييارلىقنى كۈچەيتىپ، تارباغاتاي ۋىلايىتىنى ساقلاپ قېلىشقا كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

12 - **ئاي** ئېلىخان تۆرە ئاممىۋى يىغىلىشلاردا كۆپ قېتىم جۇڭگونىڭ بىرلىكىگە بۆلگۈنچىلىك سالىدىغان، خەنزۇلارغا قارشى تۇرىدىغان، خەنزۇلارنى چەتكە قاقىدىغان مەزمۇنلاردا نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇ «شىنجاڭ جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى» دېگەن قاراشنى «سەپسەتە» دەپ ئەيىبلەپ، «شەرقىي تۈركىستان بىزنىڭ ۋەتىنىمىز» دەيدىغان بۆلگۈنچىلىك سۆزلىرىنى تارقاتتى.

**شۇ ئاي** پارتىزانلار غۇلجا شەھەر رايونى قاتارلىق جايلارنى ھۇجۇم بىلەن ئېلىشنىڭ ئالدى - كەينىدە پانئىسلامىزمچى، پانتۈركىزمچى ۋە مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ قۇتراتقۇلۇق قىلىشى ئارقىسىدا، بەزى جايلاردا ئۇرۇشتا قولغا چۈشكەن ئەسىرلەرنى ۋە خەنزۇ پۇقرالارنى ئۆلتۈرۈش، خەنزۇ ئائىللىرىنى ھاقارەتلەش، خەنزۇ پۇقرالارنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلاش ۋەقەلىرى ئۈزلۈكسىز يۈز بەردى. «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ خادىملىرىغا بۇ خىل ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى تېزدىن توسۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى ھەمدە غۇلجا، قورغاس، چىڭسىخوزا، لوسىگۇڭ قاتارلىق جايلاردىكى خەنزۇ پۇقرالارغا ئىچكى ئىشلار نازارىتى نامىدىن قوغدىنىش ئىسپاتى تارقىتىپ بەردى. ئۇ يەنە خەنزۇ پۇقرالارنى ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ قوغداپ قالدى ھەمدە بەزى خەنزۇ پۇقرالارنى ئىسمىنى ئاتاپ قويۇپ بەرگۈزدى. بەزى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىمۇ ئۆزلۈكىدىن ئوتتۇرىغا چىقىپ خەنزۇ پۇقرالارنى قوغدىدى.

شۇ ئاي    «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» تەشۋىقات بۆلۈمى قۇرۇلدى، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ بۆلۈم باشلىقى بولدى.

شۇ ئاي    «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» مائارىپ نازارىتىگە ئۇيغۇر، ئۆزبېك، خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى ① ۋە ئۇلارنىڭ مۇلكىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش، ھەر قايسى ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىلىرى مەسئۇل بولۇپ، ناھىيە دەرىجىلىك ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مۇلكىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

شۇ ئاي    ئالىي مەھكىمە شەرئىيە غۇلجىدا قۇرۇلدى، زىيرىپ قارى ھاجى② ئۇنىڭ باشلىقى بولدى ھەمدە ھەر قايسى ناھىيىلەردە مەھكىمە شەرئىيىلەر ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلدى.

شۇ ئاي    «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدىن بىر تۈركۈم مۇتەخەسسىسلەرنى ھەر قايسى نازارەت (ئىدارە) لەردە مەسلىھەتچى بولۇشقا تەكلىپ قىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە مۇھىم

---

① مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى: بۇلار شىنجاڭدا 1935 - يىلى قۇرۇلغان يەرلىك ئاممىۋى تەشكىلاتلاردۇر. ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، قىرغىز، خۇيزۇ، موڭغۇل، شىبە، سولۇن (داغۇر)، مانجۇ، ئۆزبېك، گۇيخۇا (رۇس)، تاتار دىن ئىبارەت توققۇز مىللەتنىڭ توققۇز مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى بار ئىدى، باش ئۇيۇشما ئۈرۈمچىدە قۇرۇلغان، ئۇنىڭ قارمىقىدا ۋىلايەت دەرىجىلىك ۋە ناھىيە دەرىجىلىك شۆبە ئۇيۇشمىلار تەسىس قىلىنغان.

② زىيرىپ قارى ھاجى: (1871 - 1958): روسىيە تاشكەنتتە تۇغۇلغان، ئۆزبېك. يۇقىرى قاتلام دىنىي زات. 1933 - يىل 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قەشقەردە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ئەدلىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى بولغان. 1941 - يىل 3 - ئايدا ئىلىغا كەلگەن. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى مەھكىمە شەرئىيىسىنىڭ باشلىقى بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى، شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 1958 - يىلى غۇلجىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان.

«ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» نىڭ مەسلىھەتچىسى، گىلىبىنكىن مالىيە نازارىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى، ئىبلى ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى، سۇلايمان روزىيوپ ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى، ئابلايوپ (كېيىن خەلىم خۇدا بەردى، مايسىيوپ) مائارىپ نازارىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى، دېبىر داموللا دىنىي ئىشلار نازارىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى، ئۆمەر دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق - چارۋىچىلىق - سۇچىلىق ئىدارىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولدى.

## 1945 - يىلى (1 - ئايدىن 9 - ئايغىچە)

**1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى** «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» سەھىيە نازارىتى قۇرۇلدى، قاسىمجان قەمبىرى نازىر بولدى.

**شۇ كۈنى** «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» پەۋقۇلئاددە ھەربىي سوتى كۆرە ئېلىنغاندىن كېيىن، نۇرغۇن بىگۇناھ خەنزۇ ئاممىسىنى ئۆلتۈرگەن لاپۇساڭغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلدى.

**1 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 5 - كۈنىگىچە** 2 - كۈنى گومىنداڭنىڭ مۇھىم ئەمەلدارلىرىدىن بولغان شاۋلىزى بىلەن سۇن كې بىرلىشىپ ۋۇجۇڭشىن ۋە جۇشاۋلياڭغا تېلېگرامما يوللاپ، شىنجاڭ يەرلىك دائىرىلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يارىشىش تەدبىرى سۈپىتىدە ئالدى بىلەن جۇڭگو - سوۋېت مەدەنىيەت جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. 5 - كۈنى بۇ جەمئىيەت ئۈرۈمچىدە ئۆز پائالىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

**1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى** «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتىنىڭ 4 - سانلىق يىغىنىدا ھۆكۈمەت خىتاپنامىسى ماقۇللاندى: (1) «شەرقىي تۈركىستان» زېمىنىدا جۇڭگونىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى تۈپ يىلتىزىدىن ئۈزۈل - كېسىل قومۇرۇپ تاشلاش. (2) «شەرقىي تۈركىستان» تەۋەسىدىكى ھەرمىللەت خەلقى باپباراۋەر بولۇش ئاساسىدا ھەقىقىي ئەركىن، مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش؛ (3) «شەرقىي تۈركىستان» نى ئىقتىسادىي جەھەتتە ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن سانائەت، دېھقانچىلىق،

چارۋىچىلىق ۋە خۇسۇسىي سودىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش؛ (4) «شەرقىي تۈركىستان» خەلقىنىڭ زور كۆپچىلىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولغانلىقتىن، بۇ دىنىنى ئالاھىدە تەشەببۇس قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا باشقا دىنلارغىمۇ ئەركىنلىك بېرىش ۋە ئۇلارنى قوغداش؛ (5) مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە ساقلىقنى ساقلاش، سەھىيە ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش؛ (6) پۈتۈن دۇنيادىكى ھەر قايسى دېموكراتىك ئەللەر، بولۇپمۇ «شەرقىي تۈركىستان»نىڭ قوشنىسى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جۇڭگو بىلەن بولغان سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئالاقىنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش؛ (7) «شەرقىي تۈركىستان»نىڭ تىنچلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، ھەر مىللەت خەلقىدىن ئەسكەر ئېلىپ قۇدرەتلىك ھەربىي قوشۇن تەشكىللەش؛ (8) بانكا، پوچتا، تېلېفون، تېلېگراف، ئورمان ھەمدە بارلىق يەر ئاستى بايلىقلىرى دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدا بولۇش؛ (9) دۆلەت خادىملىرى ئارىسىدا، شەخسىيەتچىلىك، بيۇروكراتلىق، مىللەتچىلىك ۋە خىيانەت قىلىپ چىرىكلىشىشتەك ناچار ئىستىللارنى تۈگىتىش.

يۇقىرىقى خىتابنامە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇشتەك ئىلغار مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، شۇنداقلا ئۇنىڭدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە خىلاپ بولغان «مۇستەقىللىق»، «بۆلۈنۈش»نى تەرغىب قىلىدىغان ئېغىر خاتالىقلارمۇ بار.

شۇ كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودىنى يولغا قويۇپ، چارۋا ۋە باشقا ماددىي ئەشيالارنى ئېكسپورت قىلىش، ئىچكى - تاشقى سودىدىن باج ئېلىش لازىملىقىنى، باج ئېلىش چارىسى، دائىرىسى ۋە باج سوممىسىنى مالىيە نازارىتى مەسئۇل بولۇپ بېكىتىشنى قارار قىلدى.

شۇ كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» مالىيە نازارىتى رەسمىي ئىش بېجىرىشكە كىرىشتى. ئەنۋەر مۇسابايوپ نازىرلىققا، فاتىخ ئاللايار ① بىلەن ئوسمان كېبىروپ ② مۇئاۋىن نازىرلىققا تەيىنلەندى. مالىيە نازارىتى قارمىقىدا ئىشخانا، مالىيە - پۇل مۇئامىلە ئىدارىسى (دۆلەت بانكىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ھەربىي لاۋازىمات ئارقا سەپ تەمىنات ئىدارىسى، باج ئىدارىسى، دۆلەت مال - مۈلكى، ماددىي ئەشياسىنى سىتاتىستىكا قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى، دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق - چارۋىچىلىق - سۇچىلىق ئىدارىسى، سودا - سانائەت ئىدارىسى، پوچتا - تېلېگراف - خەۋەرلىشىش، قاتناش ئىدارىسى قاتارلىق ئاپپاراتلار تەسىس قىلىندى.

شۇ كۈنى ۋۇجۇڭشىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ 77 - سانلىق يىغىنىنى چاقىرىپ، ئەلەن ۋاڭنى ئالتاينىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا، مۇقاشنى سارسۇمبە ناھىيىسىنىڭ مۇۋەققەت ھاكىملىقىغا، قادىشانى چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ مۇۋەققەت ھاكىملىقىغا، كۆكنەي تەيجىنى جىمنەي ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىملىقىغا، بەدەي ماقاشباي تەيجىنى قابا ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىملىقىغا تەيىنلەپ، ئالتايدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ قوراللىق كۈرىشىنى پارچىلىماقچى بولدى.

---

① فاتىخ ئاللا يار (1884 — 1966): شىنجاڭ غۇلجىدىن، تاتار. چوڭ سودىگەر. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ شىنجاڭ ئۆلكىلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىگە تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1966 - يىل 5 - ئايدا غۇلجىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان.

② ئوسمان كېبىروپ (1899 — 1954): روسىيە ياركەنتتە تۇغۇلغان، ئۇيغۇر. كىچىك چېغىدا ئاتا - ئانىسى بىلەن غۇلجىغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. سودىگەر. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى بولغان. 1954 - يىل 4 - ئايدا غۇلجىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان.

1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» مالىيە نازارىتى مۇنۇرلارنى قارار قىلدى: (1) باش باج ئىدارىسى 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئىش بېجىرىشنى باشلاش، ھەر قايسى ناھىيىلىك باج ئىدارىلىرىنى ئىمكانقەدەر تېزرەك قۇرۇش، مۇۋاپىق ئورۇندا رايون دەرىجىلىك باج پونكىتى تەسىس قىلىش. (2) يېڭى باج نىزامى تۈزۈپ چىقىلىشتىن ئىلگىرى، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ باج چارىسى بويىچە باج ئېلىش. (3) كۈنلۈك باجنى شۇ كۈنى دۆلەت بانكىسىغا تاپشۇرۇش.

1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى 5 - نومۇرلۇق قارار ماقۇللىدى. قاراردا: «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەربىي ئىشلار نازارىتى قۇرۇش ھەمدە پېتىررومانوۋىچ ئالېكساندىروپنى ھەربىي ئىشلار نازارىتىنى قۇرۇش لايىھەسى ۋە تۆرلۈك ھەربىي ئىشلار تۈزۈمى لايىھەسىنى تۈزۈشكە مەسئۇل قىلىش بەلگىلەندى.

شۇ كۈنى جۇشاۋلياڭ بىلەن ۋۇجۇڭشىن بىرلىكتە جياڭ جيېشىغا تېلېگرامما يوللاپ، «شىنجاڭدىكى ھەربىي ئىشلار جىددىي باسقۇچقا كېلىپ قالدى، ئۇنىڭدا غەلىبە قىلىش ياكى مەغلۇپ بولۇش ئارقا سەپ مۇلازىمىتى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان دىپلوماتىيىگە باغلىق بولۇپ قالدى» دەپ دوكلات قىلدى. جياڭ جيېشى غەربىي شىمال تاشيول ئىدارىسىنىڭ باشلىقى خې جىڭۋۇ، مالىيە مىنىستىرلىكى پۇل مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى دەي مىڭلى، يېڭىدىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلەنگەن لۇيۇۋېن، 8 - ئۇرۇش رايونى ھەربىي پونكىتلىرىنىڭ باش تەپتىشى بەن جىڭ قاتارلىقلارنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى يۈفېيپېڭ باشچىلىقىدا ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش، ھەربىي ماددىي ئەشيالارنى يۆتكەپ بېرىش، ترانسپورت قوراللىرى قاتارلىق ئارقا سەپ مۇلازىمەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن شۇئان شىنجاڭغا ئەۋەتتى.

1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى 1 - قېتىملىق ئىلغا ياردەم بېرىش ئۇرۇشى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، جۇشاۋلياڭ لى تيېجۈننى ئۈرۈمچىدىن جىڭغا، ئىلغا ياردەم بېرىش ئۇرۇشىغا قوماندانلىق قىلىشقا مەسئۇل قىلىپ ئەۋەتتى. لى تيېجۈن شۇ كۈنى جىڭغا يېتىپ بېرىپ، جىڭدا يېڭى 45 - شىنىڭ شىجاڭى شيې يىفېڭ، زاپاس 7 - شىنىڭ شىجاڭى لى يۈشياڭ، يېڭى 45 - شى 3 - تۇەنىنىڭ تۇەنجاڭى خۇۋېنسى، زاپاس 7 - شى 19 - تۇەنىنىڭ مۇئاۋىن تۇەنجاڭى پەن يۈرېن، 29 - ترانسپورت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى زېڭ شىسۇن، ھاۋا ئارمىيىسى ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى شۇ يەنمۇ قاتارلىق كىشىلەردىن تەركىب تاپقان يېڭى 2 - جۈن ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابى قۇردى. ئۇ يەنە ئايروپىلان بىلەن غۇلجا ھاۋا بوشلۇقىغا بېرىپ، جياڭ جيېشىنىڭ «ستالىنگراد روھىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان روھ بىلەن ئاخىرغىچە چىڭ تۇرۇڭلار» دېگەن تېلېگرامما بۇيرۇقىنى ئايرودروم قاتارلىق مۇھىم تايانچ جايلارنى قاتتىق ساقلاۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا يەتكۈزدى.

1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى لى تيېجۈن داخىيەنزىدە جۇشاۋلياڭنىڭ ئىلغا ياردەم بېرىش بويىچە ھەربىي ئۇرۇش قىلىش يېڭى لايىھىسىگە ئاساسەن ئۇرۇش قىلىش بۇيرۇقى چۈشۈردى: (1) 1 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئومۇمىي ھۇجۇمنى باشلاش؛ (2) شيې يىفېڭ داخىيەنزە ئەتراپىغا توپلانغان قىسىملارنى باشلاپ كۆكۈرچىن داۋىنى① ئارقىلىق غۇلجىغا يۈرۈش قىلىش، بىر قىسىم كۈچ بىلەن توغراسۇ داۋىنىغا② ھۇجۇم قىلىش. (3) پەن يۈرېن قوشۇن باشلاپ كۆر ساي ئېغىزى ئارقىلىق غۇلجىغا يۈرۈش قىلىش؛ (4) لى يۈشياڭ جىڭنىڭ غەربىدىكى جايلار ۋە تاشيولنىڭ بىخەتەرلىكىنى

① كۆكۈرچىن داۋىنى: شىنجاڭ غۇلجا ناھىيىسىگە جايلاشقان، ئۇ كۆكۈرچىن تاغ تىزمىسىنىڭ ئېغىزى بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا جىڭ ئارقىلىق ئىلغا بېرىشتىكى مۇھىم يول ئىدى.

② توغرا سۇ داۋىنى: شىنجاڭ غۇلجا ناھىيىسىگە جايلاشقان، ئۇ كۆكۈرچىن تاغ تىزمىسىنىڭ ئېغىزى بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا جىڭ ئارقىلىق ئىلغا بېرىشتىكى مۇھىم يول ئىدى.

قوغداش ، ئارىشاڭ بىلەن بورتالا ناھىيىلىرىدە «توپىلاڭچىلارنى ھۇجۇم قىلىپ يوقىتىش»قا مەسئۇل بولۇش ؛ (5) خۇ ۋېنسى يېڭى ئەرتەيگە يال-غاندىن ھۇجۇم قىلىپ ، پارتىزانلار كۈچىنى ئىسكەنجىگە ئېلىشقا مەسئۇل بولۇش ؛ (6) ئومۇمىي ھۇجۇم مەزگىلىدە ھاۋا ئارمىيىسى ھەر كۈنى ھەر بىر ئايروپىلاننىڭ كۆپ قېتىم ئۇچۇشى ئارقىلىق ، پىيادە قىسىملارغا ماسلى-شىش .

**شۇ كۈنى** ۋۇ جۇڭشىن ئالتاينىڭ ۋالىيسى گاۋ بويۇ قاتارلىقلارنى قوبۇل قىلدى ، گاۋ بويۇدىن تىرىشىپ ئالتاينى تىنچلاندۇرۇشنى ھەمدە ئالتايدا تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ ئوفىتسېرلىرىغا دۆلەت مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەپ ، دۆلەت زېمىننى قوغداش ئۈچۈن تىرىشىش كېرەكلىكىنى ئېيتىشنى تەلەپ قىلدى .

**1 - ئاينىڭ 11 - كۈنى** ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ۋاررىد ۋۇجۇڭشىننى زىيارەت قىلىپ ، ئامېرىكا گېزىتلىرىدە خەۋەر ئېلان قى-لىپ ، پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى قوزغاش ئۈچۈن ، «غۇلجا ۋەقەسى» نىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىنى بىلىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى .

**1 - ئاينىڭ 11 - كۈندىن 16 - كۈنىگىچە** 11 - كۈنى لى يۇشياڭ كۆرساي ئېغىزىدىكى ئەسكىرىي كۈچنى كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، بىر يىلىڭ ئەسكەرنى بورتالاغا كىرىش ھەمدە ئارىشاڭغا قاراپ ئىلگىرىلەپ ھۇ-جۇم قىلىشقا ئەۋەتتى . 12 - ، 16 - كۈنلىرى ئۇلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شاۋ يىڭپەن ، لاۋشاۋفاڭنى ھۇجۇم بىلەن ئالدى ، قارابۇقاغا بارغاندا ئېردەننىڭ پارتىزانلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالدى .

**1 - ئاينىڭ 11 - كۈندىن 19 - كۈنىگىچە** 11 - كۈنى گومىنداڭ قو-شۇنلىرى غۇلجىغا ياردەم بېرىشتىكى يېڭى ھەربىي ئۇرۇش ھەرىكىتى پىلا-نىنى يولغا قويۇشقا باشلىدى . ئالدى بىلەن كەڭساي تاغ ئېغىزى ، ساي-

رام قاتارلىق جايلاردا تۇرۇشلۇق قىسملار توپچى قىسملارنىڭ كېچە -
كۈندۈزلەپ شىددەت بىلەن توپقا تۇتۇپ ماسلىششى ئارقىسىدا ، يېڭى
ئەرتەيگە يالغاندىن ھۇجۇم قىلىپ ، پارتىزانلارنىڭ كۈچىنى ئىسكەنجىگە
ئالدى . پەن يۈرېن قوشۇن باشلاپ كۆرساي ئېغىزىدىن قارالىق داۋاننىـ
ڭ شىمالىغا يۈرۈش قىلىپ ، 12 - كۈنى قارالىق داۋىنىنىڭ شىمالىنى ئالـ
دى ، پارتىزانلار توساپ زەربە بەرگەچكە ، 18 - كۈنى ئاندىن قارالىق
داۋىنىنىڭ جەنۇبىنى ئىشغال قىلالىدى ، 19 - كۈنى مازار جىلغىسىغا كىرـ
دى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، شيې يىفېڭ قوشۇن باشلاپ كۆكۈرچىن
داۋىنىغا يۈرۈش قىلىپ ، 12 - كۈنى بۇ داۋاننى ئالدى ، 16 - كۈنى توغـ
را سۇ داۋىنىنىڭ جەنۇبىي ئېغىزىغا يېتىپ باردى ، 16 - كۈنى شيې يىفېڭ
قىسملىرى غۇلجا ئايرودرومىغا 20 كىلومېتر كېلىدىغان پىلىچى ئەتراپىغا يېـ
تىپ كەلدى .

1 - **ئاينىڭ 12 - كۈنى** «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى 6 - نومۇرلۇق
قارارنى ماقۇللاپ ، ھەربىي ئىشلار نازارىتى قۇرۇشنى تەستىقلىدى ، پېتىر-
رومانوۋىچ ئالېكساندوروپنى نازىرلىققا تەيىنلىدى . يەنە مۇنتىزىم ئارمىيە
قۇرۇپ ، ھەربىي ئۇنىۋان تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ، ھەربىي ئۇنۋاننى ئەسـ
كەر ، ۋېيگۈەن ( تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېر ) ، شياۋگۈەن ( ئوتتۇرا دەرـ
جىلىك ئوفىتسېر ) ، جياڭگۈەن ( يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېر )دىن ئىبارەت
تۆت دەرىجىگە ئايرىش ، پاگون ۋە ھەربىي فورمىنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارـ
مىيىسىنىڭكىگە تەقلىت قىلىپ ئىشلەش ، پاگون جىيەكىدىكى كۆك ، قىزىل ،
ئاق رەڭلەر ئارقىلىق ئاتلىق ئەسكەر ، پىيادە ئەسكەر ، توپچى ئەسكەرلەرـ
نى پەرقلەندۈرۈشنى بەلگىلىدى .

1 - **ئاينىڭ 14 - كۈنى** «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» مالىيە نازارىتى 3 -
نومۇرلۇق بۇيرۇقنى ئېلان قىلىپ ، پوچتا - تېلېگراف ، خەۋەرلىشىش ، قاتـ
ناش ئىدارىسىنىڭ تېزدىن غۇلجا ، سۈيدۈڭ ، قورغاس ، نىلقا ، توققۇزتاـ
را ، تېكەس ، موڭغۇلكۈرە ، كۈنەس ، چاپچال قاتارلىق ناھىيە بازارلىرىـ

ـدا پوچتا مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلىش، غۇلجا بىلەن ھەر قايسى ناھىيەلەر ئوتتۇرىسىدىكى تېلېفون ئارقىلىق خەۋەرلىشىش ئىشلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ھەمدە تېلېگراممىا، ئاددىي خەت، زاكاز خەت، پۇل پېرېۋوت قىلىش، 5 كىلوگرامدىن تۆۋەن خالتىلارنى پوچتا ئارقىلىق ئەۋەتىش قاتارلىق كەسپلەرنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى.

1 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە 14 - كۈنى پارتىزانلار قاتتىق سوغۇققا قارىماي تراكتورنىڭ سىرتىغا پولات قاپقاق ئورنىتىپ، ئىچىگە پىلىموت قويۇپ ھەرەمباغ قاتارلىق ئۈچ بازىغا كېچە - كۈندۈز شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ، گومىنداڭنىڭ ياردەمچى قوشۇنى يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى، بۇ يەردە تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى ئۇزۇل - كېسىل يوقاتماقچى بولدى. 17 - كۈندىن باشلاپ «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، كۆرساي ئېغىزى ۋە پەنجىم قاتارلىق جايلارغا ئەۋەتىپ، پارتىزانلار بىلەن بىرگە شىپ يېقىنىڭ باشلىغان ياردەمچى قوشۇننىڭ ئاساسلىق كۈچىنى پىلىچى جىلغىسىغا قاپسىۋېلىپ، مىناميوت بىلەن شىددەتلىك توپقا تۇتتى. 19 - كۈنى شىپ يېقىنىڭ قوشۇنىدىكى ؟ سكەرلەرنىڭ يېرىمى يارىلانغان ۋە ئۆلگەنلىكتىن، چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. غەربتىن ياردەمگە كېلىۋاتقان پەن يۇرېن قوشۇنى مازار جىلغىسىغا كەلگىچە تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى، پارتىزانلار ئۇلارغا ئىز قوغلاپ زەربە بەردى، ئالدى بىلەن توغراسۇ داۋىنىغىچە، ئاندىن كۆكۈرچىن داۋىنى قاتارلىق جايلارغىچە قوغلاپ باردى. شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ غۇلجىغا ياردەم بېرىشتىكى يېگى ھەربىي ئۇرۇش قىلىش پىلانىي ئۇزۇل - كېسىل بەربات بولدى.

بۇ ئۇرۇشتا گومىنداڭ قوشۇنىدىن ئۆلگەن، يارىلانغانلار 1300 دىن كۆپرەككە، ئەسىر ئېلىنغانلار 160 نەچچىگە يەتتى؛ پارتىزانلار مىناميوتتىن ئۈچنى، ئېغىر - يېنىك پىلىموتتىن 20 نەچچىنى، مىلتىقتىن 700 نەچچىنى غەنىيمەت ئالدى.

1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى 8 - نومۇرلۇق

قارار ماقۇللاپ، مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: (1) مائارىپ نازارىتى قارمىقىدا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى باشقارمىسى تەسىس قىلىپ، چېگرا ئىچىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە ئاسار - ئەتىقىلەرنى قوغداشقا مەسئۇل قىلىش؛ (2) باش دوختۇرخانا، باش دورىخانا ۋە سەھىيە كومىتېتى قۇرۇش.

شۇ كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى توققۇز تارا ناھىيىسىدە ھاكىمىيەت قۇرۇپ، ھاكىم مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، جانبولات سولتې①نى ھاكىملىققا تەيىنلەشنى قارار قىلدى.

1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ۋۇجۇڭشىن جاڭ جىيشىغا مۇنداق تەكلىپ بەردى: «1. مەركەز ئىمكانىيەت يار بەرگەن دائىرىدە شىنجاڭ ئۆلكىسىگە قاتناش، ئاشلىق ۋە ماددىي جەھەتتىن ياردەم بەرسە؛ 2. جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقى دىپلوماتىيىسىنى پائال تەڭشەپ، جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقى ئىقتىسادىي ھەمكارلىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆلارنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى سۈيىقەستىنى توسساق.»

1 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بىر تۈركۈم ھەربىي خادىملارنى ھەربىي ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىپ، قورغاستا ئوفىتسېرلارنى يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئاچتى، ھەر بىر قارارلىق كۇرسنىڭ ۋاقتى 3 ئاي بولدى، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 3 قارار كۇرس ئېچىلدى. كۇرسانتلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ھەر قايسى پارتىزانلار ئەترەتلىرىگە ھەربىي كوماندىر قىلىپ تەيىنلىنىپ، مۇنتىزىم مىللىي

---

① جانبولات سولتې (1887 — 1952): شىنجاڭ توققۇز تارادىن ،قازاق. چوڭ چارۋىدار، يۇقىرى قاتلام مىللىي زات. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن توققۇز تارا ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى بولغان. شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، باندىتلار توپىلىڭىغا قاتناشقانلىقتىن، 1952 - يىلى ئۈنىڭغا خەلق ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن قانۇن بويىچە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن.

ئارمىيە قۇرۇش ۋە قوراللىق كۈرەشنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن تايانچلار ھازىرلاندى.

1 - ئاينىڭ 20 - كۈندىن 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە 20 - كۈندىن باشلاپ پارتىزانلار سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي خادىملىرىنىڭ ياردىمى ئاستىدا ھەرەمباغ، ئايرودروم، لەڭشاڭ بۇتخانىسىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئىستىھكاملىرىنى توپقا تۇتتى. 28 - كۈنى ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم باشلىدى. كەسكىن جەڭ قىلىش ئارقىلىق، شۇ كۈنى چۈش سائەت 3 تە لەڭشاڭ بۇتخانىسىنى ئېلىپ، جياڭ شۈەنچۈەننى ئېتىپ ئۆلتۈردى. يەنە ھەرەمباغ، ئايرودروملارغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ، كېچە سائەت 22 دە ھەرەمباغنى ئالدى. يىڭ جۇنيې قالدۇق قىسىملىرىنى باشلاپ ئايرودرومغا قېچىپ كەتتى. دۇدېفۇ لى تىيجۇنگە تېلېگرامما يوللاپ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىشنى تەستىقلاشنى ئىلتىماس قىلدى. 30 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، لى تىيجۈن جۇ شاۋلياڭنىڭ تەستىقنى ئالغاندىن كېيىن، دۇدېفۇغا قىسمىنى باشلاپ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىش توغرىسىدا تېلېگرامما ئارقىلىق بۇيرۇق بەردى. دۇدېفۇ كېچىدە 1000 دىن كۆپرەك قالدۇق ئەسكەرلىرى ۋە 3000 دىن كۆپرەك خەنزۇ ئاممىسىنى باشلاپ، شۇئىرغان چىقىپ تۇرغان قاتتىق سوغۇققا قارىماي ئايرودرومدىن مۇھاسىرىنى بۆزۈپ جىڭغا قاراپ ماڭدى. 13 - كۈنى چۈشتە پىلچى جىلغىسىغا يېتىپ كەلگەندە، پارتىزانلار تەرىپىدىن مۇھاسىرىگە ئېلىندى، 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە قاتتىق جەڭ بولۇپ، دۇدېفۇ ئۆلۈۋالدى، ساۋرىلىڭ، يىڭ جۇنيې ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى، ھايات قالغانلار پۈتۈنلەي ئەسىرگە ئېلىندى.

ھەرەمباغقا ھۇجۇم قىلىش ۋە مۇداپىئەلىنىش جېڭى 80 نەچچە كۈن توختىماي داۋام قىلدى. پارتىزانلار شۇ جايلارنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ 1600 دىن كۆپرەك ئەسكىرىنى يوقاتتى، 3700 دىن كۆپرەك ئادەم (بۇنىڭ كۆپىنچىسى گومىنداڭ قوشۇندىكىلەرنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى ۋە خەنزۇ ئامما)نى ئەسىرگە ئالدى، مىلتىقتىن 2100 نەچچە-

نى ، مىناميوتتىن 6 نى ، ئېغىر - يېنىك پىلىموتتىن 98 نى ، ئۇچالمايدىغان
ئايروپىلاندىن 54 نى ، ئاپتوموبىلدىن 16 نى ۋە باشقا ھەربىي ماددىي
ئەشيالارنى غەنىيمەت ئالدى ، شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭنىڭ غۇلجىدىكى
ھەربىي ، مەمۇرىي كۈچى پۈتۈنلەي يوقىتىلدى .

1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى  « ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت » مالىيە نازارىتى 5 -
نومۇرلۇق بۇيرۇق ئېلان قىلىپ ، دۆلەتنىڭ مال - مۈلكىنى ، ماددىي ئەشيا-
لىرىنى ستاتىستىكا قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى تەزىملىغان دۆلەتكە
تەئەللۇق چوڭ - كىچىك زاۋۇتلار ، كارخانىلار ، دۇكان - ماگىزىنلارنى
سودا - سانائەت ئىدارىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش ، سودا - سانائەت ئىدا-
رىسى خۇسۇسىيلارنىڭ باشقۇرۇشىغا ئىجارىگە بېرىش ياكى سېتىپ بېرىش-
كە مەسئۇل بولۇشنى بەلگىلىدى .

1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى  « ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت » مالىيە نازارىتى 6 -
نومۇرلۇق بۇيرۇق ئېلان قىلىپ ، مۇنۇلارنى بەلگىلىدى : ( 1 ) مالىيە - پۇل
مۇئامىلىسى ئىدارىسى بارلىق تىرىشچانلىقلار ئارقىلىق پۇلنىڭ ئوبوروت
مىقدارىنى تىزگىنلەپ ، مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش . ( 2 ) دۆلەت بان-
كىسى ۋىلايەتلەرنىڭ مەركىزىي شەھىرىدە ، ناھىيە بازارلىرىدا شۆبە بانكا
تەسىس قىلىپ ، بانكا كەسپىنى رايون دەرىجىلىك جايلارغىچە كېڭەيتىش .
( 3 ) دۆلەت بانكىسى بانكىدىن ئېلىنغان بارلىق قەرزلەرنى قايتۇرۇۋې-
لىش . ئورۇنلار ۋە خۇسۇسىيلارنىڭ بانكا ھېساباتى ئېچىشىغا ، ئۆسۈملۈك
ئامانەت قويۇش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويۇش .

شۇ كۈنى  ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ۋاررېد
« غۇلجا ۋەقەسى » گە دائىر ئەڭ يېڭى ئەھۋاللارنى ئىگىلەش ئۈچۈن ، ۋۇ-
جۇڭشىننى زىيارەت قىلدى .

1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى  « ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت » ھەيئىتى 12 - نومۇر-

لۇق قارار ماقۇللاپ ، ھەربىي ماددىي ئەشيالار بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەت-
لىك قىلىش ئۈچۈن ، خۇسۇسىيلارنىڭ قولىدىكى ئاپتوموبىل ، ماي ،قورال-
سايمان ، ماتېرىياللارنى ئېلىپ ئىشلىتىش ، ئېلىنغان ماددىي ئەشيالارنى
مۇۋاپىق باھاغا سۈندۈرۈش ، ماددىي نەرسىلەرنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇن-
غانلارنى ھەربىي قانۇن بويىچە جازالاشنى قارار قىلدى .

شۇ كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى دۆلەت رېۋىزيە كومىتېتى
قۇرۇش ، جانىي يولداشنى مۇدىرلىققا ، ۋاققاس ھاجى مىرشانوپ①نى
مۇئاۋىن مۇدىرلىققا تەيىنلەشنى قارار قىلدى .

1 - ئاينىڭ 27 - كۈنى شۇ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى گومىنداڭنىڭ غۇلجى-
غا ياردەم بەرگۈچى قوشۇنلىرىنىڭ بىر قىسمى غۇلجىنىڭ شىمالىي قىسمىغا
ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن جىددىي ئەھۋالدا ، «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» نىڭ ھەر-
بىي ئىشلار نازىرى بولغان پېتىررومانوۋىچ ئالېكساندوروپ غەنىيمەت ئېلىن-
غان نەرسىلەر لىق قاچىلانغان ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا
قاچماقچى بولغانلىقتىن ، «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى 13 - نومۇرلۇق
قارار ماقۇللاپ ، پېتىررومانوۋىچ ئالېكساندوروپنى ھەربىي ئىشلار نازارى-
تىنىڭ نازىرلىقىدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلدى .

1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى 15 - نومۇر-
لۇق قارار ماقۇللاپ ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇ-

---

① ۋاققاس ھاجى مىرشانوپ ( 1895 - 1968 ) : روسىيە يەركەنتتە تۇغۇلغان . تاتار . 1930 - يىلى غۇلجىغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان . ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن ، ئىلگى-رى - كېيىن بولۇپ ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى رېۋىزيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ، مالىيە نازارىتى-نىڭ مۇئاۋىن نازىرى ، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى بولغان . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كې-يىن ، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان . 1963 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەن . 1968 - يىلى تاشكەنتتە كېسەل سەۋەبى بى-لەن ۋاپات بولغان .

يۇشمىلىرى يىغىۋالغان 1944 - يىلىلىق «ئۆشرە» ۋە «زاكات»نى پۈتۈنلەي
ھەربىي راسخوت قىلىشنى قارار قىلدى.

**1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى** غۇلجا قولدىن كەتكەندىن كېيىن، ۋۇجۇڭ-
شىن «غۇلجا ۋەقەسى»نى ھەل قىلىش توغرىسىدا تۆۋەندىكى كۆز قارى-
شىنى ئوتتۇرىغا قويدى: جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىپلوماتىيە مۇ-
ناسىۋىتى ياخشىلانسا، مەسىلىنى يېرىم ھەربىي، يېرىم سىياسىي يول بى-
لەن ھەل قىلىشقا بولىدۇ؛ ئەگەر جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىپلو-
ماتىيە مۇناسىۋىتى ياخشىلانمىسا ياكى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ كۆز بو-
يامچىلىق قىلىپ ئاستىرتتىن قۇتراتقۇلۇق قىلسا، پۈتكۈل شىنجاڭنىڭ ۋەزى-
يىتى قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ؛ مەركەز ئارمىيىسى غۇلجىدا ئوڭۇشسىزلىققا
ئۇچرىغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ھەر مىللەت خەلقى ئالدىدا
ئارمىيىمىزنىڭ ئىناۋىتى زور دەرىجىدە چۈشۈپ كەتتى.

**1 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى** ئوسمان ئىسلام ئەۋەتكەن 12 كىشىدىن تەر-
كىب تاپقان ۋەكىللەر ئۆمىكى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» بىلەن ئالاقىلىشىش ئۇ-
چۈن ئىلىغا قاراپ يولغا چىقىپ شىخو ئەتراپىغا كەلگەندە، گومىنداڭ ھەر-
بىي ساقچىلىرىنىڭ توساپ زەربە بېرىشىگە ئۇچرىغانلىقتىن، قايتىپ كېتىش-
كە مەجبۇر بولدى.

**1 - ئاينىڭ ئاخىرى** «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى رەھىمجان سابىر-
ھاجىنى ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلىدى.

**شۇ ئاينىڭ ئاخىرى** «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى پېتىررومانوۋىچ ئا-
لېكساندوروپنى پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىدىن
قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىۋان ياكوۋلېۋىچ پالىنوپنى تەيىنلەشنى قارار
قىلدى.

1 - ئاي «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» غۇلجىدا ھەر قايسى ناھىيە ۋەكىللە-
رى يىغىنى ئېچىپ ، «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ئاپپاراتلىرىنى يېڭىباشتىن تەرتىپ-
كە سالدى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىسىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن ،
«ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت»نىڭ مۇنداق سىياسىي پروگراممىسىنى تۈزۈپ چىقتى :
( 1 ) خەنزۇلارنىڭ ھەر خىل زالىم سىياسەتلىرىنى تۈپ يىلتىزىدىن بىكار قى-
لىش ؛ ( 2 ) ھۆكۈمەتنى دېموكراتىك سىياسىي گەۋدە قىلىپ بېكى-
تىش ؛ ( 3 ) ئارمىيە خەلققە مەنسۇپ بولۇش ؛ ( 4 ) ھەر قايسى مىللەتلەر
باپباراۋەر بولۇش ؛ ( 5 ) دىنغا ھۆرمەت قىلىش ؛ ( 6 ) ھەر دەرىجىلىك ئە-
مەلدارلارنى خەلق سايلاش ؛ ( 7 ) سوۋېت ئىتتىپاقىغا مايىل بولۇش سىيا-
سىتىنى يولغا قويۇش ؛ ( 8 ) مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش ؛ ( 9 ) ئۇيغۇر يې-
زىقىنى ھۆكۈمەتتە ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىدىغان يېزىق قىلىش .

شۇ ئاي «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ پۇلى ۋە گومىن-
داڭنىڭ قەغەز پۇلىنى ئوبوروت قىلىشقا يول قويغاندىن باشقا ، ئۆز ئال-
دىغا قەغەز پۇل يەنى مالىيە نازارىتىگە قاراشلىق «دۆلەت بانكىسىنىڭ قە-
رەللىك چېكى»نى تارقاتتى ، ئۇ ( 100 سوملۇق ، 300 سوملۇق ، 500
سوملۇق ۋە 1000 سوملۇق تۆت خىل پۇل ئىدى ) ئاساسلىقى ئىلى ۋىلايە-
تىدە ئوبوروت قىلىندى ، كېيىن تارباغاتاي ، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىمۇ ئوبو-
روت قىلىندى .

شۇ ئاي «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» سۇيدۇڭ ناھىيىسىدە ھاكىمىيەت قۇ-
رۇپ ، ھاكىم مەھكىمىسى تەسىس قىلىشنى قارار قىلىپ ، ئابدۇللا ھاجى
سالىمباينى ھاكىملىققا تەيىنلىدى .

شۇ ئاي «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» جەنۇبىي شىنجاڭدىكى گومىنداڭ قو-
شۇنلىرىنىڭ تېكەس ناھىيىسى ئارقىلىق ئىلىغا ياردەم بېرىشىنى توسۇش
ئۈچۈن ، قادىروپنى بىر قوراللىق كۈچنى باشلاپ تېكەستە مۇداپىئە كۆ-
رۈشكە ، ھەم موڭغۇلكۈرە پارتىزانلىرىغا رەھبەرلىك قىلىشقا مەسئۇل قىلىپ

ئەۋەتتى .

**2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى** «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت»ھەيئىتى 19 - نومۇرلۇق
قارار ماقۇللاپ ، مۇنۇلارنى بەلگىلىدى : ھەربىي خىزمەت قانۇنى بويىچە ،
20 ياشتىن 22 ياشقىچە بولغانلىكى يۇقىرالارنى ئەسكەرلىككە چاقىرىش ،
ھەربىي خىزمەت ئۆتەش مۇددىتى ئۈچ يىل بولۇش ؛ ھازىر ئومۇمى سەپەر-
ۋەرلىك قىلىش مەزگىلى بولغاچقا ، 23 ياشتىن 45 ياشقىچە بولغان يۇق-
رالارمۇ ئەسكەر بولۇپ ھەربىي خىزمەت ئۆتەش ؛ مەيلى ئوفىتسېر ياكى
ئەسكەر بولسۇن ، ھەربىي تەرەپ ئۇلارنى كىيىم - كېچەك ، يېمەك - ئىچمەك
بىلەن تەمىنلىگەندىن باشقا ، يەرلىك ھۆكۈمەتلەر ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە
جان سانىغا قاراپ قوشۇمچە ياردەم بېرىش .

**2 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە** ئامېرىكا ، ئەنگلىيە ۋە سو-
ۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رەھبەرلىرى روزۋېلت ، چېرچىل ۋە ستالىن يالتادا يىغىن
ئۆتكۈزۈپ ، يالتا مەخپىي كېلىشىمنى ئىمزالىدى .

**2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى** ۋۇجۇڭشىن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇ-
قىملاشتۇرۇش ئۈچۈن ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى ، قوشۇمچە قورۇ-
لۇش نازارىتىنىڭ نازىرى شى لىڭيۇننى جەنۇبىي شىنجاڭ جارچى - سىلاۋ-
چىلىق ئۆمىكىنى باشلاپ ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر قايسى جايلارغا بې-
رىش ھەمدە خوتەن ، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى قاماقلىق مەھبۇسلارنى
ئەھۋالغا قاراپ قويۇپ بېرىشكە ئەۋەتىشنى بەلگىلىدى ، شۇنىڭ بىلەن بىر
ۋاقىتتا ئۈرۈمچىدە قويۇپ بېرىلگەن جەنۇبىي شىنجاڭلىق ئابرويلۇق زاتلار-
غا ئۆمەك بىلەن بىرلىكتە قايتىش بۇيرۇقى بەردى .

**2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى** «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» مالىيە نازارىتى 13 -
نومۇرلۇق بۇيرۇق ئېلان قىلىپ ، دېھقانچىلىق -ئورمانچىلىق- چارۋىچىلىق -
سۇچىلىق ئىدارىسىنى تېزدىن يېڭىدىن ئىگىلىك ئاھالىسى ۋە تېرىلغۇ يەر كۆ-

لىمنى تىزىملاپ چىقىپ، يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش، سۇ ئىنشائاتلىرى-
نى ياساش، چارۋىلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش، ئوتلاقلارنى ئۆزگەر-
تىش، جايلاردا مال دوختۇرلۇق پونكىتلىرىنى قۇرۇش، دەل - دەرەخلەر-
نى پىلان بويىچە كېسىش، ياغاچ ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەشكە كاپا-
لەتلىك قىلىشقا مەسئۇل بولۇشقا بۇيرۇدى.

2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى جياڭ جېيشى جۇ شاۋلياڭغا تېلېفون بېرىپ
مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ھالىتىدىن قارىغاندا،
چىڭخەيدىكى ئىككى شى ئاتلىق ئەسكەرنىڭ كىرگىنى مۇۋاپىق.»

2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى 21 - نومۇر-
لۇق قارار ماقۇللاپ، ھەربىي ماددىي ئەشيا تەمىناتى مەسىلىسىنى ھەل قى-
لىش مەقسىتىدە ھەر قايسى ناھىيىلەردىن ھەربىيلەر ئۈچۈن 1300 تۇياق
ئات ئېلىپ ئىشلىتىشنى بەلگىلىدى.

2 - ئاينىڭ 11 - كۈنى جياڭ جېيشى جۇشاۋلياڭغا يازغان خېتىدە
مۇنداق دېدى: «ئومۇمەن جىڭنىڭ غەربىدىكى قىسىملارنى ئەڭ مۇۋاپىق
چارە قوللىنىپ، ئاۋۋال جىڭ ۋە شىخو قاتارلىق بىخەتەر رايونلارغا چېكىن-
دۈرۈڭلار، ئاندىن بىمالال ھالدا مۇداپىئە كۈچلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ،
پىقىر ئالدىن بەلگىلىگەن فاڭجېنغا ھەقىقىي ئەمەل قىلىڭلار. مۇشۇ كۈنلەر-
دە شىنجاڭغا قارىتىلغان پىلاندا كېيىنچە ھەممە زېمىننى ئەسلىگە كەلتۈرۈش-
نىڭ بازىسى قىلىش ئۈچۈن مۇھىم تايانچ بازىلارنى چىڭ ساقلاپ قولدىن
بېرىپ قويماسلىققا كاپالەتلىك قىلىڭلار. ئەگەر ھەممە يەرنى زورمۇزور
ساقلاپ قېلىشقا زورۇققاندا، پۈتۈن شىنجاڭ قولدىن كېتىدۇ - دە، ئۇنى
يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ... قانداقلا بولمىسۇن جىڭنىڭ غەربىدىكى
قىسىملارنى مۇۋاپىق تۈردە تېز سۈرئەت بىلەن چېكىندۈرگەن تۈزۈك.»

2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئېلىخان تۆرە گومىنداڭنىڭ چىڭخەيدىن ئات-

لىق 5 - جۇننى شىنجاڭغا يۆتكەيدىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن،
چىڭخەي ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى مابۇفاڭغا خەت يېزىپ مۇنداق دې-
دى: «سىز بىزدىن خېلى يىراقتا بولسىڭىزمۇ، ياردىمىڭىزگە مۇيەسسەر
بولۇش ئۈمىدىمىز بار، چۈنكى بىزنىڭ ئېتىقادىمىز بىر ... بىز ھاكىمىيەت-
نى قولغا ئالغاندىن كېيىن، سىزنى ئىسلام دىنىمىزنىڭ بۈزرۈكۋارلىقىغا
كۆرسىتىمەن.»

2 - ئاينىڭ 13 - كۈنى فاتىي ئىۋانوۋىچ لىسكىن باشلىغان پارتىـ
زانلار سايرام بىلەن ئۈتەي ئارىلىقىغا يۈرۈش قىلدى، ئەتىسى گومىنداڭ-
نىڭ سايرامدىكى قوشۇنىغا قورشاپ ھۇجۇم قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋا-
قىتتا، «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» تەرەپ ئاتلىق ئەسكەرلەرنى ئىشقا سېلىپ
تەلكە داۋىنىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغى-
دى. 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تەلكە داۋىنىنى ئالدى.

2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى تاشقورغان پارتىزانلىرىنىڭ مەسئۇلى نۇرھا-
جى شۇ جايدىكى مەشھۇر زاتلار، پارتىزانلارنى چاقىرىپ يىغىن ئېچىپ،
خەلققارا ۋەزىيەتتىن خەۋەرلەندۈردى، «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت»نىڭ ئاممىنى
قوراللىق كۈرەش ئېلىپ بېرىشقا سەپەرۋەر قىلىش توغرىسىدىكى چاقىرىقـ
نامىسىنى ئوقۇپ ئۆتتى. ئاخىرىدا تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، جە-
نۇبىي شىنجاڭدا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە ياخشى تەييارلىق قىلىش-
نى قارار قىلدى.

2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى 23 - نومۇر-
لۇق قارار ماقۇللاپ، مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: (1) 1000 ئات ۋە 15 مىڭ
پۇت① بۇغداي ئۇرۇقنى ئاجرىتىپ دېھقانلارغا قەرز بېرىپ، يېزا ئىگىلىك
ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش. (2) كېزىك كېسەللىكى تارقال-

① پۇت: روسىيىنىڭ ئېغىرلىق بىرلىكى، 1 پۇت 16.38 كىلوگرامغا تەڭ.

غانلقتن ، سەهيە نازارىتى ئالاهىدە هەيئەت تەشكىللەپ ، مەخسۇس پۇل
ئاجرىتىپ ، هەر قايسى ناهىيەلەرنىڭ هاكىملىرى ۋە مىڭ بېشى ، يۈز بې-
شى①لەرنى كۆمۈلمەي قالغان ئېگىسىز جەسەتلەر ۋە ئۆلگەن هايۋانلارنى
يىغىپ يۆتكەپ ، دېزىنفېكسىيە قىلىپ كۆمۈشكە مەسئۇل قىلىش هەمدە غۇل-
جا ناهىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىغا خىراجەت ۋە 50 كى-
شىلىك كارۋات كۆپەيتىپ بېرىش . ( 3 ) ئالىي سوت مەهكىمىسى ئۆلۈم جا-
زاسىدىن باشقا جازا هۆكۈم قىلىش هوقۇقىغا ئىگە . ئۆلۈم جازاسى هۆكۈم
قىلىنسا « ۋاقىتلىق هۆكۈمەت »نىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئان-
دىن ئىجرا قىلىش . هەر قايسى ناهىيىلىك سوت مەهكىمىلىرىنى تەدرىجىي
هالدا قۇرۇش .

2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى چاپچال ناهىيىسىدىكى شىبە ئاممىسى « ۋا-
قىتلىق هۆكۈمەت »نىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ ، 150 نەپەر كىشىلىك شى-
بە پارتىزانلار ئەترىتىنى قۇردى ، ئۇنىڭغا باياندۇ نادا مەسئۇل بولدى .

2 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە 18 - كۈنى جۇشاۋلىياڭ فا-
تىي ئۇۋانوۋىچ لېسكىن پارتىزانلىرى بىلەن كەسكىن جەڭ قىلىۋاتقان گومىن-
داڭنىڭ سايرامدىكى قوشۇنلىرىغا جىڭخا چېكىنىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈ-
شۈردى . ياردەم بېرىش ئۈچۈن سايرامنىڭ شەرقىدىكى لۇەنشەنزە دېگەن
يەرگە كەلگەن گومىنداڭ قىسىملىرىمۇ شۇ كۈنى كېچىدە داخىيەنزىگە چېكىن-
دى ، پارتىزانلار 19 - كۈنى سايرامنى ئىگىلىدى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىت-
تا ، خۇشىخياڭ بورتالانى ساقلاۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا جىڭخا چېكى-
نىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى ، بورتالا ناهىيىسىنىڭ هاكىمى شۇ

---

① مىڭ بېشى ، يۈز بېشى : قازاق قاتارلىق مىللەتلەر قەبىلىلىرىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلىي تۈزۈمى . مىڭگو مەزگىلىدە ، بۇ تۈزۈم بىكار قىلىنغانىدى . ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن ، ئۈچ ۋىلايەت هۆكۈمىتى ناهىيە دەرىجىدىن تۆۋەن ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى سۈپىتىدە مىڭبېشى ، يۈز بېشىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن .

سۇڭتاۋ ئورگان خىزمەتچىلىرى ۋە قىسمەن خەنزۇ ئاممىسىنى باشلاپ 20 - كۈنى كېچىدە جەڭگە چىقىندى.

2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى جياڭ جېيشى ئىلغا ياردەم بېرىش ئۈرۈشى ھەرىكىتى مەغلۇپ بولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، جۇشاۋلياڭغا: لى تىيېجۇن، لى يۈشاڭ، شىي يىفېڭلار «ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، خىزمەت كۆرسىتىپ گۇناھىنى يۇيۇشى ئۈچۈن قالدۇرۇپ ئىشلىتىلسۇن» دەپ تېلېگراما بەردى.

شۇ كۈنى ۋۇجۇڭشىن جياڭ جېيشىغا مۇنداق تېلېگراما يوللىدى: شىنجاڭدا ھازىر بار قاتناش، ئاشلىق، قورال - ياراغ، ئەسكەر كۈچى بىلەن تايانچ بازىلارنى ساقلىماق تەس. ئەگەر جىڭنىڭ غەربىدىكى تاغ ئېغىزلىرى قولدىن كەتسە، جىڭنى ساقلاپ قالغىلى بولمايدۇ - دە، پۈتۈن شىنجاڭدا چوڭ قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپ، شەرقىي شىمالدىكىگە ئوخشاش ئەھۋال كۆرۈلىدۇ. مەسىلىنى دىپلوماتىيە يولى ئارقىلىق ئۈنۈملۈك ھەل قىلغاندىلا، ئاندىن ھازىرقى ۋەزىيەتنى ئوڭشىغىلى بولىدۇ.

2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى جېمنەي پارتىزانلىرى جېمنەي ناھىيە بازىرى (بۈگۈنكى يېزا ئىگىلىك 10 - شى 186 - تۇەن شتابى)نى ئىشغال قىلىپ، جېمنەي ناھىيىلىك ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنى قۇردى، رامازان بولىم ناھىيىلىك ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇلى بولدى. پارتىزانلار ئەترىتى تەرتىپكە سېلىنىپ، 100 كىشىلىك پارتىزانلار ئەترىتىدىن ئالتىسى تەشكىللەندى.

شۇ كۈنى لى تىيېجۇن بىلەن زوشۇيىڭ ۋۇجۇڭشىنغا، قوشۇننى جىڭنىڭ غەربىدىكى تاغ ئېغىزلىرىدىن چېكىندۇرۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ جىڭنى قاتتىق ساقلاۋاتىمىز، دەپ تېلېگراما يوللىدى.

**2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى** ئېردەنى پارتىزانلارنى باشلاپ بورتالا ناھىيە بازىرىغا كىرىپ ئورۇنلاشتى، ئىبراھىم بورتالا ناھىيىسىنىڭ ۋاقىتلىق مەسئۇلى قىلىپ بەلگىلەندى.

**2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى** «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى 24 - نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ، پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىگە باستۇرۇپ كىرىپ بۇلاڭچىلىق، باسقۇنچىلىق قىلىشتەك جىنايى قىلمىشلارنى قاتتىق جازالاشنى ھەمدە جىنايەتچى ئۇنسۇرلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى قارار قىلدى.

**شۇ كۈنى** «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى 25 - نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ، «ئازادلىق» ئالىي ئوردىنى تەسىس قىلىشنى بەلگىلىدى ھەمدە ئوردېن بېرىش شەرتى، چارىسى ۋە ئوردېنغا ئېرىشكەنلەر بەھرىمەن بولىدىغان تەمىنات ۋە ھوقوق توغرىسىدا كونكرېت بەلگىلىمە چىقاردى.

**شۇ كۈنى** 46 - شىنىڭ شىجاڭى، قوشۇمچە گۇچۇڭنىڭ قوماندانى شۇرۇچېڭ بۇيرۇققا بىنائەن كۆكتوقاي ناھىيە بازىرى (بۈگۈنكى كۆكتوقاي بازىرى)، قارا تۇڭگى، ئۇلۇنگۇر مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرى ۋە ئورگان خادىملىرىنى گۇچۇڭغا چېكىندۇردى. 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئەرتەي، دارىبۇسۇن قاتارلىق جايلاردا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قوشۇنلىرىمۇ گۇچۇڭغا چېكىندى. يۇقىرىقى جايلارنى ئالتاي پارتىزانلىرى ئىگىلىدى.

**2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى** «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» بورتالا ناھىيىسىدە ھاكىمىيەت قۇرۇپ، ھاكىم مەھكىمىسى قۇرۇشنى تەسىس قىلىشنى قارار قىلىپ، ھاشىم ئوسمانىنى ھاكىملىققا تەيىنلىدى.

2 - ئاي «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى زۇنۇن تېيىپوپنى[1]دۆلەت رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلىدى.

3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ئارىشاڭ ناھىيىسىدە ھاكىمىيەت قۇرۇپ، ھاكىم مەھكىمىسى تەسىس قىلىشنى قارار قىلىپ، بۇجانى ھاكىملىققا تەيىنلىدى.

3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى 29 - نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ، مائارىپ نازارىتىدىن ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىشنى، ھەربىي، مەمۇرىي ئورگانلاردا ئىشلەۋاتقان ئوقۇتقۇچىلاردىن نازىر، بۆلۈم باشلىقى بولغانلاردىن باشقا خادىملارنى مەكتەپتە ئىشلەشكە قايتۇرۇش، ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنى تاشلاپ سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللانغانلاردىن مەكتەپكە قايتىمىسا، ئۇلارنى ئورۇش مەزگىلىدە دۆلەتنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشنى رەت قىلغانلار قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى مىللىي ئارمىيە[2] قۇرۇپ، پارتىزانلار باش قوماندانلىق شتابىنى مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىغا ئۆزگەرتىش؛ مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتا-

---

① زۇنۇن تېيىپوپ (1919 - 1988): شىنجاڭ غۇلجىدىن، ئۇيغۇر. 1944 - يىل «غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتى»غا قاتناشقان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سەنمۇجاڭى بولغان. 1955-يىلى شاۋجاڭلىق ھەربىي ئۇنۋانى بېرىلگەن. 1961 - يىلى تەشكىلنىڭ تەستىقلىشى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەن. 1988 - يىلى ئالما - ئاتادا كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان.

② مىللىي ئارمىيە: ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى قۇرغان مۇنتىزىم قوشۇن، ئۇنىڭ ئەزالىرى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بولغانلىقى ئۈچۈن مىللىي ئارمىيە دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى تۈمەن، يىگىلارغا كۆپىنچە شۇ تۈمەن، يىلق قۇرۇلغان جاي ياكى مىللىي تەركىب بويىچە نام بېرىلگەن.

بى قارىمقىدا ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى ، سىياسى بۆلۈم ، ھەربىي سوت مەھكىمىسى ، ھەربىي تەپتىش مەھكىمىسى ، رازۋېدكا باشقارمىسى ، جەڭ قىلىش باشقارمىسى ، كادىرلار باشقارمىسى ، خوجىلىق باشقارمىسى قاتارلىق ئاپپاراتلارنى تەسىس قىلىشنى قارار قىلدى .

**3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى** ۋۇجۇڭشىن شىنجاڭنىڭ ھەربىي راسخوتى توغرىسىدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە تېلېگراممىا يوللىدى ، تېلېگراممىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى مۇنداق : ( 1 ) بۇلتۇر ئۆلكە تەرەپ ھەربىي راسخوت ئۈچۈن 4 مىليارد يۈەن دۆلەت پۇلى بېرىپ تۇردى ، مەركەز ئاران 600 مىليون يۈەن دۆلەت پۇلى ، 600 مىليون يۈەن دۆلەت پۇلى قىممىتىدىكى ماددىي ئەشيا ئاجرىتىپ بەردى . ( 2 ) بۇلتۇر 11 - ئايدا ئۆلكە تەرەپ مەركەزنىڭ شىنجاڭغا ئەۋەتكەن قىسىملىرىنىڭ قىشلىق كىيىم - كېچەك راسخوتى ئۈچۈن 20 مىليون يۈەن شىنجاڭ ئۆلكە پۇلى بېرىپ تۇرغان ، بۇنى ھەربىي سىياسى بۆلۈم ئاجرىتىپ بېرىشى كېرەك . ( 3 ) بۇ يىل ئۆلكىمىزنىڭ ھەربىي راسخوتى شىنجاڭ ئۆلكە پۇلى بويىچە ھېسابلىغاندا جەمئىي 1 مىليارد 310 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ ، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز قىسىملىرىنىڭ ھەربىي راسخوتى %70نى ، يەرلىك قىسىملارنىڭ ھەربىي راسخوتى %30 نى ئىگىلەيدۇ .

**3 - ئاينىڭ باشلىرى** « ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت » ھەيئىتى ئابدۇكېرىم ئاباسوپنى ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرلىقىدىن قالدۇردى .

**شۇ ئاينىڭ باشلىرى** « ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت » پوچتا ئىشلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ، سابىق گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭخۇا پوچتا ماركىسى ، پۇل پېرېۋوت ماركىسى ۋە باج ماركىسى ئۈستىگە رومبا شەكىللىك تامغا بېسىپ ، ئۇنى ھەم پوچتا ماركىسى ھەم باج ماركىسى قىلىپ ئىشلىتىشنى قارار قىلدى .

**3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى** گاۋبويۇ بىلەن ئەلەن ۋاڭ ۋۇجۇڭشىنغا تېلېگ-

راما يوللاپ، ئۇنىڭغا ئالتاي پارتىزانلىرىدىن مانات①بىلەن بۇرۇلتوقاي ناھىيە بازىرىدا ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقى، مانات قول ئاستىدىكى ئادەملىرى ۋە 100 نەچچە تال مىلتىق بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە ئەل بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت دەرھال ماناتنى بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىك ئامانلىق ساقلاش چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى.

3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى 33 - نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: (1) ۋاققاس ھاجى مىرشانوپنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» نىڭ ئەزالىقىغا تولۇقلاپ كىرگۈزۈش؛ (2) ۋاپات بولغان خەبىب يونىچىنىڭ مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرلىق ۋەزىپىسىنى سەيپىدىن ئەزىزى ئۈستىگە ئېلىش؛ (3) ھۈسەين ناسىروپ②نى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ئورگان گېزىتى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەش؛ (4) رەھىمجان سابىرھاجىنى ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرلىقىدىن قالدۇرۇپ، ئورنىغا زۇنۇن تېيىپوپنى تەيىنلەش؛ (5) رەھىمجان سابىرھاجىنى ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلەش، پاۋىل پاپلوۋىچ موسكالىيوپ بىلەن نەبىجان يۈسۈپ③نى مۇئاۋىن نازىرلىققا تەيىن-

---

① مانات (1919 - 1951): شىنجاڭ بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىدىن، قازاق، كېلىپ چىققىشى چارۋىچى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، ئالتاي پارتىزانلىرى مەسئۇللىرىنىڭ بىرى بولغان، كېيىن ئۆزىنى گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئاتقان. شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازات بولغاندىن كېيىن، ئۇ قوراللىق توپىلاڭغا قاتناشقانلىقتىن، 1951 - يىلى گۇچۇڭدا باستۇرۇلغان.

② ھۈسەين ناسىروپ: شىنجاڭ غۇلجىدىن، ئۇيغۇر، زىيالىي. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئورگان گېزىتى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ كەتكەن.

③ نەبىجان يۈسۈپ: 1919 - يىلى تۇغۇلغان، سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەلىكىدىكى مۇھاجىر، ئۆزبېك. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باش تەپتىشى بولغان. 1956 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەن.

لەش ؛(6) مالىيە نازارىتى قارمىقىدىكى دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق - چارۋىچىلىق - سۇچىلىق ئىدارىسىنى ئايرىپ چىقىپ، يەر - سۇ ئىشلىرى نازارىتى قۇرۇش، سالىجانباي باباجاننى نازىرلىققا تەيىنلەش، ھىلالىدىن ئەزىزى[①]بىلەن مەھەممەت نىيازنى[②]مۇئاۋىن نازىرلىققا تەيىنلەش.

3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» پوچتا - تېلېگراف، خەۋەرلىشىش، قاتناش ئىدارىسى شۇ كۈندىن باشلاپ غۇلجا بىلەن سۈيدۈڭ، قورغاس، چاپچال، تېكەس، موڭغۇلكۈرە، توققۇز تارا، نىلقا، كۈنەس قاتارلىق ناھىيەلەر ئوتتۇرىسىدىكى پوچتا كەسپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ھەر قايسى ناھىيەلەرگە پوچتىدىن ئەۋەتىلىدىغان نەرسىلەرنى بۇ ئىدارىنىڭ پوچتا ماركىسىنى چاپلاپ ئەۋەتىش توغرىسىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقاردى.

3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى 36 - نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: 4 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن ئىلگىرى بانكا قەرزىنى ئۆز قەرەلىدە قايتۇرمىغانلاردىن بانكا ئۆسۈمىنى تۇتۇپ قالغاندىن سىرت، يەنە ئۇلارغا ئۆسۈم قىممىتىنىڭ 16%—75%تى بويىچە جەرىمانە قويۇش؛ 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە قايتۇرمىغانلاردىن بانكا ئۆسۈمىنى تۇتۇپ قالغاندىن سىرت، يەنە ئۇلارغا ئۆسۈمنىڭ 100%

---

① ھىلالىدىن ئەزىزى(1895 - 1986): شىنجاڭ ئاتۇشتىن، ئۇيغۇر، سودىگەر، سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئاكىسى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى يەر - سۇ ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1986 - يىلى غۇلجىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان.

② مەھەممەت نىياز: شىنجاڭ ئاتۇشتىن، ئۇيغۇر. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى يەر - سۇ ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ كەتكەن.

تى بويىچە جەرىمانە قويۇش؛ 4 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن باشلاپ قەرزنى
يەنىلا قايتۇرمىغانلاردىن ئۆسۈم پۇلى ۋە قويۇلغان جەرىمانە پۇلنى تۇتۇپ
قالغاندىن باشقا، ئۇلارغا يەنە مەمۇرىي جازا بېرىش.

**3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى** «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى 37 - نومۇرلۇق
قارار ماقۇللاپ مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: (1) قاسىمجان قەمبىرىنى سەھىيە
نازارىتىنىڭ نازىرلىقىدىن قالدۇرۇپ، ئورنىغا مۇيىدىن ئەخمەت①نى تەيىن-
لەش؛ (2) زۇنۇن تېيىپوپنى ھەربىي قىسمدا ئىشلەشكە يۆتكەپ، دۆلەت
رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدىن قالدۇرۇش.

**3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى** «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» دىنىي ئىشلار نازارىتى
بارلىق دىنىي خىزمەت خادىملىرىغا ئوچۇق خەت ئېلان قىلىپ، بارلىق دى-
نىي خىزمەت خادىملىرىنى دىنىي ئۇسۇل قوللىنىپ تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ،
خەلقنى ئىنقىلابنى قوللاش ۋە ئىنقىلابقا ياردەم بېرىشكە سەپەرۋەر قىلىشقا
چاقىردى.

**3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى** «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» مالىيە نازارىتى 70 -
نومۇرلۇق بۇيرۇق ئېلان قىلىپ دىنىي ئىشلار نازارىتىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاسا-
سەن، ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىسى بويىچە بانكىلار خۇسۇسىيلارنىڭ بانكىغا
قويغان پۇلىغا ئۆسۈم بېرىشنى توختىتىشنى بەلگىلىدى.

**3 - ئاينىڭ ئاخىرى** رىيوپ پارتىزانلار ئەترىتى تارباغاتايدىن ئىلى-
غا يېتىپ كەلدى.

---

① مۇيىدىن ئەخمەت (1905 - 1968): شىنجاڭ ئاتۇشتىن، ئۇيغۇر. ئىلگىرى غۇلجىدا
ئولتۇراقلاشقان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى سەھىيە نازارىتىنىڭ نا-
زىرى بولغان. 1948 - يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانىغا كۆچۈپ كەتكەن. 1968 - يىلى مەككىدە ۋاپات
بولغان.

**شۇ ئاينىڭ ئاخىرلىرى** ۋاقىتلىق 58 - شىنىڭ شىجاڭى يېڭىچېڭ مەزكۇر شىنىڭ 3 - تۈەنىنى باشلاپ ۋۇۋېيدىن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ، ئۈرۈمچى گارنىزونىنىڭ قوماندانى بولدى.

**شۇ ئاينىڭ ئاخىرلىرى** «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى ئىۋان ياكوۋلەۋىچ پالىنوپنى مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانلىقىغا، زونۇن تېيىپوپنى مۇئاۋىن باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەش، ۋ. ماۋاروپنى سەنمۇجاڭلىققا، رۇسۇلۇپ پەخىردىن خوجا①نى ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ مۇدىرلىقىغا، ئابدۇكېرىم ئابباسوپنى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرلىقىغا، غېنىنى ھەربىي سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، ئابدۇغوپۇر سابىر ھاجى②نى ھەربىي تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشلىكىگە تەيىنلەش، رازىيوپ داموللا③نى مىللىي ئارمىيىنىڭ دىنىي ئىشلار مەسئۇلى قىلىپ تەيىنلەشنى قارار قىلدى.

**شۇ ئاينىڭ ئاخىرلىرى** «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى زۇنۇن تېيىپوپنى ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرلىقىدىن قالدۇرۇپ، ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ خىزمىتىگە ئەخمەتجان قاسىمنى مەسئۇل قىلىشنى قارار قىلدى.

---

① رۇسۇلۇپ پەخىردىن خوجا (1914 - 1989): روسىيە تاشكەنتتە تۇغۇلغان. سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەلىكىدىكى مۇھاجىر، ئۆزبېك. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولغان. 1955 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەن. 1989 - يىلى تاشكەنتتە ۋاپات بولغان.

② ئابدۇغوپۇر سابىرھاجى (1904 - 1951): شىنجاڭ غۇلجىدىن، ئۇيغۇر. رەھىمجان سابىرھاجىنىڭ ئاكىسى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ھەربىي تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى بولغان. 1951 - يىلى خەلق ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا قانۇن بويىچە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن.

③ رازىيوپ داموللا (1893 - 1953): روسىيە يەركەنتتە تۇغۇلغان، ئۇيغۇر. كىچىك چېغىدا ئاتا - ئانىسى بىلەن غۇلجىغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. يۇقىرى قاتلام دىنىي زات. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ دىنىي ئىشلار مەسئۇلى، سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. 1953 - يىلى 2 - ئايدا غۇلجىدا ۋاپات بولغان.

**3 ـ ئاي** «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» سودىگەرلەر بىرلەشمىسى قۇرۇشنى قارار قىلىپ، جايلارغا مال سېتىۋالغىلى بارىدىغان ۋە تۈرلۈك ماددىي بۇيۇملارنى ساتىدىغان سودىگەرلەرنىڭ سودىگەرلەر بىرلەشمىسىدىن ئىجازەتنامە ئېلىشى ھەمدە باج قانۇنىغا رىئايە قىلىشى كېرەكلىكىنى بەلگىلىدى.

**شۇ ئاي** موڭغۇللارنىڭ كونا تورغۇت جەنۇبىي قەبىلىسىنىڭ ۋاڭى مانچۇكزابونىڭ رەھبەرلىكىدىكى ۋۇجىڭبېڭ 300 نەچچە كىشىلىك موڭغۇل قوغدىنىش ئەترىتىگە كىچىك يۇلتۇز، قورغۇستاي قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، چارۋىچىلارنىڭ بايىنبۇلاق پارتىزانلىرى تۇرۇشلۇق چوڭ يۇلتۇزغا بېرىشىنى قاتتىق چەكلەپ، بايىنبۇلاق پارتىزانلىرىنى «قورشاپ يوقىتىش»قا تەييارلىنىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

**شۇ ئاي** «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى سابىت داموللا①نى مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىغا تەيىنلەشنى قارار قىلدى.

**4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى** جۇشاۋلىياڭ جاڭفېڭيى بىلەن گوچېنى شىخونى كۆزدىن كەچۈرگۈچى ئەلچى ۋە مۇئاۋىن ئەلچى قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇلار شىخو، مايتاغ قاتارلىق جايلارنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، جۇشاۋلياڭغا مۇنداق بەش تەكلىپ بەردى: (1) سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىخو ئايرودرومى يېنىدىكى تېلېگراف ئىستانسىسىنى بىز تەرەپكە ئۆتكۈزۈپ بېرىش، ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە ئۇنىمىسا، ئۇنى چۇۋۇۋېتىش لازىم؛ (2) مايتاغ نېفىت كېنىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنى يۇيمىن نېفىت كېنىغا يۆتكەپ ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم؛ (3) شىخودىن ئۇ-

① سابىت داموللا (1901 ـ 1964): شىنجاڭ غۇلجىدىن، ئۇيغۇر. دىنىي زات. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى بولغان. 1964 ـ يىلى 3 ـ ئايدا غۇلجىدا ۋاپات بولغان.

رۇمچىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ھەر قايسى ناھىيىلەرگە قېچىپ بېرىۋالغان ئاممىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم؛ ( 4 ) چېپىيىزە ۋە گەنجاخۇنى ساقلاشقا ھەربىي ساقچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم؛ ( 5 ) پارتىزانلار-نىڭ ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتايدىن كېلىپ شىخوغا بىرلىشىپ ھۇجۇم قى-لىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى 38 - نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: دارىلئېتام قۇرۇپ مەخسۇس خەنزۇ يېتىم بالىلارنى يىغىۋېلىپ بېقىش، خىراجەتنى مالىيە نازارىتى ئاجرىتىپ بېرىش، باشقۇرۇشقا مائارىپ نازارىتى مەسئۇل بولۇش.

شۇ كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى 39 - نومۇرلۇق قارار ما-قۇللاپ مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: خەلق ئىئانە قىلغان مەبلەغ، چارۋا قاتار-لىق ماددىي بۇيۇملارنى ۋە مۇسۇلمانلار تاپشۇرغان ئۆشرە - زاكاتلارنى دىنىي نازارەتنىڭ نازىرى ئابدۇلموتەلى خەلپەت باشچىلىقىدىكى ئۆشرە - زاكات يىغىش كومىسسىيىسى يىغىش ۋە باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولۇش؛ ما-لىيە نازارىتى سابىق جۇڭگو ھۆكۈمىتى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، كى-شىلەرنىڭ بانكىدىن ئالغان قەرز ھېساباتىنى ئېنىقلاشقا مەسئۇل بولۇش، قەرزدارلارغا 28 كۈن ئىچىدە قەرزنى قايتۇرۇپ بولۇشقا مۆھلەت بېرىش، مۆھلەت ئىچىدە قايتۇرمىغانلارغا كۈن بويىچە ھېساپلاپ جەرىمانە قو-يۇش، پۇلى بارلار پۇل، پۇلى يوقلار مال قايتۇرۇش؛ يەر - سۇ ئىشلى-رى نازارىتى دېھقانلارنىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچۈن 16 مىڭ پۇت بۇغداي، 21 مىڭ پۇت قوناق، 4 مىڭ پۇت شال ئۇرۇقى كۆپەي-تىپ ئاجرىتىپ بېرىش؛ مالىيە نازارىتى يەر - سۇ ئىشلىرى نازارىتىگە ئاج-رىتىپ بەرگەن پۇلنى مەخسۇس چوڭ - كىچىك ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى رې-مونت قىلىشقا ئىشلىتىش؛ دۆلەت ئىگىدارلىقىدىكى باغ قاتارلىقلارنى ئى-دارە، جەمئىيەتلەرگە ئىجارىگە بېرىش.

شۇ كۈنى   سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى پەن يۇشىننى قايتۇرۇپ كېتىپ، پېتروۋنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىكىگە تەيىنلىدى، 17 - كۈنى پېتروۋ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشقا كېتىۋېتىش سەپىرىدە ئۈرۈمچىگە چۈشۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسىغا بېرىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى، دوكلات ئاڭلىدى.

4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى   ۋۇ جۇڭشىن ئالتاي پارتىزانلىرى ئىككى چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقلىرى سۇلايمان①بىلەن نۇرقوجاينىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ئەل بولۇش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە سۆھبەتلىشىشكە كەلگەن ۋەكىلىنى قوبۇل قىلدى.

4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى   «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» مائارىپ نازارىتى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ھەر مىللەت قېرىنداشلىرىدىن ئۆزلىرى بېقىۋاتقان خەنزۇ يېتىم باللارنى يېقىندىن قۇرۇلغان دارىلئېيتامغا ئاپىرىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى   «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» مىللىي ئارمىيىنىڭ قۇرۇلغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن غۇلجىدا يىغىن ئۆتكۈزدى، ئېلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت»نىڭ رەھبىرىي ئەزالىرى ۋە 10 مىڭچە ئامما يىغىنغا قاتناشتى. ئېلىخان تۆرە يىغىندا پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىك كۆز قارىشى تۈسىنى ئالغان قۇتراتقۇلۇق خاراكتېرلىك نۇتۇق سۆزلىدى ھەمدە قىسىملارغا ئىسلام دىنىنىڭ يۇلتۇز، ئاي بەل-

---

① سۇلايمان (1900 - 1960): شىنجاڭ كۆكتوقايدىن، قازاق. كېلىپ چىقىشى چارۋىچى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، ئالتاي پارتىزانلىرى مەسئۇللىرىنىڭ بىرى بولغان، كېيىن ئۆزىنى گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئاتقان. 1960 - يىلى يىغىۋېلىپ تەكشۈرۈلۈۋاتقان مەزگىلدە تۈرمىدە كېسەل بىلەن ئۆلگەن.

گىسى چۇشۇرۇلگەن ، « شەرقىي تۈركستاننىڭ مۇستەقىللىكى ئۈچۈن ئالغا » دېگەن شوئار يېزىلغان ھەربىي بايراق ۋە ئايەت يېزىلغان ئاق رەڭلىك ئىسلام دىنى بايرىقى تەقدىم قىلدى.

مىللىي ئارمىيە قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە ، مىللىي ئارمىيە قارمىقىدا جايلاردىكى پارتىزانلاردىن تەشكىل قىلىنغان ئىلى پىيادە ئەسكەرلەر 2 - تۈەنى ، زاپاس 4 - تۈەن ، تېكەس 1 - ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى ، تېكەس 2 - ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى ، سۈيدۈڭ پىيادە ئەسكەرلەر 1 - تۈەنى ، كەڭساي 2 - ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى ، توققۇزتارا ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى ، خۇيزۇ مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر يىڭى ، موڭغۇل مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر يىڭى ، مىنامىيوت يىڭى ، مۇھاپىزەتچىلەر يىڭى ، شىبە مۇستەقىل ئاتلىق لىيەنى بولۇپ ئومۇمىي 15 مىڭ ئادەم بار ئىدى ، ھەر تۈەنگە تۈەنجاڭ ، ھەربىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن تۈەنجاڭ ، سىياسىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن تۈەنجاڭ ، دىنىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن تۈەنجاڭ ۋە سەنموجاڭ قويۇلۇپ ، بىر باشلىقلىق تۈزۈم يولغا قويۇلغانىدى.

4 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە بايىنبۇلاق پارتىزانلىرى قورغاستايدا موڭغۇل قوغدىنىش ئەترىتىنى قورشىۋالدى. مەزكۇر ئەترەتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بايۇسىن قورال تاپشۇرۇپ ھەقىقەتكە قايتتى ، موڭغۇل قوغدىنىش ئەترىتى ئۈزۈش قىلمايلا بەربات بولدى. بايىنبۇلاق پارتىزانلىرى بۇ يەرنى ئىگىلىدى ، دۈشمەننىڭ 220 ئادىمىنى ئەسىرگە ئالدى ، 200 مىلتىق ، 30 مىڭ پاي ئوقنى غەنىيمەت ئالدى.

4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» مالىيە نازارىتى 81 - نومۇرلۇق بۇيرۇق چۈشۈرۈپ مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: باج ئىدارىسى ئوت - ئۆچى بېجى ئېلىش ، قويدىن %5 ( 2 ياشلىق ساغلىق ئېلىش ) ، ئاتتىن %3 ( 5 ياشتىن 8 ياشقىچە بولغان ئات ئېلىش ) ، ئۆچكىدىن %5 ( 2 ياشلىق تېكە ئېلىش ) ، كالىدىن %3 ( 5 ياشتىن 10 ياشقىچە بولغان بۇ-

قا ، سېير ئېلىش ) ، تۆگە ، ئېشەكتىن 3% بويىچە باج ئېلىش ( ھەر قانـ
داق مال ياكى پۇل ئېلىنسا بولىدۇ ) ، بىر قوينى 3000 يۈەنگە ، بىر ئۆچـ
كىنى 1800 يۈەنگە ، كالا ، ئات ، خېچىرنىڭ ھەر بىرىنى 15 مىڭ يۈەنگە ،
ئېشەكنى 7500 يۈەنگە سۇندۇرۇش .

4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» مالىيە نازارىتى 87 -
نومۇرلۇق بۇيرۇق ئېلان قىلدى ، ئۇنىڭدا «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت»نىڭ قارا-
رىغا ئاساسەن ، پوچتا - تېلېگراف ، خەۋەرلىشىش ، قاتناش ئىدارىسىنى
پوچتا - تېلېگراف ، خەۋەرلىشىش ئىدارىسى بىلەن قاتناش - ترانسپورت
ئىدارىسى قىلىپ ئىككىگە ئايرىش ، پوچتا - تېلېگراف ، خەۋەرلىشىش ئىـ
دارىسىنى 15 - كۈندىن باشلاپ ئىچكى ئىشلار نازارىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېـ
رىش ، قاتناش - ترانسپورت ئىدارىسىنى يەنىلا مالىيە نازارىتى قارمىقىـ
دىكى ئورۇن قىلىش بەلگىلەندى .

شۇ كۈنى جياڭ جىگو شىنجاڭدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ئۈستىدە
ۋۇجۇڭشىن بىلەن كېڭەشىش ئۈچۈن ، جياڭ جيېشى ئۆز قولى بىلەن يازغان
خەتنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە كەلدى ھەمدە ۋۇجۇڭشىنغا ئاز سانلىق مىللەت
زاتلىرىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ، نازارەت ، ئىدارىلەر-
نىڭ نازىرى ، باشلىقى قاتارلىق مۇھىم ۋەزىپىلەرگە قويۇپ بەتىۋارلاپ ئىشـ
لىتىش ئارقىلىق شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى . ئۇ-
رۈمچىدە تۇرغان مەزگىلدە ، ئۇ يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇ-
رۇشلۇق باش كونسۇلخانىسىنىڭ مەسئۇلى بىلەن كۆرۈشۈپ ، سوۋېت ئىتتىـ
پاقى بىلەن شىنجاڭنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسى ئۈستىدە كۆز قاراشلىرىنى
ئالماشتۇردى .

4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى شۇ كۈندىن باشلاپ ، مىللىي ئارمىيە باش
قوماندانلىق شتابى جىڭخا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئەسكىرىي كۈچلەرنىڭ
ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى تەڭشىدى ، بىۋاسىتە قاراشلىق ئاتلىق يىلك ، مۇھاپـ

زەتچىلەر يىگى ۋە يېڭىدىن قۇرۇلغان ئىلى 1 - زاپاس تۇەنى ، ئىلى 2 -
زاپاس تۇەنى ، نىلقا ئاتلىق ئەسكەرلەر تۇەنى بولۇپ جەمئىي 5500 كىـ
شىلىك ئەسكىرىي كۈچنى ئىلىنى ساقلاشقا قالدۇردى ، ئىلى پىيادە ئەسـ
كەرلەر 2 - تۇەنى ، مىناميوت يىگى ، خۇيزۇ مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر
يىگى ، شىبە مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر لىيەنىگە داخېيەنزىگە ھۇجۇم قىـ
لىش ، تېكەس 1 - ئاتلىق ئەسكەرلەر تۇەنىگە كۆرساي ئېغىزىغا ئورۇنلىـ
شىش ، ئىلى پىيادە ئەسكەرلەر 4 - تۇەنىگە سىتەي ۋە ۋۇتەيگە ئورۇنلىـ
شىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى .

**4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى** «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى «ناھىيە دەرىـ
جىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي ئاپپارات نىزامى ۋە ئىش بېجىرىش
قائىدىسى »نى جاكارلىدى ، ئۇنىڭدا مۇنۇلار بەلگىلەندى : ( 1 ) ناھىيـ
لىك سوت مەھكىمىلىرى ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىنى
قوبۇل قىلىپ ، باسقۇنچىلىق ، سىياسىي جىنايەت ، قاتىللىق ، زور مىقدار-
دىكى پارىخورلۇق ، چوڭ تىپتىكى بۇزغۇنچىلىق قىلمىشلىرى قاتارلىق دېـ
لولاردىن باشقا ، ئۆز ناھىيىسى تەۋەسىدە يۈز بەرگەن دېلولارنى تەكشۈ-
رۈپ بىر ياقلىق قىلىشقا مەسئۇل بولۇش . ( 2 ) كۆپ ئورۇندا كۆپ قېتىم
جىنايەت سادىر قىلغان جىنايەتچىلەرنىڭ قايسى ناھىيىدە ئۆتكۈزگەن جىنا-
يىتى ئەڭ ئېغىر بولسا ، ئۇنى شۇ ناھىيىدىكى سوت مەھكىمىسى ئاساسلىق
بولۇپ سوت قىلىش .

**4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى** جۇشاۋلياڭ ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەگـ
شەپ ، مۇداپىئەنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى جىڭ ۋە شىخوغا قاراتتى ، ئۇ يېگى
2 - جۇن شتابىنى ئۇرۇمچىدىن شىخو ناھىيەبازىرىغا يۆتكەش ، شىخو ناھـ
يىسىدە تۇرۇشلۇق يېگى 45 - شى 1 - تۇەنىنى جىڭدا مۇداپىئە كۆرۈشكە
يۆتكەش ، ئاتلىق ئەسكەرلەر 1 - شى شتابى داۋاملىق شىخودا تۇرۇش ،
لېكىن ئۇنىڭ 1 - تۇەنىنى چېپەيزە ، گەنجاخۇ ، بەشبۇلاق قاتارلىق جايلار-
غا يۆتكەپ مۇداپىئە كۆرۈش ؛ زاپاس 7 - شى شتابىنى كونا شىخودا تۇ-

رۇشقا يۆتكەش ، ۋاقىتلىق 2 - شىنىڭ 2 - تۇەنىنى مايتاغ ، كورتى ، چىگ-
شور قاتارلىق جايلارغا بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش ، شىپ يىغىپكىنى يېڭى 2 -
جۇننىڭ جۇنجاڭلىقىغا ئۆستۈرۈپ ، شىخودا تۇرۇپ يۇقىرىقى قىسىملارغا
قوماندانلىق قىلىشقا مەسئۇل قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى .

يەنە يېڭى 45 - شى شتابىنى جىڭغا ئورۇنلاشتۇرۇش ، گوچىنى يېڭى
45 - شىنىڭ شىجاڭلىقىغا تەيىنلەپ ، جىڭ ناھىيە بازىرى ، باجاخو قاتار-
لىق جايلارغا ئورۇنلاشقان يېڭى 45 - شىنىڭ 1 - تۇەنى ، 3 - تۇەنى ۋە
جىڭدىكى نەنسەن قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلاشقان زاپاس 7 - شىنىڭ21-
تۇەنى ، 191 - شىنىڭ 571 - تۇەنگە قوماندانلىق قىلىشقا مەسئۇل قىلىش
توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى .

4 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 11 - كۈنىگىچە جۇڭگو كوممۇ-
نىستىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك 7 - قۇرۇلتىيى يەنئەندە ئېچىلدى .

ماۋزېدۇڭ 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى قۇرۇلتايغا بەرگەن « بىرلەشمە ھۆكۈ-
مەت توغرىسىدا » دېگەن تېمىدىكى سىياسىي دوكلاتتا گومىنداڭ ئەكسىيەت-
چىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى قوراللىق باستۇرغانلىق
ۋەقەسىنى قاتتىق ئەيىبلىدى ، ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى : « گومىنداڭنىڭ
خەلققە قارشى گۇرۇھى جۇڭگودا كۆپ مىللەت بارلىقىنى ئىنكار قىلىپ ،
خەنزۇلاردىن باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى نەسلداش ئۇرۇق ، دەپ ئا-
تىماقتا . ئۇلار پۈتۈنلەي چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ۋە شىمالىي مىلىتا-
رىستلارنىڭ ئەكسىيەتچىل سىياسەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ ، ئاز سانلىق
مىللەتلەرنى ئېزىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشتا قىلمىغىنى قالمىدى .1943-
يىلى ئىكىجاۋ ئايمىقىدىكى موڭغۇل خەلقىگە يۈرگۈزگەن قىرغىنچىلىق ۋەقە-
سى ، 1944 - يىلىدىن ھازىرغا قەدەر شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر
ئۈستىدىن يۈرگۈزۈلۈپ كېلىۋاتقان قوراللىق بېسىقتۇرۇش ۋەقەلىرى ( بۇ
يەردە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى كۆزدە تۇتۇلىدۇ — نەقىل كەلتۈرگۈچىدىن )
ۋە يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان گەنسۇ خۇيزۇلىرى ئۈستىدىن يۈرگۈ-
زۈلگەن قىرغىنچىلىق ۋەقەلىرى مانا بۇنىڭ ئوچۇق دەلىلى . بۇ ، چوڭ خەن-

زۇچىلىققا ئاساسلانغان خاتا مىللىي ئىدىيە ۋە خاتا مىللىي سىياسەت .»① بۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابى كۈرەشلىرىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ۋە ئۇنى قوللىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى  گوچى جىڭغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك تەدبىر قوللاندى: ( 1 ) جىڭ ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى يەن يۇشەنگە ئورگان خادىملىرىنى ۋە خەلق ئاممىسىنى باشلاپ شىخودىن جىڭغا قايتىپ كېلىپ، قوشۇنلارنىڭ جىڭ ناھىيە بازىرىدا مۇداپىئە كۆرۈشىگە ياردەم بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى؛ ( 2 ) بارلىق ئىستىھكاملارنىڭ قېلىنلىقىنى 2 مېتىردىن ئاشۇرۇپ پۇختىلاپ، ئەتراپىغا 3 مېتىر كەڭلىكتە ئايلانما خەندەك كولاپ سۇ قويۇۋېتىپ، خەندەك سىرتىغا زىچ مىنا كۆمۈش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى؛ ( 3 ) ليو لۇنيۈەنگە ئۆز تۈەنىنى باشلاپ مىللىي ئارمىيە تۇرۇشلۇق يۇڭجىخۇنى ئىگىلەپ، بۇ يەردە تۇرۇشلۇق مىللىي ئارمىيىنى چېكىنىشكە مەجبۇرلاش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى .

4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى  گومىنداڭنىڭ مايتاغدا تۇرۇشلۇق قوشۇنىنىڭ بىر مىللىي لىيەنىدىكى 125 ئادەم لىيەنجاڭ سوپاخۇن سوۋۇروپ② نىڭ يېتەكچىلىكىدە ھەققەتكە قايتتى، ئۇلار گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ قوغلاپ زەربە بېرىشىدىن قۇتۇلۇپ، بورتالادا مىللىي ئارمىيە بىلەن ئۇچراشتى .

---

① «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 3 - توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 433 -، 434 - بەتلەر.

② سوپاخۇن سوۋۇروپ (1915 —): شىنجاڭ قۇمۇلدىن، ئۇيغۇر. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە، مىللىي ئارمىيە ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنىنىڭ تۈەنجاڭى بولۇپ، ئاتلىق پارتىزانلارنى باشلاپ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى باي ناھىيىسى، ئاقسۇ، ئاقسۇ كونا شەھەر قاتارلىق جايلارغا ھۇجۇم قىلغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتى تاشيول ئىدارىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان.

4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى    مىللىي ئارمىيىنىڭ ئىلى پىيادە ئەسكەرلەر 2 - تۈەنى قاتارلىق قوشۇنلار جىڭ ناھىيىسىدىكى داخىيەنزىنى ئىگىلىدى.

4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى    «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى 47 - نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ، رەھىمجان سابىرھاجىغا شاڭشاۋلىق ھەربىي ئۇنۋان بېرىش، پاۋىل پاپلوۋىچ مۇسكالىيوپ، نەبىجان يۇسۇپ، ئەخمەتجان قاسىملارغا جۇڭشاۋلىق ھەربىي ئۇنۋان بېرىشنى بەلگىلىدى.

5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى    سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسى گېرمانىيىنىڭ پايتەختى بېرلىننى ئىشغال قىلدى. 9 - كۈنى ستالىن گېرمانىيىگە قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىلىك ئاياغلاشقانلىقىنى جاكارلىدى.

شۇ كۈنى    «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت»نىڭ ئورگان گېزىتى «ئازاد شەرقىي تۈركىستان گېزىتى» «تار مىللەتچىلىك ۋە ئەمەلپەرەستلىك ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنىمىز» دېگەن تېمىدا ماقالە ئېلان قىلدى.

5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى    «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى 49 - نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ ساداقەت ئوردېنى بېرىشنى بەلگىلىدى ھەمدە ئوردېن بېرىش شەرتى، چارىسى ۋە ئوردېنغا ئېرىشكۈچىلەر بەھرىمەن بولىدىغان تەمىنات، ھوقۇق توغرىسىدا كونكرېت بەلگىلىمە چىقاردى.

5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى    دۈبېك جالغىنبايوپ بالقاش ئالمىغازى، جاغدا بابالىكوپ①نى چاغانتوقايدا پارتىزانلار ئەترىتى تەشكىللەشكە ئەۋەتتى. كېيىن چاغانتوقاي پارتىزانلىرى زورىيىپ 500 ئادەمگە يەتتى.

---

① جاغدا بابالىكوپ (1922 —) : شىنجاڭ چۆچەكتىن، قازاق. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، چاغانتوقاي پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ باشلىقى، مىللىي ئارمىيە ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنىنىڭ سىياسىي كومىسسارى بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ باشلىقى بولغان. كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ كەتكەن، ھازىر ئالما - ئاتادا تۇرۇۋاتىدۇ.

**5 - ئاينىڭ باشلىرى** قالىبەك①قاتارلىق كىشىلەر ساۋەن ناھىيىسىدى-
كى نەنسەندە قازاق چارۋىچىلار ئاساس قىلىنغان يۈز كىشىگە يېقىن بىر
پارتىزانلار ئەترىتىنى تەشكىللىدى.

**5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى** «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى «جىنايى
ئىشلار دەۋاسى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە»نى ئېلان قىلدى. بۇ
بەلگىلىمە جەمئىي 11 ماددا بولۇپ، ئۇنىڭدا پۇقرالارنىڭ ھوقۇقى، مەج-
بۇرىيىتى، جىنايى ئىشلار دەۋاسى تەرتىپى، چارىسى، ھۆكۈم قىلىش،
ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىش ۋە بېجىرىش نەتىجىسى قاتارلىق جەھەتلەردە تەپ-
سىلىي بەلگىلىمە چىقىرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سىياسىي جىنا-
يەت، ئوغرىلىق جىنايىتى، مەسئۇلىيەتسىزلىك جىنايىتى، باسقۇنچىلىق جى-
نايىتى قاتارلىقلارنىڭ مەزمۇنى، ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەتنىڭ ئېغىر - يېنىكلى-
كى، جازا ئۆلچىمى، ھۆكۈم قىلىش ئۇسۇلى ۋە ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىش
چارىسى توغرىسىدىمۇ تەپسىلىي بەلگىلىمىلەر چىقىرىلدى.

**5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى** «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى جاكارلىغان
«ھەر قايسى ناھىيىلەرنىڭ ھاكىملىرىغا، مىڭبېشى، يۈز بېشى، ئەللىكبې-
شى، ئونبېشىلارغا ۋە بارلىق پۇقرالارغا مۇراجىئەت» تە: ناھىيە، را-
يون، يېزا، كەنتلەرنى مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىشتا بىردەك بۇرۇنقى ھا-
لەت ساقلاپ قېلىنىدۇ، ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت-
لەر ئۆزىگە قاراشلىق دائىرە بويىچە باج ئالىدۇ ۋە ھوقۇق يۈرگۈزىدۇ،
دەپ بەلگىلەندى.

---

① قالىبەك (1908 — 1985): يەنى قالىبەك رەيىمبەك خوجىبەك، شىنجاڭ چاغانتوقاي-
دىن، قازاق. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ باشلىقى بول-
غان، كېيىن ساۋەن ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى بولغان. 1947 - يىلى ئۆزىنى گومىنداڭ قوينىغا ئاتقان.
شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، تۈركىيىگە قېچىپ كەتكەن. 1985 - يىل 11 - ئاي-
دا تۈركىيىدە كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۆلگەن.

**5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى** «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى مۇنۇلارنى قارار قىلدى: قاتناش - ترانسپورت ئىدارىسى مالىيە نازارىتىدىن ئايرىلىپ چىقىش، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، ئاممىۋى تەشكىلاتلار، ھەربىي قىسىملار مېلىنى مەزكۇر ئىدارىنىڭ توشۇشىغا تاپشۇرۇش، ئۇنداق قىلمىسا، مالىيە نازارىتى توشۇش راسخوتى ئاجرىتىپ بەرمەسلىك.

**5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى** ستالىن ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ترومىنىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەلچىسى خوپكىنسقا: ئەگەر جۇڭگو يالتا مەخپىي كېلىشىمىدىكى شەرتلەرگە ماقۇل بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىنىڭ دەرھال ئەسكەر چىقىرىپ شەرقىي شىمالدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ يەنە جياڭ جيېشى رەھبەرلىكىدىكى جۇڭگونىڭ بىرلىككە كېلىشىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللايدىغانلىقىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودىن، مەيلى شىنجاڭدا ياكى باشقا جايلاردا زېمىن تەلەپ قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

**5 - ئاينىڭ ئاخىرى** مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى قازاقان مانامبايوپنى 70 نەپەر كىشىنى باشلاپ، نىلقا ناھىيىسى چېگرىسى تەۋەسىدىكى تامغالى ئارقىلىق ساۋەن ناھىيىسىگە كىرىشكە ئەۋەتتى. 6 - ئايدا يەنە 2 - تۈركۈمدە ئەۋەتىلگەن 200 نەپەر كىشىلىك قوراللىق قوشۇن ساۋەن ناھىيىسىگە كىرىپ ئېرەن كابىرغىدا قالىبېك پارتىزانلار ئەترىتى بىلەن ئۇچراشتى.

**شۇ ئاينىڭ ئاخىرى** مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى توختى ھەلموپنى پارتىزانلارنى باشلاپ ئېبىنۇركۆلى بىلەن مايلى تېغى ئەتراپىدا ھەرىكەت قىلىشقا ئەۋەتتى.

**5 - ئاي** «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەر قايسى ناھىيىلەردىكى خەزىنۇ

ئاممىسىنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىغا يىغىش ، شەرقتىكى 5 ناھىيە①دىكى 1000 دىن ئارتۇق خەنزۇ ئاممىسىنى چاپچال ناھىيىسىگە يىغىش ، غەربتىكى 4 ناھىيە②دىكى 2000 دىن ئارتۇق خەنزۇ ئاممىسىنى كۆرەگە يىغىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى .

6 - ئاينىڭ باشلىرى **مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى** سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي ئىشلار مەسلىھەتچىلىرىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا جەنۇب ، شىمال ۋە ئوتتۇرا بولۇپ ئۈچ سەپ بويىچە ئۇرۇش قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى . شىمالىي سەپتە جەڭ قىلىدىغان كەڭساي 3 - ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنىنىڭ ۋەزىپىسى شىخو ئارقىلىق تارباغاتاي ۋە ئالتاي ئوتتۇرىسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ ، بۇ ئىككى ۋىلايەتنىڭ شىخو بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ ، تارباغاتاي ، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى ئازاد قىلىش ؛ ئوتتۇرا سەپتە جەڭ قىلىش ۋەزىپىسىنى ئىلى پىيادە ئەسكەرلەر 2 - تۈەنى ، تېكەس 1 - ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى ، ئىلى زاپاس 4 - تۈەنى ، خۇيزۇ مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر يىڭى ، مىناميوت يىڭى ، شىبە مۇستەقىل ئاتلىق ئەسەرلەر لىيەنى ئۈستىگە ئېلىش ، جىڭنى ئاساسلىق ھۇجۇم قىلىش نىشانى قىلىش ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە سۈيدۈڭ پىيادە ئەسكەرلەر 1 - تۈەنى ، توپچى ئەسكەرلەر لىيەنى شىخوغا ھۇجۇم قىلىپ ، ئاندىن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئۈرۈمچىگە قاراپ يۈرۈش قىلىش . جەنۇبىي سەپتە جەڭ قىلىشقا سوپاخۇن سوۋۇروپ مەسئۇل بولۇپ ئاتلىق پارتىزانلارنى باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىپ ، پارتىزانلىق ئۇرۇشنى قانات يايدۇرۇش ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر پەي ئەسكەرنى تاشقورغانغا بېرىپ شۇ جايدىكى پارتىزانلارغا ياردەم بېرىشكە ئەۋەتىپ ، گومىنداڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قوشۇنلىرىنى ئىسكەنجىگە ئېلىش بەلگىلەندى .

---

① شەرقتىكى بەش ناھىيە : شۇ جايدىكى ئاما غۇلجىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان مۇڭغۇلكۈرە ، تېكەس ، توققۇز تارا ، كۈنەس ، نىلقىنى ئادەت بويىچە شەرقتىكى 5 ناھىيە دەپ ئاتايتتى .

② غەربتىكى 4 ناھىيە : شۇ جايدىكى ئاما غۇلجا ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى سۈيدۈڭ ، قورغاس ، چاپچالنى ئادەت بويىچە غەربتىكى 4 ناھىيە دەپ ئاتايتتى .

شۇ ئاينىڭ باشلىرى گومىنداڭنىڭ بۇرۇلتوقايدىكى ھەربىي ، مەمۇرىي خادىملىرى ئالتاي پارتىزانلىرىنىڭ مۇھاسىرىسى ئىچىدە قالغانلىقتىن ، ناھىيە بازىرىنى ساقلاشتىن ۋاز كېچىپ بۇرچىن ناھىيىسىگە قاچتى .

6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى «ئىقتىسادىي دېلولارنى تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق نىزام»نى ئېلان قىلدى ، ئۇنىڭدا : (1) چوڭ - چوڭ ئىقتىسادىي دېلولار سوت مەھكىمىسىنىڭ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇلىدۇ ؛ (2) ئائىلە مال - مۈلكىنى بۆلۈشۈش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ، ئۆتۈنۈپ بېرىش ئىشلىرىغا چېتىلىدىغان ئىقتىسادىي دېلولارنى مەھكىمە شەرئىيە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىدۇ ؛ (3) ئادەتتىكى ئىقتىسادىي دېلولارنى شۇ جايدىكى سودىگەرلەر ئۇيۇشمىلىرى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىدۇ ، دەپ بەلگىلەندى .

6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى تاشقورغان پارتىزانلىرى قەھرىمان شاھ① قاتارلىق كىشىلەرنى تاشقورغان ناھىيىسىدىكى دەفتەر ، تاغارما ، سۇبېشى ۋە بۇلۇڭكۆل قاتارلىق جايلارغا بېرىپ مەخپىي رازۋېدكا قىلىپ ، گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ شۇ يەردىكى ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە قورال - ياراغ بىلەن جابدۇقلىنىش ئەھۋالىنى ئىگىلەش ھەمدە شۇ جايدىكى خەلقتە ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ غەلىبىسى ۋە «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» قۇرۇلغانلىق خەۋىرىنى تەشۋىق قىلىشقا ئەۋەتتى .

6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ليۇزېرۇڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق مۇۋەققەت باش كونسۇلى يېۋسېيېۋقا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن «ئىلىدىكى مالىمانچىلىق»نى تىنجىتىشقا دوستانە ياردەم سوراش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى ، يېۋسېيېۋ بۇ ئىشتا موسكۋادىن يوليورۇق سوراش كېرەكلىكىنى بىلدۈردى .

---

① قەھرىمان شاھ — شىنجاڭ تاشقورغان ناھىيىسىدىن ، تاجىك . ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ، تاشقورغان ئىنقىلابى ئارمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى بولغان . 1946 - يىل 7 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەن .

6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى رەپىق، سىيىت تۇرسۇنلارغا پارتىزانلار ئەترىتىنى باشلاپ كورساي ئېغىزى ئارقىلىق جىڭ ناھىيىسى تەۋەسىگە كىرىپ، جىڭ بىلەن شىخو ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى ئۈزۈپ تاشلاش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. پارتىزانلار 16 - كۈنى نىشانغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، چىڭشۇر كۆۋرۈكىنى كۆيدۈرۈۋەتتى، جىڭ بىلەن شىخو ئوتتۇرىسىدىكى تاشيولنى داۋاملىق بۇزدى، جىڭدىن شىخوغا تۇتىشىدىغان تېلېفون سىمىنى ئۈزۈپ تاشلىدى.

6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى «تەپتىش - سوت ئومۇمىي پرىنسىپى»نى تەستىقلىدى. بۇ ئومۇمىي پرىنسىپ تەپتىش ۋە سوت قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، جەمئىي 32 ماددىدىن تەركىب تاپتى. ئۇنىڭدا تەپتىش ۋە سوت تەرتىپى، يولغا قويۇش چارىسى، ھوقۇق دائىرىسى قاتارلىقلار تەپسىلىي بەلگىلەندى.

6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ۋۇجۇڭشىن چۆچەكدا جياڭ جىيشى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى، تېزدىن جاڭ جىجۇڭ①نى شىنجاڭنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك باشقۇرۇشقا ئەۋەتىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى.

6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى توختى ھەلىمونىڭ يېتەكچىلىكىدە، تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى مايلىدا پارتىزانلار ئەترىتى قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا نۇرسا-

---

① جاڭ جىجۇڭ (1890—1969): ئەنخۇي ساۋشەن ناھىيىسىدىن، خەنزۇ، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ گېنېرالى. 1945 - يىل 9 - ئايدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ھەربىي ئىشلار كومىتېتى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. جاڭ جىجۇڭ مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكىلى سالاھىيىتى بىلەن، ئۈچ ۋىلايەت بىلەن بولغان سۆھبەتكە رىياسەتچىلىك قىلغان. 1946 - يىل 7 - ئايدىن 1947 - يىل 5 - ئايغىچە، جاڭ جىجۇڭ غەربىي شىمال بارگاھىنىڭ مۇدىرى، قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، غەربىي شىمال ھەربىي مەمۇرىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن ۋەيىۋەنجاڭى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1969 - يىلى بېيجىڭدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان.

پا سنيتجانوپ بلەن قالى مەسئۇل بولدى.

**6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى** «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ئەسكەر ئېلىش بۇيرۇقى چۈشۈردى، بۇيرۇقتا ئىلدىكى ھەر قايسى ناھىيەلەردىن 500 ئەسكەر ئېلىش بەلگىلەندى.

**6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى** مىللىي ھۆكۈمەت مەمۇرىي كېڭەشنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى، قوشۇمچە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى سۈڭ زىۋېن چۈڭچىڭدا نۆۋەتتە شىنجاڭدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ئۈستىدە ۋۇجۇڭشىن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، لىيوزىيرۇڭنى تېلېگرامما ئارقىلىق چۈڭچىڭغا چاقىرتىپ موسكۋاغا بىللە بېرىشنى بېكىتتى.

**شۇ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى** دەلىلقان سۇگۇرباييوپ 1200 نەپەر كىشىلىك ئالتاي پارتىزانلىرىنى باشلاپ ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ سار سۇمبە ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلدى، ئۇدا يەتتە كېچە - كۈندۈز جەڭ قىلىپمۇ ناھىيە بازىرىنى ئالالماي، چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى.

**6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى** دەلىلقان سۇگۇرباييوپ ئالتاي پارتىزانلىرى ئەترىتىنى باشلاپ سارسۇمبە ناھىيە بازىرىغا قايتا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقاندا، ئىككى چوڭ ئەترەتنىڭ باشلىقى نۇرقوجاي بىلەن سۇلايمان جەڭ باشلىنىش ئالدىدا يۈز ئورۇپلا، سارسۇمبىنى ساقلاۋاتقان قوشۇنلارغا تەسلىم بولغانلىقتىن، پارتىزانلار چىڭگىل ناھىيىسگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى.

**6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى** مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى نا-

سىروپ مىرزا ( سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن مەسلىھەتچى ، ئۇيغۇر ) بىلەن
ئارسلانخان ( ئېلىخان تۆرىنىڭ ئوغلى )نى ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتىنى
باشلاپ كۈنەستىن چىقىپ يولتۇزغا بېرىپ ، جەنۇبىي شىنجاڭغا بارىدىغان
مۇھىم ئېغىز تەلەمەت داۋىنىغا شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى ھەم-
دە ئۇلارغا مىنامىيوت ۋە يېنىك ، ئېغىر تىپتىكى پىلىموتلارنى سەپلەپ بەر-
دى . گومىنداڭنىڭ كۇچا ناھىيىسىدە تۇرۇشلۇق ھاكىمى جاڭ خەنۇبىي ۋا-
قىتلىق ھەربىي ھالەت ئېلان قىلدى ھەمدە جۇشاۋلياڭ ، ۋۇجۇڭشىنغا جىد-
دىي تېلېگراممىا يوللاپ ياردەم سورىدى .

6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى   جۇشاۋلياڭ ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش گار-
نىزونىنىڭ مۇۋەققەت سەنمۇجاڭى ، 11 - ئاتلىق ئەسكەرلەر شىسىنىڭ باش-
لىقى شاڭ چاۋجۇڭنى كۇچاغا بېرىپ قوماندانلىق قىلىشقا ، لوكەنفېننى
ۋاقىتىنچە ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش گارنىزونىنىڭ سەنمۇجاڭلىقىنى ئۈستى-
گە ئېلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى .

6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى   ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى
ۋاررېد ۋۇجۇڭشىننى زىيارەت قىلىپ ، ئىلىنىڭ يېقىنقى ئەھۋالىنى سورۇش-
تۇردى ھەمدە ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ترۇمىننىڭ پەۋقۇلئاددە ئەلچىسى خوپكىن-
سىنىڭ موسكۋاغا كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ ، « ئىلى ۋەقەسى »نىڭ يەنە كېڭىيىپ
كەتمەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى .

6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى   سۇڭ زىۋېن ، جياڭ جىڭگو ، ليۇزېرۇڭ قاتار-
لىقلار ئايروپىلان بىلەن موسكۋاغا بېرىپ ، يالتا مەخپىي كېلىشىمى توغرى-
سىدا ستالىن قاتارلىق سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆت-
كۈزدى .

6 - ئاي تاشقورغان پارتىزانلار ئەترىتى قەھرىمان شاھ، مەمەت ئەيسا قاتارلىق كىشىلەرنى چېگرىدىن ئۆتۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەم تەلەپ قىلىشقا ئەۋەتتى، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ ئالاقىدار زاتلىرى تاشقورغان پارتىزانلار ئەترىتىنى قوللايدىغانلىقى ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى 59 - نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ، ئادىلبېك يۈسۈپبېكوپنى①دۆلەت تەپتىش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، ۋاققاس ھاجى مىرشانوپنى مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىغا تەيىنلىدى.

شۇ كۈنى مايلى پارتىزانلار ئەترىتى بىلەن ئېبىنۇر كۆلى پارتىزانلار ئەترىتى بىرلىكتە قىزىلتۇزدا (خۇگيەنپىي) يىغىن ئۆتكۈزۈپ، بىرلىشىپ ئېبىنۇر كۆلى - مايلى پارتىزانلار ئەترىتى قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى، توختى ھەلىموپ ئەترەت باشلىقى، نۇرساپا سېيىتجانوپ بىلەن قالى مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى بولدى.

7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئىمىل قوماندانلىق شتابى مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىغا خەت ئەۋەتىپ، تارباغاتاينى ئازاد قىلىش پۇرسىتى پىشىشىپ يېتىلدى، دەپ ھېسابلىدى ۋە دەرھال قوشۇن ئەۋەتىشنى تەلەپ

① ئادىلبېك يۈسۈپبېكوپ (1904 -): روسىيە ئەنجاندا تۇغۇلغان، ئۆزبېك، سودىگەر. 30 - يىللارنىڭ باشلىرىدا غۇلجىدا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەن، ھازىر ئەنجاندا.

قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇۋان ياكوۋلىۋېچ پالىنوپ قوشۇننى باشلاپ ئى-
لىدىن تارباغاتاي ۋىلايىتىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئالدىن يۈرەر قىسىم
موڭغۇل مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر يېڭى ئۇزۇنبۇلاققا كېلىپ ئېبىنۇركۆلى-
مايلى پارتىزانلار ئەترىتى بىلەن ئۇچرىشىپ مىللىي ئارمىيە باش قوماند-
انلىق شتابىنىڭ تارباغاتاينى ئازاد قىلىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىنى
ئېلان قىلدى ھەمدە كونكرېت ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى.

**شۇ كۈنى** جياڭ جيېشى چۇڭچىڭدا يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلىپ،
موسكۋادا ئۆتكۈزۈلىدىغان جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقى سۆھبىتىگە ئالاقىدار
ئىشلارنى مەخسۇس مۇزاكىرە قىلدى. يىغىندا مۇنداق قارار چىقىرىلدى:
سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال ۋە شىنجاڭدىكى زې-
مىنغا ۋە مەمۇرىي ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلالىسا ھەمدە جۇڭگو كوممۇنىس-
تىك پارتىيىسىگە ۋە «شىنجاڭ توپىلاڭى»غا ھېچقانداق ياردەم بەرمەيدى-
غان بولسا، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئالدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى موڭغۇ-
لىيە (يەنى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى)گە ئالاقىدار تەلەپلىرىنى ئويلى-
شىدۇ.

**شۇ كۈنى** «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى مۇھەممەتجان مەخسۇم باش-
چىلىقىدىكى خىزمەت ئۆمىكىنى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى بىلەن بىرگە تاربا-
غاتاي بىلەن ئالتايغا يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتىشنى قارار قىلدى. خىزمەت
ئۆمىكىنىڭ ۋەزىپىسى: (1) مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى ھۇجۇم بىلەن ئىگىلى-
گەن جايلاردا ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەتلەرنى قۇرۇپ، ئۇنى شۇ جايلار-
نىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداشقا مەسئۇل قىلىش. (2) مىللىي ئارمىيە
قىسىملىرىغا ئەسكەر تولۇقلاش ۋە ئۇلارنى ئوزۇق - تۈلۈك بىلەن تەمىنلەش-
كە مەسئۇل قىلىش. (3) ئىگىلىگەن جايلارنىڭ مال - مۈلكىنى ۋە قىسىملار

غەنىيمەت ئالغان قورال - ياراغ ، ئوق - دورىلارنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا مەس-
ئۇل قىلىش .

**شۇ كۈنى** «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى بىلەن مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى گومىنداڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەسكىرىي كۈچى-نى ئىسكەنجىگە ئېلىپ ، ئوتتۇرا سەپتىكى ئۇرۇشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرى-لىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ، مۇنداق قارار چىقار-دى : ( 1 ) سوپاخۇن سوۋۇروپ ئەترەت باشلىقى ، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ سىياسىي كومىسسار ، رازىيوپ داموللا دىنىي ئىشلار مەسئۇلى بولغان ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتى قۇرۇلدۇ ، ئۇلار ئاقسۇغا بېرىپ ، پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئېلىپ باردۇ . ( 2 ) سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي ئىشلار خادىمى ئىسكەندەر ( ئەسلى ئىسمى ئىۋان ئىۋانوۋىچ ئىۋانوپ ) بىلەن زاكىر تۆرە ( ئەسلى ئىسمى شوخپۇل ) ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ ھەربىي ئىشلار مەسلىھەتچىسى بولىدۇ . ( 3 ) قۇربانجان ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ ئارقا سەپ تەمىناتىغا مەسئۇل بولىدۇ . ( 4 ) قاسىمجان قەمبىرى ھۆكۈمەت خىزمەت ئۆمىكىنى باشلاپ بىرگە باردۇ .

7 - **ئاينىڭ باشلىرى** جېمنەي پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ بىر قىسمى سا-غانئوبانى ساقلاۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنىنى تارمار قىلىپ ، گومىنداڭنىڭ تارباغاتايدىن ئالتايغا ياردەم بېرىدىغان يولىنى ئۈزۈپ تاشلىدى .

7 - **ئاينىڭ 7 - كۈنى** جياڭ جيېشى موسكۋادا سوۋېت ئىتتىپاقى بى-لەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋاتقان سۇڭ زىۋېنغا ئارقا - ئارقىدىن ئىككى پارچە مەخپىي تېلېگراما ئەۋەتىپ ، مۇنداق يوليورۇق بەردى : « تاشقى موڭغۇل-ىينىڭ ئۇرۇشتىن كېيىن مۇستەقىل بولۇشىغا يول قويۇش »قا بولىدۇ ، لېكىن سوۋېت ئىتتىپاق تەرەپ « شەرقىي شىمال زېمىنىمىزنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە مەمۇرىي جەھەتتىكى پۈتۈنلۈكىنى ئېتىراپ قىلىشى ، جۇڭگو كوممۇنىستىك

پارتىيىسى ۋە «شىنجاڭ توپىلىڭى»غا قايتا ھېچقانداق ياردەم بەرمەسلىكى» كېرەك.

7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى سۈڭ زىۋېن جياڭ جيېشىنىڭ تېلېگرامما يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ستالىنغا مۇنداق دېدى: سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئەگەر جۇڭگونىڭ «شىنجاڭ توپىلىڭى»نى تىنجىتىشىغا ياردەم بېرىش قاتارلىق مەسىلىلەردە ۋەدە بەرسە، جۇڭگو ھۆكۈمىتى تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسىدە يول قويىدۇ. ستالىن: مەيلى يەنئەن، شىنجاڭ بولسۇن بىردەك ۋېيۋەنجاڭ جياڭ جيېشىنىڭ رەھبەرلىكىگە بويسۇنىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭ ۋە يەنئەننى بىردەك ۋېيۋەنجاڭ جياڭ جيېشىنىڭ رەھبەرلىك دائىرىسىدىكى جاي دەپ قارايدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى پەقەت گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىلا قوللايدۇ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن بايانات ئېلان قىلىشقا بولىدۇ، دەپ ئىپادە بىلدۈردى ھەمدە سۈڭ زىۋېننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا «ئوغرىلىقچە» قورال يۆتكىشىنى توسۇش توغرىسىدىكى تەلىپىگە ماقۇل بولدى.

7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى 61 - نومۇرلۇق قارارنى ماقۇللاپ، تۇداخۇن مامۇتنى[1] يەر - سۇ ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىغا تەيىنلىدى.

شۇ كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» بورتالا ناھىيىسىگە 237 - نومۇرلۇق يوليورۇق چۈشۈرۈپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئۇرۇش مەزگىلىنى كۆزدە تۇتۇپ، چىقىمنى ئازايتىشقا توغرا كېلىدۇ، شۇڭا ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى قۇرماسلىق قارار قىلىندى. دەۋا، سوت خىزمىتىنى مەھكىمە شەرئىيە بىر تەرەپ قىلىدۇ، سوت مەھكىمىسىگە ئالاقىدار ئىشلارنى ھاكىم بىۋاسىتە بېجىرىدۇ.

---

① تۇداخۇن مامۇت: شىنجاڭ قەشقەردىن، ئۇيغۇر. بۇرۇنلا غۇلجىغا بېرىپ ئولتۇراقلاشقان، سودىگەر. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى يەر - سۇ ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى بولغان.

7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى دېنسوپ① ساۋەن ناھىيىسىدىكى شاۋگۇەيدە رۇس، قازاقلاردىن بولغان دېھقان، چارۋىچىلارغا باشچىلىق قىلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، 100 نەچچە كىشىلىك پارتىزانلار ئەترىتى تەشكىللەپ، 14 - كۈنى شاۋگۇەي ساقچى ئىدارىسىنى ئىشغال قىلىپ، 20 نەچچە مىلتىق غەنىيمەت ئالدى.

7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى يۆتكىگەن ئاتلىق ئەسكەرلەر قىسمى ئارقا - ئارقىدىن قۇمبۇلاققا ئورۇنلاشتى. داخېيەنزىدىن يۆتكىگەن پىيادە ئەسكەرلەر قىسمى 10 ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ ساسەنزىگە ئورۇنلاشتى ھەمدە ساسەنزىدە ئىستىھكام ياسىدى. 22 - كۈنى، يۈگجىخۇ، باجاخۇدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئايروپىلاننىڭ ھىمايىسىدە ئىككى تەرەپتىن قىستاپ قۇمبۇلاققا ھۇجۇم قىلغاندا قايتۇرما زەربىگە ئۇچرىدى. قۇمبۇلاقتىكى مىللىي ئارمىيە 25 - كۈندىن 31 - كۈنگىچە، 100 دىن كۆپرەك تاغ زەمبىرىكى، مىناميوت بىلەن يوگجىخۇدا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى توپقا تۇتتى. ھەر ئىككى تەرەپ چىقىمغا ئۇچراپ، تىركىشىش ھالىتىدە تۇردى.

7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى جياڭ جيېشى جۇڭشاۋلياڭ، ۋۇجۇڭشىنلارغا ئۆكتەبىردە ئىلىنى «قايتۇرۇۋېلىش» ئىشىغا تۇتۇش قىلىشنى بۇيرۇدى. جۇڭشاۋلياڭ بىلەن ۋۇجۇڭشىن ئەگەر بۇ قېتىم سۇڭ زىۋېن بىلەن ستالىننىڭ سۆھبىتى نەتىجىلىك بولسا، جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتى ياخشىلىنىدۇ، شىنجاڭغا ئالاقىدار ئىشلاردا جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى چۈشىنىش ھاسىل قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، ئىلىنى ئۆكتەبىردە سىياسىي يول بىلەن قايتۇرۇپ كەلگىلى بولىدۇ، دەپ ھېسابلىدى.

---

① دېنسوپ: سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەلىكىدىكى مۇھاجىر، رۇس. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندا، شاۋگۇەيدە پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولغان، كېيىن مىللىي ئارمىيەدە تۇەنجاڭ بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتقان.

**7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى** ئالتاي پارتىزانلار ئەترىتى ئەۋەتكەن بىر قى-
سىم قوراللىق كۈچلەرنىڭ بارىكۆل (ھازىرقى بارىكۆل قازاق ئاپتونوم نا-
ھىيىسى) ئەتراپىدا تەسىرى كۈنسايىن زورايدى. لى تېيجۈن بۇيرۇققا بى-
نائەن ئۈرۈمچىدىن قۇمۇلغا كېلىپ، ئۇلارنى باستۇرۇش ئىشىغا رىياسەتچى-
لىك قىلدى. «باندىتلارنى تازىلاش» بىلەن مۇھىم بازىنى مۇستەھكەم
ساقلاشقا تەڭ ئېتىبار بېرىشنى قارار قىلدى. ئالدى بىلەن بارىكۆلنىڭ
نەنسەن تېغىدىكى «باندىتلارنى ئاختۇرۇپ» پارتىزانلارنى يوقىتىپ،
چارۋىچىلارنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن قوشۇن ئەۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن
بىرگە، بارىكۆلنى ساقلاۋاتقان قوشۇن بىلەن يەرلىك قوغدىنىش ئەترەت-
لىرىگە تېلېگراممىا ئەۋەتىپ شاگو بازىرى، شىكومېنزى، سۈگشۈتاڭ لىنىيە-
سىنى چىڭ ساقلاپ، پارتىزانلارنىڭ غەربكە ماڭىدىغان يولىنى توسۇش
ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. يەنە قۇمۇلدىن يېڭى 2 - جۈن ئاتلىق ئەس-
كەرلەر تۈەنىنى بېيشەندىكى پارتىزانلارنى تازىلاشقا ئەۋەتىش ھەققىدە
بۇيرۇق چۈشۈردى ھەمدە جۇشاۋلياڭغا تېلېگراممىا يوللاپ 42 - جۈنگە بى-
ۋاستە قاراشلىق ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى، ساپيورلار يىڭنى قۇمۇلغا مۇ-
داپىئە قىلىشقا يۆتكەشنى ئىلتىماس قىلدى.

**7 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە** 18 - كۈنى، سوپاخۇن
سوۋۇروپ ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتىنى باشلاپ غۇلجىدىن چىقىپ 19 - كۈ-
نى تېكەس ناھىيە بازىرىغا كىرىپ ئورۇنلاشتى. 23 - كۈنى تېكەس ناھىيە
بازىرىدىن يولغا چىقىپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاقسۇغا يۈرۈش قىلىش
سەپىرىگە ئاتلاندى.

**7 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە** 18 - كۈنى، ئېردەنى موڭ-
غۇل مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر يىڭنى باشلاپ، ئېبنۇر كۆلى - مايلى
پارتىزانلار ئەترىتى بىلەن بىرگە تارباغاتاي - شىخو تاشيولىنىڭ بوغۇزى
ئوتنى ئىگىلىدى. 23 - كۈنى، قوشۇن ئۈچ يولغا بۆلۈندى، توختى ھەل-
موپ بىر قىسىم پارتىزانلارنى باشلاپ چارۋىچىلارنى قوغداپ جايىر تېغىغا

ئاپىرىپ قويدى؛ ئىردەنى موڭغۇل مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر يىگىنى باشلاپ تارتاشقا ھۇجۇم قىلدى، نۇرساپا سىيىتجانوپ بىلەن قالى بىر قىسىم پارتىزانلارنى باشلاپ جامانتوۋغا ھۇجۇم قىلدى.

7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ساۋەندە تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قوشۇنى شاۋگۈەينى قايتىدىن ئىشغال قىلىۋالدى.

7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى 69 - نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ، چى، جىڭ، كۈرە، شىڭ، لى، مو قاتارلىق ئۆلچەم بىرلىكلىرىنى بىكار قىلىپ، بىردەك خەلقئارا مېتر سىستېمىسى، كىلوگرام قاتارلىقلارنى قوللىنىشنى، ئۈنى يولغا قويۇشقا مالىيە نازارىتى مەسئۇل بولۇش، نازارەت قىلىشنى بەلگىلىدى.

7 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە 24 - كۈنى، فاتىي ئىۋانوۋىچ لېسكىن كەڭسايى 3 - ئاتلىق ئەسكەرلەر تۆەننى باشلاپ جامانتوۋغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئىبنۇر كۆلى - مايلى پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ بىر قىسمىغا كۆلدېلىگە بېرىش، قالغان قىسىملارغا دەرھال موفاڭ (بۈگۈنكى تولى ناھىيە بازىرى)، دۆربىلجىنگە يۈرۈش قىلىپ، چۆچەكنى ئېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. 25 - كۈنى، كەڭسايى ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 - تۆەنى ۋە ئىبنۇر كۆلى - مايلى پارتىزانلار ئەترىتى دۆربىلجىندىن جەنۇبقا قاراپ يۈرۈش قىلغان گومىنداڭ قوشۇنىنى موفاڭغا قايىسۋالدى، كەسكىن جەڭ قىلىش ئارقىلىق، گومىنداڭ قوشۇنىنى پۈتۈنلەي تارمار قىلىپ، شامال ئۆتەڭنىمۇ ئىشغال قىلدى. 26 - كۈنى، شامال ئۆتەڭنىڭ جەنۇبىدىن بىر كىلومېتر يىراقلىقتا دۆربىلجىندىن ياردەمگە كەلگەن گومىنداڭ قوشۇنىغا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ زەربە بەردى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، شىخودىن كەلگەن گومىنداڭ ياردەمچى قوشۇنلىرى كۆلدېلىگە يېتىپ كەلگەندە، ئىبنۇر كۆلى - مايلى پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ قايتۇرما زەربىسىگە ئۇچراپ، ئوت ئەتراپىغا چېكىندى. 27 - كۈنى، كەڭسايى ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 -

تۆەنى بىلەن ئېبنۆر كۆلى - مايلى پارتىزانلار ئەترىتى بۆ بىر قىسىم گومىن-
داڭ ياردەمچى قوشۇنلىرىنى يوقاتتى .

7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى «ۋاقىتلىق هۆكۈمەت» هەيئىتى 70 - نومۇرلۇق
قارار ماقۇللاپ ، ئالدىنقى بىر مەزگىلدە ئۆز قارمىقىدىكى هەر قايسى نا-
هىيىلىك هاكىمىيەتلەرنىڭ نامى «هاكىم مەهكىمىسى»دەپ ئاتالسا ، ئۇنىڭ
مەقسىپى مەنىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ ،
هەر قايسى ناهىيىلەردىكى «هاكىم مەهكىمىسى»لىرىنىڭ نامىنى ناهىيىلىك
هۆكۈمەت دەپ ئاتاش ، «هاكىم» نى ناهىيە باشلىقى دەپ ئاتاشنى
بەلگىلىدى .

7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى «ۋاقىتلىق هۆكۈمەت» هەيئىتى ماركا بېجى ئې-
لىش هەمدە بەش يىلغا بۆلۈپ قايتۇرۇلىدىغان 100 مىليون سوملۇق زايوم
تارقىتىش ؛ 30 مىليون سوملۇق قەغەز پۇلنى كۆپەيتىپ بېسىش ؛ نامرات
رايونلاردىكى دېهقان ، چارۋىچىلار يىللىق كىرىمىنىڭ 10% تىنىلا باجغا
تاپشۇرۇشنى قارار قىلدى .

7 - ئاينىڭ 27 - كۈنى «ۋاقىتلىق هۆكۈمەت» هەيئىتى مۇنۇلارنى قا-
رار قىلدى : سابىق جۇڭگو هۆكۈمىتى تارقاتقان قەغەز پۇلنى ۋە شىنجاڭ
ئۆلكە پۇلىنى «ۋاقىتلىق هۆكۈمەت»نىڭ تامغىسى بېسىلغاندىن كېيىن ئىش-
لەتكىلى بولىدۇ ، تامغا بېسىلمىغانلىرىنىڭ قىممىتى تۆۋەنلىتىپ ئىشلىتىلىدۇ .

7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى مىللىي ئارمىيە ۋە پارتىزانلاردىن بولۇپ جەم-
ئىي 3000 دىن كۆپرەك كىشى فاتىپ ئىۋانوۋىچ لېسكىننىڭ قوماندانلىقىدا
دۆربىلجىن ناهىيە بازىرىنى بىر يوللا ئىشغال قىلىپ ، 200 نەچچە دۈشمەن-
نى يوقاتتى ، 67 ئاپتوموبىل غەنىيمەت ئالدى . دۆربىلجىننى ساقلاۋاتقان
قوشۇننىڭ قالدۇقلىرى شىمالغا قاراپ قاچتى . دۆربىلجىن ناهىيىسىنىڭ ها-
كىمى جياۋنەيچېڭ تەسلىم بولدى .

**7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى** « ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت » ھەيئىتى 74 - نومۇرلۇق
قارار ماقۇللاپ مۇنۇلارنى بەلگىلىدى : ( 1 ) پېتىر رومانوۋىچ ئالېكساندۇ-
روپنى « ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت »نىڭ ئەزالىقىدىن قالدۇرۇش . ( 2 ) ئىۋان يا-
كوۋلىۋىچ پالىنوپ ، ئىسھاقبېك مونونوپلارنى « ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت »نىڭ ئە-
زالىقىغا تولۇقلاش .

**7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى** يەنئەندە نەشىر قىلىنغان ج ك پ مەركىزىي
كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى — « ئازادلىق گېزىتى » دە « شىنجاڭدىكى ئاز
سانلىق مىللەتلەر گومىنداڭنىڭ زوراۋانلىق ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرماق-
تا »دېگەن سەرلەۋھىلىك ماقالا بېسىلىپ ، مۇنداق كۆرسىتىلدى : شىنجاڭ-
دىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ زوراۋانلىق ھۆ-
كۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى بۇلتۇر 3 - ئايدىن ئارتىپ تا بۈ-
گۈنگە قەدەر توختاپ قالغىنى يوق . گومىنداڭ ھۆكۈمىتى نەچچە ئون مىڭلى-
غان قوشۇننى ئەۋەتىپ باستۇرغان بولسىمۇ ، لېكىن شىنجاڭدىكى ئاز سان-
لىق مىللەتلەردىن بولغان قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ قوشۇنى كۈنسايىن زو-
رايدى . بۇلتۇر 11 - ئايدا ، قارشى تۇرغۇچىلار شىنجاڭنىڭ شىمالىي
قىسمىدىكى مۇھىم شەھەر غۇلجىنى بىر يولىلا ئىگىلىدى . ئارقىدىنلا ، يەنە
كەينى - كەينىدىن ئىلى ۋە تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىنى كونترول قىلدى . ھا-
زىر ، قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ كۈچى ئۈرۈمچىگە قاراپ كېڭەيمەكتە .

**7 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 31 - كۈنىگىچە** 29 - كۈنى ، مىللىي ئارمى-
يىنىڭ ئالدىن يۈرگۈچى قىسمى چۆچەكنىڭ جەنۇبىغا يېتىپ باردى ھەمدە
گومىنداڭنىڭ سابىق دۆربىلجىن ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى جياۋنەيچېڭ قاتار-
لىقلارنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەشكە شەھەرگە كىرگۈزدى . تارباغاتاينىڭ
ۋالىيسى پېڭ روڭ تەسلىم بولۇشقا ئۈندىگۈچى ۋەكىللەرنى قوبۇل قىلغان-
دىن كېيىن ، دەرھال چۆچەكتىكى ھەربىي - مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ باشلىق-
لىرىنى چاقىرىپ يىغىن ئاچتى . پىكىردە بىرلىككە كېلەلمىگەندىن كېيىن ،

سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ چۆچەكتە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىغا ئادەم ئەۋەتتى. سوۋېت
ئىتتىپاقى تەرەپ ئوفتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ قورال - ياراقنى تاپشۇرغان-
دىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىغا كىرىشىگە قوشۇلدى. 30 - كۈنى
مىللىي ئارمىيە چۆچەكنى قورشىۋالدى. شۇ كۈنى كەچتە، پىڭ رولۇڭ ھۆكۈ-
مەت ئەمەلدارلىرى، شەھەرنى ساقلاۋاتقان ئوفتسېر - چەكچىلەر ۋە خەنزۇ
ئاممىسىدىن بولۇپ 1400 نەچچە كىشىنى باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ
كەتتى. 31 - كۈنى چۆچەك شەھىرى ئازاد بولدى.
شۇ كۈنگە قەدەر، مىللىي ئارمىيە تارتاس، دۆربىلجىن، چۆچەك قا-
تارلىق جايلاردىكى ئۇرۇشلاردا گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ مىڭدىن ئارتۇق ئا-
دىمىنى يوقاتتى، نۇرغۇن قورال - ياراغ، 67 ئاپتوموبىل ۋە باشقا ماد-
دىي ئەشيالارنى غەنىيمەت ئالدى.

7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى جاغدا بابالىكوپ چاغانتوقاي پارتىزانلار
ئەترىتىنى باشلاپ چاغانتوقاي ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلدى، چاغانتوقاي
ناھىيىسىدىكى گومىنداڭنىڭ ھەربىي، ساقچىلىرى بىلەن ناھىيە بازىرىنىڭ
شەرقىي شىمالىغا 15 كىلومېتر كېلىدىغان جايدا كەسكىن جەڭ قىلدى. 31-
كۈنى كەچتە بۇ ناھىيىدىكى ھەربىي - مەمۇرىي خادىملار ۋە خەنزۇ ئاما
چۆچەككە قاراپ چېكىندى، يول ئۈستىدە چۆچەكنىڭ قولدىن كەتكەنلىكى-
دىن خەۋەر تېپىپ، شىخو، ساۋەن تەرەپكە قاراپ چېكىندى، يولدا پارتى-
زانلارنىڭ قورشاپ قوغلاپ زەربە بېرىشى ۋە توسۇپ زەربە بېرىشىگە ئۇچ-
رىدى، چاغانتوقاي ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى نيۇخۇەنجاڭ قاتارلىق 12 كىشىلا
ساۋەن ناھىيە بازىرى (بۈگۈنكى كونا ساۋەن) غا قېچىپ كېلەلىدى.

شۇ كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى 75 - نومۇرلۇق قارار ما-
قۇللاپ، ھەر قايسى ناھىيىلەردە مالىيە بۆلۈمى قۇرۇشنى بەلگىلىدى.

7 - **ئاينىڭ 31 - كۈنى** ۋوجۇگشىن ، جۇشاۋلياڭ جياڭ جيېشىغا تېلېگ-راما يوللاپ مۇنداق دېدى : دۆربىلجىن قولدىن كېتىپ ، پۈتكۈل شىمالىي شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىگە تەسىر كۆرسەتتى ، بىز تاقابىل تۇرالمىدۇق ، چوڭ ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى شىنجاڭغا ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى باشقۇ-رۇشقا تېزدىن ئەۋەتىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز .

7 - **ئاينىڭ ئاخىرى** مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى غۇلجى-دىكى بايانداىيدا ئوفىتسېرلار مەكتىپى ئېچىپ ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر قى-سىم ھەربىي خادىملىرىنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلدى ، مىللىي ئارمىيە-نىڭ پەي ، لىيەن ، يىڭ دەرىجىلىك ھەربىي كوماندىرلىرى نۆۋەت بىلەن تەر-بىيىلەندى ، ھەر قاراردا 300 نەچچە ئوقۇغۇچى ئوقۇدى . ئاساسلىقى ھۇ-جۇم قىلىش ۋە مۇداپىئە كۆرۈش تاكتىكىلىرى ، ئادەتتىكى قوراللارنى ئىشـ-لىتىش ، كېچىدە جەڭ قىلىش ، قوماندانلىق تاكتىسى دەرسلىرى تەسىس قىلىندى .

8 - **ئاينىڭ 1 - كۈنى** مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى ئىۋان يا-كوۋلېۋىچ پالىنوپ بىلەن مۇئاۋىن باش قوماندانى زۇنۇن تېيىپوپ چۆچەك-كە كېلىپ ، ۋاقىتلىق ھەربىي قوماندانلىق شتابى قۇرۇپ ، پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنى ھەربىي ئىدارە قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى .

**شۇ كۈنى** ئابدۇللا رامازانوپ: قاراباس ۋە ئىمىل قوماندانلىق شتابى تارىخىي بۇرچىنى ئادا قىلىپ بولدى ، بۈگۈندىن تارتىپ تارقىتىۋې-تىلىدۇ . دەپ جاكارلىدى . ئۇنىڭ ئۆزى بىر تۈركۈم سوۋېت ئىتتىپاقلىق مەسلىھەتچىلەرنى باشلاپ چۆچەككە خىزمەتكە كەلدى .

8- ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 3 - كۈنىگىچە مىللىي ئارمىيە باش قوماندان-لىق شتابى يوگجىخۇنى ئۇزاق ۋاقىت ھۇجۇم قىلىپ ئالالماسلىقتەك ۋەزىيەت-نى ئوڭشاش ئۈچۈن ، ئىسھاقبېك مونونوپىنى جىڭ ئالدىنقى سېپىگە قوماندانلىق قىلىشقا ئالاھىدە ئەۋەتتى ھەمدە ياردەمگە قوشۇن يۆتكىدى . جىڭ-دىكى ئالدىنقى سەپكە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىلى پىيادە ئەسكەرلەر 2 - تۈەنى ، تېكەس ئاتلىق ئەسكەرلەر 1 - تۈەنى ، ئىلى زاپاس 4 - تۈەنى ، غۇيىزۇ مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر يىگى ، شىبە مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەر-لەر لىيەندىن بولۇپ جەمئىي 4000 دىن ئارتۇق كىشى يۆتكەپ كېلىندى . ئىسھاقبېك مونونوپ ، بىر تەرەپتىن ، ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئەسكىرىي كۈچىنى توپلاپ يوگجىخۇغا قورشاپ ھۇجۇم قىلدى ، يەنە بىر تەرەپتىن ، بىر قىسىم ئەسكىرىي كۈچىنى ئەۋەتىپ باجياخۇنى ساقلاۋاتقان قىسمنى قورشىۋالدى .

8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى 78 - نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ: 1945—1946 - يىللىق ئوقۇش يىلىدا باشلانغۇچ ۋە تو-لۇقسىز ئوتتۇرا (يەتتە يىللىق تۈزۈمدىكى) مەكتەپلەرنى ئېچىش ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ۋاقتىنچە ئاچماسلىق ، ھەر قايسى مەكتەپلەردە 5—7 كىشىلىك ئائىلە باشلىقلىرى ھەيئىتى قۇرۇشنى بەلگىلىدى .

شۇ كۈنى جىمسىنەي پارتىزانلار ئەترىتى بىلەن قوبۇقسار پارتىزانلار ئەترىتى قوبۇقسار ناھىيە بازىرىنى قورشىۋالدى .

8 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 3 - كۈنىگىچە سوپاخۇن سوۋۇروپ ئەترەت باشلىقى ، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ سىياسىي كومىسسارى بولغان ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتى تېكەستىن جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ ، ئۇزۇن مۇساپىنى

بېسىپ ، تەڭرىتاغنى كېسىپ ئۆتۈپ ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى باي ناھىيىسى-نىڭ قىيا تېغى دېگەن جايلىرىنى بىر يولىلا ئىشغال قىلدى .

8 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە 3 - كۈنى ، ۋۇجۇڭشىن 103 - قېتىملىق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرى يىغىنى چاقىرىپ مۇنۇلارنى قارار قىلدى : ئۆلكىلىك خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى قاسىم قۇربان (خۇاشىگمۇ) ، ئۆلكىلىك جارچى - سىلاۋچىلىق ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جاۋجيەنفېڭلار «جارچى - سىلاۋچىلىق» خادىملىرىنى باشلاپ ساۋەنگە بېرىپ «جارچى - سىلاۋچىلىق» قىلىش ھەمدە يول ئۈستىدە ماناس ناھىيىسىنىڭ شىسەن تېغىدىكى پارتىزانلارنى «ئەل بولۇشقا دالالەت قىلىش» ، قاسىم قۇربان (خۇاشىگمۇ) ، جاۋجيەنفېڭلار ساۋەن ناھىيىسىدە 20 كۈنگە يېقىن «جارچى - سىلاۋچىلىق» پائالىيىتى ئېلىپ بارغاندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ ، 24 - كۈنى ، ۋۇجۇڭشىنغا مۇنداق تەكلىپ بەردى : (1) ماناس ناھىيىسىدىكى دوگسەن تېغىدا «جارچى - سىلاۋچىلىق قىلىش»قا ئادەم ئەۋەتىش . (2) ساۋەن ناھىيىسىدىكى ساندوخوزىغا كۆپ ھەربىي كۈچ ئورۇنلاشتۇرۇش . (3) قوشۇن ئەۋەتىپ شىسەن تېغىدىكى قالىبېك پارتىزانلار ئەترىتىنى قورشاپ يوقىتىش . (4) ساۋەن ۋە ماناستىكى ھەربىي كۈچنى تېزلىكتە تولۇقلاش .

8 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئورگان گېزىتى — «خەلق ئاۋازى» نەشر قىلىندى ، ئابدۇقادىر زۇنۇن① گېزىتخانىنىڭ

① ئابدۇقادىر زۇنۇن (1919 — ) : شىنجاڭ ئاتۇشتىن ، ئۇيغۇر ، زىيالىي ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ، تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسى ئورگان گېزىتى — «خەلق ئاۋازى»نىڭ باش مۇھەررىرى بولغان . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان . 1955 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ كەتكەن ، ھازىر تاشكەنتتە .

باشلىقى بولدى.

**شۇ كۈنى** مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى ساۋەن ناھىيىسـ
ـدىكى نەنسەن تېغى ئەتراپىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان قالىبېك پارتىزانلار
ئەترىتىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن 3 - تۈركۈمدە 200 گە يېقىن قوراللىق
كۈچنى ئەۋەتتى، بۇ چاغدا، قالىبېك پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ ئادىمى كۆ-
پىيىپ 1000 دىن ئاشقانىدى.

**شۇ كۈنى** جياڭ جيېشى ۋۇجۇڭشىنغا تېلېگراممۇ ئەۋەتىپ مۇنداق
بۇيرۇق چۈشۈردى: «جايلاردىكى مۈلكى، ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ زېمىنـ
ـنى قوغداش مەجبۇرىيىتى بار، ئەگەر ئەمەلدارلاردىن ئۆزى خالىغانچە چېـ
ـكىنىپ مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىدىغانلار چىقسا، بىردەك شۇ جايدىلا ئېتىپ
تاشلانسۇن».

**8 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 6 - كۈنىگىچە** 4 - كۈنى ئېلىخان تۆرە ۋە ئۇ-
نىڭ سوۋېت ئىنتىپاقلىق مەسلىھەتچىسى مۇھسىن چۆچەككە كەلدى. 6 -
كۈنى، ئۇلار «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتىنىڭ سەييارە يىغىنىنى چاقىرىپ،
تارباغاتاي ۋىلايىتى «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»نىڭ ئايرىلماس
بىر قىسمى دەپ قارار قىلدى. باسباي چولاق ئوغلى باپىن[1]نى تارباغا-
تاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىغا، قاسىماخۇن ئىسمايىلوپ بىلەن مەنسۇر روزىـ
ـيوپنى مۇئاۋىن ۋالىيلىققا، ئابلىمىت ھاجىيوپنى باش كاتىپلىققا تەيىنلىدى

---

① باسباي چولاق ئوغلى باپىن (1899—1953): شىنجاڭ چاغانتوقاي ناھىيىسىدىن،
قازاق. مىللىي يۇقىرى تەبىقىدىكى زات. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمـ
ـتىنىڭ ئەزاسى، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇ-
رۇلغاندىن كېيىن، يەنىلا تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى بولغان. 1953 - يىلى كېسەل سەۋەبى
بىلەن خاڭجۇدا ۋاپات بولغان.

ھەمدە تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ھەر قايسى ئىدارە، باشقارما باشلىقلىرىنى تەيىنلىدى.

8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى 16 - نومۇرلۇق بۇيرۇق چۈشۈرۈپ: ئەسكەر ئېلىش كومىتېتى قۇرۇش ھەمدە ھۆكۈمەت ئورگىنىدىكى شتاتتىن ئارتۇق خادىملارنى ھەربىيلىككە قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىش، بىر ئائىلىدە ئىككى ئادەم ئورگاندا خىزمەت قىلسا، بىرى ھەربىيلىككە قاتنىشىش كېرەك، دەپ بەلگىلىدى.

شۇ كۈنى دۆربىلجىن، چۆچەكنى مىللىي ئارمىيە كەينى - كەينىدىن ئازاد قىلغانلىقتىن، ئالتاي، شىخو، جىڭ قاتارلىق جايلاردا ئۇرۇش قىلىش ياكى چېكىنىش توغرىسىدا شىنجاڭنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي دائىرىلىرى ئىچىدە پىكىر ئىختىلابى كۆرۈلدى. جۇشاۋلياڭ مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن جياڭ جيېشىغا تېلېگراما يوللىدى، جياڭ جيېشى دەرھال تېلېگراما ئەۋەتىپ: مەيلى جىڭ ياكى ئالتاي بولسۇن قەتئىي ساقلاش كېرەك، چېكىنىشكە بولمايدۇ، دەپ بۇيرۇق بەردى.

8 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 7 - كۈنىگىچە 5 - كۈنى ئالتاي پارتىزانلار ئەترىتى سارسۇمبە ناھىيە بازىرىنى قايتا مۇھاسىرىگە ئالدى. ۋۇجۇڭشىن، جۇشاۋلياڭ سىياسىي ئېھتىياج ئۈچۈن، ئەلەن ۋاڭ، جانىمقان، نۇرقوجاي، سۇلايمان قاتارلىقلارنى ئالاھىدە ئايروپىلان ئەۋەتىپ ئۈرۈمچىگە ئەكەلدۈردى. 6 - كۈنى، ۋۇجۇڭشىن بىلەن جۇشاۋلياڭ ئالتاينى ساقلاپ قېلىش جىددىي چارىسىنى مەسلىھەتلىشىپ مۇنۇلارنى بېكىتتى: مەركەزدىن ئۆلكىنىڭ ھاۋا قاتنىشىنى كۈچەيتىشنى ئىلتىماس قىلغاندىن باشقا، ئوسمان ئىسلامنى تەسلىم بولۇشقا دالالەت قىلىشنى كۈچەيتىش، ئايروپىلاننى ئىشقا سېلىپ، دۆربىلجىننى بومباردىمان قىلىپ، ساۋەننى ساقلاپ قېلىشقا كاپالەتلىك قىلىش، ماناس ناھىيىسىنىڭ شىسەن تېغىدىكى قالىبېك

پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ ھەرىكىتىنى توسۇش. 7 - كۈنى ۋۇجۇڭشىن گاۋبو-يۈگە تېلېگراممىا ئەۋەتىپ مۇنداق دېدى: «ئالتاي شىمالىي چېگرىدىكى توساق، ئۇنىڭ قانداق بولۇشى پۈتكۈل ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك، ھەر-بىر جەھەتتە ئۆز ئارا ماسلىشىپ، چەت جايلارنى تىنچىتىپ قولدىن بېرىپ قويماسلىقنىڭ لازىملىقىنى ئۇمىد قىلىمەن».

8 - ئاينىڭ باشلىرى مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى جەنۇ-بىي شىنجاڭدىكى تاشقۇرغان ئىنقىلابىنى قوللاش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش ئۈ-چۈن، قۇربانوپ باشچىلىقىدىكى 300 نەچچە كىشىلىك قوراللىق كۈچنى ئىلىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسى ئارقىلىق تاشقۇرغانغا ئالاھىدە ئەۋەتتى.

8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت»نىڭ مالىيە نازارىتى بې-لەن يەر - سۇ ئىشلىرى نازارىتى بىرلىشىپ مۇنۇلارنى قارار قىلدى: (1) ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرىدىكى خەزىنە ئاممىسى چاپچال نا-ھىيىسى بىلەن كۈرەگە مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقانلىقتىن، يەر - سۇ ئىشلى-رى نازارىتى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرىدىكى ئەسلىدىكى خەنزۇلارنىڭ تېرىغان زىرائەتلىرىنى يىغىۋېلىشقا نازارەت قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ. (2) ھەر قايسى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەر، ناھىيىلىك مالىيە بۆلۈمە-لىرى، ناھىيىلىك يەر - سۇ ئىشلىرى بۆلۈملىرى خەنزۇلارنىڭ ئەسلىدىكى كۆكتاتلىق، باغ - ۋارانلىرىنى باھاغا سۇندۇرۇپ ساتسا، قالغان يەرلە-رىنى شەخسلەرگە كۆتۈرىگە بەرسە بولىدۇ.

8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى 17 - نومۇرلۇق بۇيرۇق ئېلان قىلىپ، يۈلتۇز رايونىنى ئالاھىدە ناھىيە دەپ ئايرىش، تې-يىپ ئاخۇننى يۈلتۇز ناھىيىلىك ھاكىمىيەتنى تەشكىللەپ قۇرۇشقا ئەۋە-تىش، چياڭ زىدېنى ناھىيىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەشنى قارار قىلدى.

شۇ كۈنى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك بانكىسى قۇرۇلدى، ئابدۇلئىبراھىم خەمىت بانكا باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى، پۇل پېرېۋوت ۋە قەرز پۇل كەسپى بېجىرىلىدىغان بولدى، كېيىن يەنە دۆربىلجىن، شىخو تارماق بانكىلىرى قۇرۇلدى.

8 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە 7 - كۈنى دەلىلقان سۈگۈرباييوپ ئالتاي پارتىزانلار ئەترىتىدىكى 1000 دىن ئارتۇق كىشىنى باشلاپ سارسۇمبە ناھىيە بازىرىغا 3 - قېتىم ھۇجۇم قىلدى. موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ 50 نەچچە ھەربىي خادىمى 10 - كۈنى چۈشتىن كېيىندىن تارتىپ 11 - كۈنىگىچە سارسۇمبە ناھىيە بازىرىنى ئۈزۈلدۈرمەي مىناميوت بىلەن توپقا تۇتتى. سارسۇمبىنى ساقلاۋاتقان قوشۇن ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىدى. پارتىزانلار ئەترىتى سارسۇمبە ئەتراپىدىكى مۇھىم جايلارنى ئىگىلىدى. گاۋبوبۇ، ۋەن لىگيۈنلەر جۇشاۋلياڭ، ۋۇجۇڭشىنلارغا ئارقا - ئارقىدىن جىددىي تېلېگراما ئەۋەتىپ: «سارسۇمبە خەۋپ ئىچىدە قالدى، ئۈزۈك - تۈلۈك، ئوق - دورا تۈگىدى، دەرھال ياردەم بېرىڭلار، ئايروپىلان، ئايروپىلان ئەۋەتىڭلار» دېدى. 16 - كۈنى گومىنداڭنىڭ ياردەمگە ئەۋەتىلگەن بىر قىسىم قوشۇنى يېتىپ كەلدى، موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ 50 نەچچە ھەربىي خادىمى چېكىندى. دەلىلقان سۈگۈرباييوپ مىللىي ئارمىيىنىڭ قوبۇقسارغا يېتىپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، قوشۇننى شەھەردىن 15 — 20 كىلومېتىر يىراق جايغا چېكىندۈرۈپ، ئارام ئالغاچ مىللىي ئارمىيىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتتى.

8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى سوپاخۇن سوۋۇروپ، ئابدۇكېرىم ئابباسوپلار ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتىنى باشلاپ ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ باي ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلدى. تۆت سائەت كەسكىن جەڭ قىلىش ئارقىلىق، ناھىيە بازىرىنى ئالدى. باي ناھىيىلىك ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنى قۇرۇپ، ئوسمان سايىتنى ھاكىملىققا تەيىنلىدى.

**8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى** مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى تارباغاتايدا مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر لوۋيى قۇردى ، ئۇنىڭ قارمىقىدا ئېبنۇر كۆلى - مايلى پارتىزانلار ئەترىتى تەرتىپكە سېلىنىپ قۇرۇلغان چۆچەك ئاتلىق ئەسكەرلەر 6 - تۇەنى ، كەڭساي ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 - تۇەنى ، دۆربىلجىن ئاتلىق ئەسكەرلەر 4 - تۇەنى بولۇپ ، فاتىي ئىۋانوۋىچ لېسكىن لوۋجاڭ بولدى . مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر لوۋيى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ ، بىر يول چۆچەك ئاتلىق ئەسكەرلەر 6 - تۇەنى بىلەن موڭغۇل مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر يىگى جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ شىخوغا ھۇجۇم قىلىشقا قاتناشتى ؛ يەنە بىر يول — كەڭساي ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 - تۇەنى بىلەن دۆربىلجىن ئاتلىق ئەسكەرلەر 4 - تۇەنى شىمالغا يۈرۈش قىلىپ قوبۇقسارغا ھۇجۇم قىلدى .

**8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى** گومىنداڭنىڭ ئاقسۇنى ساقلاۋاتقان قوشۇنى ئاتلىق ئەسكەرلەر 5 - تۇەنىنىڭ باشلىقى ، قوشۇمچە ئاقسۇ ، ئاقسۇ كونىشەھەر ، ئۇچتۇرپانىنىڭ مۇداپىئە قوماندانى جاۋخەنچى شىنجاڭ ھەربىي - مەمۇرىي دائىرىلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭنىڭ مۇھىم يول بوغىزى — ئاقسۇنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن ، ئاقسۇنىڭ ۋالىيسى ، قوشۇمچە ئامانلىق ساقلاش گارنىزونىنىڭ قوماندانى چاۋگىن ، تولۇقلىما تۇەنىنىڭ باشلىقى لەي گوگۇاڭ ، ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋۇشاۋبىن قاتارلىقلارنى يىغىپ مەجلىس ئېچىپ ، ئالاقىدار ھەربىي ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى ۋە يىغىندا مۇنداق قارار چىقىرىلدى : ( 1 ) كۈچلۈك ئەسكىرىي كۈچ ئارقىلىق مۇزات داۋىنىنى ساقلاش . ( 2 ) ئۇچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ چېگرا مۇداپىئە چوڭ ئەترەتىنى ئاقسۇغا يۆتكەپ شەھەر مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش . ( 3 ) تولۇقلىما تۇەنىنىڭ مىللىي لېيەندىكى ئوفىتسېر - جەڭچىلەرنى تارقىتىۋېتىش . (4) شەھەردىكى ياش ، ئوتتۇرا ياشلىقلارنى ئەسكەرلىككە ئېلىپ شەھەرنى

ساقلاشقا قاتناشتۇرۇش. (5) ساقچى ئىدارىسى شەھەرنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاشقا مەسئۇل بولۇش. (6) شەھەر سىپىلىغا يېقىن ئەتراپتىكى ئىما- رەتلەرنى چېقىۋېتىپ پوتەي ياساش.

8 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەر- لەر لۈيىدىكى 600 نەچچە كىشى سوۋېت ئىتتىپاقلىق ھەربىي ئىشلار بەسلە- ھەتچىسى دوسكىنوپىنىڭ يېتەكچىلىكىدە 11 - كۈنى قوبۇقسار ناھىيىسىگە يې- تىپ باردى. 14 - كۈنى جېمىنەي پارتىزانلار ئەترىتى قوبۇقسار پارتىزانلار ئەترىتى بىلەن بىرلىكتە قوبۇقسار ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلدى، شەھەر- نى ساقلاۋاتقان ئاتلىق ئەسكەرلەر 11 - شىسى 31 - تۇەنى ۋە قوغدىنىش ئەترىتى جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى، مىللىي ئارمىيە نەچچە كۈن- گىچە شەھەرنى ئالالمىدى. 17 - كۈنى، ئېغىر تىپتىكى مىناميوتنى يۆتكەپ كېلىپ، پىيادە، ئاتلىق ئەسكەرلەرگە ماسلىشىپ، ئۇدا ئۈچ قېتىم كەڭ كۆ- لەمدە ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەننىڭ يېرىمىنى يوقاتتى. 21 - كۈنى كېچىدە، 31 - تۇەننىڭ تۇەنجاڭى شۇ تىگفاڭ قالدۇق قىسمىنى باشلاپ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ ساۋەنگە قېچىپ كەتتى، مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر لۈيى قوبۇقسار ناھىيە بازىرىنى ئىشغال قىلدى. بۇنىڭ بىلەن، مىللىي ئارمىيە- نىڭ ئالتاي ۋىلايىتىگە يۈرۈش قىلىشىغا پايدىلىق شارائىت يارىتىلدى. ھەم ئوتتۇرا سەپتىكى ئۇرۇشقا كۈچلۈك ياردەم بېرىلدى.

8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى شۇ ئاينىڭ باشلىرىدىن 13 - كۈنىگىچە، تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ چۆچەك ناھىيىلىك ھۆكۈمەت، چاغانتوقاي ناھىيىلىك ھۆكۈمەت، دۆربىلجىن ناھىيىلىك ھۆكۈ- مەتلەرنى تەشكىللىدى. ئۆمەرئاخۇننى چۆچەك ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا، قالدىباي قۇناپىينى چاغانتوقاي ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا، نازاربېك تۇر- سىبېكنى دۆربىلجىن ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىدى.

شۇ كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىس-

تىرى ۋالۇ شىجيې بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار مىنىس-
تىرلىكىنىڭ مىنىستىرى مولوتوۋ ئىككى دۆلەت ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن موسكۋا-
دا «جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقى دوستلۇق - ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسى» ۋە
ئۇنىڭغا ئائىت كېلىشىملەرنى ئىمزالىدى. بۇ شەرتنامىگە ئائىت ئالماشتۇ-
رۇلغان قوشۇمچە ھۆججەتلەردە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ
مۇستەقىللىكىنى ئېتىراپ قىلدى، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بولسا مۇن-
داق ئىپادە بىلدۈردى: «شىنجاڭدا يېقىندا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر توغرىسى-
دا، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى دوستلۇق - ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسىنىڭ 5 -
ماددىسىدا ئېيتىلغىنىدەك، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىش نىيىتى-
مىز يوقلۇقىنى تەكىتلەيمىز».

8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ياپونىيە شەرتسىز تەسلىم بولغانلىقىنى رەس-
مىي جاكارلىدى، جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشى
ئاخىرى غەلىبىگە ئېرىشتى.

شۇ كۈنى تاشقورغان پارتىزانلار ئەترىتى تۆت يولغا بۆلۈنۈپ،
ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، بۆلۈڭكۆل، سۇ بېشى، تاغارما ۋە تاشقورغان
ناھىيە بازىرى قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلدى.

8 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە باي ناھىيە بازىرىنى ئىگىلى-
گەن ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتى ئاقسۇ ۋە كۇچاغا ھۇجۇم قىلىشنى ۋاقتىن-
چە توختىتىپ، ئىلگىرى باردىغان مۇھىم ئۆتەڭ مۇزات داۋىنىغا ھۇجۇم قى-
لىشنى قارار قىلدى. 15 - كۈنى ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتى بايدىن يولغا
چىقىپ مۇزات داۋىنىغا ھۇجۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ياسىنغا
بىر قىسىم قوراللىق كۈچكە يېتەكچىلىك قىلىپ باي ناھىيە بازىرىنى ساقلاش-
قا بۇيرۇق قىلدى، گومىنداڭنىڭ ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق قىسمىنىڭ مۇزات دا-
ۋىنىغا كېلىپ، بۇ يەرنى ساقلاۋاتقان قوشۇنغا ياردەم بېرىشنى توسۇش
ئۈچۈن، بىر قىسىم قوراللىق كۈچنى تۆز ئاۋاتقا ئەۋەتتى. ئاتلىق پارتى-

زانلار ئەترىتى بىر نەچچە كۈن جەڭ قىلىپمۇ مۇزات داۋىنىنى ئىشغال قىلالمىدى. بۇ چاغدا، ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتى گومىنداڭنىڭ كۈچادىن چىققان ياردەمچى قوشۇنىنىڭ باي ناھىيە بازىرىنى ئىگىلىۋالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، مۇزات داۋىنىنى ئىمكانقەدەر تېزلىكتە ئېلىپ، ئىلىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشنى قارار قىلدى. 19 - كۈنى ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتى مۇزات داۋىنىنى ئىگىلەپ، 100دىن ئارتۇق دۈشمەننى ئەسىرگە ئالدى، 170 مىلتىق، 18 يېنىك ۋە ئېغىر تېپتىكى پىلىموت، 5 كىچىك تېپتىكى توپ، 210 ئات غەنىيمەت ئالدى، بۇنىڭ بىلەن ئىلىدىن ئاقسۇغىچە بولغان يول ئېچىلدى.

8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تاشقورغان پارتىزانلار ئەترىتى تاشقورغان ناھىيە بازىرىدا ئاممىۋى چوڭ يىغىن ئېچىپ تاشقورغان ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم[1]نى پەخرىي رەھبەرلىككە كۆرسەتتى. ئاقىيولبېك[2]ۋالىيلىققا، خوجاقارىبېك مۇئاۋىن ۋالىيلىققا، شەمشىدىن باش كاتىپلىققا تەيىنلەندى؛ تاغارمادا تاشقورغان ئىنقىلابىي ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانلىق شتابى قۇرۇلۇپ، ئىسھاقبېك مونونوپ پەخرىي باش قوماندانلىققا كۆرسىتىلدى. قەھرىمانشاھ باش قوماندانلىققا، مەمەتئەيسا مۇئاۋىن باش قوماندانلىققا تەيىنلەندى

[1] ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم (1870 - 1955): شىنجاڭ قەشقەردىن، ئۇيغۇر، سودىگەرچىلىك قىلىپ نۇرغۇن بايلىق توپلىغان. ئاتاغلىق سوۋېت پەرەس زات. 1933 - يىل 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قەشقەردە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى بولغان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ھېسداشلىق قىلغان ۋە ئۇنى قوللىغان. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە قەشقەرنىڭ ۋالىيسى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، قەشقەرنىڭ ۋالىيسى بولغان، 1955 - يىلى قەشقەردە كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان.

[2] ئاقىيولبېك: شىنجاڭ تاشقورغان ناھىيىسىدىن، تاجىك، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە، تاشقورغان ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى بولغان. 1946 - يىل 7 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەن.

ھەمدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تۆت تۈمەن قۇرۇلدى.

8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى 81 - نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ، دۆلەت بانكىسىدىكى كىيەك ئالتۇننى ئىلى دەرياسىدىكى پاراخوت قاتنىشى خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ئىشلىتىشنى بەلگىلىدى.

8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى 82 - نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ، مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرىدە جەمئىي 47 مىڭ 167 گېكتار ئۆلكە يەر بار، 1945 - يىلى بىر يىلدا 50 مىليون 308 مىڭ 456 كىلوگرام مەھسۇلات ئېلىنىشى، 6 مىليون 492 مىڭ 704 كىلوگرام غەللە - پاراق تاپشۇرۇلۇشى، يەنى تاپشۇرىدىغان غەللە - پاراق ئومۇمىي مەھسۇلاتنىڭ %12نى ئىگىلىشى كېرەك. ھەر قايسى ناھىيەلەرنىڭ مالىيە خىزمىتىگە مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىملىرى غەللە - پاراق يىغىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا مەسئۇل بولىدۇ.

8 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە سوپاخۇن سوۋۇروپ باشچىلىقىدىكى ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتى قورغاندا ئەرتىپكە سېلىنىپ، ئۈچ ئاتلىق ئەسكەرلەر لىيەنى ۋە بىر پىلموت لىيەنىنى باشقۇرىدىغان بولدى ھەمدە لىيەن، پەي، بەن باشلىقلىرىنى يىگىباشتىن سەپلىدى.

8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى 83 - نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ، مالىيە نازارىتىنىڭ مەسئۇل بولۇشى بىلەن 100 مىليون يۈەن قەغەز پۇل كۆپەيتىپ بېسىشنى بەلگىلىدى.

شۇ كۈنى تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسى ئورگان گېزىتى — «خەلق ئاۋازى»نىڭ موڭغۇلچىسى نەشر قىلىندى.

8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقلىق مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى تاشقورغانغا يېتىپ كەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە غولامخان تۆرە باش مەسلىھەتچى، قارىخان تاشقورغان ئىنقىلابىي ئارمىيىسىنىڭ ھەربىي ئىشلار مەسلىھەتچىسى بولدى.

8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى 84 - نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ، جابۇقباي ئاقىلاقچى①نى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتىنىڭ ئەزالىقىغا تولۇقلىدى.

شۇ كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى 85 - نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ، مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: 100 سوملۇق، 200 سوملۇق، 500 سوملۇق، 1000 سوملۇق، 3000 سوملۇق، 5000 سوملۇق، 10 مىڭ سوملۇق قىممەتتىكى غالىبىيەت زايومىدىن 300 مىليون سوملۇق تارقىتىش، ئىلى ۋىلايىتىدىكى ناھىيىلەرگە 150 مىليون سوملۇق، تارباغاتاي ۋىلايىتىگە 100 مىليون سوملۇق، ئالتاي ۋىلايىتىگە 50 مىليون سوملۇق تەقسىم قىلىش.

8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى «جىنايى ئىشلار قانۇنىنى ۋاقىتلىق يولغا قويۇش بەلگىلىمىسى»نى ئېلان قىلدى. بۇ بەلگىلىمە جەمئىي 101 ماددىلىق بولۇپ، ئۇنىڭدا جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىش تەرتىپى، ئۇسۇلى ۋە سوتلاش قاتارلىق ئىشلار ئۈستىدە تەپسىلىي بەلگىلىمە چىقىرىلدى.

---

① جابۇقباي ئاقىلاقچى (1874 - 1958): شىنجاڭ غۇلجا ناھىيىسىدىن، قازاق. مىللىي يۇقىرى تەبىقىدىكى زات. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى رېۋىزىيە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ دائىمىي ئەزاسى بولغان، 1958 - يىلى غۇلجىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان.

8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى جياڭ جيېشى دۆلەت مۇداپىئە ئالىي كومىتېتى بىلەن گومىنداڭ مەركىزىي دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋاقىتلىق بىرلەشمە يىغىنىدا شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۆلەت ئىچىدىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەپ ئىپادە بىلدۈردى: «نۆۋەتتە، خەلقئارادىكى مىللەتچىلىك ھەل قىلىندى، بىز ھازىر مەملىكەت ئىچىدىكى مىللەتچىلىكنى ھەل قىلىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ سىياسىتىمىز مەملىكەت ئىچىدىكى ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى يوق مىللەتلەرگە ياردەم بېرىپ، ئۇلارنى ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىش؛ چېگرا رايوندا ياشاۋاتقان مىللەتلەرگە نىسبەتەن ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغاندا ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت.»

8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئاقسۇ ۋىلايىتىگە ھۇجۇم قىلغان ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقلىق ھەربىي ئىشلار مەسلىھەتچىسى ئىسكەندەر بىلەن زاكىر تۆرە قورغان ئارقىلىق مۇزات داۋىنىدىن ئۆتۈپ ئىلىغا كېلىپ ئەھۋاللارنى دوكلات قىلىپ، ئەسكىرىي كۈچ كۆپەيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

شۇ كۈنى ۋوجۇگشىن 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى گوجىچاۋغا تېلېگرامما يوللاپ: «ئۆلكىمىزدە غۇلجا ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، مەركەز بېرىدىغان ئەمىنات نەچچە ئايدىن بۇيان يەتكۈزۈلۈپ بېرىلمەي كەلدى. ھازىر ئوزۇق - تۈلۈك، يەم - خەشەك، قورال - ياراغ، ئوق - دورا ۋە ترانسپورت ئىشلىرى بىر مەسىلە بولۇپ قالدى، دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئوڭشالغان تەقدىردىمۇ، قولدىن كەتكەن جايلارنى قايتۇرۇۋېلىش، تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ھاۋا قاتنىشىنى كۈچەيتمەي، يىراق مۇساپىلىك بومباردىمانچى ئايروپىلانلارنى ئىشقا سالماي ۋە باشقا ئۈنۈملۈك ئەمەلىي چارىلەرنى قوللانماي تۇرۇپ خەۋپ ئىچىدە قالغان ۋەزىيەتنى ئوڭشىۋالغىلى بولمايدۇ» دېدى.

**8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى** قابا ناھىيە بازىرىنى ساقلاۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنى ئالتاي پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ مۇھاسىرىسى ئىچىدە قالغاچقا، نائىلاج شەھەرنى تاشلاپ سارسۇمبىگە چېكىندى.

**شۇ كۈنى** جياڭ جيېشى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جاڭ جىجۇڭنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭ «غۇلجا ۋەقەسى»نى مۇھاكىمە قىلىپ ھەل قىلىش يۈزىسىدىن شىنجاڭغا بېرىشى توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئۇنىڭغا مۇنداق ۋەزىپە تاپشۇرۇلدى: «جەڭچىلەرنىڭ ئىرادىسىنى ئۇرغۇتۇش، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىش، بۇ قېتىمقى ۋەقەنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشتا پايدىلىنىش ئۈچۈن دوكلات يېزىش».

**8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى** ماۋزېدۇڭ، جۇئېنلەي، ۋاڭرۇفېي قاتارلىقلار ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىغا ۋەكالىتەن ئايروپىلان بىلەن يەنئەندىن چۇڭچىڭغا بېرىپ، گومىنداڭ بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، دۆلەت قۇرۇش پىلانى ئۈستىدە توختالغاندا، ماۋزېدۇڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزىنى ئازاد قىلىش يولىدا ئېلىپ بارغان كۈرىشىگە ھېسسىداشلىق قىلىدىغانلىقىنى ۋە مەنىۋىي جەھەتتىن مەدەت بېرىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم بىلدۈردى. گومىنداڭنىڭ مىللىي كەمسىتىش ۋە مىللىي ئېزىش سىياسىتىنى بىكار قىلىپ، شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

**شۇ كۈنى** سوپاخۇن سوۋۇروپ ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتىنى باشلاپ قورغاندىن يولغا چىقىپ، ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلىشقا ئاتلاندى.

**8 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە** چۆچەك ئاتلىق ئەسكەرلەر 6 - تۈەنى بىلەن موڭغۇل مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر يىگىمدىن 1000

دىن ئارتۇق كىشى شىخونىڭ غەربىي شىمالىغا 50 كىلومېتر كېلىدىغان چىپەيزىنى مۇھاسىرىگە ئالدى ھەمدە بىر يىلىك ئەسكەر ئەۋەتىپ چىپەيزى بىلەن شىخو ئوتتۇرىسىدىكى قاتناشنى ئۈزۈۋەتتى.

8 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنىگىچە مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھۇجۇم كۈچىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، يەنە ناسىروپ مىرزا بىلەن ئارسلانخاننى ئىككى ئاتلىق ئەسكەرلەر ليەنىنى باشلاپ غۇلجىدىن چىقىپ تەلەمەت داۋىنىدىن ئۆتۈپ، باي ناھىيە بازىرىنى يەنە بىر قېتىم ئىگىلەشكە ئەۋەتتى. بىر قىسىم ئەسكەرى كۈچ باي ناھىيە بازىرىنى ساقلاشقا قالدۇرۇلغاندىن باشقا، قالغانلىرى تەگرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنى بويلاپ غەربكە قاراپ ئىلگىرىلىدى. 11 - كۈنى، ئۇلار ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتى بىلەن ئۇچراشتى.

8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى تاشقورغان ئىنقىلابى ئارمىيىسى تاشقورغان ناھىيىسىدىن يەكەن، يېڭىسار، قەشقەر قاتارلىق جايلارغا بارىدىغان قاتناش تۈگۈنى— تۆر بۆلۈڭنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، قوشۇننى ئۈچ يولغا بۆلدى: جامالىدىن بىر قىسىمنى باشلاپ تۆر بۆلۈڭنىڭ شىمالىدىن قەشقەرگە قاراپ ماڭدى؛ غوپۇر قاسىم قاتارلىقلار بىر قىسىمنى باشلاپ تۆر بۆلۈڭنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىن يېڭىسارغا قاراپ ئىلگىرىلىدى؛ لەشكەر بىر قىسىمنى باشلاپ تۆربۆلۈڭنىڭ شەرقىدىن يەكەن، قاغىلىق قاتارلىق جايلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ماڭدى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 4تە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ھەربىي بۇيرۇق بۆلۈمى، ھەربىي تەلىم - تەربىيە بۆلۈمى، ئارقا سەپ تەمىناتى بۆلۈمى نەنجىڭدا شىنجاڭدىكى «باندىتلارنى تازىلاش» مەسىلىسى توغرىسىدا بىرلەشمە ھەربىي يىغىن ئۆتكۈزدى. يىغىن مۇنۇلارنى قارار قىلدى: ( 1 ) «باندىتلارنى تازىلاش» جەھەتتە مۇكەممەل پىلان پروگراممىسى تۈزۈپ چىقىپ، ئۇنى يولغا قويۇش-

نىڭ مىزانى قىلىش. (2) تەمىنات ۋە دىپلوماتىك مۇناسىۋەتتىن پايدىلىـ
نىشقا ئېتىبار بېرىش. (3) لەنجۇدا توپلانغان 10 مىڭ نەپەر يېڭى ئەسـ
كەرنى خېشى ۋە قۇمۇلغا ئاپىرىپ مەركەزلىك ھالدا تەربىيىلەپ مەشىق قىلـ
دۇرۇش، ئۇلارنى قانداق ئىشلىتىشنى قوماندان جۇشاۋلياڭ بەلگىلەش.
(4) ھاۋا ئارمىيىسىنى كۆپەيتىش ئىشىنى كومىتېت باشلىقى جانابلىرىنىڭ
قارار قىلىشىغا سۇنۇش. (5) ئىلىغا قايتۇرما ھۇجۇم قىلىشنى ۋاقتىنچە
كېچىكتۈرۈش. (6) كۆپەيتىپ ئەۋەتىلگەن K7D ۋە 12D قىسىملىرى شىنـ
جاڭغا كىرگەندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى قىسىملارنىڭ تەرتىپكە
سېلىنغاندىن كېيىنكى ھەربىي نومۇرى ئورنىغا دەسسىتىش. (7) شىنجاڭ
ئۆلكىسىدىكى سابىق قىسىملاردىن بولغان ئالتە پىيادە ئەسكەرلەر شىـ
سى، تۆت ئاتلىق ئەسكەرلەر شىسىنى رايونلارنى بىرلىك قىلىپ سەككىز
شىغا ئايرىپ، ئۇلارنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا كۇچا، ئاقسۇ رايونى،
شىخو رايونى، سارسۇمبە رايونى، يەتتە قۇدۇق①رايونى، جىڭ رايوـ
نى، قەشقەر رايونى، گۇچۇڭ رايونى، تۇرپان - قارا شەھەر رايونىدا
تۇرغۇزۇش. (8) ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئوـ
زۇق- تۈلۈك، ئوق - دورىلارنى تاشلاش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان پاراشوتلىـ
رىنى ھەربىي بۇيرۇق بۆلۈمى 1 - نازارەت 3 - باشقارمىسى مەسئۇل بولۇپ
بېجىرىش.

8 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى    سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى
جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى فۇبىڭچاڭغا نوتا
تاپشۇردى، ئۇنىڭدا 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى 1400 نەپەر جۇڭگولۇق شىنـ
جاڭنىڭ چۆچەك دېگەن يېرىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كىردى، سوۋېت
ئىتتىپاقى ئۇلارغا مۇۋاپىق پانالىق بەردى، ھازىر ئاشلىق قىيىن بولغانلىقـ

---

① يەتتە قۇدۇق: شىنجاڭ بوغدا تېغى بىلەن بارىكۆل تېغى ئوتتۇرىسىدا جايلاشقان، ئەينى چاغدا يەتتە قۇدۇق رايونى باشقۇرۇش ئىدارىسى تۇرغان جاي، لەنجۇ - شىنجاڭ تاشيولىدىكى مۇھىم تۈگۈن ئىدى.

تىن ، بۇلار ۋاقتىنچە مەلۇم كولخوزغا ئاپىرىپ قويۇلدى . بىز بۇلارنى جۆڭ-
گوغا قايتۇرۇپ بەرمەكچىمىز ، جۆڭگو تەرەپ ئادەم ئەۋەتىپ تاپشۇرۇۋال-
سا ، دېيىلگەن .

9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى   ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتى ئاقسۇ كونىشەھەر بازىرىنى ئىگىلىدى . ئاممۇۋى يىغىن ئۆتكۈزۈپ ، ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيەلىك ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى ، شىرىپ قارىھاجى ھاكىملىققا تەيىنلەندى . شۇ جايدىكى خەلقنى پائال ھەرىكەتكە كېلىپ ، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا چاقىردى . يىغىندىن كېيىن ، ھەر مىللەت خەلقى بەس - بەستە ئۆزىنى ئەسكەرلىككە تىزىمغا ئالدۇردى .

9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى   ئىلىخان تۆرە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلىغا خەت يېزىپ ، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرا چازىسىدا تېكەس ، موڭغۇلكۈرە قاتارلىق ناھىيەلەردىكى دېھقان ، چارۋىچىلارنىڭ ئوغرىلانغان ماللىرىنى ئۆز بىشىمچىلىق قىلىپ سېتىۋالغان خادىملارنى كەسكىن بىر تەرەپ قىلىشنى ، بۇنداق ئىشلارنىڭ داۋاملىق سادىر بولۇشىنى توسۇشنى تەلەپ قىلدى .

شۇ كۈنى   ئىۋان ياكوۋلىۋىچ پالىنوپ چۆچەك ئاتلىق ئەسكەرلەر 6-تۈەنى ، موڭغۇل مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر يىڭى ، سۇيدۇڭ پىيادىلەر 1-تۈەنىگە قوماندانلىق قىلىپ ، ئۈچ تاغ زەمبىرىكى ، سەككىز مىناميوت ، ئىككى كۆرەشچى ئايروپىلاننىڭ ماسلىشىشى ئاستىدا ، شىخونىڭ سىرتىدىكى مۇھىم تايانچ پونكىت چېپەيزىنى ئىگىلىدى ، شۇ يەرنى ساقلاۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنى شىخوغا قېچىپ كەتتى .

9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى   مىللىي ئارمىيە مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر لۈيىنىڭ ئاساسىي قوشۇنىنىڭ بىر قىسمى ، جىمنەي پارتىزانلار ئەترىتى ،

قوبۇقسار پارتىزانلار ئەترىتى بىرلىكتە جەڭ قىلىپ، بۇرچىن ناھىيە بازىرىنى ئىگىلىدى، گومىنداڭنىڭ بۇرچىننى ساقلاۋاتقان ۋاقىتلىق 3 - شىسىنىڭ بىر قىسمى ۋە 1300دىن ئارتۇق كىشىدىن تەركىب تاپقان قوغدىنىش ئەترىتى تەسلىم بولدى، مىللىي ئارمىيە مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر لوۋيى سارسۇمبىگە قاراپ ئىلگىرىلىدى.

شۇ كۈنى ئىسھاقبېك مونونوپ مىللىي ئارمىيىنىڭ بىر قىسمىغا قوماندانلىق قىلىپ جىڭ ناھىيە بازىرىنىڭ سىرتىدىكى مۇھىم تايانچ پونكىت — يۈگجىخۇنى ئىشغال قىلدى.

9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى 91 - نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ، مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: (1) باج ئوغرىلىغان، چېگرىدىن قانۇنسىز ئۆتۈپ ئوغرىلىقچە سودىگەرلىك قىلغانلارنىڭ بارلىق نەرسە - كېرەكلىرى مۇسادىرە قىلىنغاندىن سىرت، ئۇلارنى قانۇن بويىچە قولغا ئېلىش ۋە جازالاش. (2) قاتتىق تەدبىر قوللىنىپ، دۆلەت چېگرىسىدىن ئوغرىلىقچە ئۆتكۈچىلەرنى تۇتۇش ۋە قاتتىق جازالاش. (3) ھۆكۈمەتكە چېگرىدىن قانۇنسىز ئۆتكەن، باج ئوغرىلىغان سودىگەرلەرنى پاش قىلغۇچىلارغا مۇسادىرە قىلىنغان نەرسە - كېرەكنىڭ 25% تىنى مۇكاپات قىلىپ بېرىش، نەق مەيداننىڭ ئۆزىدە تۇتۇپ ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بەرگۈچىلەرگە مۇسادىرە قىلىنغان نەرسە - كېرەكنىڭ 35% تىنى مۇكاپات قىلىپ بېرىش. (4) يۇقىرىقى قارارنى ئىچكى ئىشلار نازارىتى مەسئۇل بولۇپ ئىجرا قىلىش.

9 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە 4 - كۈنى، مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى ئىۋان ياكوۋلېۋىچ پالىنوپ سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي ئىشلار خادىملىرىنىڭ ياردىمى ئاستىدا، شىخو ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قوزغىدى. سۇيدۇڭ پىيادە ئەسكەرلەر 1 - تۇەنى، موڭغۇل مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر يىڭى، چۆچەك ئاتلىق ئەسكەرلەر 6 - تۇەنى

ئاساسلىق ھۇجۇمنى ئۈستىگە ئالدى ، مۇھاپىزەتچى يىلىك زاپاس قوشۇن
سۇپىتىدە غەربىي شىمال ، شەرقىي شىمال تەرەپتىن ھۇجۇم قوزغىدى .
شىددەتلىك جەڭ قىلىش ئارقىلىق ، 5 - كۈنى شىخونى ساقلاۋاتقان قىسىم-
نىڭ 1 - مۇداپىئە سېپىنى بۆسۈپ ئۆتتى . شىخونى ساقلاۋاتقان قىسىم جا-
ھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكتىن ، مىللىي ئارمىيىدە تالاپەت ناھا-
يىتى ئېغىر بولدى . 7 - كۈنى ، پالىنوپ ئاساسلىق كۈچنى يوتكەپ كېلىپ
يەنە ھۇجۇم قوزغىدى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈچ كۆرەشچى ئايروپىلا-
نى ، برونېۋىك ، توپچى قىسمىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن جەڭ قىلىپ ، 2 - مۇ-
داپىئە سېپىنى بۆسۈپ ئۆتتى . 8 - كۈنى تاڭ سۈزۈلگەندە 3 - مۇداپىئە
سېپىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ ، شىخو ناھىيە بازىرىنى ئىگىلىدى . شىپې يېغىلىڭ قال-
دۇق قىسمىنى باشلاپ شەرققە قاراپ قاچتى . مىللىي ئارمىيە ، بىر تەرەپ-
تىن ، ئاساسىي كۈچنى ئەۋەتىپ توختىماي قوغلاپ قاتتىق زەربە بېرىپ ،-
ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ كۈيتۇڭ ، شىخو ئايرودرومى ، مايتاغ قاتارلىق
جايلارنى ئىگىلەپ ، يەنسخەيگە قاراپ ئىلگىرىلىدى ؛ يەنە بىر تەرەپتىن ،
جىڭ ناھىيىسىنى ساقلاۋاتقان قوشۇننىڭ شەرققە قاراپ قېچىشىنى توسۇش
ئۈچۈن ، موڭغۇل مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر يىگى ۋە چۆچەك ئاتلىق
ئەسكەرلەر 6 - تۆەنىنىڭ بىر قىسمىغا جىڭ ناھىيىسىدىكى ئۇرۇشقا ماس-
لىشىپ ، شىخونىڭ غەربىدىكى 30 كىلومېتر كېلىدىغان جايدا مۇداپىئە سې-
پى قۇرۇشقا بۇيرۇق قىلدى ، شىخو جېڭىدە مىللىي ئارمىيە گومىنداڭ قوشۇ-
نىنىڭ 900 دىن كۆپرەك ئادىمىنى ئۆلتۈردى ۋە يارىلاندۇردى ، 1000 دىن
كۆپرەك ئادىمىنى ئەسىرگە ئالدى ، زور بىر تۈركۈم قورال - ياراق ، ئوق -
دورا غەنىيمەت ئالدى .

9 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە 5 - كۈنى ، ئىسھاقبېك مونو-
نوپ سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي ئىشلار خادىملىرىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا ،
ئىلى پىيادە ئەسكەرلەر 2 - تۆەنى ، تېكەس ئاتلىق ئەسكەرلەر 1 - تۆە-
نى ، ئىلى زاپاس قىسىم 4 - تۆەنى ، خۇيزۇ مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر
يىگى قاتارلىقلار بولۇپ 4000 دىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ جىڭ ناھىيە

بازىرىغا ھۇجۇم قىلدى. 7 - كۈنى، شىددەتلىك جەڭ قىلىش ئارقىلىق، ئالدى بىلەن جىڭنىڭ سىرتقى تايانچ پونكىتى بولغان باجياخونى ئېلىپ، جىڭ ناھىيە بازىرىغا غەلىبىلىك ھۇجۇم قىلدى. 8 - كۈنى گومىنداڭ قوشۇنى باشلاپ شەھەرنى تاشلاپ موھاسىرىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ شەرققە قاراپ قاچتى، يول ئۈستىدە مىللىي ئارمىيىنىڭ قوغلاپ زەربە بېرىشى ۋە توسۇشىغا ئۇچراپ، ساۋەن ناھىيىسى سەنداۋخېزى ئەتراپىدا ئەسىرگە چۈشتى. جىڭ ئۇرۇشىدا، مىللىي ئارمىيە گومىنداڭ قوشۇنىدىن 1000 دىن ئارتۇق ئادەمنى يوقاتتى، زور بىر تۈركۈم قورال - ياراغ، ئوق - دورا غەنىيمەت ئالدى. بۇنىڭ بىلەن ئىلى ۋىلايىتى پۈتۈنلەي ئازاد بولدى.

**9 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە** 5 - كۈنى، مىللىي ئارمىيە مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر لۈيىنىڭ بىر قىسمى سارسۇمبىگە 18 كىلومېتىر كېلىدىغان داچمۇچۇق (ھازىرقى نامى «قۇمۇچ») قا يۈرۈش قىلىپ، سارسۇمبىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ ھۇجۇم قىلىۋاتقان دەللىقان سۇگۇرباييوپ باشچىلىقىدىكى ئالتاي پارتىزانلار ئەترىتى بىلەن ئۇچراشتى. 6 - كۈنى، سارسۇمبىنى مۇھاسىرىگە ئالدى ھەمدە شەھەرگە ئادەم ئەۋەتىپ تەسلىم بولۇشقا ئۈندىدى. ۋەن لىگيۈەن، گاۋبويۇ قاتارلىقلار تەسلىم بولۇشنى رەت قىلىپ، سارسۇمبىنى ساقلاۋاتقان قوشۇن بىلەن 3 مىڭدىن ئارتۇق خەنزۇ ئاممىسىنى باشلاپ شەھەرنى تاشلاپ شىمالغا قاراپ قېچىپ، چېگرىدىن ئۆتۈپ تاشقى موڭغۇلىيىگە كەتمەكچى بولدى. مىللىي ئارمىيە بىلەن ئالتاي پارتىزانلار ئەترىتى 6 - كۈنى كەچتە سارسۇمبە ناھىيە بازىرىغا كىرىپ، تېزدىن قوشۇن ئەۋەتىپ، چېغىر يوللار ئارقىلىق سارسۇمبىدىن قاچقان دۈشمەنگە قوغلاپ زەربە بەردى. 7 - كۈنى، سارسۇمبىدىن قاچقان دۈشمەنلەر مۇھاسىرىگە ئېلىندى، سۆھبەت ئارقىلىق، گاۋبويۇ، ۋەن لىگيۈەن قوشۇنى 9 - كۈنى قورال تاشلاپ تەسلىم بولدى، پەقەت ئالتاي ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لى مىڭبەي، 33 - تۈەننىڭ تۈەنجاڭى دەي كۈيىلا ئۆز قىسمىدىكى ئاز ساندىكى ئەسكەرلەرنى باشلاپ قېچىپ كەتتى. مىللىي ئارمىيە ۋە ئالتاي پارتىزانلار ئەترىتى گاۋبويۇ، ۋەن لىگيۈەن باشچىلىقىدىكى 150 دىن كۆپرەك ئوفىتسېر، 1000 دىن

كۆپرەك ئەسكەرنى ئەسىرگە ئالدى، 48 يېنىك ۋە ئېغىر تىپتىكى پىلىموت،
1000 دىن ئارتۇق ھەر خىل مىلتىق، 300 مىڭ پاي ئوق ۋە باشقا نۇرغۇن
ھەربىي ماددىي ئەشيالارنى غەنىيمەت ئالدى. بۇنىڭ بىلەن، ئالتاي ۋىلا-
يىتى پۈتۈنلەي ئازاد بولدى.

9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى جۇڭگو ھۆكۈمىتى-
گە: شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى ھەر مىللەت خەلقىنى قاتناشتۇرسىلا،
ئالاھىدە ئىشلاردا كەڭرەك بولسىلا شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا بو-
لىدۇ، دەپ ئىپادە بىلدۈردى.

9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى جياڭ جيېشى جۇشاۋلياڭ، ۋۇجۇڭشىنغا تېلېگ-
رامما ئارقىلىق مۇنداق يوليورۇق بەردى: «مەركەزنىڭ شىنجاڭنىڭ ھەربىي
ۋە دىپلوماتىيە ئىشلىرى ئۈستىدە باشقىچە پىلانى بار، بۇرادەرلىرىمىز نۆ-
ۋەتتىكى مۇشكۇل ھەم خەتەرلىك ۋەزىيەتتە تەمكىن بولۇپ، خىزمەتلەرنى
ئىلگىرىكىدەك ئىشلەۋەرسە بولىدۇ. ھەر قايسى جەھەتتىكى خىزمەتلەر
قالايمىقانلىشىپ كەتمىسۇن، بولۇپمۇ قىسىملار ئۆزى تۇرۇشلۇق جايلارنى
مەھكەم ساقلىسۇن، ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ يۆتكىلىشكە بولمايدۇ.»

9 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە 7 - كۈنى، ئاتلىق پارتى-
زانلار ئەترىتى ئاقسۇ شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئالدى. ئەتىسى شەھەرگە
ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قوزغىدى. ئاقسۇنى ساقلاۋاتقان قوشۇن جاھىللىق
بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى ھەمدە شەھەردىكى لۇتپۇللا مۇتەل-
لىپ①باشچىلىقىدىكى «ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى»نىڭ 28 نەپەر ئاساسلىق ئە-
زاسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. 12 - كۈنى، ئاقسۇنى ساقلاۋاتقان قوشۇن شە-
ھەردىن چىقىپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى، ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتى ئال-
دىراپ - تېنەپ جەڭگە كىرگەچكە ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى. 14 - كۈنى ئاق-

---

① لۇتپۇللا مۇتەللىپ (1922 - 1945): شىنجاڭ نىلقا ناھىيىسىدىن، ئۇيغۇر، شائىر. 1945 - يىلى ئاقسۇدا «ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى»دېگەن تەشكىلاتنى قۇرۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئاۋاز قوشقان. كېيىن قولغا ئېلىنىپ قۇربان بولغان.

سۇنى ساقلاۋاتقان قوشۇن يەنە بىر قېتىم شەھەردىن چىقىپ ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتىگە ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلدى. ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتى چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى، ئاقسۇنى ساقلاۋاتقان قوشۇن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاقسۇ كونىشەھەرنى يەنە تارتىۋالدى، ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتى ۋاقتىنچە قورغان ئەتراپىغا چېكىندى.

9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى 94 - نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ، مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: سودا - سانائەت تەرەققىيات شىركىتى قۇرۇش، ئۇنىڭغا مالىيە نازارىتى رەھبەرلىك قىلىش، ئەسەدۇللانى دىرېكتور قىلىش، مالىيە نازارىتى ئوبوروت مەبلىغى ئاجرىتىپ بېرىش، دۆلەت بانكىسى سودا - سانائەت تەرەققىيات شىركىتىنىڭ ئىناۋەتلىك قەرز مەبلىغىنى ھەل قىلىشقا مەسئۇل بولۇش.

شۇ كۈنى مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى موڭغۇل مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر يىغىنى كېڭەيتىپ، موڭغۇل مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەننى قۇردى (ئاتلىق ئەسكەرلەر 8 - تۈەنى بولۇپ، تۈەنجاڭى ھەيدەر).

شۇ كۈنى تارباغاتاي ۋىلايىتى قوبۇقسار ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قۇردى، گوڭچىڭ لامانى ھاكىملىققا تەيىنلىدى.

9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى جياڭ جيېشى تېلېگراممىا ئارقىلىق جۇشاۋلياڭ، ۋۇجۇڭشىنلارغامۇنۇلارنى ئۇقتۇردى: گوجىيياۋنى ئۇرۇمچىگە ھەربىي ئىشلارغا قوماندانلىق قىلىشقا كونكرېت مەسئۇل بولۇشقا ئەۋەتىشنى قارار قىلدۇق، ھەر دەرىجىلىك ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلارغا دەرھال ئومۇمىي بۇيرۇق چۈشۈرۈڭلار، بۇيرۇقسىز ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن چېكىنگەنلەرنى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەل قىلغۇچ پەيتتە جەڭدىن قاچقانلىق جىنايىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىپ ئېتىۋېتىڭلار، كەچۈرۈم قىلىشقا

بولمايدۇ.

شۇ كۈنى 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، قوشۇمچە
باش سەنمۇجاڭى گوجىپياۋ ئۇرۇمچىگە يېتىپ كېلىپ، جۇشاۋلياڭ، ۋۇ-
جۇڭشىنلارغا ياردەملىشىپ تۈۋەندىكى ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇش پىلانىنى
تۈزۈپ چىقتى: (1) ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىش ئىشلىرىنى بىر تەرەپ
قىلىشقا پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن، 8 - ئۇرۇش رايونى قوماندانلىق شتا-
بى شىنجاڭ گازارمىسىنىڭ ئىشخانىسىنى قۇرۇش. (2) ئاتلىق ئەسكەرلەر
5 - جۇنىڭ ماجىڭشياڭ قوشۇنى ۋە شۇرۇچېڭ شىسىنى ئالدىنقى سەپتىكى
تېخى تولۇق بولمىغان قىسىملار بىلەن بىللە ماناستىكى ماناس
دەرياسى①تەرەپكە توپلاپ ئىشلىتىش، ئاندىن شىمالىي شىنجاڭنى قايتۇ-
رۇۋېلىش ئۈستىدە قايتا ئويلىشىش. (3) ئۈرۈمچىدىن ماناسقىچە، ئۈ-
رۈمچىدىن قۇمۇلغىچە، ئۈرۈمچىدىن قاراشەھەرگىچە بولغان قاتناشنىڭ را-
ۋانلىقىنى قوغداش. (4) «ئۈرۈمچىنى قاتتىق ساقلاش» ئۈچۈن،
1) 46 - شىنى شەرقىي شىنجاڭدىن ئۈرۈمچىگە يۆتكەش، ئۈرۈمچى شەھە-
رىدىكى بارلىق ساقچىلار ۋە مەركىزىي ھەربىي مەكتەپنىڭ 9 - شۆبىسى،
مەركىزىي ساقچى مەكتەپنىڭ 3 - شۆبىسىدىكى ھەممە شىنجاڭ ھەربىي تە-
لىم - تەربىيە تۈۋەنىدىكى ئوقۇغۇچىلارنى مۇداپىئە سېپىگە كىرگۈزۈش. 2)
ئۈرۈمچى، فۇكاڭ، سانجى، قۇتۇبى ناھىيىلىرىدە تۆت قوغدىنىش چوڭ
ئەترىتى قۇرۇش. 3) ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئارمىيە، خەلققە كېچە - كۈن-
دۈز مۇداپىئە ئىستىھكامى ياساشنى بۇيرۇق قىلىش. 4) ئۈرۈمچىدىكى
غەيرىي ھەربىي ئورگان ۋە زۆرۈر بولمىغان ھۆكۈمەت خادىملىرى، ئائىلى-
لەرنى پۈتۈنلەي جەنۇبتىكى قاراشەھەرگە يۆتكەش.

---

① ماناس دەرياسى: بېشى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا بولۇپ، ئۈرۈمچىگە 150 كىلومېتىر
كېلىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي پارتىلىغاندىن كېيىن، بۇ دەريا ئۈچ ۋىلايەت رايونى بىلەن ئۇلكى-
لىك ھۆكۈمەت كونترول قىلىپ تۇرغان رايوننىڭ چېگرىسى بولۇپ قالغان.

**9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى** جىياڭ جىيشىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، چىڭخەيدىن شىنجاڭغا ياردەمگە يۆتكەلگەن ئاتلىق ئەسكەرلەر 5 - جۈنىنىڭ ئالدىنقى قىسمى قۇمۇلغا يېتىپ كېلىپ، ئاپتوموبىل بىلەن ئۈرۈمچىگە ماڭدى.

**9 - ئاينىڭ باشلىرى** شىپ يىفېڭ قالدۇق قىسمىنى باشلاپ ماناسقا چېكىنگەندىن كېيىن، ماناس دەرياسى كۆۋرۈكىنى كۆيدۈرۈۋېتىش، ماناس دەرياسىنىڭ شەرقىي قىسمىغا خەندەك كولاپ مۇداپىئە ئىستىھكامى ياساشنى بۇيرۇق قىلدى. چېن گۇڭپۇنى ماناسنىڭ مۇداپىئە قوماندانلىقىغا تەيىنلىدى.

**شۇ ئاينىڭ باشلىرى** مىللىي ئارمىيە ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا قاراپ يۈرۈش قىلدى، ئۈرۈمچىگە 150 كىلومېتىرلا قالدى. ئەينى چاغدا گومىنداڭنىڭ ئۈرۈمچىدە قالغان ھەربىي كۈچى ئالتە يىڭلا بولۇپ، جۇشاۋلياڭ سەككىز سائەت ئىچىدە جىياڭ جىيشىغا ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ قېتىم جىددىي تېلېگرامما ئەۋەتىپ، جىددىي ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى. تېلېگراممىنىڭ مەزمۇنىدا مۇنداق سۆزلەر بار ئىدى: «ئىچكى جەھەتتە كارغا كېلىدىغان قوشۇن كەمچىل، سىرتتىن ياردەم بەرگۈدەك بىرەر ھەربىي قوشۇنمۇ يوق .... ئۈرۈمچى خەۋپ ئىچىدە قالدى، پىرقىمىزگە ۋە دۆلىتىمىزگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن دۆلەت زېمىنى بىلەن ھاياتماماتتا بىللە بولۇپ، شۇ يولدا ئۆزۈمنى قۇربان قىلماقتىن باشقا چارە قالمىدى .... ئالىيلىرىنىڭ تېزلىكتە ئاقىلانە تەدبىر كۆرسىتىشىنى سەمىمىي ئۆتۈنىمەن».

**شۇ ئاينىڭ باشلىرى** گوجىپياۋ پۈتۈن شىنجاڭنىڭ مۇداپىئە ئىشلىرى ئۈستىدە يەنە مۇنۇلارنى ئورۇنلاشتۇردى: (1) چىڭخەي ئاتلىق ئەسكەرلەر 5 - جۈن 1 - تۈەنىنىڭ ئۈرۈمچىگە كىرگەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، 46 - شىسىغا 12 - كۈنى ماناسقا يۆتكىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈش، ماناس ناھىيە بازىرىدا ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابى قۇرۇش، شۇ-

رۇچېكنى ئالىي قوماندانلىققا تەيىنلەش، ماناس دەرياسىنى 1 - مۇداپىئە سېپى قىلىپ قۇرۇش. شىيې يىغىپگىغا يېگى 2 - جۇن شتابىنى ماناس ناھىيە بازىرىدىن قۇتۇبى ناھىيە بازىرىغا يۆتكەپ، 2 - مۇداپىئە سېپى قۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈش. (2) ئاتلىق ئەسكەرلەر 5 - جۇنگە ۋاقىتلىق 3 - شىنىڭ مۇداپىئە رايونىغا بېرىپ، ئۇنىڭ ئورنىدا تۇرۇپ مۇداپىئە كۆرۈش، ۋاقىتلىق 3 - شىسىغا قارا شەھەرنى مۇداپىئە قىلىشقا بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈش. بارىكۆل، ئاراتۈرۈك ئەتراپىدىكى مۇداپىئە ئىشلىرىنى 45 - شى ئۈستىگە ئېلىش، ئۇنىڭغا 42 - جۇننىڭ جۇنجاڭى ياڭ دېلياڭ قوماندانلىق قىلىش. بۇنىڭدىن باشقا، 45 - شىنىڭ بىر قىسمىنى يەتتە قۇدۇق ئەتراپىنى مۇداپىئە قىلىشقا ئەۋەتىش، بۇنىڭغا شۇدا قوماندانلىق قىلىش.

9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى    ۋۇجۇڭشىن لىيۇزېرۇڭنى شەخسىي نامىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق مۇۋەققەت باش كونسۇلى يېۋسىيېپ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭدىن شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى نۆۋەتتىكى «مالىمانچىلىق»نى ئوتتۇرىغا چىقىپ ياراشتۇرۇشنى خالايدىغان - خالىمايدىغانلىقىنى سوراپ بېقىشقا بۇيرۇدى. يېۋسىيېپ كونكرېت ئامال - چارە بولغاندا، ئاندىن موسكۋاغا دوكلات قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

## 2 . ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان تىنچلىق سۆھبىتى

( 1945 - يىل 9 - ئايدىن 1946 - يىل 6 - ئايغىچە )

### 1945 - يىلى ( 9 - ئايدىن 12 - ئايغىچە )

9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى جاڭ جىجوڭ گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى مەسئۇد① ، دېڭ ۋېنيى ( سىياسىي بۆلۈم 1 - ئىشخانىسىنىڭ باشلىقى ) ، قانۇن پالاتاسىنىڭ ئەزاسى ئەيسا② ، ۋاڭ زېڭشەن ، گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ كاندىدات ئەزاسى جاڭ جىڭيۇ ، گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتى رېۋىزىيە كومىتې-

---

① مەسئۇد ( 1888—1950 ) : شىنجاڭ غۇلجىدىن ، ئۇيغۇر ، ئىلىدىكى چوڭ باي ، چوڭ پومېشچىك سابىرنىڭ ئوغلى . 1904 - يىلى تۈركىيىگە ئوقۇشقا چىققان ، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېت ئىجرائىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان . 1945 - يىل 9 - ئايدا جاڭ جىجوڭ بىلەن بىللە شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ ، تەپتىش پالاتاسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق تەپتىشى ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان . 1950 - يىلى ئۈرۈمچىدە كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۆلگەن .

② ئەيسا ( 1909— ) : شىنجاڭ يېڭىساردىن ، ئۇيغۇر . 1933 - يىلى ئىچكىرىگە بېرىپ ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى قانۇن پالاتاسىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان . 1945 - يىل 9 - ئايدا جاڭ جىجوڭ بىلەن شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى ، باش كاتىپى ، سەنمىنجۇيى ياشلار ئۆمىكى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان ، شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇش ھارپىسىدا چەت ئەلگە قېچىپ كېتىپ ، تۈركىيىدە ئولتۇراقلاشقان .

نىڭ كاندىدات ئەزاسى مۇھەممەت ئىمىن①، سەنمىنجۇيى ياشلار ئۆمىكى
مەركىزىي كومىتېتى كاتىبات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى لىيۇمىڭچۇن، سىيا-
سىي بۆلۈمىنىڭ كاتىپى تۇڭ شىگاڭ قاتارلىق كىشىلەرنى باشلاپ ئايرو-
پىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلدى. شۇ ئاخشىمى، جۇشاۋلياڭ، ۋۇجۇڭشىن،
گوجىچياۋ، لى تىيجۇن، ماچېڭشياڭ، لىيۇزېرۇڭ قاتارلىقلار بىلەن شىنجاڭ-
نىڭ ھەربىي، سىياسىي، دىپلوماتىيە، تەمىنات قاتارلىق مەسىلىلىرى ئۈس-
تىدە تەپسىلىي مۇزاكىرىلەشتى. ئۇلار بىردەك: ھازىرقى ئەھۋالدىن قارى-
غاندا، ھەربىي كۈچ ئارقىلىق مەسىلىنى ھەل قىلىشتىن قىلچە ئۈمىد يوق،
سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىشتىكى ئەڭ ياخشى ۋاستىچى سوۋېت ئىتتىپا-
قى، دەپ قاراپ، دەرھال لىيۇزېرۇڭنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇ-
رۇشلۇق مۇۋەققەت باش كونسۇلى يېۋسېيېپنى كۆرۈشۈشكە تەكلىپ قىلىشقا
ئەۋەتتى.

9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىدە تۇرۇشلۇق
ئالاھىدە ئەۋەتىلگەن دىپلوماتىيە خادىمى لىيۇزېرۇڭنىڭ ھەمراھلىقىدا يېۋ-
سېيېپ بىلەن كۆرۈشۈپ «غۇلجا ۋەقەسى» توغرىسىدا ئۇنىڭدىن پىكىر ئال-
دى. يېۋسېيېپ مۇنداق ئىپادە بىلدۈردى: بۇ پۈتۈنلەي شىنجاڭ ئۆلكىسى-
نىڭ ئىچكى ئىشى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو موسكۋادا شەرتنامە
ئىمزالىغاندا، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدىغان-
لىقىنى رەسمىي بايان قىلغان، چۈنكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ زېمى-

① مۇھەممەت ئىمىن (1898 - 1964): شىنجاڭ لوپ ناھىيىسىدىن، ئۇيغۇر. ئىسلام دىنى
ئالىمى، بۇرۇن ئىچكىرىگە بېرىپ گومىنداڭ مەركىزىي رىۋىزىيە كومىتېتىنىڭ كاندىدات ئەزاسى قا-
تارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1945 - يىل 9 - ئايدا، جاڭ جىجۇڭ بىلەن بىللە شىنجاڭغا قايتىپ كې-
لىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى،
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئا-
زاد بولۇش ھارپىسىدا چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن. 1964 - يىلى تۈركىيەدە كېسەل سەۋەبى بىلەن
ئۆلگەن.

نىغا قارىتا قارانىيتى يوق. ئۇنىڭ شەخسىي قارىشىچە، ھازىرقى ئەڭ ياخشى چارە تىنىچ يول بىلەن ھەل قىلىش ئىكەن. جاڭ جىجۇڭ يېۋسىپپتىن ئىككى تەرەپنىڭ ۋەكىل چىقىرىپ رەسمىي سۆھبەت ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن، ئاۋۋال غۇلجا تەرەپنى ھەربىي ھەرىكەتنى دەرھال توختىتىشقا دەۋەت قىلىپ، تىنىچ ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىش يولىدىكى توسالغۇلارنى تۈگىتىشكە كۈچ چىقىرىشنى خالايدىغان - خالىمايدىغانلىقىنى سورىدى ۋە ئۇنىڭغا ناۋادا ھەربىي ھەرىكەت كېڭىيىپ كەتسە تىنىچ يول بىلەن ھەل قىلىش پۇرسىتىمۇ قالمايدۇ، دېدى. يېۋسىپپ شەخسەن ئۆزى ياردەم بېرىشنى ناھايىتى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە ئەڭ ياخشىسى بۇ ئىشنى جوڭگو ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ ئالدىغا قويسا ئاسانراق ۋە ئۈنۈملۈك بولاتتى، دەپ قارىدى.

جاڭ جىجۇڭ شۇ كۈنى جاڭ جيېشىغا تېلېگراممىا يوللاپ مۇنداق دېدى: ھازىر بۇ يەردىكى ئەھۋال ئىنتايىن جىددىي، غۇلجا قىسىملىرى ئالغا ئىلگىرىلەشنى توختاتمىسا، ئۈرۈمچىنى ھەقىقىي ساقلاپ قېلىشقا ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئوتتۇرىغا چىقىپ ياراشتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى.

شۇ كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى قارار ماقۇللاپ، ھەر قايسى ناھىيىلەردە ھەربىي ئىشلار بۆلۈمى قۇرۇشنى، ئۇلارنىڭ ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى ھەمدە ئەسكەرلىككە ئېلىنىدىغان خادىملارغا ئالاقىدار مەسىلىلەر ئۈستىدە، 18 ياشتىن 45 ياشقىچە بولغانلىكى ئەر پۇقرالار ھەربىي ۋەزىپە ئۆتىشى كېرەك، دەپ كونكرېت بەلگىلىمە چىقاردى.

شۇ كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە بىرلەشمە يىغىنى چاقىرىپ شىنجاڭ مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلدى. بەي چۇڭشى يىغىندا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ھازىر «باندىتلار قوشۇنى» شىخونى ئىگىلەپ ئۈرۈمچىگە قىستاپ كەلدى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تاشقۇرغان، باي

قولدىن كەتتى. شىمالىي شىنجاڭدىكى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلا-
يەتلىرىنى «باندىتلار» ئىگىلىۋالدى. گەنسۇغا تۇتىشىدىغان يولدىكى
يەتتە قۇدۇقتا «باندىتلار» كىرىپ - چىقىپ يۈرىدۇ. ئۈرۈمچى قولدىن
كەتمىگەن تەقدىردىمۇ يېتىم قالدى. پۈتۈن شىنجاڭ ئىنتايىن خەۋپ ئىچىدە
قالدى، بۇ كىشىنى قاتتىق ئەندىشىگە سالىدۇ! جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقى-
نىڭ دوستلۇق - ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسىنىڭ تۈزۈلگىنىگە ئۇزۇن بولماي
تۇرۇپلا، ئەھۋالدا مۇنداق ئۆزگىرىش بولغانلىقىغا ئادەمنىڭ ئەقلى
يەتمەيدۇ.

9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى مۇنۇلارنى قا-
رار قىلدى: (1) شىخو ناھىيىسىنى تارباغاتاي ۋىلايىتىگە ئايرىپ بې-
رىش، نەسىردىننى ئۇنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەش. جىڭ ناھىيىسى «ۋاقىت-
لىق ھۆكۈمەت»كە بىۋاسىتە قاراش. بۇ ناھىيىدە نوپۇس ئاز بولغاچقا،
ناھىيە قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى ۋاقىتلىق مەسئۇل بولۇش. (2)
شىخو، جىڭ ناھىيىلىرىدە ئومۇم ئىگىلىكىدىكى ۋە ئىگىسى يوق يەرلەرنى
ئېلىنغان ھوسۇلنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇشنى ئىختى-
يار قىلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، شەخسلەرنىڭ تېرىشىغا ئىلھام بې-
رىش. (3) مايتاغدىكى نېفت كانلىرىنى سودا - سانائەت تەرەققىيات
شىركىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش، مايتاغ نېفت كانلىرىنى باشقۇرۇش باشقار-
مىسى قۇرۇش، ئادىلبېك يۈسۈپبەگنى مەسئۇللۇققا تەيىنلەش.

شۇ كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى 97 - نومۇرلۇق قارار ما-
قۇللاپ، مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: سابىق جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ قەغەز پۇلى
ئۈستىگە تامغا بېسىش خىزمىتىنى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە ئۆزارتىش،
10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئىلگىرى تامغا بېسىلمىغان قەغەز پۇللارنىڭ قىم-
مىتىنى ئۆزگەرتمەسلىك. تامغا بېسىش ئىشىنى بىردەك دۆلەت بانكىسى ۋە
ناھىيىلەردىكى تارماق بانكىلار مەسئۇل بولۇپ بېجىرىش.

9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى جاڭ جىجۇڭلار جياڭ جيېشىغا شىنجاڭ ئەھۋالىنى دوكلات قىلىش ئۈچۈن ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىدىن چۇڭچىڭغا قايتتى.

9 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە يېڭىسارغا قاراپ يۈرۈش قىلغان 1 - يۈنىلىش تاشقۇرغان ئىنقىلابىي ئارمىيىسى ئاقدالا داۋىنىنى ئىگىلىدى. ئەتىسى يەنە يېڭىسار ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىغا 30 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان ئېگىز يەرنى ئىگىلەپ، ئۇ يەرنى ساقلاۋاتقان 300 چە دۈشمەننى يوقاتتى. 19 - كۈنى، غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەپ يېڭىسار ناھىيە بازىرىنىڭ ئەتراپىغا كەلگەندە، ئاتلىق ئەسكەرلەر 1 - شىسى 2 - تۈەنگە قاراشلىق ئۈچ لىيەننىڭ توسۇپ زەربە بېرىشىگە ئۇچرىغاچقا، تاغقا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىشقا ماڭغان 2 - يۈنىلىش تاشقۇرغان ئىنقىلابىي ئارمىيىسى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىغا 50 كىلومېتىر كېلىدىغان تاشمىلىققا كەلگەندە، قەشقەر كونىشەھەرنى ساقلاۋاتقان قوشۇننىڭ مۇداپىئەسى بەك مۇستەھكەم بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېڭىسار جېڭىنى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن، دەرھال يۈنىلىشنى ئۆزگەرتىپ تاشمىلىقتىن يېڭىسارغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. بۇ چاغدا، قۇربانوپ 300 نەچچە كىشىلىك قوراللىق كۈچنى باشلاپ، ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ، يېڭىسار ناھىيە بازىرىغا قاراپ قىستاپ كەلدى. لېكىن، گومىنداڭنىڭ ياردەمگە كەلگەن قوشۇنى كېلىپ قالغانلىقتىن، تۆر بۇلۇڭغا قايتىشقا مەجبۇر بولدى. يەكەنگە ھۇجۇم قىلغان 3 - يۈنىلىش تاشقۇرغان ئىنقىلابىي ئارمىيىسى 27 - كۈنى يەكەن ناھىيىسىنىڭ قوشراپ ئەتراپىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، كۈچى ئاجىزراق بولغاچقا، شۇ جاينى قاتتىق مۇداپىئە قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى پېتروپ سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە مۇنۇلارنى ئۇقتۇردى:

يېقىندا بىر مۇنچە مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنى شىنجاڭدىكى قورغىلاڭچى خەلق-
نىڭ ۋەكىلى دەپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانى-
سىغا ئىلتىماس سۇنۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ ۋا-
سىتىچى بولۇپ، ئۆزلىرى بىلەن جۇڭگو دائىرىلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەر-
گەن توقۇنۇشنى ياراشتۇرۇپ قويۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئاستىرتتىن
بىلدۈردى ھەمدە قوزغىلاڭچى خەلقنىڭ ئەسلىدىلا جۇڭگودىن ئايرىلىپ كې-
تىش نىيتى يوق، ئۇلارنىڭ مۇددىئاسى مۇسۇلمانلار شىنجاڭدىكى كۆپ
سانلىق ئىگىلىگەن جايلاردا ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش مەقسىتىگە يېتىشتىن
ئىبارەت دەپ ئىزھار قىلدى. پېتروپ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: سوۋېت ئىتتىپا-
قى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن چېگرىداش بولغان را-
يونلىرىنىڭ تىنچ بولۇشى ۋە تەرتىپلىك بولۇشىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ. شۇڭا،
جۇڭگو ھۆكۈمىتى خالىسا، شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى ئوڭشاشقا قولايلىق بول-
سۇن ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلىنى جۇڭگو
ھۆكۈمىتىگە ئىمكانىيەت يار بەرگەن ئاساستا ھەمكارلىشىشقا ئەۋەتمەكچى.
تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى جياڭ جىيېشىدىن يوليورۇق سورىغاندىن
كېيىن دەرھال مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: شىنجاڭدىكى مۇسۇلمان خەلق-
لەر قوزغىلىڭى توغرىسىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ياردەملىشىشنى
خالىسا، ھۆكۈمىتىمىز بۇنىڭدىن تولىمۇ مىننەتدار بولىدۇ. سوۋېت ئىتتىپا-
قىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلىنىڭ مەسىلىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قى-
لىش چارىسىنى مۇھاكىمە قىلىش ئۈچۈن، ۋەقە تۇغدۇرغۇچىلارنىڭ ئورۇم-
چىگە ۋەكىل ئەۋەتىپ سىياسىي بۆلۈم باشلىقى جاڭ جىجۇڭ بىلەن كۆرۈ-
شۈشنى ئۆتۈنۈپ قويىسا.

شۇ كۈنى ئالتاي ۋىلايىتىدىكى ھەر قايسى ناھىيەلەرنىڭ ھاكىملىرى
ۋە موڭغۇل، قازاق قەبىلە باشلىقلىرى يىغىنى سارسۈمبەدە چاقىرىلدى. يى-
غىندا ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىلىرى بېكىتىلدى: خەلق
تۇرمۇشنى تىرىشىپ ياخشىلاش، ئۇرۇشتا ۋەيران بولغان ئىگىلىكنى ئەس-
لىگە كەلتۈرۈش، خەلقنى خاتىرجەم قىلىش، كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئىتتى-

پاقلاشتۇرۇپ، ھۆكۈمەت ۋە ئارمىيىنى پائال ھىمايە قىلىش، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ تۈرلۈك پاراكەندىچىلىك ۋە بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرۇپ جەمئىيەت تەرتىپىنى قوغداش.

9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ساۋەن ناھىيىسىدىكى گومىنداڭنىڭ ئارمىيە، ھۆكۈمەت خادىملىرى، خەنزۇ ئاممىسى شەھەرنى تاشلاپ ماناسقا قاچتى. سابىت باشچىلىقىدىكى كونا ساۋەن پارتىزانلار ئەترىتى، دېنسوپ باشچىلىقىدىكى شاۋگۈەي پارتىزانلار ئەترىتى ساۋەن ناھىيە بازىرىغا كىردى. بۇنىڭ بىلەن، تارباغاتاي ۋىلايىتى پۈتۈنلەي ئازاد بولدى.

9 - ئاينىڭ 19 - كۈنى تاشقۇرغان ئىنقىلابىي ئارمىيىسىنىڭ يېگىسارغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىشى بىلەن، قەشقەر خەۋپ ئىچىدە قالغانلىقتىن، ۋۇجۇڭشىن لىۋزېرۇڭنى يېۋسىيىپ بىلەن يۈز تۇرانە كۆرۈشۈشكە ئەۋەتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت غۇلجا تەرەپ بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە تەييارلىق قىلىۋاتقان چاغدا، پۈتكۈل سۆھبەتكە تەسىر يېتىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئامال قىلىپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ۋەقەلەرنى كېڭەيتىۋەتمەسلىكنى ئۈمىد قىلدى. يېۋسىيىپ بۇ ئىشنى دەرھال موسكۋاغا يەتكۈزىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى ئالتاي پارتىزانلار ئەترىتىنى ئالتاي قازاق ئاتلىق ئەسكەرلەر مۇستەقىل تۇەنىگە ئۆزگەرتتى، دەلىلقان سۇگۇربايوپ تۇەنجاڭ بولدى.

9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ شىجيې ئەنگلىيىنىڭ لوندون شەھىرىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مولوتوپ بىلەن «شىنجاڭ غۇلجا ۋەقەسى»نىڭ كۆنسايىن كېڭىيىپ كېتىۋاتقانلىقى ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى. مولوتوپ: بۇن-

داق ۋەقە بولۇش ۋاقىتلىق ھادىسە ، ئۇزۇن ئۆتمەي بېسىقىدۇ ، دېدى .

**شۇ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى** مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى دېسكوپ باشچىلىقىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىنى ۋە موڭغۇل ئاتلىق ئەسكەرلەر لىيەنىدىن ئىككىنى ئىلىدىن مۇزات داۋىنى ئارقىلىق قورغانغا بېرىپ ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتى بىلەن ئۇچرىشىشقا ئەۋەتتى ، ئىككىنچى قېتىم ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى .

**9 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە** قورغان ئەتراپىغا چېكىنگەن ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتى مۇزات داۋىنىدىن ئېشىپ ياردەمگە كەلگەن قوشۇن بىلەن بىرلىشىپ ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىنى ئىككىنچى قېتىم ئىگىلىدى . 23 - كۈنى ئاقسۇ شەھىرىگە يەنە بىر قېتىم قورشاپ ھۇجۇم قىلدى .

**9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى** ئىلىخان تۆرە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىسى مۇھسىن سارسۇمبىدە « ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت » ھەيئىتىنىڭ سەييارە يىغىنىنى ئېچىپ مۇنۇلارنى قارار قىلدى : ( 1 ) ئالتاي ۋىلايىتى — « شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى »نىڭ تەركىبىي قىسمى . ( 2 ) ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسى ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدىكى ھەر قايسى باشقارما ، ئىدارىلەرنى قۇرۇش ، ئوسمان ئىسلامنى ئالتاينىڭ ۋالىيلىقىغا ، ئارۇپباي بىلەن شامشى مامىيوپ①نى مۇئاۋىن ۋالىيلىققا تەيىنلەش ، سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلىرىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا بەزى مۇھىم باشقارما ، ئىدارىلەرگە ئەۋەتىپ

① شامشى مامىيوپ ( 1903 — 1950 ) : شىنجاڭ سارسۇمبە ناھىيىسىدىن ، قازاق ، مىللىي يۇقىرى قاتلام زات . زىيالىي . ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ، ئالتاينىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى ئالتاي ۋىلايەتلىك تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان . 1950 - يىل 6 - ئايدا كېسەل سەۋەبى بىلەن سارسۇمبىدە ۋاپات بولغان .

مۇئاۋىن ۋەزىپىلەرگە قويۇش. (3) ئوسمان ئىسلام، دەلىلقان سۈگۈربا-يوپ ۋە زاكىقان ئەلەن[1] نى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتىنىڭ ئەزالىقىغا تولۇقلاش.

شۇ كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» سارسۈمبە، بۇرچىن، قابا، جىمـنەي، بۇرۇلتوقاي، كۆكتوقاي، چىڭگىل قاتارلىق ناھىيىلەردە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇشنى، موللا ئىسلام ئىسمايىلوپنى سارسۈمبە ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا، ئابلىماجىن ئۆمۈرتاينى بۇرچىن ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا، كۆكنەي دابۇنى قابا ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا، مەكەن قابىلنى جىمنەي ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا، نازىقاننى بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا، قالمان ئاقىتنى كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا، نازىرنى چىڭگىل ناھـيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەشنى قارار قىلدى.

شۇ كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» دۆلەت بانكىسىنىڭ ئالتاي ۋىلايەت-لىك شۆبىسىنى قۇرۇشنى قارار قىلدى، تايغالىنى بانكا باشلىقلىقىغا تە-يىنلىدى.

9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ 16 - قېتىم-لىق يىغىنى مۇنۇلارنى قارار قىلدى: خەلقنىڭ زايوم سېتىۋېلىشىغا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، تارباغاي ۋىلايەتلىك بانكا ۋاقىتنچە 20 مىليون سوملۇق تارباغاتاي قەغەز پۇلىنى كۆپەيتىپ باسىدۇ، ئۇنىڭ قىممىتى 2000 سوم-لۇق، 1000 سوملۇق، 500 سوملۇق، 200 سوملۇقتىن ئىبارەت تۆت خىل بولىدۇ. ئۇ تارباغاتاي ۋىلايىتى دائىرىسىدىلا ئاقىدۇ. يەرلىك ئاھالىلەر

---

① زاكىقان ئەلەن (1922 — 1968): شىنجاڭ جىمنەي ناھىيىسىدىن، قازاق. ئەلەن ۋاڭنىڭ ئوغلى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى بولغان. كېيىن گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان. 1968 - يىلى ئۇرۇمچىدە كېسەل بىلەن ئۆلگەن.

ئۇنى «چەك» دەپ ئاتىدى.

9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسى ساۋەن ناھىيىلىك ھۆكۈمىتى قۇرۇپ، سابىتنى ھاكىملىققا تەيىنلىدى.

9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ۋۇجۇڭشىن قۇتۇبى ناھىيىسىدىكى خۇاڭساۋخۇدا ساۋەن ناھىيىلىك ھۆكۈمىتى قۇرۇشقا بۇيرۇق چۈشۈردى، ساۋەن ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى جاڭ چۈەنجىن قوشۇمچە ماناس، ساۋەن، شىخو ناھىيىلىرىنىڭ ئاممىۋى قوغدىنىش تۈەنىنىڭ ۋاقىتلىق قوماندانى بولدى.

9 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئورگان گېزىتى «ئەركىن ئالتاي» (قازاقچە) نەشر قىلىندى. مۇقاش جاكە① گېزىتخانىنىڭ باشلىقى بولدى.

9 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى موڭغۇل خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قالقاباي، قابدۇل، قۇرمان قاتارلىق مەسلىھەتچىلىرى بۇيرۇققا بىنائەن ئالتايدىن ۋەتىنىگە قايتتى.

9 - ئايدا «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» سۈيدۈڭ ناھىيىلىك ھۆكۈمىتىگە مۇنداق دەپ تەستىقىي يوليورۇق بەردى: كۆرەگە كۆچۈپ كەتمىگەن، ھىلەم لو سىڭگۇڭدا تۇرۇۋاتقان 57 خەنزۇ ئائىلىسىنىڭ چارۋىسى، مال - مۈلكى ۋە ئاشلىقىنى مۇسادىر قىلىشقا بولمايدۇ.

---

① مۇقاش جاكە (1903—): شىنجاڭ جىمنەي ناھىيىسىدىن، قازاق، زىيالىي. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە، ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسى ئورگان گېزىتى «ئەركىن ئالتاي»نىڭ باش مۇھەررىرى بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ مىللەتلەر نەشرىياتى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا تەرجىمانلىق، تەھرىرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان.

شۇ ئايدا مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى شىخەنزىدە ئوتتۇرا يۆنىلىش قوماندانلىق شتابى تەسىس قىلدى. ئىۋان ياكوۋلېۋىچ پالىنوپ قوشۇمچە ئوتتۇرا يۆنىلىش قوماندانلىقىغا، داۋۇتوپ سىياسىي كومىسسارلىققا تەيىنلەندى. ئۇنىڭ قارمىقىدىكى پىيادە ئەسكەرلەر 1 - لۇيى (لۇيجاڭ موگۇتنوپ، سىياسىي كومىسسار مەرغۇپ ئىسھاقوپ①) ماناس دەرياسىدا تۇرغۇزۇلدى، پىيادە ئەسكەرلەر 2 - لۇيى (لۇيجاڭ پىدايوپ، سىياسىي كومىسسار موللاخۇن) ماناس دەرياسىدا تۇرغۇزۇلدى، مۇستەقىل مىناميوت يىڭى (يىڭجاڭ ئوقلاۋ، سىياسىي كومىسسار ئاتباچىس) ماناس دەرياسىدا تۇرغۇزۇلدى، چۆچەك ئاتلىق ئەسكەرلەر 6 - تۇەنى (تۇەنجاڭ يۇسۇپوپ مۇھەممەتجان، سىياسىي كومىسسار ئابدۇللا جۇمە) شىخەنزىدە تۇرغۇزۇلدى، توققۇز تارا ئاتلىق ئەسكەرلەر 5 - تۇەنى (تۇەنجاڭ يۇسۇپقان كونباي، سىياسىي كومىسسار نۇرسادىروپ) چاۋكەندە تۇرغۇزۇلدى، ئاتلىق ئەسكەرلەر 7 - تۇەنى (تۇەنجاڭ قازىقان مانامايوپ، سىياسىي كومىسسار ئەبىشوپ) چاۋكەندە تۇرغۇزۇلدى، بۇلارنىڭ ئومۇمىي ئەسكىرىي كۈچى 10 مىڭ كىشىدىن ئاشتى.

شۇ ئايدا مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى موڭغۇلكۈرەدە جەنۇبىي يۆنىلىش قوماندانلىق شتابى قۇردى، ئىسھاقبېك مونونوپ جەنۇبىي يۆنىلىش شتابىنىڭ قوماندانى بولدى. ئۇنىڭ قارمىقىدىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر 1 - لۇيى (لۇيجاڭ ئىسھاقبېك مونونوپ، سىياسىي كومىسسار

---

① مەرغۇپ ئىسھاقوپ (1923 — 1991): شىنجاڭ غۇلجىدا تۇغۇلغان، سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەلىكىدىكى مۇھاجىر، تاتار. ئەسقەت ئىسھاقوپنىڭ ئىنىسى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ تۇەنجاڭى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 5 - جۈنىنىڭ مۇئاۋىن جۈنجاڭى، قوشۇمچە سەنمۇجاڭى بولغان. 1955 - يىلى شاۋجاڭلىق ھەربىي ئۇنۋان ئالغان. 1960 - يىلى تەشكىلنىڭ تەستىقلىشى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتقان، 1991 - يىلى ئالما - ئاتادا كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان.

ملك جىلقىيوپ) موگخۇلكۆرەدە تۆرغۇزۇلدى؛ ئاتلىق ئەسكەرلەر 2 - لۇيى
(لۇيجاك نۇربايوپ، سىياسىي كومىسسار ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوپ[①] )
كۆنەستە تۆرغۇزۇلدى، ئاتلىق ئەسكەرلەر 1 - تۇەنى (تۇەنجاك مەۋلا-
نوپ، سىياسىي كومىسسارى ئۆمەر زاكىروپ) مۇزات داۋىنىدا تۆرغۇزۇل-
دى، ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 - تۇەنى (تۇەنجاك بايچۇرىن رەپىقە) شوتىدا
تۆرغۇزۇلدى، ئاتلىق ئەسكەرلەر 21 - تۇەنى (تۇەنجاك سىدىقھاجى)
موگخۇلكۆرەدە تۆرغۇزۇلدى.

10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى 99 - نومۇر-
لۇق مۇنداق قارار ماقۇللىدى: سابىق جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت
تامغىسى بېسىلمىغان پۇلنى ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە ئوبوروت قىلىش
قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ، بۇ پۇللارنى 10 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 18 - كۈنە-
گىچە دۆلەت بانكىسى يىغىۋېلىپ، پۇل قىممىتىنىڭ 90% تىنىلا نەقلەشتۈرۈپ
بېرىدۇ. 10 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن بۇرۇن تامغا بېسىلغان پۇللار يەنىلا
ئۆز قىممىتى بويىچە ئوبوروت قىلىنىدۇ. تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە
پۇلغا تامغا بېسىش خىزمىتىنى 11 - ئاينىڭ1 - كۈنىدىن بۇرۇن ئاخىرلاشتۇ-
رۇش كېرەك. ۋاقتىدا ئورۇندىمىغانلارغا چارە كۆرۈلىدۇ.

شۇ كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى 100 - نومۇرلۇق قارار ما-

---

① ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوپ (1898—1973): ئالما - ئاتادا تۇغۇلغان، ئۇيغۇر.
1931 - يىلى غۇلجىغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە، ئۈچ ۋىلايەت
مىللىي ئارمىيىسىنىڭ سىياسىي مۇئاۋىن باش قوماندانى، ئاتلىق ئەسكەرلەر 2 - لۇيىنىڭ سىياسىي
كومىسسارى، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مىللىي ئارمىيە تەشكىلىي
كومىتېتىنىڭ رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ھەر-
بىي رايونى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، غۇلجا شەھىرىنىڭ باشلىقى، ئىلى قازاق ئاپتو-
نوم ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئا-
ۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1973 - يىلى غۇلجىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات
بولغان.

قۇللىدى : گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە غەيرىي قوراللىق ۋاستە ، يەنى سۆھبەت ئۆتكۈزۈش شەكلىنى قوللىنىپ « شەرقىي تۈركىستان »نىڭ مۇستەقىللىك مە-سىلىسىنى ھەل قىلىش تەكلىپىنى بېرىش ، ئەگەر گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بۇ-نىڭغا قوشۇلسا ، « ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت » رەھىمجان سابىر ھاجى ، ئوبۇل-خەيرى تۆرە ، ئەخمەتجان قاسىمىنى سۆھبەت ۋەكىللىرى قىلىپ ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش .

10 - ئاينىڭ 3 - كۈنى يېۋسىپىپ لېۋزىپرۇڭ بىلەن ئۈچرىشىپ مۇنداق دېدى : موسكۋادىن تېلېگرامما كەلدى ، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ سۆھبەتكە بارىدىغان ۋەكىللىرىنى بېكىتىپ بوپتۇ ، ئۈچ ۋىلايەتتىن سۆھبەتكە بارىدى-غان ۋەكىللەرنىڭ ئۈرۈمچىگە بېرىش ۋاقتى ۋە لىنىيىسىنى بېكىتسەڭلار .

شۇ كۈنى ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسى مۇنداق دەپ ئومۇمىي ئۇقتۇ-رۇش چىقاردى : ھۆپىگەرلەرنىڭ تىجارەت قىلىشىغا يول قويۇلىدۇ ، ھەر قانداق كىشىنىڭ ھۆپىگەرلەرنىڭ تىجارەت پائالىيىتىگە ئارىلىشىشى ۋە ئۇ-نى چەكلىشى قەتئىي مەنئىي قىلىنىدۇ .

شۇ كۈنى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى قۇرۇلدى ، ئۇ-نىڭغا ئابىتجان مەسئۇل قىلىندى . ئۇنىڭ قارمىقىدا دراما ئەترىتى ۋە مۇزى-كا ئەترىتى قۇرۇلدى . دراما ئەترىتى قارمىقىدا قازاق دراما شۆبە ئەتر-تى ، ئۇيغۇر دراما شۆبە ئەترىتى ، ئۆزبېك دراما شۆبە ئەترىتى ، تاتار دراما شۆبە ئەترىتى ، رۇس دراما شۆبە ئەترىتى قۇرۇلدى ؛ مۇزىكا ئەتر-تى قارمىقىدا قازاق - تاتار - رۇس بىرلەشمە شۆبە ئەترىتى ، ئۇيغۇر - ئۆزبېك بىرلەشمە شۆبە ئەترىتى قۇرۇلدى .

10 - ئاينىڭ باشلىرى مىللىي ئارمىيە ئوتتۇرا يۆنىلىش قوماندانلىق شتابى ئاتلىق ئەسكىرىي كوچىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ ، يەنە

مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر لۇيى (لۇيجاڭ فاتىي ئىۋانوۋىچ لېسكىن، سىياسىي كومىسسارى مولداغالى)نى ساۋەندە تۇرغۇزدى، ئۇنىڭ قارمىقىدىكى دۆربىلجىن ئاتلىق ئەسكەرلەر 4 - تۇەنى (تۇەنجاڭ ئايتقان، سىياسىي كومىسسارى يۇسۇپ)نى ماناس دەرياسىدا تۇرغۇزدى، كەڭساي ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 - تۇەنى (تۇەنجاڭ دېنسوپ )نى ماناس دەرياسىدا تۇرغۇزدى، خۇيزۇ ئاتلىق ئەسكەرلەر 10 - تۇەنى (تۇەنجاڭ مەنسۇر لومىيوپ)نى شىخەنزىدە تۇرغۇزدى، موڭغۇل ئاتلىق ئەسكەرلەر 8 - تۇەنى (تۇەنجاڭ ئېردەنى)نى ساۋەندە تۇرغۇزدى، پىيادە ئەسكەرلەر 4 - تۇەنى (تۇەنجاڭ قېيۇمبەگ خوجا① ، سىياسىي كومىسسارى خېلىلوپ)نى يەنىسخەيدە تۇرغۇزدى. ئالاقە ليەنىنى شىخەنزىدە تۇرغۇزدى، دۆربىلجىن ئامانلىق ساقلاش ليەنىنى دۆربىلجىننىڭ ئۆزىدە تۇرغۇزدى. ئۇلارنىڭ ئومۇمىي سانى 7000 كىشىدىن ئارتۇق ئىدى.

10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ يېرىم ئايدىن كۆپرەك قورشاش ھۇجۇمىدا قالغان، ئاقسۇنى ساقلاۋاتقان قوشۇن جياڭ جېيشىنىڭ «جان تىكىپ قوغداپ، ياردەمگە بارىدىغان قوشۇننىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈش» ھەققىدىكى قاتتىق پەرمانى ۋە نۇرغۇن ئىنئام بېرىشى ئارقىسىدا، شەھەرگە ھۇجۇم قىلغان ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتىگە شىددەتلىك قايتۇرما زەربە بەردى، ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتى ئېغىر زىيانغا ئۇچراپ، ئاقسۇ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلماي، ئۇنى قورشاپ تۇرۇشقا مەجبۇر

---

① قېيۇمبەگ خوجا (1918—1954): شىنجاڭ غۇلجا ناھىيىسىدىن، ئۇيغۇر. ھاكىمبەگ خوجىنىڭ ئوغلى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە، مىللىي ئارمىيىنىڭ تۇەنجاڭى، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى ئىلى ۋىلايەتلىك تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك سانائەت، كان ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1954 - يىلى ئۇرۇمچىدە كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان.

بولدى .

10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يېڭى 2 - جۇڭ-نىڭ جۇڭجاڭى شۇرۇچىڭ ۋە ئۆلكىلىك جارچى - سىلاۋچىلىق ھەيئىتى جار-چى - سىلاۋچىلىق باشقارمىسىنىڭ باشلىقى جۇڭ دىخۇا قاتارلىق كىشىلەر-نى ماناسقا بېرىپ ئۈچ ۋىلايەت سۆھبەت ۋەكىللىرىنى قارشى ئېلىشقا ئە-ۋەتىشنى بەلگىلىدى .

10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى 102 - نومۇر-لۇق قارار ماقۇللاپ ، ئوسمان گوبوروۋىنىڭ ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىش توغرىسىدىكى ئىلتىماسىنى تەستىقلاپ ، ئۇنى مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىدىن قالدۇردى .

10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى يېڭىسېيپ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىگە ئۈچ ۋىلايەت سۆھبەت ۋەكىللىرىنىڭ 12 - كۈنى ماناس ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە با-رىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى .

10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن گو-مىنداڭ چۇڭچىڭدا ئىككى تەرەپ سۆھبىتىنىڭ مۇھىم خاتىرىسى ، يەنى« 10-ئۆكتەبىر كېلىشىمنامىسى » نى ئىمزالىدى . گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيە كېلى-شىمدە بىردەك مۇنداق دەپ قارىدى : « ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ، تىنچلىق ، دېموكراتىيە ، ئىتتىپاقلىق ، بىرلىكنى ئاساس قىلىش » ، « ئىچكى ئۇرۇشتىن قەتئىي ساقلىنىپ ، مۇستەقىل ، ئەركىن ، باي ، قۇدرەتلىك يېڭى جۇڭگو قۇرۇش » ، بۇنىڭ ئۈچۈن ، سىياسىنى دېموكراتىيىلەشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ، سىياسىي مەھبۇسلارنى قويۇپ بېرىش ، ئاپتونومىيىنى پائال يولغا قويۇش ، تۆۋەندىن يۇقىرىغىچە ئومۇميۈزلۈك سايلام ئۆتكۈ-زۈش ، خەلقنىڭ بارلىق دېموكراتىك دۆلەتلەردىكىلەر بەھرىمەن بولۇۋاتـ

قان دېموكراتىيە ، ئەركىنلىك ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشنى ئېتىراپ قى-
لىش كېرەك .

شۇ كۈنى جياڭ جيېشى رادىئو نۇتقى ئېلان قىلىپ ، شىنجاڭ مەسىلە-
سىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى تىلغا ئالدى .

شۇ كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى 103 - نومۇرلۇق قارار ما-
قۇللاپ ، ئەخمەتجان قاسىمىنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت»نىڭ ئەزالىقىغا تولۇق-
لىدى .

10 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئار-
مىيە باش قوماندانلىق شتابى ئاقسۇغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىۋاتقان ئاتلىق
پارتىزانلار ئەترىتىگە ئىككى قېتىم تېلېگىرامما ئەۋەتىپ مۇنداق بۇيرۇق بەر-
دى : «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى
ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى . ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتى دەرھال ئۇرۇشنى
توختىتىپ ، 10 كىلومېتىر كەينىگە چېكىنىپ بۇيرۇق كۈتسۇن . سوۋېت ئىتتىپا-
قىنىڭ ھەربىي خادىملىرى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قورال - ياراغلىرى ئاۋۋال
ئىلىغا چېكىندۈرۈلسۇن .

10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت سۆھبەت ۋەكىللىرىدىن رەھىم-
جان سابىر ھاجى ، ئوبۇلخەيرى تۆرە ، ئەخمەتجان قاسىملار ئۈرۈمچىگە
يېتىپ كەلدى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كون-
سۇلخانىسىغا بېرىپ يېۋسېيېنى زىيارەت قىلدى .

شۇ كۈنى دېسكوۋ سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىنى
باشلاپ ئاقسۇدىن ئىلىغا قايتتى .

10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى جاڭ جىجۇڭ مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكىلى سۈپىتى بىلەن لياڭ خەنساۋ (گومىنداڭ مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى)، دىڭ ۋېنيى، پېڭ جاۋشيەن (گومىنداڭ مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، جاڭ جىيۇ، ۋاڭ زىڭشەن، ليۇ مىڭچۈن، چۇۋۇ (شەنشى ئۆلكىلىك قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى) قاتارلىقلارنى باشلاپ ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە تۇتۇش قىلدى. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ سۆھبەت ۋەكىللىرى رەھىمجان سابىر ھاجى، ئوبۇلخەيرى تۆرە، ئەخمەتجان قاسىملار ئايرودرومغا چىقىپ قارشى ئالدى.

شۇ كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى 106 - نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ 1945 - يىللىق دىنىي باج — «ئۆشرە»، «زاكات»نىڭ ھەممىسىنى مائارىپ ئىشلىرىغا ئىشلىتىشنى بەلگىلىدى.

شۇ كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى ئىسھاقبېك مونونوپنى جوڭ جياڭلىققا ئۆستۈردى.

شۇ كۈنى ئاقسۇ شەھرىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىۋاتقان ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتى بۇيرۇققا بىنائەن چېكىنىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئادەم ئەۋەتىپ بايىنى ساقلاۋاتقان مۇيىدىن خوجىغا قوشۇنىنى باشلاپ چېكىنىشنى ئۇقتۇردى. ئاقسۇنى ساقلاۋاتقان قوشۇن چېكىنىۋاتقان ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتىگە قوغلاپ زەربە بېرىپ، ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيە بازىرىنى قايتا ئىگىلىۋالدى، ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتى قورغان ئەتراپىغا چېكىندى. بايىنى ساقلاۋاتقان مۇيىدىن خوجا قوشۇنى چېكىنىۋېتىپ گومىنداڭنىڭ كۈچادىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر 4 - تۈەنى بىلەن كەسكىن

ئېلىشقاندىن كېيىن، تەلەمەت داۋىنى ئارقىلىق تېكەس ناھىيىسىگە چېكىندى.

**10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى** «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى 108 - نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: (1) ئوقۇش يېشىدىكى باللارغا شەھەرلەردە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەجبۇرىي مائارىپنى يولغا قويۇش، يېزىلاردا باشلانغۇچ مەجبۇرىي مائارىپنى يولغا قويۇش. (2) بىردەك ئوقۇش خىراجىتى ئالماسلىق. مەدەنىيەت - مائارىپ ساھەسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىشچى - خىزمەتچىلەر ماگىزىنىدىن ئايلىق ئىش ھەققى سومىسى بويىچە دۆلەت بېكىتىپ بەرگەن باھادا تەمىنلىنىدىغان ماددىي بويۇملارنى سېتىۋېلىش. (3) يەككە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئوقۇتقۇچىلاردىن ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىغا قايتىشنى تەلەپ قىلىش، ھەربىي ئورۇنلاردىكى خىزمەتچىلەر ئىچىدىكى ئىلگىرى ئوقۇتقۇچىلىق قىلغانلارنى، مائارىپ نازارىتى تەلەپ قىلسا، بىردەك ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىگە قايتۇرۇپ كېلىش.

**شۇ كۈنى** «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى 110 - نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنىنى ئىنقىلاب خاتىرە كۈنى قىلىپ بېكىتتى.

**شۇ كۈنى** «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى 111 - نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ، مايتاغ نېفىت كېنىدا ھەربىي ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇشنى بەلگىلىدى.

**10 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە** جاڭ جىجوڭ ئۈچ ۋىلايەت سۆھبەت ۋەكىللىرىنىڭ بىز «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»نىڭ ۋەكىلى، مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرۇشىمىز كېرەك، جاڭ جىجوڭ بىلەن ئىككى دۆلەت سۆھبەت ۋەكىللىرى گۇۋاھنامىسى ئالماش-

تۆرىمىز ، بولمىسا سۆھبەت ئۆتكۆزمەي ئىلىغا قايتمىز دېگەنلىكىدىن خەۋەر
تېپىپ ، دەرھال يېۋسىپىپ بىلەن كۆرۈشۈپ ، ئۇنىڭ ئۈچ ۋىلايەت سۆھبەت
ۋەكىللىرىگە ئۇنداق سالاھىيەتتىن ۋاز كېچىشنى ئۇقتۇرۇپ قويۇشنى ئىلتىـ
ماس قىلدى ، يېۋسىپىپنىڭ ئوتتۇرىدا كېلىشتۈرۈشى ئارقىلىق ، ئۈچ ۋىلاـ
يەت سۆھبەت ۋەكىللىرى ۋاقتىنچە « خەلق ۋەكىلى » سالاھىيىتى بىلەن سۆھـ
بەتكە قاتنىششقا قوشۇلدى .

10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت سۆھبەت ۋەكىللىرىدىن رەھىمـ
جان سابىرھاجى قاتارلىق ئۈچ كىشى ليۇ زېرۇڭنىڭ ھەمراھلىقىدا يېڭى بىـ
نادا جاڭ جىجۇڭ بىلەن كۆرۈشتى . دېڭ ۋېنيى ، پېڭ جياۋشيەن ، ۋاڭ زېڭـ
شەن ، چۇۋۋلار بىللە بولدى .
جاڭ جىجۇڭ ئاۋۋال قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىناقلىق ۋە ئائىلىـ
ۋى ئىتتىپاقلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ تۇرۇپ
سۆز قىلدى ، ئارقىدىنلا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە
ئۈچ ۋىلايەت سۆھبەت ۋەكىللىرىنى ئىلى قوزغىلاڭچىلار خەلقىنىڭ ۋەكىلى
دەپ تونۇشتۇرغانلىقىدىكى سەۋەبنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى ، ئاخىرىدا رەـ
ھىمجان سابىرھاجى قاتارلىق ئۈچ كىشىدىن مەسىلىنى تىنچ يول بىلەن ھەل
قىلىش ئۈستىدە پىكىر ئالدى . رەھىمجان سابىر ھاجى قاتارلىق ئۈچ كىشى
مۇنداق ئىپادە بىلدۈردى : « شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى »مىزنى سوـ
ۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى تېخى ئېتىراپ قىلمىغاچقا ، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆـ
كۈمىتى بىزنى ئىلى قوزغىلاڭچىلار خەلقىنىڭ ۋەكىلى دەپ تونۇشتۇرغان ،
ئاۋۋال مەركەزنىڭ مەسىلىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدىكى
كونكرېت پىكرى ۋە لايىھىسىنى قولىمىزغا بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز .

10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى جاڭ جىجۇڭ جۇ شاۋ لياڭ ، ۋۇ جۇڭشىن ،
گوجىچياۋ ، ليۇ زېرۇڭ ۋە لياڭ خەنساۋ ، دېڭ ۋېنيى ، پېڭ جاۋشيەن ، جاڭ

جىڭيۇ، ۋاڭ زىڭشەن، ليۇ مىڭچۈن، چۈۋۈنى چاقىرىپ يىغىن ئېچىپ، «مەركەزنىڭ شىنجاڭدا يۈز بەرگەن قىسمەن ۋەقەنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى كۆرسەتمە لايىھىسى»نىڭ كوپىيىسىنى تۈزۈپ چىقتى ھەمدە ليۇ زىۋۈڭغا رۇسچىغا تەرجىمە قىلىپ، پىكىر ئېلىش يۈزىسىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسىغا ئاپىرىپ بېرىشنى بۇيرۇدى.

10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى جاڭ جىجۇڭ «مەركەزنىڭ شىنجاڭدا يۈز بەرگەن قىسمەن ۋەقەنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى كۆرسەتمە لايىھىسى»نى تېلېگرامما ئارقىلىق جياڭ جيېشىغا مەلۇم قىلدى. «كۆرسەتمە لايىھىسى»نىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

(1) شىنجاڭ خەلقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتە تەكشى تەرەققىي قىلىشىغا يار - يۆلەك بولۇپ، ئۇلارنى ئىچكىرىدىكى خەلقلەر بىلەن ئوخشاش مۇئامىلىگە ئېرىشتۈرۈش؛

(2) ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلىش، ھەر قايسى دىنلارنىڭ چېركاۋ، مەسچىت، بۇتخانىلىرىنى مۇۋاپىق قوغداش؛

(3) ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئەسلىدىن بار بولغان مەدەنىيەت، ئۆرپ - ئادەت، تىل - يېزىقىغا ھۆرمەت قىلىش؛

(4) ھەر قايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ جىسمانىي، مال - مۈلۈك، سۆز - ھەرىكەت، ئۆي - جاي، مەتبۇئات، يىغىلىش، تەشكىلاتلارغا قاتنىشىش ئەركىنلىكىنى قانۇنىي جەھەتتىن كاپالەتلەندۈرۈش؛

(5) يەرلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش، ئۇنىڭ چارىسى مۇنداق:

A، ھازىر قالايمىقانچىلىق ئىچىدە تۇرۇۋاتقان ناھىيىلەردە تەرتىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىنكى ئۈچ ئاي ئىچىدە، يېزا - بازارلاردا باۋ - جيالارنى سايلاش، ئالتە ئاي ئىچىدە ناھىيىلىك مەسلىھەت كېڭەشنى سايلاش ئىشىنى تاماملاش، دېموكراتىك سىياسىنى يولغا قويۇش؛

B، ناھىيىلىك مەسلىھەت كېڭەشلىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك مەسلىھەت كېڭىشى تەشكىلىي قانۇنىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئۇلارنىڭ يەرلىك خەلقنىڭ پاراۋانلىق ئىشلىرىنى تارماقلار بويىچە يۇقىرىغا يوللاپ تەكلىپ بېرىش ھوقۇقى بولۇش؛ يەرلىك مەمۇرىي خادىملار-

نىڭ قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلىرى ئۈستىدىن پاش قىلىش ۋە نازارەت قىلىش ھوقۇقى بولۇش ؛

C ، ناھىيىلىك مەسلىھەت كېڭەشلىرى قۇرۇلۇپ ئالتە ئايدىن كېيىن يەرلىك خەلقتىن ئىناۋىتى يۇقىرى ، بىلىملىك ھەم ئىقتىدارلىق ئىككى ئادەمنى سايلاپ بېرىش ، ھۆكۈمەت تەرەپ ئۇلاردىن بىرىنى تاللاپ ناھىيىنىڭ ھاكىملىقىغا قويۇش ؛

D ، ھاكىمنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى بىر ياقلىق قىلىشىغا ياردەمدە بولۇش ئۈچۈن ھۆكۈمەت مۇئاۋىن ھاكىم تەيىنلەش ؛

E ، ھەر قايسى ۋىلايەتلەرنىڭ مەمۇرىي ۋالىيلىرىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كۆرسىتىش ، مەركەز تەيىنلەش ھەمدە ئۇنىڭغا يەرلىك زاتلاردىن تاللاش ؛ باشقا مەمۇرىي خادىملارنىڭ كۆپىنچىسىنى يەرلىك زاتلاردىن تاللاپ ئىشلىتىشنى پرىنسىپ قىلىش ؛

( 6 ) بۇنىڭدىن كېيىن ھۆكۈمەت باج - سېلىقنى يېنىكلىتىشنى ھەقىقىي ئويلىشىش ، ئالۋاڭ چېچىشنى قەتئىي چەكلەش ھەمدە خەلقنىڭ يېزا ئىگىلىك ، سودا - سانائەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا پائال ياردەم بېرىپ ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ؛

( 7 ) ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك ئېچىپ ، ئىجتىمائىي تەلىم - تەربىيىنى كېڭەيتىپ ، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدە ئايرىم - ئايرىم ھالدا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆز تىل - يېزىقىنى قوللىنىش ؛

( 8 ) قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەن رايونلاردا بارلىق ھەربىي ھەرىكەتلەرنى توختىتىش ھەمدە بىر ئاي ئىچىدە ۋەقە يۈز بېرىشنىڭ ئالدىدىكى ھالەت ۋە تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ، ۋەقە يۈز بەرگەن مەزگىل ئىچىدىكى بارلىق قانۇنسىز تەشكىلاتلارنى بىكار قىلىش ؛

( 9 ) ۋەقەگە قاتناشقان قوراللىق تەشكىلاتلارنىڭ خادىملىرىنى مۇۋاپىق خىراجەت بىلەن دەرھال ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇپ ، خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ؛

( 10 ) ۋەقەگە قاتناشقانلارنى بىردەك سۈرۈشتۈرمەسلىك ھەمدە ئۇلارنىڭ ھاياتى ، ئولتۇراق ئۆيىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ؛

( 11 ) ۋەقەگە قاتناشقانلىقى تۈپەيلىدىن تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ، قاماپ قويۇلغانلارنى ئىككىلا تەرەپ تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ قويۇپ بېرىش ، ئۇلارنىڭ مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىنغان بولسا تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىش ؛

( 12 ) قانۇنسىز تەشكىلاتلارغا قاتناشقان خادىملاردىن ئۆز يۇرتىغا قايتىشنى خالىغۇچىلارنى بىردەك راسخوت بېرىپ قايتۇرۇش ، قالغانلىرىنى ھۆكۈمەت سىناپ كۆرۈپ ئايرىم - ئايرىم ئىشقا قويۇپ ، ئۇلارنى دۆلەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش پۇرسىتىگە تولۇق ئىگە قىلىش .

10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى رەھىمجان سابىرھاجى قاتارلىق ئۈچەيلەن غەربىي بىنادا مەسئۇد بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشتى .

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت بەشتە جاڭ جىجۇڭ لىيۇ زېرۇڭنى ئالاھىدە كۈتۈۋېلىش ئورنىغا بېرىپ، رەھىمجان سابىرھاجى قاتارلىقلارغا «مەركەزنىڭ شىنجاڭدا يۈز بەرگەن قىسمەن ۋەقەنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى كۆرسەتمە لايىھىسى»دىن بىر نۇسخىنى بېرىشكە ئەۋەتتى. رەھىمجان سابىرھاجى قاتارلىقلار لىيۇ زېرۇڭغا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بۇ قېتىم ئۈرۈمچىگە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»گە ۋەكىل بولۇپ كەلدۇق، مەركەز بىزنى قوزغىلاڭچى خەلقنىڭ ۋەكىلى دەپ قاراۋاتىدۇ، بۇ ئەسلى ئارزۇيىمىزغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، بىز سۆھبەت ۋەكىللىرى بۇ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىمىزگە ئالالمايمىز، غۇلجىغا قايتىپ يولىيورۇق سورىغاندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ سۆزلەشسەك. رەھىمجان سابىرھاجى ئاخىرىدا مۇنداق دېدى: «مەن جاڭ جىجۇڭ بۇجاڭنىڭ ‹كۆرسەتمە لايىھىسى›نى بىزگە بەرگەنلىكىگە تەشەككۈر ئېيتىمەن، قايتا قان تۆكۈلمەسلىكنى، مەسىلىنىڭ ئوڭۇشلۇق ھالدا تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.» ئەخمەتجان قاسىمۇ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ھازىر پۈتۈن دۇنيا تىنچلىنىشقا باشلىدى، بىز ھەر قانداق بىرجايدا قان تۆكۈلۈپ، پۈتكۈل تىنچلىقنىڭ بۇزۇلۇشىنى ھەرگىز خالىمايمىز.

10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى رەھىمجان سابىرھاجى قاتارلىقلار يېڭى بەنادا 2 - قېتىم جاڭ جىجۇڭ بىلەن كۆرۈشتى، جاڭ جىجۇڭ «مەركەزنىڭ شىنجاڭدا يۈز بەرگەن قىسمەن ۋەقەنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى كۆرسەتمە لايىھىسى» توغرۇلۇق ئۇلاردىن پىكىر ئالدى. رەھىمجان سابىرھاجى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: «بىزنىڭ پىكرىمىز مۇستەقىللىكنى تەلەپ قىلىش، يەنى جوڭگو تەۋەلىكىدىن ئايرىلماسلىق، دىپلوماتىيە، ھەربىي ئىشلاردا مەركەزگە بويسۇنۇش، يەرلىك مەمۇرىي، مائارىپ ئىشلىرىنى يەرلىك بىر تەرەپ قىلىش. بىز بۇ قېتىم ئۈرۈمچىگە كېلىپ كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىمىزدىن مەركەزنىڭ شىنجاڭغا قىلغان غەمغۇرلۇقنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق. كۆر-

سەتمدە گوتتۇرىغا قويۇلغان 12 تۈرلۈك لايىھىنى ئىلغا ئىلىپ كېتىپ ، ھۆ-
كۈمىتىمىز ۋە خەلقىمىز بىلەن مۇزاكىرىلەشكەندىن كېيىن قارار قىلايلى . »
ئارقىدىنلا جاڭ جىجۇڭ « دۆلەتنى ھىمايە قىلىش ، ھۆكۈمەتكە بويسۇ-
نۇش » ئاساسي مەقسەت قىلىنغان تېمدا سۆز قىلدى . جاڭ جىجۇڭ سۆ-
زىدە مۇنداق دېدى : تارىختىن قارىساق مۇنداق روشەن ئىككى پاكىت
بار : بىرىنچى ، شىنجاڭ 2000 يىلدىن ئىلگىرىلا جۇڭگونىڭ زېمىنى ئىدى ،
بۇنى پۈتۈن دۇنيا ئېتىراپ قىلىدۇ . ئىككىنچى ، مەركەزنىڭ كۈچى يېتىشەل-
مىگەن چاغلاردا شىنجاڭ بىر مۇنچە ئۇششاق بەگلىكلەرگە بۆلۈنۈپ بىر -
بىرى بىلەن ئۇرۇشقان ، خەلق ئېغىر ئازاب - ئوقۇبەتلەرگە دۇچار بولغان ،
بەزىدە تاشقى كۈچلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچراپ ، خەلق تېخىمۇ ئېغىرئازاب-
ئوقۇبەت تارتقان . ئۇ مۇنۇلارنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقنى بىلدۈردى : خەلق
تەرەپتىن ئېيتقاندا ، چوقۇم شۇنى تونۇپ يېتىش كېرەككى ، شىنجاڭ ئەج-
دادلىرىمىز قان - تەر ئاققۇزۇپ ئاچقان زېمىن ، مەركەز شىنجاڭدىن مۇت-
لەق ۋاز كەچمەيدۇ . ھۆكۈمەت تەرەپتىن ئېيتقاندا ، چوقۇم تونۇش كېرەك-
كى ، ئىلگىرىكى قالايمىقانچىلىقنىڭ يىرىمىدىن كۆپرەكىنى خاتا سىياسەت
كەلتۈرۈپ چىقارغان .

رەھىمجان سابىر ھاجى قاتارلىقلار ئاخىرىدا جاڭ جىجۇڭغا ئەمدى
قان تۆكۈلمەسلىكنى ، مەسىلىنىڭ تىنچلىق ئۇسۇلى بىلەن ئوڭۇشلۇق ھەل
قىلىنىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقنى بىلدۈردى .

10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى جاڭ جىجۇڭ يىۋسىيىپ بىلەن كۆرۈشتى ،
يىۋسىيىپ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ جۇڭگودىن ئايرىلىشىغا بولمايدىغانلىقنى ، بۇ
ئاساسي پرىنسىپ ئىكەنلىكىنى ، لېكىن « مەركەزنىڭ شىنجاڭدا يۈز بەر-
گەن قىسمەن ۋەقەنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى كۆرسەتمە لايىھىسى »نىڭ
ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرالمايدىغانلىقنى ، ۋەكىللەرنى
ئاۋۋال غۇلجىغا قايتۇرۇپ ، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سۆھبەتنى داۋاملاش-
تۇرسا بولىدىغانلىقنى بىلدۈردى ھەمدە جاڭ جىجۇڭغا ئۈچ ۋىلايەت سۆھ-

بەت ۋەكىللىرىنىڭ ئەتە ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىپ يەنىلا ئەسلى كەلگەن يول
بىلەن غۇلجىغا قايتىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

شۇ كۈنى جاڭ جىجۇڭ غەربىي بىنادا رەھىمجان سابىر ھاجى قاتار-
لىقلارغا زىياپەت بېرىپ، ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويدى. رەھىمجان سابىرھاجى
قاتارلىقلار زىياپەتتە جاڭ جىجۇڭغا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بۇ قېتىم پۈتۈن-
لەي شىنجاڭ مەسىلىسىنى قان تۆكۈلمىگەن ھالدا تىنچ يول بىلەن ھەل قى-
لىش ئۈچۈن كەلگەندۇق، بۇنىڭدىن كېيىن مەركەزنىڭ دېموكراتىك سىيا-
ستى ۋە جاڭ جىجۇڭ بۇجاڭنىڭ 12 تۈرلۈك كۆرسەتمە لايىھىسى ئەگەر ئۇ-
زۇل - كېسىل ئىشقا ئاشۇرۇلسا بىز ئاندىن مەڭگۈلۈك تىنچلىقتا ئېرىشى-
مىز، بەختلىك تۇرمۇشىمىز كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ.

10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى رەھىمجان سابىر ھاجى قاتارلىق ئۈچەيلەن
ماناس ئارقىلىق غۇلجىغا قايتتى.

شۇ كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى 113 - نومۇرلۇق قارار ما-
قۇللاپ، ھەر يىلى 12 - نويابىرنى ئىنقىلاب بايرىمى كۈنى قىلىشنى
بەلگىلىدى.

شۇ كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى 114 - نومۇرلۇق قارار ما-
قۇللاپ، مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: (1) يۈەنشۈەي ھەربىي ئۇنۋانى تەسىس
قىلىش.(2) ھەربىي كومىتېت تەسىس قىلىش، ئېلىخان تۆرىنى رەئىسلىك-
كە، ئىسھاقبېك مونونوپ جۇڭجياڭ، ئىۋان ياكوۋلىۋىچ پالىنوپ
شاۋجياڭ، ئەخمەتجان قاسىمى شاڭشياۋ، كېرىم ھاجى جۇڭشياۋ قاتار-
لىقلارنى كومىتېت ئەزالىقىغا تەيىنلەش؛ (3) ئېلىخان تۆرىگە يۈەنشۈەي
ھەربىي ئۇنۋانى بېرىش. (4) ھەربىي كومىتېتقا، ھەربىي ئىشلارغا بىر
تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش ھوقۇقىنى بېرىش. (5) ئىۋان ياكوۋلىۋىچ پا-

لنوپ ئوتتۇرا يۆنىلىش جەڭ مەيدانىغا رەھبەرلىك قىلىش ، ئىسھاقبېك مو-
نونوپ جەنۇبىي يۆلىنىش جەڭ مەيدانىغا رەھبەرلىك قىلىش. ( 6 ) بۈنىڭ-
دىن كېيىنكى بارلىق ھەربىي ھەرىكەت ۋە ئالاقىدار ئىشلارنى ھەربىي كوم-
تېتقا يوللاپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن يولغا قويۇش .

10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسى 15 - نومۇرلۇق
قارار ماقۇللاپ ، ئالتاي ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى قۇرۇپ ،
پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ پوچتا - تېلېگراف كەسپىنى تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى
بەلگىلىدى .

10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسى 18 - نومۇرلۇق
قارار ماقۇللاپ ، مۇنۇلارنى بەلگىلىدى : ( 1 ) ئىلگىرى ئالتاي ۋىلايىتىدى-
كى قازاق ، موڭغۇل ، رۇس قاتارلىق مىللەتلەر ئارىسىدا يولغا قويۇلغان
ئىنانچىخان ، بەيزى ، تەيجى ، ئۇكورتاي ، زالىڭ ، زاڭگىن قاتارلىق مەر-
تىۋىلەر ساقلاپ قېلىنىدۇ ۋە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىنانچى-
خان ، بېزى ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدە بولىدۇ ،
تەيجى ، ئۇكورتاي ، زالىڭ ، زاڭگىن ئۆزى تۇرۇشلۇق ناھىيىلەردىكى ناھى-
يىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدۇ . ( 2 ) قازاق مىللىتى ئىچىدىن زە-
كىقان ئەلەنگە ئىنانچىخانلىق مەرتىۋىسى بېرىلىدۇ ، يېكىن بوقات سارسۇم-
بە ، بۇرۇلتۇقاي ، كۆكتوقاي ، چىڭگىل تۆت ناھىيىنىڭ بەيزىلىكىگە ھەمدە
قوشۇمچە « بازار قۇل قەبىلىسى »نىڭ تەيجىلىكىغا تەيىنلىنىدۇ . يۇقىرىقى
ناھىيىلەردىكى بەش نەپەر تەيجى ، توققۇز نەپەر ئۇكورتاي ، 12 نەپەر زا-
لىڭ ، 28 نەپەر زاڭگىن ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ . خىبات ساغىدۇللا
زاكىرىياغا قابا ، بۇرچىن ، جېمىنەي ئۈچ ناھىيىنىڭ بەيزىسلىق مەرتىۋىسى
بېرىلىدۇ ، يۇقىرقى ئۈچ ناھىيىدىكى بەش نەپەر تەيجى ، سەككىز نەپەر
ئۇكورتاي ، 11 نەپەر زالىڭ ، 19 نەپەر زاڭگىن ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بول-
دۇ . ( 3 ) موڭغۇل مىللىتىنىڭ قەبىلە باشلىقى ئەسلىي مەرتىۋىسىنى

ساقلاپ قالىدۇ، ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىۋاستە رەھ-بەرلىكىدە بولىدۇ. (4) ماۋاروپقا رۇس مىللىتىنىڭ ئۇكورتايلىق مەرتىۋىسى بېرىلىدۇ، تىۋۋەندىكىلەرگە زالىك ۋە زاڭگىن مەرتىۋىسى بېرىلىدۇ. (5) مەرتىۋە ئالغان يۇقىرىدىكى ھەر قايسى مىللەت كاتتىباشلىرى ئۆزلىرىگە قاراشلىق قەبىلىلەردىكى پۇقرالارنى ياخشى باشقۇرۇپ، ھۆكۈمەت تاپشۇرغان بارلىق ۋەزىپىلەرنى ياخشى ئورۇندىشى كېرەك.

كۆز «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى «ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ تەشكىلىي نىزامى»نى تەستىقلاپ ئېلان قىلدى.

نىزامنىڭ 1 - قىسمىدا «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدىكى نازارەتلەرنىڭ ھوقۇقى ۋە تەركىبى توغرىسىدا مۇنداق تەپسىلىي بەلگىلىمىلەر چىقىرىلدى: (1) خەلق قۇرۇلتىيى ئېچىلىشتىن بۇرۇن «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگان ھېسابلىنىدۇ؛ (2) «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتىنىڭ ئەمر - پەرمان، ئۇقتۇرۇش ۋە قارارلىرى قانۇن بولۇپ، ئاۋام خەلق ۋە ئورگانلار چوقۇم ئۇنىڭغا بويسۇنۇشى ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىشى كېرەك. (3) «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» تە دىنىي نازارەت، ھەربىي ئىشلار نازارىتى، ئىچكى ئىشلار نازارىتى، مالىيە نازارىتى، سەھىيە نازارىتى، مائارىپ نازارىتى، يەر - سۇ ئىشلىرى نازارىتى قۇرۇلدى. نازارەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇق دائىرىسى ئىچىدە ھەر قايسى ناھىيىلەردىكى مۇناسىپ تارماقلارغا بىۋاستە بۇيرۇق ۋە يوليورۇق بېرىدۇ، بونىڭدىن كېيىن ھەر قايسى ۋىلايەتلەردىكى مۇناسىپ تارماقلار ئارقىلىق بۇيرۇق ۋە يوليورۇق چۈشۈرۈشى كېرەك. (4) «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت»نىڭ قارارى ۋە قانۇنلىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن ھۆكۈمەتتە رېۋىزىيە تارمىقى قۇرۇلىدۇ. ھەر قايسى ناھىيىلەردە ۋاقىتىنچە مۇناسىپ ئاپپاراتلار تەسىس قىلىنمايدۇ. زۆرۈر تېپىلغاندا «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ۋەكىل ئەۋەتىدۇ. ئالىي سوت مەھكىمىسى قانۇن دائىرىسى ئىچىدىكى مۇھىم ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ، ۋىلايەت ۋە ناھىيىلىك سوت

مەھكىمىلىرىنىڭ خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ. نىزامنىڭ 2 - ۋە 3 - قىسىملىرىدا ۋالىي مەھكىمىسى ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدىكى باشقارما، ئىدارىلەر، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدىكى بۆلۈملەرنىڭ ھوقۇقى ۋە تەركىبى توغرىسىدا تەپسىلىي بەلگىلىمە چىقىرىلدى.

11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى   جاڭ جىجۇڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يېڭىلا ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەن يېۋسىيىپنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ «غۇلجا ۋەقەسى» نى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشقا مەدەت ۋە ياردەم بەرگەنلىكىگە مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

شۇ كۈنى   ئوسمان ئىسلام سارسۇمبىگە بېرىپ، ئالتاينىڭ ۋالىيسى بولدى.

شۇ كۈنى   تاشقورغاندىكى سوۋېت ئىتتىپاقلىق مەسلىھەتچىلەر ۋە ھەربىي قوراللىق خادىملار بۇيرۇققا بىنائەن ئېغىر تىپتىكى قوراللىرىنى ئېلىپ ۋەتىنىگە قايتتى. سىياسىي، تەشكىلات، تەشۋىقات ئىشلىرىغا مەسئۇل بىر قىسىم خادىملىرىلا قالدى.

11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى   سوپاخۇن سوۋۇروپ ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتىنى باشلاپ، قورغان ئارقىلىق مۇزات داۋىنىدىن ئۆتۈپ موڭغۇلكۈرەگە قايتىپ كەلدى. ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتى بۇيرۇققا بىنائەن تېكەس 12 - ئاتلىق ئەسكەرلەر تۇەنىگە ئۆزگەرتىلدى (كېيىن تېكەس 1 - ئاتلىق ئەسكەرلەر تۇەنىگە ئۆزگەرتىلدى). شۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي يۆنىلىشتىكى ئۇرۇش ئاخىرلاشتى.

11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى   رەھىمجان سابىرھاجى، ئوبۇلخەيرى تۆرە، ئەخمەتجان قاسىمى ئۈچەيلەن 2 - قېتىم غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە كەلدى.

11-ئاينىڭ 14-كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار جاڭ جىجۇڭغا «غۇلجا تەرەپنىڭ مەركەزنىڭ كۆرسەتمە لايىھىسىگە بولغان پىكىر، تەلەپلىرى»نى تاپشۇردى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە: (1) مەركەزنىڭ شىنجاڭدا يۈز بەرگەن قىسمەن ۋەقەنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى كۆرسەتمە لايىھىسىنى مۇھاكىمە قىلىپ چىققاندىن كېيىن شۇنداق ھېسابلىدۇقكى، ئۇنىڭدا مۇسۇلمان خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا قىلچە ئېتىبار بېرىلمىگەن ھەمدە بىزنىڭ تەلەپلىرىمىزمۇ قاندۇرۇلمىغان. كۆرسەتمە لايىھەدىكى «جۇڭگودىكى مىللەتلەر بىردەك باراۋەر، بۇ — دۆلەت ئاتىسى ئۈچ مەسلەكتە ئوچۇق كۆرسىتىپ ئۆتكەن پرىنسىپ، مەركەز دۆلەت ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، چېگرا رايوندىكى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتە تەكشى تەرەققىي قىلىشىغا يار-يۆلەكتە بولۇپ، مىللىي باراۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىجرا قىلىپ كېلىۋاتقان ئىزچىل سىياسىتى» دېگەن ئاتالمىش سۆز-ئىبارىلەر شىنجاڭدىكى مۇسۇلمان خەلققە ئۆزۈندىن بۇيان تونۇشلۇق. لېكىن، ھازىرغىچە ئەمەلگە ئاشمىدى، بۇرۇن يۈرگۈزۈلگەن ۋەھشىيانە سىياسەتنى ھەرگىزمۇ خەلقچىل سىياسەت دېگىلى بولمايدۇ. بىز باش قوماندان جياڭ جيېشى ۋېييۈەنجاڭنىڭ 1945-يىل 8-ئاينىڭ 24-كۈنى دۆلەت مۇداپىئە ئالىي كومىتېتى بىلەن گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتى دائىمىي ھەيئىتىنىڭ ۋاقىتلىق بىرلەشمە يىغىنىدا بەرگەن يوليورۇقىنى ئېھتىرام بىلەن ئوقۇپ، بۇ يوليورۇقتىن چوڭقۇر رازى بولغانىدۇق. (2) شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار يۇقىرىقى يوليورۇققا ئاساسەن ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئىدارە قىلىش جەھەتتە خېلى تەجرىبىگە ئىگە ئىكەنلىكىمىزگە ئىشىنىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار زور كۆپچىلىكنى ئىگىلىگەن جايلاردا، ھەقىقىي يۈكسەك دەرىجىدىكى ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىشنى قانۇنىي ھەرىكەت دەپ قارايمىز.

يۇقىرىقى پرىنسىپقا ئاساسەن تۆۋەندىكى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىمىز:

(1) يۇقىرىدا بايان قىلىنغان يۈكسەك ئاپتونومىيە دائىرىسى ئىچىدە

شىنجاڭدىكى مۇسۇلمان خەلققە ئۆزلىرى ئىشىنىدىغان يەرلىك زاتلارنى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىقىغا سايلاشقا سايلام ھوقۇقى بېرىلسۇن.

(2) دىنغا قىلىنغان كەمسىتىشلەر بىكار قىلىنسۇن ھەمدە تولۇق دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى بېرىلسۇن.

(3) دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرى ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ھۆججەت - ماتېرىياللىرى مۇسۇلمان خەلقنىڭ ئەزەلدىن بار بولغان تىل - يېزىقى بىلەن يېزىلسۇن.

(4) باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەر ۋە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدە مۇسۇلمان خەلقنىڭ ئەزەلدىن بار بولغان تىل - يېزىقى بىلەن دەرس ئۆتۈلسۇن، خەلق مائارىپى كەڭ - كۆلەمدە راۋاجلاندۇرۇلسۇن.

(5) مىللىي مەدەنىيەت ۋە مىللىي سەنئەتنىڭ ئەركىن راۋاج تېپىشى كاپالەتلەندۈرۈلسۇن.

(6) مەتبۇئات، يىغىلىش ئۆتكۈزۈش، سۆز ئەركىنلىكى كاپالەتلەندۈرۈلسۇن.

(7) ھەر قانداق خەلقنىڭ ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى بويىچە ھەم شۇنىڭ كۈچىگە قاراپ باج نىسبىتى بەلگىلەنسۇن. بىز، خەلقنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە ھۆكۈمەت ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى بار، ھەر كىم ئۆز ھالىغا يارىشا مەجبۇرىيەت ئۆتىشى كېرەك، دەپ ئوچۇق كۆرسەتكەندۇق. لېكىن، بۇ مەجبۇرىيەت سانى مۇسۇلمان خەلقنىڭ ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشىغا ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا دەخلى قىلماسلىقىنى ئۆلچەم قىلىشى لازىم.

(8) سودىگەرلەرگە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا سودا قىلىش ئەركىنلىكى بېرىلسۇن.

(9) ھەر قايسى ۋىلايەتلەردە مىللىي ئارمىيە تەشكىل قىلىشقا رۇخسەت قىلىنسۇن. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭغا قاتناشقان ھەربىي قوشۇن دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ شتاتى بويىچە ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنسۇن، لېكىن ئۇنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قېلىش شەرت.

(10) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەشكىلىگە مۇسۇلمان خەلقنىڭ

نوپۇس سانىغا ئاساسەن، مۇسۇلمان ۋەكىللىرىنىڭ قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلىنسۇن.

(11) ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بۇ قوزغىلاڭغا قاتناشقان شىنجاڭدىكى مۇسۇلمان زاتلار بىردەك سۈرۈشتە قىلىنمىسۇن ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارغا ھەر قانداق باھانە - سەۋەبلەر بىلەن زىيانكەشلىك قىلماسلىقتا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىنسۇن. قوراللىق توقۇنۇش ۋەقەسى ھەل قىلىنغاندىن كېيىن، ئۈچ كۈن ئىچىدە ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەشكە قاتناشقانلىقى سەۋەبىدىن قاماپ قويۇلغانلار پۈتۈنلەي قويۇپ بېرىلسۇن.

11 - ئاينىڭ 15 - **كۈنى** جاڭجىجۇڭ رەھىمجان سابىرھاجى قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشۈپ، تۆۋەندىكىدەك جاۋاب بەردى: (1) ھاكىمنى خەلق سايلىسا بولىدۇ، لېكىن مۇئاۋىن ھاكىمنى يۇقىرى ئەۋەتىشى كېرەك. ئۆلكە رەئىسىنى خەلق سايلاپ چىقىش - چىقماسلىق مەسىلىسى مىللىي قۇرۇلتايدا ئاساسىي قانۇن تۈزۈپ چىقىلغاندىن كېيىن، ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىشى كېرەك؛ (2) مەھكىمىنىڭ ئالاقە - ھۆججەتلىرىدە خەنزۇچە تىل - يېزىق بىلەن مۇسۇلمانچە تىل - يېزىق (ئۇيغۇر تىل يېزىقىنى كۆرسىتىدۇ) تەڭ قوللىنىلىدۇ. خەلقنىڭ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا يوللايدىغان ئەرز خەتلىرىدە مۇسۇلمانچە تىل - يېزىق ئىشلىتىشكە يول قويۇلىدۇ؛ (3) باشلانغۇچ مەكتەپلەردە مۇسۇلمانچە تىل - يېزىقتا دەرس ئۆتۈلىدۇ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە دۆلەت تىل - يېزىقى (خەنزۇ تىل - يېزىقىنى كۆرسىتىدۇ) ئۆگىنىش زۆرۈر بولغان دەرس قىلىنىدۇ، ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش ئېھتىياجىغا ئاساسەن دۆلەت تىل - يېزىقى، مۇسۇلمانچە تىل - يېزىق تەڭ قوللىنىلىدۇ؛ (4) سودا ئەركىنلىكىگە يول قويۇلىدۇ، لېكىن تاشقى سودىدا مەركەزنىڭ چەت بىلەن تۈزۈشكەن سودا كېلىشىمىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئەمەل قىلىش شەرت. (5) مىللىي ئارمىيە ئەمەلىي ئادەم سانى بويىچە بىر - بىرلەپ كۆزدىن كەچۈرۈلگەندىن كېيىن ئامانلىقنى قوغداش تۈەنى قىلىپ تەشكىللىنىدۇ، قالغانلىرى دۆلەت ئارمىيەسى شتاتىغا كىرگۈزۈلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ يوقىرى قۇرۇلما بىرلىكى تۈەن

بولىدۇ ، ئادەم سانىنى يەرلىك خادىملاردىن تولۇقلاشقا يول قويۇلىدۇ ، لېكىن دۆلەت ئارمىيىسى قىلىپ تەشكىللەنگەندىن كېيىن ھەر قاچان يۆتكەشكە بويسۇنۇشى كېرەك .

جاڭ جىجۇڭ ئاخىرىدا مۇنۇلارنى جاكارلىدى :« بۇ ، مەركەزنىڭ ئەڭ چوڭ يول قويۇشى » .

**شۇ كۈنى** يېۇسىپ جاڭ جىجۇڭغا مۇنۇلارنى بىلدۈردى : جاڭ جىجۇڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەت سۆھبەت ۋەكىللىرى تاپشۇرغان « غۇلجا تەرەپنىڭ مەركەزنىڭ كۆرسەتمە لايىھىسىگە بولغان پىكىر - تەلەپلىرى »گە بەرگەن جاۋابىنى مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاساسى قىلىشقا بولىدۇ .

**شۇ كۈنى** « شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتى »( تۆۋەندە قىسقارتىلىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى دەپ ئاتىلىدۇ - تۈزگۈچىدىن ) غۇلجىدا قۇرۇلدى . ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ۋە سەيدۇللا سەيپۇللايوپ ① ياشلار تەشكىلاتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە ۋە مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلاندى ، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىقلار ياشلار تەشكىلاتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى . « ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ۋاقىتلىق نىزامنامىسى » بېكىتىلدى . نىزامنامە جەمئىي بەش باب بولۇپ ، ئۇنىڭدا ئومۇمىي پرىنسىپ ، ۋەزىپە ، تەشكىلاتقا كىرىش رەسمىيىتى ، ھوقۇق ، مەجبۇرىيەت ، ئىنتىزام قاتارلىق ئىشلار بايان قىلىنغان ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئارقا - ئارقىدىن ئىلىنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرىدە ناھىيە ، رايوندىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك تەشكىلاتلار قۇرۇلدى .

---

① سەيدۇللا سەيپۇللايوپ ( 1918— ) : شىنجاڭ تۇرپاندىن ، ئۇيغۇر . بۇرۇن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان . ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ، ئىلى ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ، چاپچال ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى بولغان . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان .

11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسى خەنزۇ ئاممىسىنىڭ
مەنپەئىتىنى قوغداش توغرىسىدا ئالتە ماددىلىق مۇنداق قارار چىقاردى:
(1) ئورگان، قىسىم ياكى شەخسلەرنىڭ خەنزۇ ئاممىسىنى ئۆزىنىڭ ئەمگـ-
كىگە سېلىشى مەنئىي قىلىنىدۇ. (2) خەنزۇ پۇقرالارنى خالىغانچە مەجبۇ-
رىي ئەمگەككە سېلىش ئەھۋالى بايقالسا كىشىلىك ھوقۇقىغا دەخلى - تە-
رۇز يەتكۈزدى دەپ قارىلىپ، جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. (3) ناھـ-
يىلىك ھۆكۈمەتلەر ئۆز ناھىيىسىدىكى خەنزۇلارنىڭ سانىنى ستاتىستىكا قى-
لىشى، ئۇلارنىڭ ئەرزىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. (4) ئالاھىدە ئەھۋال
ئاستىدا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مۇۋاپىق ۋاقىتتا خەنزۇ پۇقرالارنى ئەمگەككە
سېلىشقا ھوقۇقلۇق. لېكىن، ھۆكۈمەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئەمگەك
ھەققى بېرىشى كېرەك. (5) ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا ئورگانلارنىڭ
خەنزۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى ئۆز مەيلىچە مۇسادىرە قىلىشى قاتتىق مەنئىي
قىلىنىدۇ، ئەگەر خەنزۇلار ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك مال - مۈلۈك-
نى يەنىلا ئىگىلەپ تۇرغان بولسا، سوت قارار قىلغاندىن كېيىن مۇسادىرە
قىلىشقا بولىدۇ. (6) مەزكۇر قارارنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى نازارەت
قىلىشقا ۋىلايەتلىك ئىچكى ئىشلار باشقارمىسى بىلەن سوت مەھكىمىسى
مەسئۇل بولىدۇ.

11 - ئاينىڭ 17 -، 18 - كۈنلىرى رەھىمجان سابىرھاجى قاتارلىق
ئۈچەيلەن جاڭ جىجۇڭ بىلەن ئىككى كۈن سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق كۆپلە-
گەن ماددىلار ئۈستىدە بىردەك تونۇشقا كەلدى، لېكىن رەھىمجان سابىر
ھاجى قاتارلىقلار تۆۋەندىكى نۇقتىلاردا چىڭ تۇردى: (1) تولۇق ئەر-
كىنلىك بېرىشنى تەلەپ قىلىش، ئۆلكە رەئىسىدىن تارتىپ ناھىيىنىڭ ھاكى-
مىلىرىغىچە بولغان ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسىنى خەلق
ئۆزى سايلاپ چىقىش. (2) ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ھۆججەت - ئالاقىلى-
رىدە بىردەك ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنى قوللىنىش، ئالىي، ئوتتۇرا، باشلان-
غۇچ مەكتەپلەردە بىردەك ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدا دەرس ئۆتۈش. (3) سو-
دىگەرلەرنى سىرتقا قارىتا ئەركىن سودا قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش.
(4) مىللىي ئارمىيە تەشكىللەش، ئۇنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ

قىلىش.

جاڭ جىجۇڭ تۆۋەندىكىچە جاۋاب بەردى:

1. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا: A، ئۆلكە رەئىسىنى خەلق سايلاشقا بولۇش - بولماسلىق مەسىلىسى مىللىي قۇرۇلتاي ئاساسىي قانۇننى تۈزۈپ ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ؛ B، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە يەنىلا مەركەز تەيىنلىگەن رەئىس بۇيرۇق يۈرگۈزىدۇ؛ C، مەركەز ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت خادىملىرىنى تەيىنلىگەندە ھەر قايسى مىللەت مۇتەۋەرلىرىنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىشلىرىغا قاتنىشىشىغا تولۇق پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ، يۇقىرىقى پرىنسىپقا ئاساسەن تۆۋەندىكى كونكرېت چارىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى: (1) ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ سانى ھازىرقى 13 كىشىدىن 25 كىشىگە كۆپەيتىلىدۇ. (2) 25 كىشى ئىچىدىن 10 كىشىنى مەركەز بىۋاستە تەيىنلەيدۇ، قالغان 15 كىشىنى ھەر قايسى ۋىلايەتلەرنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن مەركەز تەيىنلەيدۇ. (3) مەركەز بىۋاستە ۋەزىپىگە تەيىنلەيدىغان 10 كىشى رەئىس، باش كاتىپ، خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى، مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى، ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، مائارىپ ۋە قۇرۇلۇش نازارەتلىرىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىرىنى، سەھىيە باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋە مەخسۇس تەيىنلەنگەن ئىككى نەپەر ئەزاسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. D، ھەر قايسى ۋىلايەتلەردىن مەركەزنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىشىگە كۆرسىتىلىدىغان 15 ئادەم مۇئاۋىن رەئىس، مائارىپ ۋە قۇرۇلۇش نازارەتلىرىنىڭ نازىرلىرىنى، سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باش كاتىپ، خەلق ئىشلىرى ۋە مالىيە نازارەتلىرىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىرىنى، ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋە مەخسۇس تەيىنلەنگەن يەتتە نەپەر ئەزانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. E، ۋەقە يۈز بەرگەن ئۈچ ۋىلايەتتىن ئالتە كىشى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىقىغا كۆرسىتىلىدۇ. بۇلار ئىچىدە نازىر، مۇئاۋىن نازىردىن بىردىن كىشى، باشقارما باشلىقى ياكى مۇئاۋىن باشقارما باشلىقىدىن بىردىن كىشى بولىدۇ؛ باشقا يەتتە ۋىلايەتتىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىقىغا توققۇز ئادەم كۆرسىتىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇئاۋىن رەئىس، مۇئاۋىن باش كاتىپ، نازىر، مۇئاۋىن نازىر، باشقارما باشلىقى ياكى مۇئاۋىن باشقارما باشلىقىدىن بىردىن كىشى بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى مەركەز

تەيىنلەيدۇ .
2 . ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ھۆججەت - ئالاقە مەسلىسى توغرىسى-
دا ، ھەر دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ ھەممىسى دۆلەتكە تەۋە ، ھۆكۈمەت
ئالاقىلىرىنى يۈرگۈزۈشتە دۆلەت تىل - يېزىقىنى قوللانمىسا بولمايدۇ ،
شۇڭا ئىككى خىل تىل - يېزىق تەڭ قوللىنىلىدۇ ، لېكىن خەلق ھۆكۈمەت
ئورگانلىرىغا خەت - ئالاقە يوللىغاندا مەخسۇس ئۆز مىللىتىنىڭ يېزىقىنى
ئىشلەتسە بولۇۋېرىدۇ ، ئالىي مەكتەپلەردە ئېھتىياجغا قاراپ ھەر خىل يې-
زىقلار قوللىنىلسا بولىدۇ .
3 . ئەركىن سودا مەسلىسى توغرىسىدا ، ھۆكۈمەت سودىگەرلەرنىڭ
چەت بىلەن سودا قىلىشىغا يول قويىدۇ ، بىراق ، جۇڭگو بىلەن چەت ئەل
سودا قىلىش چارىسى بويىچە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك .
4 . قىسىملارنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش مەسلىسى توغرىسىدا ، ۋە-
قەگە قاتناشقان قىسىملارنى ئامانلىق ساقلاش تۈەن - دۈيى قىلىپ ئۆز-
گەرتىپ تەشكىللەشكە بولىدۇ ، دۆلەت ئارمىيىسى تەركىبىگە ئۆتتۈشنى خالى-
سا ئۇنىڭغىمۇ بولىدۇ ، بىراق ، يۆتكەشكە بويسۇنۇشى كېرەك ، شۇنداقلا
كەم سانىنى شۇ مىللەتنىڭ ئۆزىدىن تولۇقلاشقا بولىدۇ ، تەلىم - تەربىيە
مەشقى ۋە ھەربىي بۇيرۇق بېرىشتە ئەسلىدىكى تىل - يېزىق قوللىنىلىدۇ .

11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى « ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى 136 - نو-
مۇرلۇق قارار ماقۇللاپ ، مالىيە نازارىتىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى دۆلەت بان-
كىلىرىنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت»نىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈش ،
ھۇسيىن تارانوپنى ① بانكا باشلىقلىقىغا تەيىنلەش ، دۆلەت بانكىسىغا
ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ خام چوت ، كىرىم - چىقىم ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ،
نازارەت قىلىش ھوقۇقى بېرىشنى بەلگىلىدى .

11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى « ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» تەشۋىقات بۆلۈمى
دىنىي تەشۋىقات ئۆمىكى قۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق ئېلان قىلىپ ، بۇ ئۆ-

① ھۇسيىن تارانوپ : شىنجاڭ غۇلجىدىن ، ئۇيغۇر ، ئۇششاق تىجارەتچى . ئۈچ ۋىلايەت
ئىنقىلابى مەزگىلىدە ، ئۈچ ۋىلايەت دۆلەت بانكىسىنىڭ باشلىقى ، شىنجاڭ سودا بانكىسى ئىلى
ۋىلايەتلىك شۆبە بانكىسىنىڭ باشلىقى بولغان .

مەكتەپنىڭ ھەر قايسى جايلاردىكى دىن ۋە تەشۋىقات تارماقلىرىنىڭ قوش رەھبەرلىكىدە بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى.

11 - ئاينىڭ 27 - كۈنى رەھىمجان سابىر ھاجى قاتارلىق ئۈچەيلەن «تۈزىتىلگەن لايىھە»نى ئېلىپ غۇلجىغا قايتتى.

11 - ئاي ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسى ئالتاي قەغەز پۇلى بېسىش ھەيئىتى قۇرۇپ، قىممىتى 100 سومىلۇق، 500 سومىلۇق، 1000 سومىلۇق، 3000 سومىلۇق، 5000 سومىلۇق قەغەز پۇل تارقاتتى، بۇ پۇللار ئالتاي ۋىلايىتىدىلا ئاقتى.

12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى 158 - نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ، مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: مائارىپ نازارىتى 6 ئايلىق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، ھەر قايسى مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچىلارنى ۋە مەلۇم بىلىم سەۋىيىسىگە ئىگە، ھەم ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشنى خالايدىغان ھەر مىللەت ياشلىرىنى مىللەت، جىنس ئايرىماي خىزمەتتىن ئايرىپ كۇرسقا قاتناشتۇرىدۇ، ھەر قايسى مەكتەپلەرنىڭ مۇدىرلىرى ۋە ئىلمىي مۇدىرلىرىمۇ خىزمەتتىن ئايرىلىپ كۇرسقا قاتنىشىدۇ. كۇرستا دىن دەرس ئۆتۈشنىڭ ئېھتىياجىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، دىنىي نازارەت مەخسۇس دىن دەرس ئوقۇتقۇچىلىرىنى يېتىشتۈرۈش قىسقا كۇرسى ئېچىشقا مەسئۇل بولىدۇ.

12 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە تاشقورغان ئىنقىلابىي ئارمىيىسى 6 - كۈنى ئالاتاشنى، 7 - كۈنى كاچۇكنى ئىشغال قىلدى، يەنە تۆت كېچە - كۈندۈز شىددەتلىك جەڭ قىلىش ئارقىلىق تۈمشۇقسايىنى ئىشغال قىلدى، ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ پوسكام ۋە قاغىلىققا ھۇجۇم قىلدى، قاغىلىققا ھۇجۇم قىلغان قىسىم 12 - كۈنى قاغىلىق ناھىيە بازىرىدىن 80 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى چىپان تېغىنى ئىگىلىدى؛ پوسكامغا ھۇجۇم

قىلغان قىسىم 16 - كۈنى پوسكام ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلغاندا ، گومىن-
داڭنىڭ پوسكام ناھىيىسىدىكى ئەسكەر ۋە ساقچىلىرىنىڭ جاھىللىق بىلەن
قارشىلىق كۆرسىتىشى تۈپەيلىدىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى .

12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى  تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئورگان گې-
زىتى « خەلق ئاۋازى »نىڭ موڭغۇلچە نۇسخىسى نەشىردىن توختىتىلدى ،
خىزمەتچى خادىملار غۇلجىغا يۆتكەلدى .

12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى  ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسى بۇيرۇق ئېلان قى-
لىپ ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەردىن ھەر قايسى ناھىيىلەردىكى خەنزۇلارنىڭ
ئىسىم - فامىلىسى ۋە سانىنى تىزىملاش ۋە يۇقىرىغا مەلۇم قىلىش خىزمىتىنى
تېزلىكتە ئورۇنداشنى تەلەپ قىلدى .

12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى  « ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت »نىڭ ئورگان گېزىتى
« ئازاد شەرقىي تۈركىستان »نىڭ موڭغۇلچە نۇسخىسى غۇلجىدا نەشىر قى-
لىندى .

شۇ كۈنى  « ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت » مائارىپ نازارىتىنىڭ يىل ئاخىرىدى-
كى ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا : مۇشۇ ئايغىچە ، ( 1 ) ئىلىدىكى ھەر قاي-
سى ناھىيىلەردە 303 باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلغان ،
بۇنىڭ ئىچىدە قازاق مەكتىپى 147 ، ئۇيغۇر مەكتىپى 106 ، موڭغۇل مەكتىپى
10 ، رۇس مەكتىپى 13 ، شىبە مەكتىپى 11 ، خۇيزۇ مەكتىپى توققۇز ، قىرغىز
مەكتىپى ئۈچ ، ئۆزبېك مەكتىپى ئىككى ، تاتار مەكتىپى بىر ، خەنزۇ مەكتىپى
بىر ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى جەمئىي 35 مىڭ 516 . تارباغاتاي ۋىلايىتىدە
114 باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلغان. ئالتاي ۋىلايىتى-
دە 12 باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلغان. ( 2 ) ئىككى
قارار ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئېچىلىپ ، ھەر مىللەتتىن 570 نەپەر
ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەنگەن . ( 3 ) ئۇيغۇر ، قازاق ، موڭغۇل ، شىبە يېزىقلى-

رىدا دەرسلىك تۈزۈلگەن.

12 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھەر قاي-سى جايلىرىدىن كەلگەن ھەر مىللەت ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيى غۇلجىدا ئۆتكۈزۈلدى. قۇرۇلتايدا ئالدى بىلەن رەھىمجان سابىر ھاجىنىڭ تىنچلىق سۆھبىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى؛ ئارقىدىن ھەر قايسى نازازەتلەرنىڭ نازىرلىرىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى. ئاخىرىدا ئېلىخان تۆرە خۇلاسە سۆزى قىلدى.

قۇرۇلتايدا، پانتۈركىستلارنىڭ تىزگىنلىشى ئارقىسىدا، مىللىي بۆلگۈنچىلىك لۇشيەنى داۋاملىق يولغا قويۇلدى ھەمدە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنى «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ھۆكۈمىتىگە (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى دېيىلىدۇ — تۈزگۈچىدىن) ئۆزگەرتىش قارار قىلىندى، ئېلىخان تۆرە، ھاكىمبەگ خوجىلار داۋاملىق رەئىس ۋە مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى، ئابدۇرۇپ مەخسۇم ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپلىقىغا سايلاندى.

12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەيئىتى 172 - نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ، «مىيىپ ھەربىيلەر ئىشلىرى كومىتېتى» تەسىس قىلىپ، مىيىپ بولغان ھەربىيلەر ۋە قۇربان بولغان جەڭچىلەرنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشنى قارار قىلدى.

12 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەيئىتى 176 - نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ، دۆلەت ئورگانلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى دەرىجىسىنى 10 تۈرگە ئايرىپ بېكىتىش، ئايلىق ئىش ھەققى ئۆلچىمى 2500 يۈەندىن 10 مىڭ يۈەنگىچە بولۇش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنى تەمىنات تۈزۈمىگە كىرگۈزۈپ، جان سانىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى، چوڭ - كىچىكلىكى بويىچە تەمىنات ئۆلچىمى بېكىتىش، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە

ئۇلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنى تەمىنلەيدىغان ماللارنى سودا - سانا-ئەت تەرەققىيات شىركىتى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ماگىزىنىغا ئۆتكۈزۈش ، ھەر ئايلىق تەمىنلەيدىغان مالنىڭ باھاسى بازار باھاسىدىن 50% تۆۋەن بولۇشنى بەلگىلىدى .

12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى رەھىمجان سابىرھاجى قاتارلىق ئۇچەيلەن ئۇچىنچى قېتىم غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە باردى .

12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى رەھىمجان سابىر ھاجى قاتارلىقلار جاڭ جى-جوڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ، « تۈزىتىلگەن لايىھە »نى پىرىنسىپ جەھەتتىن قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ، لېكىن يەنە ئۈچ تەلەپنى قوشتى : ( 1 ) سىيا-سىي ساقچىلارنى بىكار قىلىش ؛ ( 2 ) غۇلجا ۋەقەسىگە ئاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن شىنجاڭغا يۆتكەپ كېلىنگەن قوشۇنلارنى كېلىشىم ئىمزالىنىپ بىر ئايدىن كېيىن پۈتۈنلەي چېكىندۈرۈپ كېتىش ؛ ( 3 ) يەرلىك ساقچىلارنى شۇ جايدىكى مۇسۇلمانلاردىن قويۇش .

جاڭ جىجوڭ بۇ ئۈچ ماددىغا قەتئىي قوشۇلمىدى . قايتا - قايتا سۆز-لىشىش ۋە يېۋسېپىينىڭ ئارىغا چۈشۈشى ئارقىلىق ئۈچ ۋىلايەت سۆھبەت ۋەكىللىرى ئۈچ تەلەپنى ۋاقتىنچە قويۇپ تۇرۇشقا ، ئاۋۋال تۈزىتىلگەن 11 ماددىنى كونكرېت مۇھاكىمە قىلىشقا قوشۇلدى .

12 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە 26 - كۈنى بۇيرۇق بىلەن موسكۋاغا سۆھبەتكە ماڭغان شەرقىي شىمالنىڭ ئالاھىدە دىپلوماتىيە خا-دىمى جياڭ جىڭگو ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى . ئەتىسى يېۋسېپ بىلەن سۆھبەتلەشتى . ئاندىن جاڭ جىجۇڭنىڭ ھەمراھلىقىدا رە-ھىمجان سابىرھاجى ، ئوبۇلخەيرى تۆرە ، ئەخمەتجان قاسىملارنى قوبۇل قىلدى . 28 - كۈنى ، ئۇ ئۈرۈمچىدىن ئالما - ئاتا ئارقىلىق موسكۋاغا كەتتى .

12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئامېرىكا، ئەنگلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەتلىرىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى موسكۋادا ئېچىلغان يىغىندا «جۇڭگو مەسىلىسى توغرىسىدا ئاخبارات» ئېلان قىلىپ، «گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە جۇڭگودا ئىتتىپاقلىق ۋە دېموكراتىيىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، دېموكراتلارنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئاپپاراتلىرىغا كەڭ تۈردە قوبۇل قىلىش، ھەممە ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىش كېرەك» دەپ جاكارلىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى «جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدىغان سىياسەت»نى قايتا تەكىتلىدى.

12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى رەھىمجان سابىر ھاجى قاتارلىق ئۈچەيلەن جاڭ جىجۇڭ بىلەن كۆپ قېتىم تەكرار كېڭەشىش، مۇھاكىمە قىلىش ۋە رەسمىي سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق ئاخىر شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەركىبى ۋە مىللىي ئارمىيىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش مەسىلىسىنى ئايرىم ئىككى قوشۇمچە ھۆججەت قىلىپ بىر تەرەپ قىلىشقا بىردەك قوشۇلدى.

12 - ئاي مىللىي ئارمىيىنىڭ ئوتتۇرا يۆنىلىش قوماندانلىق شتابى ئاتلىق ئەسكەرلەر 13 - تۈەنىنى (تۈەنجاڭ ئىۋانوپ، سىياسىي كومىسسار فاتىخ مۇسلىموپ) ساندىخۇزىغا ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

شۇ ئاي گومىنداڭ ھۆكۈمىتى خەلقئارا ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ «ئالتاي ۋەقەسى»نىڭ ئەينەن ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلغانچا، سوۋېت ئىتتىپاقلىق باش مەسلىھەتچى تۆمۈرقان، مۇئاۋىن باش مەسلىھەتچى ئېلىخان ۋە ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى بولۇپ تۇرۇۋاتقان سوۋېت ئىتتىپاقلىق مەسلىھەتچى ئارۇپباي، شۇنىڭدەك ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئىدارە، باشقارمىلىرىدا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان سوۋېت ئىتتىپاقلىق مەسلىھەتچىلەر، ئالتاي ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 - تۈەنىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي خادىملىرى بۇيرۇققا بىنائەن ۋەتىنىگە

قايتتى.

شۇ ئاي دەلىلقان سۈگۈربايوپ ئالتاينىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى بولدى.

## 1946 - يىلى (1 - ئايدىن 6 - ئايغىچە)

1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى رەھىمجان سابىر ھاجى قاتارلىقلار ئالاھىدە كۈتۈۋېلىش ئورنىدا جاڭ جىجۇڭ «تىنچلىق بىتىم»نىڭ خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە رەسمىي نۇسخىسىنى سېلىشتۇرۇشقا ئەۋەتكەن ۋاڭ زىڭشەن، لىۇ مىڭچۈن ئىككىيلەنگە يەنە بىر قانچە تەلەپ قويدى: (1) ئۈچ ۋىلايەت سۆھبەت ۋەكىللىرى ئېلىپ كەلگەن پىكىر نامىنىڭ ئەسلى ماۋزۇسىنى، يەنى «مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى» ۋە «قوراللىق توقۇنۇش» قاتارلىق سۆزلەرنى ساقلاپ قېلىش؛ (2) قوزغىلاڭ بولغان رايونلار ئاقسۇ، قەشقەر قاتارلىق ۋىلايەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىش؛ (3) ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، گېزىتخانىنىڭ باشلىقىنى يەرلىك مۇسۇلمانلاردىن سايلاش؛ (4) بىتىمدىكى «ھازىرقى مەمۇرىي ئەمەلدارلار ساقلاپ قېلىنىدۇ ھەمدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەكشۈرۈپ تەيىنلىشىگە سۇنۇلىدۇ» دېگەن سۆزلەرنى ئۆزگەرتىش؛ (5) رەسمىي ھۆججەتنىڭ كەينىگە تۆۋەندىكى باياناتنى قوشۇشنى تەلەپ قىلدى: مەركەزنىڭ قىسىملىرىنى چېكىندۇرۇش، ساقچى ئاپپاراتلىرىنى بىكار قىلىش، ئۆلكە رەئىسىنى خەلق سايلاش توغرىسىدىكى ئۈچ پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكىلى جاڭ جىجۇڭ جياڭجۈن ئۇنى رەت قىلدى. لېكىن، خەلق ۋەكىللىرى يۇقىرىقى ئۈچ شەرتنى قايتۇرۇۋېلىشنى ئېتىراپ قىلمىدى. كېيىن، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكىلى جاڭ جىجۇڭ جياڭجۈن خەلق ۋەكىللىرىگە ھۆكۈمەتكە پىكىرلىرىنى ئەركىن بايان قىلىش ھوقۇقى بېرىشكە ماقۇل بولدى.

يۇقىرىقى تەلەپلەر ئۈستىدە ئىككى تەرەپ تۆت سائەت تالاش - تارتىش قىلىپ، ئاخىرى كېلىشىم ھاسىل قىلالمىدى.

شۇ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەيئىتى «كادىرلارنى باشقۇرۇش نىزامى»نى ئېلان قىلدى. نىزامدا جەمئىي 29 ماددا بولۇپ، كادىرلارنىڭ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيىتى، كادىرلارنى باشقۇرۇش، ئىشلىتىش ۋە باھالاش ئۆلچىمى، مۇكاپاتلاش - جازالاش چارىسى ئۈستىدە كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىلدى.

1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى رەھىمجان سابىر ھاجى قاتارلىقلار جاڭ جىجۇڭ بىلەن ھۆججەتنىڭ رەسمىي نۇسخىسى ۋە قوشۇمچە ھۆججەت ( 1 ) گە رەسمىي ئىمزا قويدى. قىسىملارنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش مەسىلىسى توغرىسىدىكى قوشۇمچە ھۆججەت ( 2 ) يەنە سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن قالدۇرۇلدى.

رەسمىي ھۆججەت:

«مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكىلى بىلەن شىنجاڭ قوزغىلاڭچىلار رايونى خەلقىنىڭ ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن قوراللىق توقۇنۇشنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدىكى بىتىم»

1. ھۆكۈمەت شىنجاڭ خەلقىگە ئۆزلىرى ئىشىنىدىغان يەرلىك زاتلارنى مەمۇرىي ئەمەلدارلىققا سايلاش ھوقۇقى بېرىدۇ. بۇ ھوقۇقنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك تەرتىپلەر بەلگىلەندى:

ۋەقە ھەل قىلىنغاندىن كېيىنكى ئۈچ ئاي ئىچىدە ھەر قايسى ناھىيە خەلقى ناھىيىلەردىكى كېڭەش ئەزالىرىنى سايلاپ، ناھىيىلىك كېڭەش قۇرىدۇ؛ ھاكىمنى ناھىيىلىك كېڭەش سايلايدۇ. مۇئاۋىن ھاكىم ۋە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىكى بۆلۈم باشلىقىدىن يۇقىرى خادىملارنى ھاكىم تەيىنلەيدۇ.

بۇ سايلام يولغا قويۇلغىچە ۋەقە يۈز بەرگەن رايونلاردا ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەردىكى ھازىرقى ئەمەلدارلار تۇرۇپ تۇرىدۇ.

ۋىلايەتلىك مەمۇرىي تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى بىلەن مۇئاۋىن ۋالىيسىنى شۇ يەردىكى خەلق كۆرسىتىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بېكىتىشىگە سۇنىدۇ. ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ خىزمەتچىلىرىنى ۋالىي تەيىنلەيدۇ.

ناھىيىلەردە كېڭەش قۇرۇلغاندىن كېيىن قانۇن بويىچە ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ ئەزالىرى سايلىنىپ، ئۆلكىلىك كېڭەش قۇرۇلىدۇ. ئۇ خەلقنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى نازارەت قىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا ياردەملىشىدۇ.

ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلىنىش، ئومۇمىي سايلام بېكىتىلىشتىن بۇرۇن، ئۆلكىلىك ھۆكۈ-

مەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش چارىسى 9 - ماددىدىكىدەك بولىدۇ .

2 . ھۆكۈمەت دىنىي كەمسىتىشنى بىكار قىلىدۇ ھەمدە خەلقنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىشىغا تولۇق ئەركىنلىك بېرىدۇ .

3 . دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرى ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ خەت - ئالاقىلىرىدە دۆلەت تىل - يېزىقى بىلەن مۇسۇلمان تىل - يېزىقى تەڭ قوللىنىلىدۇ . خەلقنىڭ ھۆكۈمەتكە سۇنغان خەت - ئالاقىلىرىدە ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىنى قوللىنىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ .

4 . باشلانغۇچ ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىدا دەرس ئۆتىلىدۇ ، لېكىن ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە دۆلەت تىل - يېزىقى ئاساسىي دەرس قىلىنىدۇ ؛ ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش ئېھتىياجىغا ئاساسەن دۆلەت تىل - يېزىقى بىلەن مۇسۇلمان تىل - يېزىقى تەڭ قوللىنىلىدۇ .

5 . ھۆكۈمەت مىللىي مەدەنىيەت ۋە سەنئەتنىڭ ئەركىن راۋاجلىنىشىنى تەمىن ئېتىدۇ .

6 . ھۆكۈمەت مەتبۇئات ، يىغىلىش ، سۆز ئەركىنلىكى بېرىدۇ .

7 . ھۆكۈمەت باج نىسبىتىنى خەلقنىڭ ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ھەمدە ئۇلارنىڭ ھالىغا قاراپ بەلگىلەيدۇ . خەلق ھۆكۈمەت ئالدىدا ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىنى چۈشەنگەندىن كېيىن ، سېلىقنى ئۆزى كۆتۈرۈشى كېرەك . ئەمما ، سېلىقنىڭ مىقدارى خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا دەخلى يەتكۈزمەسلىكى شەرت قىلىنىدۇ .

8 . ھۆكۈمەت سودىگەرلەرگە ئىچكى - تاشقى سودا ئەركىنلىكى بېرىدۇ ، ئەمما ، تاشقى سودىدا سودىگەرلەر مەركىزىي ھۆكۈمەت چەت ئەللەر بىلەن تۈزۈشكەن سودا شەرتنامىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئەمەل قىلىشى كېرەك .

9 . شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەركىبىنى مەركەز تولۇقلايدۇ ، ھەيئەت ئەزالىرى سانى 25 بولىدۇ . ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 25 ئەزاسىدىن 10 نى مەركەز بىۋاسىتە بەلگىلەيدۇ ، قالغان 15 نى ۋىلايەتلەردىكى خەلق ۋەكىللىرى كۆرسىتىدۇ ، مەركەز تەيىنلەيدۇ .

مەركەز بىۋاسىتە بەلگىلەيدىغان 10 ئەزا رەئىس ، باش كاتىپ ، خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى ، مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى ، ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ، مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى ، قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى ، سەھىيە باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋە 2 مەخسۇس ئەزانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

ۋىلايەتلەردىكى خەلق ۋەكىللىرى كۆرسىتىپ ، مەركەز تەيىنلەيدىغان 15 ئەزا ئىككى مۇئاۋىن رەئىس ، 2 مۇئاۋىن باش كاتىپ ، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ، قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازارى ، سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ، خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى ، مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى ، ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋە بەش مەخسۇس ئەزانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

قالغانلىرى توغرىسىدا قوشۇمچە ھۆججەت ( 1 )گە قارالسۇن .

10. مىللىي ئارمىيە تەشكىللەشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ، بۇ قىسىمنىڭ خادىملىرى پرىنسىپ جەھەتتىن مۇسۇلمان خەلقلەردىن تولۇقلىنىدۇ.

بۇ قىسىم بۇ قېتىمقى ۋەقەگە قاتناشقان ھەربىي قوشۇنلار بولۇپ، دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ شتاتىدىن پايدىلىنىپ قايتىدىن ئۆزگەرتىپ تەشكىللىنىدۇ.

بۇ قىسىمنىڭ ئادەم سانى ۋە تۇرار جايى قايتا مۇزاكىرە قىلىنىپ، قوشۇمچە ھۆججەتنىڭ (2) سى ئىمزالانغاندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

بۇ قىسىمنىڭ تەلىم - تەربىيە ۋە كوماندا بېرىش ئىشلىرى پرىنسىپ جەھەتتىن ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىدا بولىدۇ.

بۇ قىسىمدىكى ھەر دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنىڭ بۇرۇنقى ۋەزىپىسى ۋە ئۇنۋانى ساقلاپ قېلىنىپ، مۇددەتكە بۆلۈپ ھەربىي مەكتەپكە ئەۋەتىلىپ بىلىمى تولۇقلىنىدۇ ۋە تەلىم ئالىدۇ.

بۇ قىسىمغا ھۆكۈمەت تەلىم - تەربىيە خادىملىرىنى ئەۋەتىپ، مەشق ئىشلىرىغا ياردەملەشتۈرىدۇ.

شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مەركەز ئارمىيىسى بۇ قىسىم بىلەن بىر يەردە تۇرمايدۇ، ئۆز ئارا دوستلۇق مۇناسىۋەتنى ساقلايدۇ، بىرى بىرى بىلەن ئۆچەكىشىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا بولمايدۇ.

قالغانلىرى توغرىسىدا قوشۇمچە ھۆججەت (2)گە قارالسۇن.

11. ۋەقە يۈز بەرگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە ئىككى تەرەپ قولغا ئالغان زاتلار ۋەقە ھەل قىلىنغاندىن كېيىنكى 10 كۈن ئىچىدە قويۇپ بېرىلىدۇ؛ ھەمدە ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ھەر قانداق باھانە - سەۋەبلەر بىلەن كەمسىتىلمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ.

قوشۇمچە ھۆججەت (1)

مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى بىلەن شىنجاڭ قوزغىلاڭچىلار رايونى خەلقىنىڭ ۋەكىللىرى ئىمزالىغان «قوراللىق توقۇنۇشنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدىكى بىتىم»نىڭ 9 - ماددىسىدا بەلگىلەنگەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى تەشكىللەش چارىسى توغرىسىدا، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ماقۇللىشى بىلەن تۆۋەندىكى قوشۇمچە بەلگىلىمە تۈزۈلدى:

1. ۋىلايەتلەردىكى خەلق ۋەكىللىرى كۆرسىتىپ، مەركەز تەيىنلەيدىغان 15 نەپەر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسىنىڭ ئالتىسىنى ۋەقە يۈز بەرگەن ئۈچ ۋىلايەت كۆرسەتسە بولىدۇ.

2. يۇقىرىقى ئالتە ئەزا بىر مۇئاۋىن رەئىس، بىر مۇئاۋىن باش كاتىپ، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ياكى قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى، خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى ياكى مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ياكى ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋە بىر مەخسۇس ئەزانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

3. قالغان يەتتە ۋىلايەت تۆتتۈز ئەزانى كۆرسىتىدۇ، بۇ بىر مۇئاۋىن رەئىسنى شۇنىڭ-

**ىدىكى مەركەز بىۋاستە تەيىنلەيدىغان ۋە يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئۈچ ۋىلايەت كۆرسىتىدىغانلىرىدىن باشقا بىردىن نازىر، باشقارما باشلىقى ياكى مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى، مۇئاۋىن باش كاتىپ، مۇئاۋىن نازىر ۋە تۆت مەخسۇس ئەزانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.**

شۇ كۈنى تاشقورغان ئىنقىلابىي ئارمىيىسى قاغىلىق ناھىيە بازىرىنى ئىشغال قىلىپ، قاغىلىق ناھىيىلىك ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت قۇردى، ساۋۇت قارىنى ھاكىملىققا تەيىنلىدى ھەمدە جەنۇبىي شىنجاڭ مىللىي ئازادلىق كومىتېتى قۇردى.

1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى جاڭ جىجوڭ بويرۇقنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى دوكلات قىلىش ئۈچۈن چۆچەككە قايتتى. پىڭ جاۋشيەن، ۋاڭ زىڭشەن، ليۇ مېڭچۈننى رەھىمجان سابىر ھاجى قاتارلىقلار بىلەن داۋاملىق ئۇچرىشىشقا قالدۇردى. ئۇ ئايرودرومغا ئۇزاتقىلى چىققان رەھىمجان سابىر ھاجى قاتارلىقلار بىلەن سۆزلىشىپ مۇنداق دېدى: سىلەرنىڭ جۇڭگولۇقلارنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ، ۋەتەننى قوغدايدىغانلىقىڭلارغا ئىشىنىمەن، بۇ دەۋرنىڭ سىلەرگە يۈكلىگەن مەسئۇلىيىتى. رەھىمجان سابىر ھاجى قاتارلىقلار مۇنداق دېدى: بىز جۇڭگولۇق، بىز چوقۇم ۋەتەننى ھىمايە قىلىمىز.

1 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تاشقۇرغان ئىنقىلابىي ئارمىيىسىدىن 500 دىن كۆپرەك كىشى پوسكامغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن قاغىلىقتىن يولغا چىقتى، ئەتىسى پوسكام ناھىيە بازىرىنى ئىشغال قىلىپ، پوسكام ناھىيىلىك ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت قۇردى، قۇربان مۆپتىنى ھاكىملىققا تەيىنلىدى.

1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەيئىتى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك بانكىسىنى دۆلەت بانكىسى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك شۆبە بانكىسىغا ئۆزگەرتىپ، مالىيىدىن مەبلەغ سۈپىتىدە 50 مىليون يۈەن ئاجرىتىپ بېرىشنى قارار قىلدى.

شۇ كۈنى جياڭ جيېشى «مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى بىلەن شىنجاڭ قوزغىلاڭچىلار رايونى خەلقىنىڭ ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا قۇراللىق توقۇنۇشنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدىكى بىتىم» نى تەستىقلىدى.

1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى تارقىلىۋاتقان كېزىك كېسەللىكىنى قانداق قىلىپ چەكلەش توغرىسىدا 191 - نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ، مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: ( 1 ) داۋالاش ئەترىتى تەشكىللەپ ئۇلارنى ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيە ۋە رايون، مەھەللىلەرگە كېزىك ۋە باشقا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش مۇداپىئە ئوكۇلى سېلىشقا ئەۋەتىش؛ ( 2 ) ھەر قايسى ناھىيە، مەھەللىلەرنى دېزىنفېكسىيە ۋە مۇھىت تازىلىقى خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا مەسئۇل قىلىش؛ ( 3 ) كېرەكلىك خىراجەت، دورا - ئەسۋابلارنى ھۆكۈمەت بېرىش؛ ( 4 ) ناھىيەلەرنىڭ ھاكىملىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىلىرىنىڭ باشلىقلىرىنى داۋالاش ئەترىتىنىڭ خىزمىتىگە زور كۈچ بىلەن ياردەملىشىشكە مەسئۇل قىلىش.

1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ۋۇجۇڭشىن پىڭ شاۋشەن، ۋاڭ زىڭشەن، ليۇبىڭچۇنلەر بىلەن بىللە ئۈرۈمچىدىكى ئالاھىدە كۈتۈۋېلىش ئورنىغا بېرىپ، تاشقورغان ئىنقىلابىي ئارمىيىسىنىڭ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قاغىلىق، پوسكام ناھىيە بازارلىرىنى ئىشغال قىلىۋالغانلىق ئىشى توغرۇلۇق رەھىمجان سابىر ھاجى قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشتى. ۋۇجۇڭشىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «تىنچلىق بىتىم» ئىمزالاندى، سۆھبىتىمىزنىڭ ئوڭۇشلۇق داۋاملىشىشى ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت سۆھبەت ۋەكىللىرىنىڭ غۇلجىدىكىلەرگە جەنۇبىي شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ھەربىي ھەرىكەتنى ئامال قىلىپ تېزدىن توختىتىشنى ئۇقتۇرۇپ قويۇشنى ئۈمىد قىلىمەن. رەھىمجان سابىر ھاجى قاتارلىقلار مۇنداق دېدى: غۇلجا ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە جەنۇبىي شىنجاڭ ھەققەتەن ئىلى تەرەپنىڭ يوليورۇقى بويىچە ئىش كۆرەت-

تى ، كېيىن ئىككى تەرەپنىڭ ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالدى ، يېقىندا جەنۇبىي شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەردىن ئۈچ ۋىلايەت سۆھبەت ۋەكىللىرى تامامەن خەۋەرسىز .

**شۇ كۈنى** تارباغاتاي مەمۇرىي مەھكىمىسى تۆرلۈك جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىنى سوتتىن باشقا تارماق ۋە دىنىي ئاپپاراتلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى يوقلىقى توغرىسىدا 80 - نومۇرلۇق بۇيرۇق ئېلان قىلدى .

**1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى** رەھىمجان سابىر ھاجى ئۈچەيلەن ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا قايتتى ، ئايرودرومدا ئۆزاتقىلى چىققانلارغا تىنچلىق سۆھبىتى توغرىسىدا مۇنداق دېدى : بۇ قېتىمقى سۆھبىتىمىز ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى . لېكىن ، ئىلىدىكى ئاما ۋە ھەربىيلەر بۇنىڭدىن رازى بولماسلىقى مۇمكىن ، بىز ئۇلارغا مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ كېلىشىپ قېلىش ئىرادىسى ۋە ئارزۇسىنى چۈشەندۈرۈپ ، ئىشنىڭ تولۇق ئوڭۇشلۇق ھەل بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز .

**شۇ كۈنى** تارباغاتاي مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ 39 - قېتىملىق يىغىنىدا مۇنۇلار قارار قىلىندى : ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى رەھبەرلىك قىلىش ؛ ۋىلايەتلىك تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشچىلىقىدا ، گېزىتخانا ۋە مائارىپ ئىدارىسىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيەت ئىشخانىسى قۇرۇش .

**1 - ئاينىڭ 11 - كۈنى** پىڭ جاۋشەن لىيۇزېرۇڭ بىلەن بىللە تاشقۇرغان ئىنقىلابىي ئارمىيىسىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەربىي ھەرىكىتىنىڭ كۆنسېرى كېڭىيىۋاتقانلىقى ئۈستىدە ، يېۋسىپ بىلەن سۆزلىشىپ ، ئەھۋالنىڭ كېڭىيىپ كەتمەسلىكى ، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن بولغان بۇنىڭدىن كېيىنكى سۆھبەتكە تەسىر يەتمەسلىكى ئۈچۈن ، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ بۇ ئىشنى ھەل قىلىشقا ياردەملىشىشىنى ئۈمىد قىلدى .

1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى شەرقىي شىمالنىڭ ئالاھىدە دىپلوماتىيە خادىمى جياڭ جىڭگو سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ۋۇجۇڭشىنغا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەتكە ئالاقىدار ئەھۋاللارنى ئۇقتۇردى. جياڭ جىڭگو ۋۇجۇڭشىنغا مۇنداق دېدى: بۇ قېتىم موسكۋادا شىنجاڭ مەسىلىسى تىلغا ئېلىنغاندا سوۋېت ئىتتىپاقى ياردەم بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئىلى تەرەپتىن مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرىنى چېكىندۈرۈپ كېتىشنى تەلەپ قىلغانلىقى مەسىلىسىگە كەلگەندە، ستالىن بۇنىڭدىن خەۋەرسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتتى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مولوتوپتىن سوراپ ھەقىقەتەن مۇشۇنداق ئىشنىڭ بارلىقىنى بىلدى ھەمدە بۇنداق قىلماسلىقى كېرەكلىكىنى ئېيتتى، سوۋېت ئىتتىپاقى يەنە شىنجاڭ بىلەن ئىقتىسادىي جەھەتتە ھەمكارلىشىشنى، بولۇپمۇ مايتاغ نېفىت كېنى، ۋولفىرام كېنى، شۇنىڭدەك تۆمۈر يول قاتارلىقلاردا بىرلىكتە ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ يەنە سوۋېت چېگرىسىغا قېچىپ كېلىۋالغان تارباغاتاي ۋالىيسى پىڭ رۇڭ باشچىلىقىدىكى 1207 نەپەر ئادەمنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى تەمىنلىگەن ئىسىملىكىنى ۋۇجۇڭشىنغا تاپشۇردى.

شۇ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەيئىتى 197 - نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ، ھۆكۈمەت ئالىدىغان تىجارەت بېجى، سانائەت بېجى، يۆتكەپ سېتىش بېجى، تىرىك مال بېجى، چارۋىچىلىق بېجى، قان بېجى، ياغاچ ماتېرىياللىرى بېجى، ئاشلىق بېجى، يەر بېجى، پوسۇلكا بېجى، پوچتا بېجى، قاتناش - ترانسپورت بېجى، كۆمۈر قېزىش بېجى، كىنو - تىياتىرخانىلارنىڭ تىجارەت بېجى، تىجارەت كىنىشكىسى بېجى، تامۇژنا بېجى، تۇز بېجى، ھاراق - تاماكا بېجى قاتارلىق 16 خىل باجنى بېكىتتى. ھەمدە باج نىسبىتى، باج ئېلىش ئۇسۇلى ۋە جەرىمانە توغرىسىدا تەپسىلىي بەلگىلىمە چىقاردى.

شۇ كۈنى    ئۇچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەيئىتى 198 - نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ، توپلىشىپ بۇلاڭچىلىق قىلغانلار ئىچىدىكى ئاساسلىق جىنايەتچىگە، قوراللىق بۇلاڭچىلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش، ئادەتلەنگەن ئوغرى ۋە بۇلاڭچىلارغا ئۈچ يىللىقتىن يۇقىرى قاماق جازاسى بېرىش، سوراق خىزمىتىنى ئىككى ھەپتە ئىچىدە ئېلىپ بېرىش، ئىلىدىكى ھەر قايسى ناھىيىلەر ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈم قىلىشىغا يوللاش، تارباغاتاي ۋە ئالتاي ۋىلايەتلىرى ئۆز ۋىلايەتلىرىدىكى سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ھۆكۈم قىلىشىغا يوللاشنى بەلگىلىدى.

1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى    ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەيئىتى 199 - نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ، مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: ( 1 ) دۆلەت ناخشا - ئۇسسۇل، ئوپېرا ئۆمىكى قۇرۇش، زىياسەمەدىنى[①] ئۆمەك باشلىقلىقىغا تەيىنلەش؛ جالالىدىن ئالاۋۇدۇننى سەنئەت يېتەكچىلىكىگە تەيىنلەش، ئۆمەك قارمىقىدا ئەدەبىيات - سەنئەت ئەترىتى، مۇزىكا ئەترىتى، ئۇسسۇل ئەترىتى قۇرۇش. ( 2 ) قويۇلىدىغان ئۇيغۇرچە، قازاقچە دراممىلارنى مائارىپ نازارىتى تەكشۈرۈپ بېكىتىش، قويۇلىدىغان كونسېرتلارنى تەشۋىقات بۆلۈمىگە يوللاپ تەستىقلىتىش.

شۇ كۈنى    ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەيئىتى 203 - نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ، غۇلجا، چۆچەك، سارسۇمبىنى 1 - دەرىجىلىك ناھىيە؛ سۈيدۈڭ، دۆربىلجىن، شىخو، قورغاس، تۇققۇز تارا، بورتالا، جىمنەي، بۇرچىننى 2 - دەرىجىلىك ناھىيە؛ ساۋەن، قوبۇقسار، چاغانتوقاي، نىلـ

---

① زىياسەمەدى ( 1914 - ): روسىيىنىڭ ياركەنت دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان، ئۇيغۇر. 1931 - يىلى غۇلجىغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. يازغۇچى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە، ئۈچ ۋىلايەتتىكى دۆلەت ناخشا - ئۇسسۇل، ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ باشلىقى بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى، شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى بولغان. 1958 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ كەتكەن. ھازىرقى ئالمائاتادا تۇرۇۋاتىدۇ.

قا ، ئارىشاك ، چاپچال ، كۇنەس ، تېكەس ، جىنك ، يۇلتۇز ، قابا ، كۆك-
توقاي ، موڭغۇلكۈرەنى 3 - دەرىجىلىك ناھىيە قىلىپ ئايرىش . 1 - دەرىجە-
لىك ناھىيلەردىكى ھۆكۈمەت خادىملىرىغا قارىتا ھۆكۈمەتنىڭ 185 - نو-
مۇرلۇق قاراردا بەلگىلەنگەن ئىش ھەققى دەرىجىسىنى يولغا قويۇش ،
2 - دەرىجىلىك ناھىيلەردە 90% بويىچە يولغا قويۇش ، 3 - دەرىجىلىك
ناھىيلەردە 80% بويىچە يولغا قويۇشنى بەلگىلىدى .

1 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەيئىتى 204 - نو-
مۇرلۇق قارار ماقۇللاپ ، سانائەت بۆلۈمىنى سودا - سانائەت تەرەققىيات
شىركىتىدىن ئايرىپ چىقىپ ، ئايرىم ھالدا سانائەت باشقارمىسى قىلىپ
قۇرۇش ، كىچىك تىپتىكى سانائەت ئىشلەپ چىقارغۇچىلىرىنىڭ تېخىمۇ ياخ-
شى ، تېخىمۇ كۆپ سانائەت بۇيۇملىرى ئىشلەپ چىقىرىپ ، خەلقنىڭ ئېھتىيا-
جىنى قاندۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن دۆلەت بانكىسىنى ئۇلارغا قەرز
پۇل بېرىشكە مەسئۇل قىلىشنى بەلگىلىدى .

1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەيئىتى 206 - نومۇر-
لۇق قارار ماقۇللاپ ، ئالدىنقى سەپتىكى جەڭچىلەرگە ياردەم بېرىش ئۈ-
چۈن ئىقتىسادىي ئىئانە توپلاش ھەيئىتى قۇرۇشنى قارار قىلدى .

1 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە 16 - كونى قاغىلىق ، پوس-
كامنى ئىشغال قىلغان تاشقۇرغان ئىنقىلابىي ئارمىيىسىنىڭ 500 دىن كۆپ
ئادىمى يەكەنگە ھۇجۇم قىلىپ ، شەھەر سىرتىدىكى ئايرودرومنى ۋە سودا
شىركىتىنى ئىشغال قىلدى . يەكەننىڭ ۋالىيسى ، قوشۇمچە ئامانلىق
ساقلاش قوماندانى جۇفاڭگاڭ ، بىر تەرەپتىن ، يەكەننى قوغداۋاتقان قو-
شۇنغا قوماندانلىق قىلىپ جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ ، يەنە بىر
تەرەپتىن ، ياردەم سوراپ ئۈرۈمچىگە تېلېگرامما يوللىدى . 27 - كۈنى
قەشقەردىن يولغا چىققان گومىنداڭ ياردەمچى قىسمى يەكەنگە يېتىپ كې-
لىپ ، يەكەننى ساقلاۋاتقان قوشۇن بىلەن بىرلىشىپ ، تاشقۇرغان ئىنقىلا-

بې ئارمىيسىگە ئىككى تەرەپتىن شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى ، تاشقۇرغان ئىنقىلابىي ئارمىيسى پوسكامغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى .

1 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەيئىتى 210 - نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ ، يەر - سۇ ئىشلىرى نازارىتى بىلەن ئىلى ۋىلايىتىدىكى ھەر قايسى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مەسئۇللۇقىدا 4406 گېكتار تېرىلغۇ يەر ۋە 15 باغنى ئاجرىتىپ ، ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى ، مەجرۇھ ھەربىيلەر ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى ۋە يېرى يوق نامرات دېھقانلارغا بۆلۈپ بېرىش ، بۇنىڭدىن باشقا 292 گېكتار تېرىلغۇ يەرنى ئورگانلارنىڭ قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچۈن ئاجرىتىپ بېرىش ، 47 باغنى شەخسلەرگە سېتىپ بېرىشنى بەلگىلىدى .

1 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەيئىتى 213 - نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ ، خانىم - قىزلار جەمئىيىتى قۇرۇش ، ئۇنىڭغا نازارەت قىلىش ۋە رەھبەرلىك قىلىشقا دىنىي نازارەت ۋە مائارىپ نازارىتى مەسئۇل بولۇشنى بەلگىلىدى .

1 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى 216 - نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ ، باسمايى چولاق ئوغلى باپىنىنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزالىقىغا تولۇقلاشنى قارار قىلدى .

شۇ كۈنى يەكەننىڭ ۋالىيسى ، قوشۇمچە ئامانلىق ساقلاش قوماندانى جۇفاڭگاڭ ھەربىي ئىشلار يىغىنى چاقىرىپ ، يەكەننىڭ شەھەر مۇداپىئەسىنى ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە 36 - ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنىنىڭ تۈەنجاڭى گۇەن جىيۇنگە ئۆز قىسمىنى باشلاپ پوسكام ۋە قاغىلىقنى قايتۇرۇۋېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى .

1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى گومىنداڭنىڭ 36 - ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى

ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ پوسكام ۋە قاغىلىق ناھىيە بازارلىرىنى ئىشغال قىلـ
دى ، تاشقۇرغان ئىنقىلابىي ئارمىيىسى تاشقۇرغانغا چېكىندى . 31 ـ كۈنى
قەشقەر ، يەكەن ۋىلايىتىنى تىنچلاندۇرۇش قوماندانى جاڭ شىلياڭ جۇفاڭـ
گاڭغا تېلېگراممىا ئەۋەتىپ ، ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ ، قوغلاپ زەربە بېـ
رىش ھەمدە تاغ ئۆتكەللىرىنى قامال قىلىش ، ئاندىن كېيىن تاشقۇرغانغا
ھۇجۇم قىلىش ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ناھىيەلەرنىڭ ھاكىملىرىنىڭ جارچى -
سىلاۋچىلىق قىلىشنى كۈچەيتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق
بەردى .

1 ـ ئاي ئوسمان ئىسلامنىڭ تاپشۇرۇشى بىلەن مۇقامەتجان مىرـ
سالى ئۈرۈمچىگە خەت بىلەن ئادەم ئەۋەتىپ : جانىمقانغا « بىز گومىنداڭ
ھۆكۈمىتىگە بويسۇنۇشنى خالايمىز » دەپ ئىپادە بىلدۈردى .

شۇ ئاي ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى مەركىزىي كوـ
مىتېتىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى « كۈرەش » ( ئۇيغۇرچە ، ئايلىق ژۇرنال ) غۇلجـ
دا نەشر قىلىندى ، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ باش مۇھەررىر بولدى .

شۇ ئاي ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى مىللىي ئارمىيە
كومىتېتى قۇرۇلدى ، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ كومىتېتنىڭ رەئىسلىكىنى قوشۇمـ
چە ئۈستىگە ئالدى ھەمدە لۈي ، تۈەن ، يىڭ ، ليەن دەرىجىلىك ئورۇنلاردا
ئۇنىڭ تەشكىلاتلىرى قۇرۇلدى .

شۇ ئاي ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەيئىتى ئۈرۈمچىدە تۇرۇۋاتقان كوـ
نا تۇرغۇت موڭغۇل شىمالىي قەبىلىسىنىڭ چىنۋاڭى چۆجاپ قوبۇقسارغا
قايتىشنى رەت قىلغاچقا ئۇنىڭ قىزى بالجىتنى چىنۋاڭلىققا رەسمىي
تەيىنلىدى .

2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جياڭ جيېشى جۇشاۋلياڭغا : 8 ـ ئۇرۇش رايوـ

نىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، غەربىي شىمال بارگاھىنى تەسىس قىلىش، جاڭ جىجۇڭ ئۇنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۆتەش توغرىسىدا تېلېگرامما ئەۋەتتى.

2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت خانىم - قىزلار جەمئىيىتى غۇلجىدا قۇرۇلدى، ئەزىز پاشا① رەئىس بولدى.

شۇ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەيئىتى 218 - نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ، مۇقاباي قورجاقانوپنى② مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىغا تەيىنلىدى.

2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئالىي سوت مەھكىمىسى 164 - نومۇرلۇق بۇيرۇق ئېلان قىلىپ، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ 1945 - يىل 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ۋە 29 - كۈنى چىقارغان ھۆكۈمىنى تەستىقلاپ، خەنزۇ پۇقرالىرىنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلىغان مۇقاش تۆمۈرباي، ئۆمەرغالى بىبەك، ھەيدارىبەك كەنجى قاتارلىق ئۈچ كىشىنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى.

2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەيئىتى «دۆلەت بانكىسى نىزامنامىسى»نى تەستىقلاپ ئېلان قىلىپ، بانكا ئاپپاراتلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشى، فۇنكسىيىسى ۋە قەرز پۇل، ئامانەت پۇل، پېرېۋوت پۇل قاتارلىق كەسىپلەر توغرىسىدا تەپسىلىي بەلگىلىمە چىقاردى.

---

① ئەزىز پاشا: ئايال، ئۆزبېك، ئېلىخان تۆرىنىڭ قىزى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئۈچ ۋىلايەت خانىم - قىزلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بولغان.

② مۇقاباي قورجاقانوپ: شىنجاڭ قورغاس ناھىيىسىدىن، قازاق. مىللىي يۇقىرى قاتلام زات. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، ئىلى ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 1951 - يىلى خەلق ھاكىمىيىتى قانۇن بويىچە ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بەرگەن.

2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى   گومىنداڭنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر 36 - تۈەنى بۇيرۇقىغا بىنائەن تاشقورغان ناھىيىسىگە ھۇجۇم قىلىپ، تاشقورغان ئىنقىلابىي ئارمىيىسىنىڭ قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشىگە ئۇچرىدى. ئىككى تەرەپ قونجىراپ، كاچۇڭ ئەتراپىدا تىركىشىپ قالدى.

2 - ئاينىڭ 11 - كۈنى   تارباغاتاي مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ ئورگان گېزىتى «خەلق ئاۋازى»دا ئابدۇكېرىم ئابباسوپنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار ئىتتىپاقىنى قۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدىكى نۇتقى ئېلان قىلىندى. نۇتۇقتا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ئۈچ ۋىلايەتتىكى بارلىق ياشلارنى تەشكىللەپ ۋە تەربىيىلەپ، خەلق ئىنقىلابى ئۈچۈن يېڭى كۈچ يېتىشتۈرۈپ بېرىشتىن ئىبارەت مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.»

2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى   جۇشاۋلياڭ لەنجۇدىن ئايروپىلان بىلەن چۆچەككە بېرىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باش سەنمۇجاڭى، قوشۇمچە بەنگۇڭتىڭنىڭ مۇدىرى بولدى.

شۇ كۈنى   گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مەسئۇدنى تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى تەپتىشى قىلىپ تەيىنلىدى.

2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى   ۋۇجۇڭشىن، گوجىڭياۋ ئۆلكىلىك مۇھاپىزەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى فوگوجېن قاتارلىقلارنى يىغىنغا چاقىرىپ، ئوسمان ئىسلام، قاباس قاتارلىقلارنى ئۆز يېنىغا تارتىش ۋە پارچىلاش چارىسى ئۈستىدە مۇزاكىرىلىشىپ، قۇسايىننى سارسۇمبىگە بېرىپ ئوسمان ئىسلام بىلەن سۆھبەتلىشىشكە، نۇرخۇجىنى شىمالىي قۇملۇقتىكى قاباسنى كۆندۈرۈشكە ئەۋەتىش ھەمدە ئۆلكىلىك مۇھاپىزەت باشقارمىسى بىر ئالاھىدە خادىمنى ھەمكارلىشىشقا قوشۇپ ئەۋەتىشنى قارار قىلدى.

2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى   ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەيئىتى 228 - نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ ، مائارىپ نازارىتى قارمىقىدا ئەدەبىيات - سەنئەت باشقارمىسى قۇرۇش ، سەيپىدىن ئەزىزىنى قوشۇمچە باشقارما باشلىقلىقىغا تەيىنلەشنى ، دۆلەت ناخشا - ئۇسسۇل - تىياتىر ئۇمىكىنىڭ تۈرلۈك پائالىيەتلەردە ئالدى بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەت باشقارمىسىدىن يوليورۇق سورىشى لازىملىقىنى بەلگىلىدى .

2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى   ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەيئىتى 229 - نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى كەڭ - كۆلەمدە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ، مائارىپ نازارىتىنىڭ قارمىقىدا ئەدەبىيات - سەنئەت جەمئىيىتى - تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇپ ، ئۇنىڭغا يازغۇچى ، ئەدەبىيات - سەنئەت ھەۋەسكارلىرى ۋە سەنئەت ئالاھىدىلىكى بارلارنى قوبۇل قىلىشنى بەلگىلىدى .

شۇ كۈنى   ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەيئىتى 230 - نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ مۇنۇلارنى بەلگىلىدى : مالىيە نازارىتى ئۈچ ۋىلايەتتە شەخسلەر بانكىغا پۇل ئامانەت قويۇش ، قەرز پۇل ئېلىش ۋە پېرېۋوت كەسپلىرىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن دۆلەت بانكىسىغا 100 مىليون يۈەن كرېدىت مەبلىغىنى ئاجرىتىپ بېرىش ، كرېدىت مەبلىغىنى تەقسىم قىلىشتا يېزا - ئىگىلىكىگە 20% ، چارۋىچىلىققا 15% ، قول سانائەتكە 15% ، سودىغا 50% نىسبەت بويىچە ئىشلىتىش . قەرەللىسىز ئامانەت پۇلنىڭ يىللىق ئۆسۈمىنى 3% ، قەرەللىك ئامانەت پۇلنىڭ يىللىق ئۆسۈمىنى 6% بويىچە ھېسابلاش ، شەخسلەر پۇل قەرز ئېلىشنى تەلەپ قىلسا ، يەتتە كىشىلىك ئامانەت - قەرز ھەيئىتى مەسئۇل بولۇپ تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ؛ ئادەتتە قەرز پۇل بېرىشتە ئىككى كىشىنى كېپىل بولۇش ياكى قىممەتلىك بۇيۇملىرىنى بانكىغا گۆرەگە قويۇش ئارقىلىق قەرز پۇل ئېلىش ، يەنە باشقا جايلارغىمۇ پۇل پېرېۋوت قىلىش كەسپىنى يولغا قويۇش .

**شۇ كۈنى** ئالتاي مەمۇرىي مەھكىمىسى ھەر قايسى ناھىيەلەردىكى موڭغۇل، قازاق قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ قەبىلە ئاقساقاللىرىغا ئېلان چىقىرىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز سۆز - ھەرىكەتلەرنى قەتئىي چەكلەشنى تەلەپ قىلدى.

**2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى** سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلىنىڭ دوكلاتىنى يەتكۈزدى. ئۈچ ۋىلايەت سۆھبەت ۋەكىللىرىنىڭ جاڭ جىجۇڭنىڭ ئۈرۈمچىگە قاچان يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى سورىغانلىقىنى، ئەگەر ئۇ يېقىندا ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلەلمىسە ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ سۆھبەت بۇزۇلدى، دەپ قاراپ، ئىمزالانغان بارلىق پۈتۈملەرنى بىكار قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

**3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى** ۋۇجىڭشىن خىزمەتلەردىن دوكلات بېرىش ھەمدە گومىنداڭنىڭ 6 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 - ئومۇمىي يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن لى تيەنجۈن قاتارلىقلار بىلەن چۇڭچىڭغا ماڭدى. ئۇ مېڭىش ئالدىدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى زىڭشاۋلۇغا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىش، چوڭ - چوڭ ئىشلارغا يولۇققاندا گوجىچياۋدىن يوليورۇق سوراپ ئىش كۆرۈشنى بۇيرۇدى.

**شۇ كۈنى** سوۋېت ئىتتىپاقى بىر تۈركۈم ھەربىي، سىياسىي مەسلىھەتچىلەرنى زىنىت توپ، ھەر خىل پىلىموت، مىنا، شەھەر سېپىلىگە ھۇجۇم قىلىدىغان قوراللار بىلەن تاشقورغان ئىنقىلابىي ئارمىيىسى تۇرۇشلۇق جاي — تاغارمىغا ئەۋەتتى، ئۇلار تاشقورغان ئىنقىلابىي ئارمىيىسىنىڭ ئالدىنقى بىر مەزگىللىك ھەربىي ھەرىكەتلىرىنى ئەستايىدىل خۇلاسىلەپ، يېڭى ئۇرۇش پىلانىنى تۈزدى، يەنە تاشقورغان ئىنقىلابىي ئارمىيىسىنى قاتتىق

مەشق قىلدۇردى .

3 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەيئىتى 232 - نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى : بىز مەسىلىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلىمىز ، لېكىن تىنچلىق سۆھبىتىدە ئەمەلىي ھەربىي كۈچىمىزگە تايىنىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ . شۇڭا ، مۇنۇلارنى قارار قىلىمىز : ( 1 ) ھەر قايسى ناھىيىلەردىكى 18—35 ياشقىچە بولغان ئەرلەر ھەربىي سەپكە كىرىشى كېرەك . ( 2 ) ئەسكەر ئېلىش ھەر بىر ئائىلىدە بىردىن ئەمگەك كۈچى قالدۇرۇش پرىنسىپى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ . ( 3 ) ۋىلايەت ، ناھىيىلەرنىڭ ئەسكەر ئېلىش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش ۋە ئۇنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن ھۆكۈمەت ۋەكىل ئەۋەتىدۇ .

شۇ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەيئىتى ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسى ئىچىدىكى ئاساسلىق يوللارنى ياساپ تېزلىكتە ئەسلىگە كەلتۈرۈش ، 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن بۇرۇن پۈتتۈرۈپ قاتناش باشلاش ، ئاساسلىق كېچىك ، كۆۋرۈكلەرنى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن بۇرۇن ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇش ، بارلىق يوللارنى ئۇچاستكىلارغا ئايرىپ قورۇلۇش ئەترەتلىرىنى قۇرۇش ، يول ياساشنى تەشكىللەشكە ئىچكى ئىشلار نازارىتى مەسئۇل بولۇشنى قارار قىلدى .

شۇ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەيئىتى 233 - نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ ، ئۈچ ۋىلايەت مەجروھ ھەربىيلەر جەمئىيىتى قۇرۇشنى بەلگىلىدى .

3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەيئىتى 234 - نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ ، 1944 - يىللىق سابىق جۇڭگو ھۆكۈمىتى ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدىكى « ئالدىن سېتىۋېلىندىغان ئاشلىق » ۋە 1944 - ، 1945 - يىللىق غەللە - پاراقنى ئەستايىدىل يىغىۋېلىشنى بەلگىلىدى . شۇنىڭ بىر-

لەن بىللە ھۆكۈمەت مۇسادىرە قىلغان يەرلەردىن 361 گېكتارنى ئورگانلار-نىڭ قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشى ئۈچۈن بۆلۈپ بې-رىش، 10 مىڭ گېكتارنى مەجرۇھ ھەربىيلەرگە بۆلۈپ بېرىش، 64 گېكتارنى شەخسلەرگە سېتىپ بېرىش، 20 گېكتارنى ھۆكۈمەت بەدەلسىز بىر تەرەپ قىلىش، قالغان يەرلەرنى يەر تەقسىم قىلىش كومىتېتى ئىقتىسادنى قىيىنچى-لىقى بار ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە نامرات دېھقانلارنىڭ تېرىقچىلىق قىلى-شىغا بۆلۈپ بېرىشنى بەلگىلىدى.

3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەربىي ئۇنۋاننى ئۆستۈرۈش توغرىسىدا 235 - نومۇرلۇق قارار ماقۇللىدى.

شۇ كۈنى گۈزەل ئەدەبىيات - سەنئەت جەمئىيىتى غۇلجىدا قۇرۇل-دى، بۇ جەمئىيەت مىللىي ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، ھازىرقى زامان ئەدەبىيات - سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇشنى مەق-سەت قىلدى، ئۇ مائارىپ نازارىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى.

3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەيئىتى 236 - نومۇر-لۇق قارار ماقۇللاپ، 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئوفىتسېر - جەڭچى-لەرنىڭ ئايلىق ئىش ھەققىنى 100%، ئاددىي ئەسكەرلەرنىڭ ئايلىق ئىش ھەققىنى 50% ئۆستۈرۈشنى بەلگىلىدى.

3 - ئاينىڭ باشلىرى گومىنداڭ 9 - نومۇرلۇق بۇيرۇق ئېلان قىلىپ، 42 - جۇڭنىڭ جۇڭجاڭى ياڭ دېلياڭنى جەنۇبىي شىنجاڭ مۇداپىئە قومان-دانى قىلىپ ئاقسۇدا تۇرۇشقا ئەۋەتىپ، ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خو-تەندىكى ھەر قايسى ھەمۇرىي رايونلارغا، شۇنىڭدەك قەشقەر، چەرچەن، چارقىلىق مۇستەقىل تۈەنى ۋە ناھىيىلەرگە قاراشلىق قورallıق كۈچلەرگە بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىشنى بۇيرۇدى.

**3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى** جاڭجىجۇڭ گومىنداڭنىڭ 6 - نۆۋەتلىك مەر-
كىزىي كومىتېتى 2 - ئومۇمىي يىغىنىدا «شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش
لايىھىسى» ھەققىدە مەخسۇس دوكلات بەردى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەت-
تى: شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى ئىچكىرىدىكى ئۆلكىلەرگە ئوخشىمايدۇ. مەركەز
پەقەت دۆلەت مۇداپىئەسى، تاشقى ئىشلار، پۇل تۈزۈمى، قاتناش ۋە
ئەدلىيىنىلا بىر تۇتاش باشقۇرۇشى كېرەك، باشقا بارلىق ئىشلارنى شۇ
جايدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئىمكانىقەدەر
ياردەم بېرىپ ۋە يار - يۆلەكتە بولۇپ، ئۇلارنى تەدرىجىي ئۆز ئىشىنى ئۆ-
زى ئىدارە قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا
شىنجاڭ مەسىلىسىنى تۈپتىن ھەل قىلغىلى بولىدۇ. دوكلاتتا يەنە شىنجاڭ
مەڭگۈ جۇڭگونىڭ زېمىنى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى مەڭگۈ جۇڭگو
خەلقى دەپ تەكىتلەندى.

**شۇ كۈنى** ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى مالىيە نازارىتى ۋە ئىچكى ئىشلار
نازارىتى بىرلىكتە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدە ئوبوروت
قىلىنىۋاتقان، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ تامغىسى بېسىلمىغان سابىق جۇڭگو ھۆكۈمە-
تىنىڭ قەغەز پۇللىرى 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن بۇرۇن جايلاردىكى بان-
كىلار تەرىپىدىن يىغىۋېلىنىپ، 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن باشلاپ ئوبوروت
قىلىپ ئىشلىتىشتىن توختىتىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

**شۇ كۈنى** ئۈچ ۋىلايەت خانىم - قىزلار جەمئىيىتى «تەشكىلىي نىزام-
نامە»نى ماقۇللىدى، ئۇ ئالتە باب، 41 ماددىدىن تەركىب تاپقان بو-
لۇپ، ئۇنىڭدا مۇنۇلار بەلگىلەندى: (1) ئۈچ ۋىلايەت خانىم - قىزلار
جەمئىيىتى مەركىزىي كومىتېتىغا بىر جەمئىيەت باشلىقى، بىردىن ئىككىگىچە
مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقى قويۇش؛ تەشكىلات، كاتىبات، تەشۋىقات،
مائارىپ، ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈملىرى تەسىس قىلىش. (2) ئۈچ ۋىلايەت

خانىم - قىزلار جەمئىيىتى قارمىقىدا ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك كومىتېت تەسىس قىلىش.

3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەيئىتى 241 - نو- مۇرلۇق قارار ماقۇللاپ، ئومۇمىي سوممىسى 600 مىليون يۈەنلىك «بەخت» نامىلىق ئۆسۈمسىز زايوم تارقىتىشنى قارار قىلدى.

شۇ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 25 - نومۇرلۇق بۇيرۇقىغا ئاساسەن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاب- چىل ياشلار تەشكىلاتى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك كومىتېتى قۇرۇلدى، ئابلى- مىت ھاجىيوپ رەئىسلىككە، بالقاش ئالىمغازى ۋە ئابابەكرى ئوسمان مۇ- ئاۋىن رەئىسلىككە تەيىنلەندى. ئارقىدىنلا ئۇنىڭ قارمىقىدا ناھىيە، رايون دەرىجىلىك تەشكىلاتلار قۇرۇلدى.

شۇ كۈنى ئالتاي مەمۇرىي مەھكىمىسى قابا ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە ئالاقە ئەۋەتىپ، تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار خەنزۇ ئاممىسىغا قۇتقۇزۇش بې- رىشنى تەلەپ قىلدى.

3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى يەنئەندە نەشر قىلىنغان جۇڭگو كوممۇنىس- تىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى «ئازادلىق گېزىتى» دە ئايرىم - ئايرىم ھالدا «ھۆكۈمەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئەزگەنلىك- تىن شىنجاڭ ماجىراسى كېلىپ چىقتى» ۋە «جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دوستلۇقىنى ياخشىلاپ، شىنجاڭدا يەرلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلىمىز» دېگەن تېمىدا شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھەركىتى- نىڭ ئەڭ يېڭى ئەھۋالى خەۋەر قىلىندى.

3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەيئىتى «ئۈچ ۋىلا-

يەتتىكى ھەر مىللەت مەدەنىيەت ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ۋاقىتلىق نىزامى»نى ئېلان
قىلدى. بۇ نىزامدا جەمئىي 22 ماددا بولۇپ، ھەر مىللەت مەدەنىيەت ئۇ-
يۇشمىلىرىنىڭ ۋەزىپىسى، فونكسىيىسى، خىراجەت چىقىمى، تەشكىلات،
شتات ۋە قارمىقىدىكى ئاپپارات قاتارلىقلار توغرىسىدا كونكرېت بەلگىلە-
مىلەر چىقىرىلدى. نىزامدا ھەر مىللەت مەدەنىيەت ئۇيۇشمىلىرىنىڭ مائارىپ
نازارىتى ۋە تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ قوش رەھبەرلىكىدە بولىدىغانلىقى؛ ئا-
لىي ئاپپاراتى ھەر مىللەت مەدەنىيەت باش ئۇيۇشمىسى بولىدىغانلىقى،
قارمىقىدا ۋىلايەت، ناھىيىلەردە ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت ئۇيۇشمىلىرى
قۇرۇلىدىغانلىقى بەلگىلەندى.

3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى گومىنداڭ 6 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتې-
تى 2 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ 19 - سانلىق يىغىنىدا «چېگرا رايون مەسىلىسى
توغرىسىدىكى قارار لايىھىسى» ماقۇللىنىپ مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى:
«موڭغۇل، زاڭزۇ، خۇيزۇ (ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاز سانلىق
مىللەتلەرنى كۆرسىتىدۇ) قېرىنداشلار ئۇلۇغ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەزاسى،
ئۇلار ئولتۇراقلاشقان رايونلار زېمىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى.» مۇ-
نۇلارنى ئالاھىدە قارار قىلدى: (1) بىرلىككە كەلگەن دېموكراتىك دۆلەت
قۇرۇش پرىنسىپى ئاستىدا، ئاساسىي قانۇندا چېگرا رايوندىكى مىللەت-
لەرنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىشنى ئېنىق بەلگىلەش كېرەك.
(2) ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەندىن كېيىنكى دۆلەت ھۆكۈمىتى ئەزالىرى ۋە
مەمۇرىي كېڭەشتىكى مەمۇرىي ئىشلار ئەزالىرى ئىچىدە موڭغۇل، زاڭزۇ،
خۇيزۇلاردىن بولۇشى كېرەك. (3) موڭغۇل، زاڭزۇ، خۇيزۇ ئەزالار ھەر
قايسى كېڭەش، بۆلۈم، جەمئىيەتلەرنىڭ ئەمەلىي خىزمەتلىرىگە قاتنىشىشتا
تولۇق پۇرسەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك. (4) يېقىندىن كۆپەيتىلىدىغان مىل-
لىي قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى سانى ئىچىدە موڭغۇل، زاڭزۇ، خۇيزۇ ۋەكىللىرى-
نىڭ سانىنىمۇ مۇۋاپىق كۆپەيتىش كېرەك. (5) موڭغۇل - زاڭزۇ كومىتېتىنى
چېگرا رايون سىياسىي ئىشلار مىنىستىرلىكىگە ئۆزگەرتىپ، موڭغۇل، زاڭ-

زۇ ، خۇيزۇلارنى ئەمەلىي خىزمەتلەرگە قاتنىشىش ، ئەمەلىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. (6) چېگرا رايونـ دىكى مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان جايلاردىكى مەكتەپلەردە ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىدا دەرس ئۆتۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. دۆلەت تىلىنى ئاساس دەرس قىلىش ، بۇنى مائارىپ مىنىستىرلىكى ئەھۋالغا قاراپ يولـ غا قويۇشى كېرەك . ھەر دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ ئالاقە - ھۆججەتلىرىدە دۆلەت تىل - يېزىقى بىلەن ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىنى تەڭ قوللىنىشنى پرىنسىپ قىلىش كېرەك. (7) مەركەز چېگرا رايوندىكى ھەر قايسى جايلارنىڭ ئاپتونومىيە تۈزۈملىرىگە قارىتا شۇ جاينىڭ ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن مۇۋاپىق بەلگىلىمە چىقىرىشى كېرەك. . . . شىنجاڭ قىسمى تۇغـ رىسىدا شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى قىسمەن ۋەقەلەرنى ھەل قىلىشتا بېكىتىلگەن چارىگە ئەمەل قىلىش كېرەك.

3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسى قارار چىقىرىپ ، سابىق گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىگىدارلىقىدىكى يەرلەرنى دېھقانلارغا بۆلۈپ بېرىش ھەمدە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خەنزۇ ئامىسىنىمۇ يەرگە ئىگە قىلىش ، دېھقانلارنىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇدىكى ئۇرۇق قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن 192 توننا بۇغداي ئۇرۇقى ، ئۈچ توننا تېرىق ئۇرۇقىنى ناھىيىلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىشنى بەلگىلىدى.

3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەيئىتى 245 - نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ ، «جۇمھۇرىيەت» ئالىي ئوردىنى تەسىس قىلىپ ، ئالاھىدە تۆھپىسى بارلارنى تەقدىرلەشنى بەلگىلىدى.

شۇ كۈنى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك سودا ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى. مىقتاخدىن كۈلۈنچاكوپ ئۇيۇشما باشلىقى بولدى.

3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەيئىتى 246 - نو-مۇرلۇق قارار ماقۇللاپ، ئىۋان ياكوۋلىۋىچ پالىنوپ، ئىسھاقبېك مونونوپ ئىككەيلەنگە «جۇمھۇرىيەت» ئالىي ئوردىنى بېرىشنى قارار قىلدى.

شۇ كۈنى مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى ئىسھاقبېك مونو-نوپنى 400 نەچچە كىشىلىك قوراللىق كۈچ، 240 نەچچە مىلتىق ۋە پىلە-موت، 16 زەمبىرەك بىلەن ئىلىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق تاشقورغانغا بېرىپ، ئوتتۇرىسىز ئەھۋالدا قالغان تاشقورغان قوراللىق كۈرىشىنى بىۋا-ستە تەشكىللەش ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىشقا ئەۋەتتى. ئىسھاقبېك تاش-قورغاندا مۇنۇلارنى قارار قىلدى: (1) جەنۇبىي شىنجاڭ ئازادلىق تەش-كىلاتى باش شتابىنى قۇرۇش، ئۆزى باش مەسئۇللۇقنى ئۈستىگە ئې-لىش. (2) تاشقورغان ئىنقىلابىي ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانلىق شتابى-نى تاغارمىدىن چىلگۈمبەزگە يۆتكەش. (3) تاشقورغان ئىنقىلابىي ئارمى-يىسىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئوفىتسېرلىرىگە شاۋۇيىدىن داشياۋغىچە بولغان ھەربىي ئۇنۋانلارنى بېرىش.

3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك دىنىي ئىشلار باش-قارمىسى تۇغۇلغان، ئۆلگەن، نىكاھلانغان، نىكاھدىن ئاجراشقانلارنى تىزىملاشنى باشلىدى.

3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەيئىتى 249 - نو-مۇرلۇق قارار ماقۇللاپ، 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنىنى ئارمىيە بايرىمى قىلىشنى بەلگىلىدى.

شۇ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەيئىتى ئارىشاڭ ناھىيىسىنى بور-تالا ناھىيىسىگە قوشۇۋېتىشنى، ئارىشاڭ ناھىيىسىنىڭ سابىق ھاكىمى نىما-نى بورتالا ناھىيىسىنىڭ 2 - مۇئاۋىن ھاكىملىقىغا تەيىنلەپ، ئۇنى سابىق

ئارىشاڭ ناھىيىسىنىڭ خىزمەتلىرىگە كونكرېت مەسئۇل قىلىشنى قارار قىلدى.

3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى رەھىمجان سابىرھاجى قاتارلىق ئۈچەيلەن 4 - قېتىم غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە كەلدى.

3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى «جاڭ جىجۇڭنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ۋېييۈەنجاڭىنىڭ غەربىي شىمال بارگاھىنىڭ مۇدىرلىقىغا ئالاھىدە ئەۋەتىش» ھەققىدە مەمۇرىي بۇيرۇق چىقاردى. ئەتىسى يەنە مەمۇرىي بۇيرۇق چىقاردى: «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە رەئىسى ۋۇجۇڭشىن باشقا ۋەزىپىگە قويۇلىدىغانلىقى ئۈچۈن بارلىق ۋەزىپىلىرىدىن قالدۇرۇلىدۇ، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىنى جاڭ جىجۇڭ قوشۇمچە ئۆتەيدۇ.»

3 - ئاينىڭ 30 - كۈنى چۇڭچىڭدا نەشر قىلىنىغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى جەنۇبىي جۇڭگو بيۇروسىنىڭ ئورگان گېزىتى «شىنخۇا گېزىتى»گە «ھۆكۈمەت غۇلجا بىلەن كېڭىشىپ تۈزگەن كېلىشىمگە غۇلجا ۋەكىللىرى قوشۇلدى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە قاتنىشىدىغانلارنىڭ ئىسىملىكى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ مۇزاكىرە قىلىنىدۇ، ئارمىيىنى رەتكە سېلىشتا شتات سانى ۋە تۇرىدىغان جايى يەنە سۆھبەتلىشىشكە قالدۇرۇلدى» دېگەن تېمىدا خەۋەر بېسىلدى.

3 - ئاي ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەيئىتى مۇنداق قارار چىقاردى: ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدىكى دىن ۋە دىنىي مەزھەپ تەشكىلاتلىرى بىردەك تىزىمغا ئالدۇرۇشى كېرەك، ھۆكۈمەت تىزىمغا ئالدۇرغان دىن ۋە دىنىي مەزھەپ تەشكىلاتلىرىنىڭ ھوقۇق ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

شۇ ئاي ئىلىدىكى خەنزۇ، خۇيزۇ، موڭغۇل، قازاق، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئۇيۇشمىلىرى غۇلجىدا ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلدى، ياڭ جىنشەن خەنزۇ مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى، پۇجە موڭغۇل مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى، غېنى قازاق - قىرغىز مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە، مۇمۇزى خۇيزۇ مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى.

ئەتىياز ئالتاي ۋىلايىتىدە ئاچارچىلىق يۈز بەردى. ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسى ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ھۆكۈمەت تەرەپ 2000 قوي، 3000 كالا چىقىرىش، جىددىي ئېھتىياجنى قاندۇرۇش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن 1000 توننا بۇغداي ئىمپورت قىلىش، سارسۈمبە، بۇرچىن قاتارلىق جايلاردا ئاممىۋى ئاشخانىلارنى قۇرۇپ ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلققە قۇتقۇزۇش بېرىش ھەمدە پۇلى بارلار بىردەك پۇلغا ئاشلىق سېتىۋېلىش، قەرز قايتۇرۇش ئىقتىدارى بارلارغا بىردەك ئاشلىق ئۆتنە بېرىش؛ قەرز قايتۇرۇش ئىقتىدارى يوق نامراتلارنى ھەقسىز تەمىنلەشنى قارار قىلدى.

4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەيئىتى «نامرات دېھقانلارغا ياردەملىشىپ بۇ يىللىق ئەتىيازلىق تېرىلغۇ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا» قارار ماقۇللاپ، ئىلىنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرىدىكى نامرات دېھقانلارغا ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشىغا ئىشلىتىش ئۈچۈن دۆلەت بانكىسىدىن 20 مىليون يۈەن ئۆسۈمسىز قەرز پۇل تارقىتىش، تارباغاتاي ۋە ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشىغا ئايرىم ئالاھىدە ياردەم بېرىش؛ بۇ قەرز پۇللارنى مالىيە نازارىتى ۋە دۆلەت بانكىسى مەسئۇل بولۇپ 4 - ئايدا تارقىتىپ بولۇش؛ بۇ قارارنى ئىجرا قىلىشقا دىنىي نازارەت مەسئۇل بولۇشنى بەلگىلىدى.

شۇ كۈنى ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسى ئۆز ۋىلايىتىدىكى ۋاڭ، بەگ، بەيزى، تەيجى، ئۇكورتاي، زالىڭ، زاڭگىن قاتارلىق ھەر قايسى مىللەت، قەبىلە ئاقساقاللىرىغا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا قارار چىقاردى. ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى: (1) ئالتاي ۋىلايىتىدىكى مىللەتلەر ئىچىدە ئەسلى بار ۋاڭ، بەگ، بەيزى، تەيجى، ئۇكورتاي، زالىڭ، زاڭگىن قاتارلىق قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ ئوتوغات نامى ۋە مەرتىۋىسى ساقلاپ قېلىنىدۇ. ۋاڭ، بەگ، بەيزى، تەيجىلەر ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق ناھىيىلەردىكى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە خىزمەت ئىشلەيدۇ، ئەگەر خىزمەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلار بولسا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت سۈرۈشتۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىدۇ. (2) قازاقلار ئارىسىدا زاكىخان ئەلەن ئىنانچىخانلىقتا، ئابلىمەجىن ئومىرتاي بەگلىكتە، يىجەن بۇقات، ساغىدۇللا زاكەرىيا ئىككىيلەن بەيزىلىقتا تەيىنلەندى ھەمدە 10 نەپەر تەيجى ۋە زور بىر تۈركۈم ئۇكورتاي، زالىڭ ۋە زاڭگىن تەيىنلەندى. موڭغۇللار ئارىسىدا سەيدىنجاپ بەگلىكتە، باتناسىن تەيپىڭ (تەيپىڭ بەيزىنىڭ ئوغلى)، سىنگى بەيزىلىقتا تەيىنلەندى. رۇسلار ئارىسىدا ماجالوپ ئۇكورتايلىقتا تەيىنلەندى، قارىمىقىدا ئىككى زاڭگىن تەسىس قىلىندى. (3) ھەر قايسى ناھىيە خەلقى ئۆز ناھىيىسى تەۋەسىدە ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ ھەمدە شۇ ناھىيىگە باج تاپشۇرىدۇ. قەبىلە ئاقساقاللىرى قانداشلىق مۇناسىۋىتى بىلەن ناھىيە ئاتلاپ باج ئالسا بولمايدۇ. لېكىن، سۆڭەك بېجى (قانداشلىق بېجى) ئالسا بولىدۇ. ئەگەر چېگرا ئاتلاپ مال باققانلار بولسا، باجنى ئۆزى تۇرۇشلۇق ناھىيىگە تاپشۇرۇشى ھەمدە ئۆز ناھىيىسىگە قاراشلىق قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولۇشى كېرەك. (4) يۇقىرىدا ئوتۇغات نامى بېرىلگەن قەبىلە ئاقساقاللىرى ئۆز قەبىلىسىدىكى ئاۋام خەلقنى ياخشى باشقۇرۇپ، ھۆكۈمەت تاپشۇرغان بارلىق ئىشلارنى ياخشى ئورۇندىشى كېرەك.

**4 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 4 - كۈنىگىچە** ئىلىدىكى ئۆزبېك، ئۇيغۇر، تاتار قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئۇيۇشمىلىرى غۇلجىدا ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلدى.

**4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى** جاڭ جىجۇڭ چۆچەكتىن ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى.

**4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى** رەھىمجان سابىر ھاجى قاتارلىقلار جاڭ جىجۇڭ بىلەن قوشۇمچە ھۆججەت ( 2 ) دىكى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش مەسىلىسى ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزدى. رەھىمجان سابىر ھاجى قاتارلىقلار ئالدى بىلەن جاڭ جىجۇڭنىڭ قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بولغانلىقىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە گومىنداڭ ئارمىيىسى ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى ۋە پىيادە ئەسكەرلەر تۈەنىنىڭ شتاتىغا دائىر ماتېرىيالدىن بىر نۇسخا بېرىشنى تەلەپ قىلدى ۋە مۇشۇنىڭغا ئاساسەن كونكرېت سان ۋە شتاتنى ئوتتۇرىغا قويماقچى بولدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەشكىللەش مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغاندا، ئۆزلىرىنىڭ ئۈرۈمچىگە كەلگەندە جاڭ جىجۇڭنىڭ قوشۇمچە رەئىسلىككە تەيىنلەنگەنلىكىدىن بىخەۋەر بولغاچقا، ئالدىن تەييارلانغان ئىسىملىكنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنى بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئوتتۇرىغا قويىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

**4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى** ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەيئىتى مەركىزىي ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىش ھەيئىتى قۇرۇش، ھاكىمبەگ خوجىنى رەئىسلىككە تەيىنلەشنى قارار قىلدى. ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا، كەنتلەردىمۇ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىش ھەيئىتى قۇرۇش بەلگىلەندى. بۇ ھەيئەتنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئۇرۇق ۋە ئۇلاقلارنى تەقسىم قىلىش، ھەر خىل دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرىنى ئىشلىتىشنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش-

تىن ھەممە ئورگانلارنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشكە مەسئۇل بولۇشتىن ئىبا-رەت ئىدى.

شۇ كۈنى گومىنداڭ ئۈرۈمچىدىن كېتىپ باشقا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى.

4-ئاينىڭ 7-كۈنى رەھىمجان سابىر ھاجى قاتارلىقلار قوشۇمچە ھۆججەت (2) ئۈستىدە جاڭ جىجۇڭ بىلەن داۋاملىق سۆھبەت ئۆتكۈزدى. قەشقەر ۋە غۇلجىدا بىردىن ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى، بىردىن پىيادە ئەس-كەرلەر تۈەنى تۇرغۇزۇش، ئاقسۇ، كۇچا، قاراشەھەر، ئۈرۈمچى، سۈي-دۇڭ، كۇرە، شىخو، سارسۇمبە، چۆچەكتە بىردىن ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈە-نى تۇرغۇزۇش، دۆربىلجىندە بىر پىيادە ئەسكەرلەر تۈەنى تۇرغۇزۇش، جەمئىي 21 مىڭچە ئادىمى بار 10 ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى، ئۈچ پىيادە ئەسكەرلەر تۈەنى تۇرغۇزۇش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. جاڭ جىجۇڭ مۇنداق دېدى: ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ۋەقە يۈز بەرمىگەن قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچا، قارا شەھەر، ئۈرۈمچى قاتارلىق ۋىلايەتلەردىكى ناھىيە (شەھەر) لەردە ئەسكەر تۇرغۇزسا بولمايدۇ؛ ئارمىيىنىڭ ئومۇمىي سانى بەك كۆپ بولۇپ كېتىپتۇ، پەقەت ئىككى ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى، ئۈچ ئامانلىق ساقلاش چوڭ ئەترىتىگە ئۆزگەرتىشكىلا بولىدۇ، ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ ئۈچ ئامانلىق ساقلاش چوڭ ئەترىتىنى ئۈچ ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنىگە يا-كى ئىككى ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى، بىر پىيادە ئەسكەرلەر تۈەنىگە ئۆز-گەرتىشكىلا بولىدۇ. ئۆزگەرتىپ تۈزۈلگەندىن كېيىنمۇ پەقەت ۋەقە يۈز بەر-گەن ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدىلا تۇرغۇزۇشقا بولىدۇ. رەھىمجان سابىرھاجى قاتارلىقلار مىللىي ئارمىيىنى 13 تۈەندىن 10 تۈەنگە قىسقارتىشقىلا بولىدۇ دەپ چىڭ تۇردى. سۆھبەت قاتمال ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

4-ئاينىڭ 8-كۈنى جاڭ جىجۇڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە رەسمىي ئىشقا چۈشكەندە، غەربىي شىمال بارگاھىنىڭ باش كاتىپى ليۇمېڭچۈننى

ۋاقىتىنچە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپلىقىغا قويۇش، نازارەت، باشقارمىلارنىڭ باشلىقلىرى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىشتىن ئىلگىرى يەنىلا خىزمەتلەرگە داۋاملىق مەسئۇل بولۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

4 - ئاينىڭ 10 كۈنى تاۋسىيۈ ① شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانى بولدى، ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ گارنىزونى باش قوماندانلىق شتابى قۇرۇلدى.

4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەيئىتى 260 - نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ، ئوسمان ئىسلام ۋە دەلىلقان سۈگۈر بايوپقا ئازادلىق ئوردېنى بېرىشنى بەلگىلىدى.

4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى جاڭ جىجۇڭ يېۋسىيىپ بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭدىن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە مۇرەسسە خىزمىتى ئىشلەشنى ئۆتۈندى. يېۋسىيىپ مۇنداق دېدى: مىللىي ئارمىيە بەش تۇەنگە قىسقارتىلسا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ قوبۇل قىلالمايدۇ. ئالتە تۇەن قىلىپ بېكىتىلسە بولامدۇ - يوق. جاڭ جىجۇڭ مۇنداق دېدى: ئەگەر ئالتە تۇەن تەشكىللەشكە يول

---

① تاۋسىيۈ (1892—1988): خۇنەن نىڭشاڭدىن، خەنزۇ. گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى بولۇپ، جاڭ جىجۇڭنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىنى قوللىغان. 1946 - يىل 6 - ئايدا شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانى بولغان. 1947 - يىل 6 - ئايدا غەربىي شىمال بارگاھىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەن. 1948 - يىل 8 - ئايدا غەربىي شىمال ھەربىي - مەمۇرىي باشلىق مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قوشۇمچە شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانى بولغان. 1949 - يىل 9 - ئايدا ئۈرۈمچىدە تېلېگرامما ئەۋەتىپ قوشۇن باشلاپ ھەقىقەتكە قايتقان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 22 - بىڭتۇەنىنىڭ باش قوماندانى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ قوماندانى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. 1955 - يىلى شاڭجياڭلىق ھەربىي ئۇنۋان بېرىلگەن. 1988 - يىلى چاڭشادا كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان.

قويساق بۇنىڭ ئۈچ تۈەنلا دۆلەت ئارمىيىسى بولالايدۇ ، قالغان ئۈچ تۈەـ
نى ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش ئەترىتى بولىدۇ ، شۇنىڭدەك بىر يىلدىن
كېيىن دۆلەت ئارمىيىسىنى ئىككى تۈەن ، ئۈچ ئامانلىق ساقلاش چوڭ ئەتـ
رىتىگە قىسقارتقاندا ئاندىن ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن سانغا ئۇيغۇن كېلىدۇ .

4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئوسمان ئىسلام دەللىقان سۇگۇر بايوپىنىڭ
ھەربىي ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش غەرىزىدە بولغانلىقتىن ، سوۋېت ئىتتىپاقىلىق
مەسلىھەتچى بىلەن زىتلىشىپ قېلىپ ، داۋالىنىمەن دەپ ئائىلىسىنى كۆكتو-
قاي ناھىيىسىنىڭ ئالال يايلىقىغا كۆچۈرۈپ كەتتى .

4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەيئىتى 267 ـ نو-
مۇرلۇق قارار ماقۇللاپ ، كۈنەس ناھىيىسىنىڭ بىر قىسىم تېرىلغۇ يېرىنى
يۇلتۇز ناھىيىسىدىكى موڭغۇل قېرىنداشلارنىڭ تېرىقچىلىق قىلىشى ئۈچۈن
بۆلۈپ بېرىش ، سودا ـ سانائەت تەرەققىيات شىركىتى يۇلتۇز ناھىيىسىدىـ
كى موڭغۇل خەلقىنى ئېھتىياجلىق تاۋارلار بىلەن تەمىنلەشكە مەسئۇل بو-
لۇشنى بەلگىلىدى .

4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى رەھىمجان سابىرھاجى قاتارلىق ئۈچەيلەن قىـ
سىملارنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش مەسىلىسى توغرىسىدىكى سۆھبەت ئەھـ
ۋالىنى دوكلات قىلىش ئۈچۈن غۇلجىغا قايتتى . مېڭىشتىن بۇرۇن جاڭ جىـ
جوڭ مۇنداق دېدى : ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىنىڭ ئۈچ
تۈەنى ، ئۈچ ئامانلىق ساقلاش تۈەنى قىلىپ ئۆزگەرتىش ئەڭ چوڭ ، ئەڭ
ئاخىرقى يول قويۇش ، تېزلىكتە ئۇرۇمچىگە قايتىپ كېلىپ ئىمزا قويۇ-
شۇڭلارنى ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشـ
كىللەش ئۈچۈن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكىنى ئوتتۇرىغا
قويۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن .

4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەيئىتى يىغىن ئۆتـ
كۈزدى ، يىغىندا رەھىمجان سابىر ھاجىنىڭ مىللىي ئارمىيىنى رەتكە سېلىپ
تەشكىللەش ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەركىبى مەسىلىسىگە دائىر سۆھبەت
ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە 271 ـ نومۇرلۇق
مۇنداق قارار ماقۇللاندى : ( 1 ) ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنى ئالتە
تۈەنگە قىسقارتىش ، ئومۇمىي ئادەم سانى 12 مىڭ 700 بولۇش . ( 2 )
ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە ئۆتەيدىغان كونكرېت ۋەزىپـ
لىرى ۋە ئادەملىرى ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى ، قوشۇمچە مۇئاۋىن
رەئىس ئەخمەتجان قاسىمى ؛ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى ، قوشۇمچە
خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى رەھىمجان سابىرھاجى ؛ ئۆلكىـ
لىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى دەلىلقان سۇگۇربايوپ ؛ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ
ئەزاسى ، قوشۇمچە ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى ئوسمان ئىسلام ؛ ئۆلكىـ
لىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى ، قوشۇمچە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى ئىسھاقـ
بېك مونونوپ ؛ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى ، قوشۇمچە ئىلى ۋىلايىتىـ
نىڭ ۋالىيسى ئېلىخان تۆرە ؛ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى ، قوشۇمچە
مۇئاۋىن باش كاتىپ ئابدۇكېرىم ئاباسوپ ؛ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاـ
سى ، قوشۇمچە مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى سەيپىدىن ئەزىزى بولۇش .
( 3 ) رەھىمجان سابىرھاجى ، ئەخمەتجان قاسىمى ، ئوبۇلخەيرى تۆرىگە
گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ھاسىل قىلىنغان يۇقىرىقى كېلىشىمگە ئىمزا قوـ
يۇش ھوقۇقى بېرىش .

4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى رەھىمجان سابىرھاجى قاتارلىق ئۈچەيـ
لەن 5 ـ قېتىم غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە كەلدى .

4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى رەھىمجان سابىرھاجى قاتارلىقلار جاڭ جىـ
جوڭ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە كىرىشتى ۋە مىللىي ئارمىيىنى ئون تۈەن
قىلىپ رەتكە سېلىپ تەشكىللەش ، قەشقەر ، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىمۇ

قوشۇن تۇرغۇزۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى، جاڭ جىجۇڭ بۇنى دەرھال رەت قىلدى، سۆھبەت يەنە قاتمال ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

4 - ئاي ئىسھاقبېك مونونوپ تاشقورغان ئىنقىلابىي ئارمىيىسىنى جەڭدىن بۇرۇن سەپەرۋەر قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئۈچ ۋىلايەت ھازىر گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ، بىز ئەگەر يەكەننى ئىشغال قىلساق بۇ سۆھبەت ئۈچۈن كۈچلۈك ياردەم بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەكەن قەشقەردىن خوتەنگە بېرىشتىكى بىردىنبىر ئۆتكەل، ئەگەر يەكەننى ئىشغال قىلىپ قەشقەرنىڭ خوتەن بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلىساق، پات ئارىدا خوتەننى ئىشغال قىلىپ، ئارقا سەپ تەمىنات قىيىنچىلىقىمىزنى ھەل قىلالايمىز، شىمالغا يۈرۈش قىلىپ قەشقەرنى تارتىۋېلىشتا قىيىنچىلىقىمىز ئازىيىدۇ.

شۇ ئاي سۇڭ شىليەن①غەربىي شىمال بارگاھىنىڭ سەنمۇجاڭلىقىغا تەيىنلەندى.

5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جاڭ جىجۇڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشقا يېڭىدىن تەيىنلەنگەن كونسۇلى ساۋېلىيېپ بىلەن كۆرۈشۈپ، مىللىي ئارمىيىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش مەسىلىسى ئۈستىدە ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن كېلىشتۈرۈپ قويۇشنى سورىدى. ساۋېلىيېپ مۇنداق دېدى: يەتتە تۈمەنگە قىسقارتىشقا بولىدۇ، لېكىن ئۈرۈمچى، قەشقەردە بىردىن تۈمەن تۇرىدۇ. ئەگەر، جۇڭگو ھۆكۈمىتى يەنە قوبۇل قىلمىسا ئەمدى كېلىشتۈرەلمەيمەن.

5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى رەھىمجان سابىر ھاجى قاتارلىقلار جاڭ جى-

① سۇڭ شىليەن (1907—1993): خۇنەن شاڭشاڭدىن، خەنزۇ، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىرىدىن بىرى، خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە غەربىي شىمال بارگاھىنىڭ سەنمۇجاڭى، شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانى بولغان. 1948 - يىلى شىنجاڭدىن يۆتكىلىپ كەتكەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1993 - يىلى ئامېرىكىدا كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان.

جۇڭ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: (1) مىللىي ئارمىيىنى ئۈچ پىيادە ئەسكەرلەر تۈەنى ۋە تۆت ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى قىلىپ تەشكىللەش، بىر تۈەننى قەشقەردە، بىر تۈەننى ئۈرۈمچىدە، بىر تۈەننى ئاقسۇدا تۇرغۇزۇش. (2) قوماندان تەسىس قىلىشتا ئىلى تەرەپ كۆرسىتىش ھەمدە ئۇنى مەزكۇر ئۆلكىدىكى ئالىي ھەربىي قوماندانلىق ئورگىنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قىلىپ تەيىنلەش. (3) دۆلەت ئارمىيىسىنى ئۈچ ۋىلايەتتە تۇرغۇزماسلىق. (4) سىياسىي ساقچىلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، جايلاردىكى ساقچىلار شۇ جايدىكى خەلقتىن بولۇش. (5) دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى سانىنى 1944 - يىلىدىن ئىلگىرىكى سانغا چۈشۈرۈش. جاڭ جىجۇڭ ساۋىلىيېنىڭ كۆپ قېتىم كېلىشتۈرۈشى، خىزمەت ئىشلىشى ئارقىسىدا، مەلۇم دەرىجىدە يول قويۇلغان مۇناسىپ لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويدى: (1) مىللىي ئارمىيىنى ئالتە تۈەن قىلىپ تەشكىللەپ، بۇ ئالتە تۈەننىڭ ئۈچىنى پىيادە ئەسكەرلەر تۈەنى، ئۈچىنى ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى قىلىش. (2) ئۇلارنى ئۈچ ۋىلايەتتىلا تۇرغۇزۇش. (3) مىللىي ئارمىيىنىڭ قوماندانىنى تەسىس قىلىش ھەمدە يۇقىرىدىكى 6 تۈەنگە قوماندانلىق قىلىش ۋە ئۇلارنى تىزگىنلەش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش گارنىزونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى دېگەن مەنسەپنى بېرىش.

5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەيئىتى تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ 1946 - يىللىق خام چوتىنى تەستىقلىدى.

شۇ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەيئىتى 277 - نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ، مۇسۇلمان بولمىغان خەلقلەرگە كېرەكلىك ھاراق ۋە پىۋىنى ھۆكۈمەت باشقۇرغان ئىككى ھاراق زاۋۇتى ئىشلەپچىقىرىش، ئۇنى ھۆكۈمەت ئۆزى باشقۇرۇپ، ئۆزى سېتىش؛ نەشە، ئەپيۇن ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىشنى قاتتىق مەنئىي قىلىش، بۇ قارارنى ئىجرا قىلىشقا ئىچكى ئىشلار نازارىتى ۋە مالىيە نازارىتى كونكرېت مەسئۇل بولۇشنى بەلگىلىدى.

5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ قاتارلىقلار غۇلجىدا خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى دېگەن مەخپىي تەشكىلاتنى قۇردى. ئابدۇكېرىم

ئابباسوپ رەئىسلىكىدىكى يەتتە كىشىلىك مەركىزىي كومىتېت سايلاپ چىقىلدى. بىخەتەرلىك ۋە خىزمەتتە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، مەركىزىي كومىتېتنىڭ ھەر بىر ئەزاسىغا مەخپىي ئىسىم قويۇلدى: لۈتپى (ئابدۇكېرىم ئابباسوپ)، ئىجات (ئەسئەت ئىسھاقوپ[1]، نۇر (سەيپىدىن ئەزىزى)، ئىلدان (سەيدۇللا سەيپۇللايوپ)، نىجات (مەتمىن ئىمىنوپ[2]، چولپان (ئەنۋەرخانبابا)[3]، ئىلغار (ئابدۇللا زاكىروپ)[4].

---

[1] ئەسئەت ئىسھاقوپ (1921—1976): شىنجاڭ دۆربىلجىن ناھىيىسىدىن، تاتار، ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە، «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان گېزىتى» نىڭ باش مۇھەررىرى، ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىپى، دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىيىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ۋاقىتلىق مۇۋەققەت رەئىسى بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1976 - يىلى ئۈرۈمچىدە كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان.

[2] مەتمىن ئىمىنوپ (1915—1970): شىنجاڭ ئاتۇشتىن، ئۇيغۇر. كىچىكىدە ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ئىلىغا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ تۇەنجاڭى، مۇئاۋىن سەنمۇجاڭى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 13 - شىسىنىڭ شىجاڭى، جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇدىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ نازىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1955 - يىلى ئۇنىڭغا شاۋجياڭلىق ھەربىي ئۇنۋان بېرىلگەن. 1970 - يىلى ئۈرۈمچىدە كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان.

[3] ئەنۋەرخانبابا (1918—): تاشكەنتتە تۇغۇلغان، ئۆزبېك. 1927 - يىلى ئاتا - ئانىسى بىلەن شىنجاڭغا كەلگەن. ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە، ئىلى ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان.

[4] ئابدۇللا زاكىروپ (1918—1981): شىنجاڭ غۇلجىدىن، ئۇيغۇر. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىپى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1981 - يىلى ئۈرۈمچىدە كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان.

5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى تارباغاتاي ۋىلايىتىدە خانىم ـ قىزلار جەمئىيە-
تى قۇرۇلدى ، گۈلەندەم ئاۋىستاي ھەبىبۇلىنا ① رەئىس ، كاماش بىلەن
بوتۇپىن مۇئاۋىن رەئىس بولدى. كېيىن ئۇنىڭ تەۋەسىدە ناھىيىلىك ، را-
يونلۇق تەشكىلاتلار ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلدى .

شۇ كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مەمۇرىي بۇيرۇق چىقىرىپ ، دېڭ
شياڭخەينى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىقى ، قوشۇمچە خەلق
ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى .

5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى رەھىمجان سابىرھاجى قاتارلىقلار جاڭ جى-
جۇڭ بىلەن يەنە سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ ، جاڭ جىجۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان مۇنا-
سىپ لايىھىگە ئاساسىي جەھەتتىن قوشۇلىدىغانلىقىنى ، بىر نەچچە كۈن ئى-
چىدە ئۇنى يازما ھۆججەت قىلىپ رەتلەپ چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئىمزا
قويىدىغانلىقىنى بىلدۈردى .

5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى تارباغاتاي ۋىلايىتىدە ئۇيغۇر ، قازاق ، ئۆز-
بېك ، تاتار قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلدى ، يۈ-
سۈپ ھاجى سېيىت ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ، ئە-
مىرباي قوجامجانوپ قازاق مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ،
ئىسكەندەر ھاجى ئۆزبېك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ، با-
ھاۋىدىن سەدىردىن تاتار مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بول-
دى .

---

① گۈلەندەم ئاۋىستاي ھەبىبۇلىنا (1889—1974) : سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەلىكىدىكى مۇ-
ھاجىر ، ئايال ، تاتار. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك خانىم ـ قىزلار
جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك سىياسىي كې-
ڭەشنىڭ ئەزاسى بولغان. 1955 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ كەتكەن. 1974 ـ يىلى ۋاپات
بولغان .

5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى  ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەيئىتى سۇ قۇرۇلۇشىنى ئاسراشقا رەھبەرلىك قىلىشقا مەسئۇل بولىدىغان ھەيئەت قۇرۇش، دېھقانلارنى ھەمدە غۇلجا ناھىيىسىدىكى ئاھالىلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئاقئۆستەڭ، چاپچال چوڭ ئۆستىڭى ۋە باشقا ناھىيىلەردىكى غول ئۆستەڭلەرنى رېمونت قىلىش خىزمىتىنى 5 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە پۈتتۈرۈپ بولۇپ، ئېتىز - ئېرىقلارغا ئىشلىتىدىغان سۇغا كاپالەتلىك قىلىشنى قارار قىلدى.

5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى  رەھىمجان سابىر ھاجى قاتارلىقلار جاڭ جېجۇڭ بىلەن قوشۇمچە ھۆججەت (2) نىڭ مەزمۇنى ئۈستىدە بىردەك پىكىرگە كېلىپ، لايىھىنى تۈزۈپ چىقتى.

5 - ئاينىڭ 24 - كۈنى  رەھىمجان سابىرھاجى قاتارلىق ئۈچ كىشى ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا قايتتى.

5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى  ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەيئىتى يىغىن ئۆتكۈزدى، يىغىندا ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ ئېلىپ بېرىلىش ئەھۋالىدىن قىلغان دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، ئۈچ ۋىلايەت سۆھبەت ۋەكىللىرىگە «تىنچلىق بىتىمى» نىڭ قوشۇمچە ھۆججىتى (2) نى ئىمزالاشقا ھوقۇق بېرىش توغرىسىدىكى 287 - نومۇرلۇق قارار ماقۇللاندى.

شۇ كۈنى  ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى مالىيە نازارىتى ئېلان چىقىرىپ، 300 يۈەنلىك ساختا قەغەز پۇل بايقالغانلىقتىن، 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن باشلاپ، بۇ قىممەتتىكى قەغەز پۇلنىڭ ئېقىشىنى بىردەك توختىتىش، ئۇنى بانكا ئالماشتۇرۇپ بېرىش، ئالماشتۇرۇش ۋاقتى: ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرىدە 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە بولۇش، ئالتاي ۋە تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدە مۇشۇ ئېلاننى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ، بىر ئاي ئىچىدە ئالماشتۇرۇپ بولۇشنى بەلگىلە-

دى .

5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەيئىتى 291 - نو-مۇرلۇق قارارنى ماقۇللاپ، 1944 - ۋە 1945 - يىللىق تۇرلۇك باجلارنى تۆلەشكە قۇدرىتى يەتمىگەنلەرنىڭكىنى كەچۈرۈم قىلىش؛ 1946 - يىللىق دېھقانچىلىق بېجىنى سابىق جۇڭگو ھۆكۈمىتى بەلگىلىگەن باج مىقدارىنىڭ 50% تى بويىچە تاپشۇرۇۋېلىش؛ 1946 - يىللىق چارۋىچىلىق بېجىنى ئۇششاق ماللار تۇياق سانىنىڭ 3% تى، چوڭ ماللار تۇياق سانىنىڭ 2% تى بويىچە تاپشۇرۇۋېلىش؛ 1946 - يىللىق سودا بېجىنى ئەسلىدىكى ئۆل-چەم ئاساسىدا 25% كېمەيتىپ ئېلىشنى قارار قىلدى.

5 - ئاينىڭ ئاخىرى تاشقورغاندا ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئىسىياقىيلىك مونونوپ يەكەننى ئىشغال قىلىش ھەربىي پىلانىنى تۈزدى: (1) تاشقور-غان ئىنقىلابىي ئارمىيىسى باش قوماندانلىق شتابىنىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ باش قوماندانلىقىدىكى «مۇزتاغ ئاتا» باش قوماندانلىق شتابىنى قۇ-رۇش. (2) تاشقورغان ئىنقىلابىي ئارمىيىسىنى مۇنتىزىملاشقان ئارمىيە قا-تارىدا تەرتىپكە سېلىش ھەمدە ئۈنى ئۈچ جەڭگىۋار لۇي قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، يەنى يەكەن جەڭگىۋار لۇيى كاچۇڭ قاتارلىق جايلاردا تۇ-رۇپ يەكەنگە ھۇجۇم قىلىش؛ خوتەن جەڭگىۋار لۇيى چارىق، مۇدالىق قا-تارلىق جايلاردا تۇرۇپ خوتەنگە يۈرۈش قىلىش؛ ئويتاغ جەڭگىۋار لۇيى ئىلىسودا تۇرۇپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىش. (3) ئىمىن سايىتبايىنى ئۇلۇغ-چات ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەپ، ئۇلۇغچات خىزمەت ئۆمىكى تەش-كىللەپ، ئۇلارنى قىسىم بىلەن بىللە ئۇلۇغچات ناھىيىسىگە كىرگۈزۈش.

5 - ئاي ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەيئىتى مالىيىدە ئېغىر قىيىنچىلىق يۈز بەرگەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن ئىلگىرى بەرمەي قەرز قىلىپ كەلگەن ئىلى، چۆچەك، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ مالىيە خىراجى-تىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە ۋەكىل ئەۋەتىشنى قارار قىلدى.

شۇ ئاي 42 - جۈننىڭ جۈنجاڭى ياڭ دېلياڭ شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانلىقىغا ، قوشۇمچە جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلەندى ھەمدە بۇيرۇققا بىنائەن ئاقسۇ شەھىرىدىن قەشقەر ① شەھىرىدە تۇرۇشقا باردى .

6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى   ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەيئىتى 307 - نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ ، غېنى ، فاتىخ مۇسلىموپقا «خەلق قەھرىمانى» دېگەن نام بېرىشنى بەلگىلىدى .

6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى   رەھىمجان سابىر ھاجى قاتارلىق ئۈچ كىشى 6 - قېتىم غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە كەلدى .

6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى   جاڭ جىجۇڭ لىيۇزېرۇڭغا تۈزۈپ چىقىلغان ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەندىن كېيىنكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكىنى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلارغا ئاپىرىپ بېرىشنى بۇيرۇدى . ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار بۇ ھەقتە لىيۇزېرۇڭغا مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك پىكىر بەردى : ( 1 ) جاڭ جىجۇڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 25 نەپەر ئەزاسىنىڭ بىرى بولۇشى كېرەك . ( 2 ) مۇھەممەت ئىمىننىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇشىغا قارشى تۇرىمىز . ( 3 ) ئەخمەتجان قاسىمى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇشى كېرەك . جاڭ جىجۇڭ ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ، ئۆزىنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى بولسا بولىدىغانلىقىنى ، مۇھەممەت ئىمىننىڭ ئور-

---

① قەشقەر : ئەينى چاغدىكى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى بىلەن يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى بولۇپ ، ئىككى شەھەرنىڭ ئارىلىقى توققۇز كىلومېتىر كېلىدۇ . يېڭىشەھەر قەشقەر يېڭىشەھەر ياكى خەنچېڭ دەپمۇ ئاتىلىدۇ ، ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزونى تۇرۇشلۇق جاي ؛ كونىشەھەر قەشقەر كونىشەھەر ياكى خۇيچېڭ دەپمۇ ئاتىلىدۇ ، ئۇ قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسى تۇرۇشلۇق جاي .

نىغا بۇرھان شەھىدىنى قويۇشقا ، ئەخمەتجان قاسىمنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قىلىپ تەيىنلەشكە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شۇ كۈنى جاڭ جىجۇڭ 380 نەپەر سىياسىي مەھبۇسنىڭ يەنىلا تۈرمىدە يېتىۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ «تىنچلىق بىتىم»نى يولغا قويۇشتىكى سەمىمىيىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، ھەر قايسى ۋىلايەتلەرنىڭ ۋالىيلىرىغا، ھەر قايسى ناھىيەلەرنىڭ ھاكىملىرىغا، ھەر قايسى ساقچى ئىدارىلىرىنىڭ باشلىقلىرىغا «ئومۇمەن ئۆلكىمىزدە بۇرۇن سىياسىي سەۋەب تۈپەيلىدىن قامالغان بارلىق مەھبۇسلار ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىلغان ياكى ھۆكۈم چىقىرىلمىغان بولسۇن، ھەر قايسى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئورگانلار ئۇلارنى بىردەك ئېنىق تەكشۈرۈپ يۇقىرىغا يوللاپ، ئۇلارنى تېزرەك قويۇۋېتىپ بېرىشكە ئىمكانىيەت يارىتىشى لازىم» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى.

6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى رەھىمجان سابىرھاجى قاتارلىق ئۈچ كىشى بىلەن جاڭ جىجۇڭ «تىنچلىق بىتىم»نىڭ قوشۇمچە ھۆججىتى (2) گە رەسمىي ئىمزا قويدى.

قوشۇمچە ھۆججەت (2) جەمئىي ئالتە ماددا:

1 . ۋەقەگە قاتناشقان مىللىي قىسىملار دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ تۈزۈلۈشى بويىچە، ئۈچ ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈمەنى، ئۈچ پىيادە ئەسكەرلەر تۈمەنى قىلىپ تەشكىللىنىدۇ، ئومۇمىي ئادەم سانى 11 مىڭدىن 12 مىڭغىچە بولىدۇ. بۇ ئالتە تۈمەننىڭ ئىككى ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈمەنى بىلەن بىر پىيادە ئەسكەرلەر تۈمەنى دۆلەت ئارمىيىسى بولىدۇ، ئىككى پىيادە ئەسكەرلەر تۈمەنى بىلەن بىر ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈمەنى ئۆلكىلىك ئامانلىقنى ساقلاش قىسمى بولىدۇ.

2 . ھۆكۈمەت ئىلى تەرەپنىڭ شۇ يەردىكى مۇسۇلمانلاردىن بىر ئادەمنى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەتتىكى قىسىملارنىڭ قوماندانى قىلىپ كۆرسىتىشىگە رۇخسەت قىلىدۇ، ئۇ يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئالتە تۈمەنگە قوماندانلىق قىلىدۇ. بۇ قوماندان غەربىي شىمال بارگاھى تەك شۈرۈپ بېكىتكەن شتات بويىچە قوماندانلىق شتابىنى تەشكىللەيدۇ، بۇ قوماندان شىنجاڭ ئۆلكىلىك گارنىزوننىڭ باش قوماندانى ۋە ئۆلكىلىك ئامانلىقنى ساقلاش گارنىزونى قوماندانىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنىدۇ. ھەمدە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قوشۇمچە ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش گارنىزونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانلىقىغا تەيىنلىنىدۇ.

3 . يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئالتە تۈمەن قىسمى ، تارباغاتاي ، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىلا تۇرىدۇ ، ھۆ-
كۈمەت مۇشۇ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش ئىشىنى شۇ قوماندانىنىڭ قارمىقىدىكى ئالتە
تۈمەنگىلا تاپشۇرىدۇ . دۆلەت چېگرىسىنى ساقلاشتا مەركەز تەيىنلىگەن چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى
مەسئۇل بولىدۇ . بۇنىڭ چارىسى ۋە يۈز بېرىشتىن ئىلگىرىكى چارە بويىچە بولىدۇ .

4 . بۇ قوماندان تەيىنلەنگەندىن كېيىن ، ھۆكۈمەت ئۇنى ئاقسۇ ، قەشقەر ۋىلايەتلىرىنىڭ
ئامانلىقىنى ساقلاش قوشۇنىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىشقا ئەۋەتىدۇ ، ئۇنى تولۇقلاش چارىسى
مۇنداق : ئۇ شۇ جايدىكى مۇسۇلمان خەلقلەردىن تولۇقلىنىدۇ .

5 . بۇ ئالتە تۈمەنگە بولىدىغان مۇئامىلە ، ئۇنىڭ تەمىناتى ۋە كەلگۈسىدىكى قورال - جابد-
ۇقلىرىغا كەلسەك ، ئۇنىڭ دۆلەت ئارمىيىسى بولغان ئۈچ تۈمەننى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق دۆلەت
ئارمىيىسىنىڭ قائىدە - نىزامى ۋە ئۆلچەملىرى بويىچە مەركەز تەمىنلەيدۇ ؛ ئامانلىقنى ساقلايدى-
غان ئۈچ تۈمەننى ئۆلكىلىك ئامانلىقنى ساقلاش قىسىملىرىنىڭ قائىدە - نىزامى ۋە ئۆلچەملىرى بو-
يىچە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئامانلىقنى ساقلاش قوماندانلىق شتابىنىڭ تەمىنلىشىگە تاپشۇرىدۇ .

6 . ۋەتەنگە قاتناشقان مىللىي قىسىملارنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش ئىشىنى شۇ قوماندان ھۆ-
كۈمەت ئالدىدا جاۋابكار بولغان ھالدا ئىشلەيدۇ ، بۇ قىسىملار ئالتە تۈمەن قىلىپ تۈزۈلگەندىن
كېيىن ، ئۇلارنىڭ تۇرار جايى شىنجاڭ ئۆلكىلىك گارنىزونى باش قوماندانلىق شتابى ۋە ئۆلكى-
لىك ئامانلىقنى ساقلاش قوماندانلىق شتابىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىگە مەلۇم قىلىنىدۇ . مۇشۇ
ئالتە تۈمەننىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن قورال - جابدۇقلىرىنىڭ نىق سانى شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش
قوماندانى ۋە ئۆلكىلىك ئامانلىقنى ساقلاش گارنىزونىنىڭ قوماندانىغا مەلۇم قىلىنىپ ئەنگە ئال-
دۇرۇلىدۇ .

شۇ كۈنى رەھىمجان سابىر ھاجى قاتارلىق ئۈچ كىشى جاڭ جىجۇڭ
بىلەن: ( 1 ) ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مۇھاپىزەت باشقارمىسىنى ئۆزلۈكىدىن
ئەمەلدىن قالدۇرۇش ( يەنى ئۈچ ۋىلايەت تەرىپىدىن سىياسىي ساقچىلار
مەسىلىسى دەپ ئاتالغان ) ؛ ( 2 ) پۈتۈن ئۆلكىدىكى ساقچىلارنى يەرلىك
خەلقتىن تولۇقلاپ قويۇش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈز-
دى ھەمدە سۆھبەت خاتىرىسى شەكىللەندۈرۈلۈپ ئەنگە ئېلىندى . شۇنىڭ
بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمە-
تى ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان تىنچلىق سۆھبىتى پۈتۈنلەي ئاياغلاشتى .

6 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنىگىچە «تىنچلىق بىتىم»
دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئەسىرلەرنى ئۆت-

كۆزۈپ بېرىش ھەيئىتىنى ئەۋەتىپ، ئەسىرگە چۈشكەن 4000 نەپەر گومىنداڭ ئەسكىرىنى ماناس دەرياسى بويىدا بەش تۈركۈمگە بۆلۈپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەسىرلەرنى ئۆتكۈزۈۋېلىش گۇرۇپپىسىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى    غۇلجىدا 10 مىڭدىن ئارتۇق ئاما «تىنچلىق بىتىم» ئىمزالانغانلىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئۆتكۈزدى.

6 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە    ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى مەركىزىي كومىتېتى غۇلجىدا ۋەكىللەر يىغىنى ئۆتكۈزدى، 11 كىشىدىن تەركىب تاپقان يېڭى بىر نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى. سەيدۇللا سەيپۇللايوپ رەئىس، ئابدۇللا زاكىروپ مۇئاۋىن رەئىس بولدى.

6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى    مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانلىق شىتابى، تىنچلىق سۆھبىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقتىن، ئىسھاقبېك مونونوپقا تاشقورغاندىكى ھەربىي پائالىيەتنى توختىتىپ دەرھال ئىلىغا قايتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئىسھاقبېك تاغارمىدا تاشقورغان ئىنقىلابىي ئارمىيىسىنىڭ تۆەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلىرىنى چاقىرىپ يىغىن ئاچتى، «تىنچلىق بىتىم» گە ئاساسەن، تاشقورغان ئىنقىلابىي ئارمىيىسى تاشقورغاندا بىر تۆەننى ساقلاپ قالدىغانلىقىنى، تۆەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلارنى تەلىم - تەربىيە ئېلىشقا قالدۇرۇپ، ئۇلارنى كېيىن قۇرۇلۇپ جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇرىدىغان مىللىي ئارمىيىنىڭ تايانچىسى قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. تاشقورغان ئىنقىلابىي ئارمىيىسى ئىشلىتىپ كەلگەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوراللىرى قونجىراپ، بۇلۇڭكۆل، ئويتاغ قاتارلىق ئۈچ جايدا يىغىۋېلىنىپ يۇقىرىغا تاپشۇرۇلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئىسھاقبېك بىر قىسىم خادىملارنى باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق ئىلىغا قايتتى.

6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى    ئەخمەتجان قاسىمى تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ ئەھ-
ۋالى توغرىسىدا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئەزالىرى ۋە ھەر قايسى نازارەت-
نىڭ مەسئۇللىرى قاتناشقان يىغىندا ئۇزۇن سۆز قىلىپ مۇنداق دەپ كۆر-
سەتتى: ئۈچ ۋىلايەت تۆۋەندىكى بىرقانچە تۈرلۈك خىزمەتنى تېزدىن ئو-
رۇندىشى لازىم، يەنى: (1) ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە
ئەسلىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئورگانلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، بۇنىڭدىن
كېيىن ھەر قايسى ئورگاننىڭ تەمناتىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەل قىلىش،
مالىيە نازارىتى يىللىق نەقچوتنى تېز ئىشلەش. (2) «تىنچلىق بىتىم»دى-
كى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ ئادەم
سانىنى 12 مىڭغا قىسقارتىش. (3) 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 20 - كۈنى-
گىچە مەھبۇسلارنى ۋە ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى قويۇپ بېرىش. (4) ماناس
دەرياسىنىڭ غەربىدىكى تاشيولنى تېزدىن ياساپ، ئۇرۇمچىگە بارىدىغان
قاتناشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش. (5) سەھىيە نازارىتى ۋە ھەربىي دوخ-
تۇرخانىلار دورىلارنى دورىخانىلارغا تېزدىن ئۆتكۈزۈپ بېرىش. (6) ما-
لىيە نازارىتى مۇھاجىرلار①نى يۇرتىغا قايتۇرۇش خىزمىتىنى ئوبدان ئىش-
لەشكە مەسئۇل بولۇش. (7) ئورگانلارنىڭ تەشكىلات ئىشلىرىغا مۇناسى-
ۋەتلىك قوللانمىلىرىنى بىز ئىشقا كىرىشتىن بۇرۇن ئوبدان تەييارلاپ
تاپشۇرۇش.

شۇ كۈنى    ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئورگان گېزىتى «ئازاد شەرقىي
تۈركىستان گېزىتى»دە «قىسمىلاردىكى دىنىي خادىملارنىڭ ۋەزىپىسى»دې-
گەن تېمىدا ماقالە ئېلان قىلىندى. ماقالىدا قىسمىلاردىكى دىنىي خا-

---

① مۇھاجىرلار: «18 - سىنتەبىر ۋەقەسى» يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئىلى، تارباغاتاي،
ئالتاي ۋىلايەتلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان شەرقىي شىمالدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پىدائىي
قىسىملار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، شۇنىڭدەك سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن ۋەتەنگە قايتۇ-
رۇلغان جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

دىمىلارنىڭ ۋەزىپىسى جەڭچىلەرگە دىنىي ئېتىقاد ، ئەخلاق ، غايە ، ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكا بىلىملىرى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت ، دەپ كۆرسىتىلدى .

6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى    تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسى 68 - سانلىق يىغىن ئۆتكۈزۈپ ، دۈبەك چالغىنبايوپ ، ئابدۇقادىر زۇنۇن قاتارلىق 8 كىشىنى گۇرۇپپا قىلىپ تەشكىللەپ ، ئۇنى تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى ۋە سەھنە ئەسەرلىرىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىشنى قارار قىلدى .

6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى    گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مەمۇرىي بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشنى ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىرى ۋە قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيدىغانلارنىڭ ئىسىملىكىنى ئېلان قىلدى ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە :

| | |
|---|---|
| ئەزا ، قوشۇمچە رەئىس | جاڭ جىجۇڭ |
| ئەزا ، قوشۇمچە مۇئاۋىن رەئىس | ئەخمەتجان قاسىمى |
| ئەزا ، قوشۇمچە مۇئاۋىن رەئىس | بۇرھان شەھىدى |
| ئەزا ، قوشۇمچە خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى | ۋاڭ زېڭشەن |
| ئەزا ، قوشۇمچە خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى | رەھىمجان سابىرھاجى |
| ئەزا ، قوشۇمچە مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى | لۇيوۋېن |
| ئەزا ، قوشۇمچە مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى | مايەنشياڭ |
| ئەزا ، قوشۇمچە مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى | سەيپىدىن ئەزىزى |
| ئەزا ، قوشۇمچە مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى | سەي زۇڭشيەن |

| | |
|---|---|
| ئەزا ، قوشۇمچە قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى | مۇھەممەت ئىمىن |
| ئەزا ، قوشۇمچە قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى | گۇچيەنجى |
| ئەزا ، قوشۇمچە باش كاتىپ | ليۇ مىڭچۇن |
| ئەزا ، قوشۇمچە مۇئاۋىن باش كاتىپ | ئابدۇكېرىم ئاباسوپ |
| ئەزا ، قوشۇمچە مۇئاۋىن باش كاتىپ | سەلىس [1] |
| ئەزا ، قوشۇمچە ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى | جاۋ جيەنفېڭ |
| ئەزا ، قوشۇمچە ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | ئېردەنى |
| ئەزا ، قوشۇمچە سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى | دەلىلقان سۇگۇربايوپ |

ئەزالار: چۇۋۇ (قوشۇمچە ئۇرۇمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى) ، گۇەنزېلياڭ ، ئىسھاقبېك مونونوپ (قوشۇمچە ئۈلكىلىك ئامانلىقنى ساقلاش گارنىزونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى) ، ئېلىخان تۆرە (قوشۇمچە ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى) ، ئوسمان ئىسلام (قوشۇمچە ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى) ، ئەيسا ، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ، جۇڭ دىخۇا .

شۇ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى «تىنچلىق بىتىم» روھىغا ئاسا-

[1] سەلىس : شىنجاڭ دۆربىلجىن ناھىيىسىدىن ، قازاق . ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى ، قوشۇمچە مۇئاۋىن باش كاتىپى بولغان . شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندا ، چەت ئەلگە قېچىپ كېتىۋېتىپ يولدا ئۆلگەن .

سەن ، ئۈچ ۋىلايەت تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنغان سابىق گومىنداڭنىڭ يېڭى 45 - شىسىنىڭ شىجاڭى گوچى ، ئاتلىق ئەسكەرلەر 2 - شىسىنىڭ شىجاڭى ۋەن لىڭيۈن ، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى گاۋبويۈ قاتارلىق 10 نەچچە نەپەر گومىنداڭنىڭ ناھىيە - تۈەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىنى ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە يەتكۈزۈپ قويىدى.

6 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ دۆلەت ناخشا - ئۇسسۇل - تىياتىر ئۆمىكى سۈيدۈڭ، قورغاس ناھىيىلىرىگە بېرىپ، «غېرىب - سەنەم»، «ئارشىن مال ئالان» ۋە «گۈلنىسا» قاتارلىق ئاتاقلىق تىياتىرلارنى قويىدى، ئىنقىلابىي ئەھمىيەتكە ئىگە 25 ناخشا - ئۇسسۇل نومۇرىنى كۆرسەتتى.

6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى «تىنچلىق بىتىم» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ۋە جاڭ جىجۇڭنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت تۈرمىگە قامالغان سىياسىي مەھبۇسلار، ھەربىي مەھبۇسلارنى قويۇپ بېرىشكە باشلىدى. 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنىگىچە، ئۈرۈمچىدىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جەمئىي 490 نەچچە نەپەر، باشقا جايلاردىن 130 نەچچە نەپەرى قويۇپ بېرىلدى.

6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئېلىخان تۆرە ۋە ئەخمەت ھاجى، رەھمەجان، ھۆسەن قارى قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم پانتۈركىستلار، پانئىسلامىزمچىلار غۇلجىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكۈزۈۋېتىلدى. ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ قاتارلىق ئىلغارلار رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئىگىلىدى، ئۇلار سىياسەتلەرنى تەدرىجىي تەڭشەپ، ئىلگىرىكى خاتالىقلارنى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن تۈزىتىشكە باشلىدى.

شۇ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدىكى «1 -

ئۆي»، «2 - ئۆي»دېگەن شەرتلىك بەلگىلىك مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر قايسى نازارەت، ئىدارىلىرىدىكى مەسلىھەتچىلىرى، شۇنىڭدەك ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى ئىۋان ياكوۋلېۋىچ پالىنوپ قاتارلىقلار بۇيرۇققا بىنائەن دۆلىتىگە قايتتى.

**شۇ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى** سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تارباغاتاي ۋىلايىتىدە خىزمەت قىلىۋاتقان مەسلىھەتچىسى مەنسۇر روزىيوپ قاتارلىقلار بۇيرۇققا بىنائەن دۆلىتىگە قايتتى.

**6 - ئاينىڭ 21 - كۈنى** جاڭ جىجۇڭ «ئىنچىلىق بىتىم»نىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا يول ئېچىش ئۈچۈن، سابىق دۈبەن مەھكىمىسى خەلقتىن مۇسادىرە قىلىۋالغان مال - مۈلۈكلەرنى ئېنىقلاش ھەيئىتى تەشكىللەش، ئېنىقلاش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرلىقىغا مەھەممەت ئىمىنىنى، مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا جاۋ جيەنجىڭ بىلەن جانىمقاننى قويۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئېنىقلاش مۇددىتى يېرىم يىل بولىدىغانلىقى، ئالدى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئارخىپ ماتېرىياللىرىنى ئېنىقلاپ، مال - مۈلۈك ھوقۇقى مۇقىملاشتۇرۇلىدىغانلىقى، مال - مۈلۈك ئارقا - ئارقىدىن قايتۇرۇلىدىغانلىقى بەلگىلەندى. جاڭ جىجۇڭ بۇ مەسىلىگە سىياسىي ئەھمىيىتىنىڭ مۇھىملىقى جەھەتتىن قاراش كېرەكلىكىنى، تېخنىكا جەھەتتىكى قىيىنچىلىقنى دەپ مەسىلىنى ھەل قىلماي تاشلاپ قويۇشقا بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. شۇنىڭ بىلەن «سابىق دۈبەن مەھكىمىسى خەلقتىن مۇسادىرە قىلىۋالغان تۇراقلىق مۈلۈكلەرنى قايتۇرۇپ بېرىش چارىسى»، «تۇراقلىق مۈلۈك دەۋاسىنى بىر تەرەپ قىلىش چارىسى» ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىندى.

**شۇ كۈنى** جاڭ جىجۇڭ ئۆلكىلىك ساقچى باشقارمىسىنى 30 - كۈنىدىن بۇرۇن ئەمەلدىن قالدۇرۇش، مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ بۆلۈم تەسىس قىلىپ بېجىرىشى توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى، ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى ساقچى ئىدارىلىرى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى-

دىن ئېتىبارەن ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايدىكى ۋالىي مەھكىمىسى ۋە ناھىيەلىك ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنىدىغان بولدى .

6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى   ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ۋە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت «تىنچلىق بىتىم»نىڭ روھىغا ئاساسەن ، ئەخمەتجان قاسىمى ، رەھىمجان سابىر ھاجى ۋە ۋاڭ زىڭشەنلەرنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ماناس دەرياسى بويىدىكى ئىككى تەرەپ قوشۇنلىرىنىڭ چېكىنىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشقا ئەۋەتتى ، يەنى مىللىي ئارمىيە ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان شىخەنزىگە چېكىنىش ، گومىنداڭنىڭ يېڭى 46 - شىسى 1 - تۇەنىنىڭ 1 - يىڭى ماناس ناھىيە بازىرى سىرتىدىكى تەكشۈرۈش پونكىتىغا چېكىنىش ھەمدە ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى زۇنۇن تېيىپوپ ، گومىنداڭنىڭ شۇ جايدا تۇرۇشلۇق تۇەنجاڭى يې جىڭفاڭ باشچىلىقىدىكى بىرلەشمە ھەربىي ئىشلار نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسىنى تەشكىللەپ ، ئۇلارنى ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈش خىزمىتىگە نازارەتچىلىك قىلىشقا مەسئۇل قىلىشنى بەلگىلىدى .

6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى   ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسى ناھىيەلىك ھۆكۈمەتلەر دىنىي مەسىلىلەرگە چېتىلىدىغان ئىشلارنى بېجىرگەندە ، ناھىيەلىك دىنىي ئىشلار بۆلۈملىرى بەلگىلەپ بەرگەن ئاخۇنلارنى تەكلىپ قىلىشنى بەلگىلىدى .

6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى   گومىنداڭ ھۆكۈمىتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن تۈزگەن «ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى» ۋە سىياسىي كېڭەش كېلىشىمىنى ئۆكتەملىك بىلەن يىرتىپ تاشلاپ ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئازاد رايونلارغا كەڭ كۆلەمدە قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ ، مەملىكەت بويىچە ئىچكى ئۇرۇش قوزغىدى .

6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى   ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئۈچ ۋىلايەت دېھقان-

چىلىق، چارۋىچىلىق بانكىسى قۇرۇشنى قارار قىلدى.

شۇ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەيئىتى 324 - نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ، مۇنۇلارنى بەلگىلىدى:

(1) «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ھۆكۈمىتى ھەيئىتىنى «شەرقىي تۈركىستان» ئىلى ۋىلايەتلىك كېڭىشى قىلىپ تەشكىللەش، كېڭەش ئەزاسىنى 32 ئادەم قىلىپ بېكىتىش، ھاكىمبەگ خوجىنى كېڭەشنىڭ باشلىقلىقىغا، ئوبۇلخەيرى تۆرىنى كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەش.

(2) ئەسلىدىكى نازارەت، ئىدارە ئورگانلىرىنى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ئىدارە دەرىجىلىك ئورگانلىرىغا ئۆزگەرتىش.

(3) سايلام ئۆتكۈزگىچە ھاكىمبەگ خوجا ۋالىي بولۇش، ئوبۇلخەيرى تۆرە بىرىنچى مۇئاۋىن ۋالىي، ئەنۋەر مۇسابايوپ ئىككىنچى مۇئاۋىن ۋالىي بولۇش.

(4) تارباغاتاي، ئالتاي ۋالىي مەھكىمىلىرىنى يېڭىدىن تەشكىللەنگەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن باشلاپ ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق تەڭشەش.

(5) ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ئىدارە، بانكا، سوت مەھكىمىسى، ھەربىي ئىشلار سوت مەھكىمىسى قاتارلىق ئورۇنلىرىنىڭ 28 نەپەر مەسئۇلىنى يېڭىدىن تەيىنلەش.

(6) ئىسھاقبېك مونونوپنى مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانلىقىغا، دەلىلقان سۇگۇربايوپنى بىرىنچى مۇئاۋىن باش قوماندانلىقىغا، زۇنۇن تېيىپوپنى ئىككىنچى مۇئاۋىن باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەش.

(7) ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئورگان گېزىتى «ئازاد شەرقىي تۈركىستان»نى ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئورگان گېزىتىگە ئۆزگەرتىش.

6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئورگان گېزىتى ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئورگان گېزىتىگە ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرچە نەشرى «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىگە، قازاقچە نەشرى «ئىنقىلابچىل تاڭ نۇرى» گېزىتىگە، خەنزۇچە نەشرى «دېموكراتىيە» گېزىتىگە، موڭغۇلچە نەشرى «خەلق گېزىتى»گە، رۇسچە نەشرى «خەلق يېتەك-

چىسى » گېزىتىگە ئۆزگەرتىلدى .

6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىكى ئەزاسى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى .

6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى چۇڭچىڭدا نەشر قىلىنغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى جەنۇبىي جۇڭگو بيۇروسىنىڭ ئورگان گېزىتى « شىنخۇا گېزىتى »دە ، ئۈچ ۋىلايەت سۆھبەت ۋەكىللىرى بىلەن جاڭ جىجۇڭ ئىمزالىغان « مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى بىلەن شىنجاڭدىكى قوزغىلاڭچىلار رايوندىكى خەلق ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن قورallıq توقۇنۇشنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدىكى بىتىم » تولۇق تېكىستى بىلەن ئېلان قىلىندى .

شۇ كۈنى ئەخمەتجان قاسىمنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن ، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئەزالىرى يىغىنى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى .

شۇ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىن ئۇيغۇر ، قازاق ، رۇس ، تاتار ، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەردىن بولغان يازغۇچىلار ، مۇخبىرلار سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ ، يازغۇچىلار ، مۇخبىرلار تەشكىلاتلىرىغا تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىنى قۇرۇش ، ئەلقەم ئەختەمنى مۇدىرلىققا تەيىنلەشنى بەلگىلىدى .

6 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى① دىكى

① شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى : جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ تەسىرى ۋە تەربىيىسىنى ئالغان ياشلار 1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئۈرۈمچىدە مەخپىي قۇرغان ئىلغار يەر ئاستى تەشكىلات .

لى تەيبۇ① ، چېن شىخۇا② ئۈرۈمچىگە كەلگەن خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ رەئىسى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ بىلەن مۇناسىۋەت باغلىدى.

6 - **ئاينىڭ ئاخىرى** ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەخمەتجان قاسىمى تارباغاتاي ۋىلايىتىگە 6 - نومۇرلۇق بۇيرۇق چۈشۈردى. مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە: ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، شەرقىي شىمالدىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق تارباغاتاي ۋىلايىتىگە كېلىپ ئورۇنلاشقان خەنزۇ ئاممىسى ئىچىدە ئۆز يۇرتىغا قايتىشنى خالايدىغانلىرى بولسا، ئۇلارنى تېزدىن ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ قويۇش لازىم. شۇڭا، سىلەر گېزىتكە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ئۇلارنى تېزدىن ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ قويۇڭلار. ئۇلارنىڭ يول ئۈستىدىكى بىخەتەرلىكىگە ۋە بارلىق راسخوتىغا ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەر مەسئۇل بولىدۇ.

---

① لى تەيبۇ ( 1919 - ) : سەندۇڭ ئۆلكىسى مۇپىڭ ناھىيىسىدىن، خەنزۇ. ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان. شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ مۇھىم ئەزاسى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە، دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، «دېموكراتىيە گېزىتى»نىڭ باش مۇھەررىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ باشلىقى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىنىي تەتقىقاتى ئورنىنىڭ باشلىقى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان.

② چېن شىخۇا ( 1920 - ) : شىنجاڭ ئۈرۈمچى شەھىرىدىن، خەنزۇ، شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ مۇھىم ئەزاسى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، «دېموكراتىيە گېزىتى»نىڭ باش مۇھەررىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىلى رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ باش كاتىپى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان.

ئۆتكۈزۈپ بېرىش ، ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ۋە مۇۋاپىق ھالـ
دا ياخشى ئىشلىشى لازىم .

7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى   ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسى كۆكتوقاي ناھىيىسىـ
نىڭ قۇۋۇ ئۆي دېگەن يېرىدە يىغىن ئاچتى . ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسى رەھـ
بەرلىك قاتلىمىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ھەمدە ئىنقىلاب جەريانىدا ئوتتۇرىغا چىقـ
قان ھەر خىل ماجىرالارنى ھەل قىلىش يىغىنىنىڭ ئەسلى بېكىتكەن قارالمىـ
سى بولۇپ ، يىغىندا ئالدى بىلەن 1945 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن يەـ
نى سارسۇمبە ئازاد بولۇشتىن ئىلگىرى يۈز بەرگەن ئىشلارنى بىردەك سۈـ
رۈشتۈرمەسلىك ، ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقىنى ئالماي تۇرۇپ ئۆز بېشىمچىلىق بىـ
لەن چېگرىدىن ئۆتۈپ سودا بىلەن شۇغۇللانغانلارنىڭ بارلىق مال ـ مۈلـ
كىنى مۇسادىر قىلىش ھەمدە ئۇلارنى قاتتىق جازالاش قاتارلىق سەككىز
قارار ماقۇللاندى . لېكىن ، ئوسمان ئىسلام سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۆكتوقايـ
دا كان ئېچىۋاتقان خادىملىرىنى قورال كۈچى ئىشلىتىپ قوغلاپ چىقىرىشـ
نى ئوتتۇرىغا قويدى ، دەلىلقان سۈگۈرباييوپ سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە موڭغۇـ
لىيىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى ياخشى ، ئۇلار
كۆپ ياردەم بەردى ، ئۇلارغا قارىتا قورال كۈچى ئىشلىتىش توغرا ئەـ
مەس ، دەپ قارىدى . مۇشۇ سەۋەبتىن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى زىدـ
دىيەت تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ ، يىغىن كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلمىدى .

شۇ كۈنى   ئۈچ ۋىلايەت پۇل مۇئامىلە ۋەكىلى ھۈسسىيىن تارانوپ ئۈـ
رۈمچىدە ئۆلكىلىك سودا بانكىسىنىڭ باش جىڭلىسى لوجىمىي ، ئۆلكىلىك
مالىيە نازارىتىنىڭ ۋەكىلى ياڭ جۇڭشياڭ بىلەن تۇنجى قېتىم سۆھبەت ئۆتـ
كۈزۈپ ، ئۈچ ۋىلايەت بىلەن يەتتە ۋىلايەت①نىڭ پۇل مۇئامىلىسىنى بىرـ

① يەتتە ۋىلايەت : گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئۈرۈمچى ، ئاقسۇ ، قەشقەر ، خوـ
تەن ، قاراشەھەر ، قۇمۇل ، يەكەن قاتارلىق يەتتە ۋىلايەتنى كۆرسىتىدۇ .

لىككە كەلتۈرۈشنىڭ دەسلەپكى لايىھىسىنى بېكىتتى. ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى: (1) ئۈچ ۋىلايەت پۇلىنىڭ بىر يۈەنى ئۆلكە پۇلىنىڭ بىر يۈەنىگە ئالماشتۇرۇلىدۇ، سابىق ئۈچ ۋىلايەت دۆلەت بانكىسىنىڭ تامغىسى بېسىلغان ئۆلكە پۇلى ئۈچ ۋىلايەت پۇلى قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. (2) بۇ يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، ئۈچ ۋىلايەتتىكى بانكىلار بىردەك ئۆلكىلىك سودا بانكىسىنىڭ شۆبە ئاپپاراتىغا ئۆزگەرتىلىدۇ ھەمدە يېڭىدىن ئايرىم ھېسابات تۇرغۇزۇلىدۇ. (3) ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ياردەمچىدىن بىر ئادەم ئەۋەتىپ، ئۆلكىلىك سودا بانكىسى باش دىرېكتورىنىڭ ئۈچ ۋىلايەتتىكى بانكا ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشىغا ياردەملىشىدۇ. (4) ئۈچ ۋىلايەت پۇلىنى يىغىۋېلىش ئۈچۈن يېڭىدىن 200 مىليون يۈەن پۇل ئاجرىتىلىدۇ.

7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى    يەنئەندە نەشر قىلىنىدىغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى «ئازادلىق گېزىتى» نىڭ 1 - بېتىدە، «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاپتونومىيە ھەرىكىتى غەلىبە قىلدى، «غۇلجا ۋەقەسى» تىنچ يول بىلەن ھەل بولدى، يەرلىك ھاكىمىيەت ۋە مىللىي ئارمىيە توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلىندى» دېگەن تېمىدا خەۋەر بېرىلدى.

7 - ئاينىڭ باشلىرى    ئۈچ ۋىلايەت «تىنچلىق بىتىم»گە ئاساسەن، مىللىي ئارمىيىنى تەرتىپكە سېلىپ قايتىدىن تەشكىللىدى. تەرتىپكە سېلىپ قايتىدىن تەشكىللەنگەن مىللىي ئارمىيىنىڭ ئومۇمىي ئەسكىرىي كۈچى 13 مىڭ 500 ئادەم بولدى، باش قوماندانلىق شتابى غۇلجىدا تەسىس قىلىندى. باش قوماندانلىق شتابىنىڭ قارمىقىدا ئارقا سەپ بۆلۈمى، سىياسىي خىزمەت بۆلۈمى، ئۇرۇش قىلىش باشقارمىسى، رازۋېدكا باشقارمىسى، خوجىلىق ئىشلىرى باشقارمىسى، زەمبىرەكچىلەر باشقارمىسى، سەھىيە باشقارمىسى، ھەربىي سوت مەھكىمىسى ۋە ھەربىي تەپتىش مەھكىمىسى

تەسىس قىلىندى .

باش قوماندان : ئىسهاقبېك مونونوپ

مۇئاۋىن باش قوماندان : دەلىلقان سۈگۈربايوپ ، زۇنۇن تېيىپوپ

سىياسىي مۇئاۋىن باش قوماندان : ئابدۇرېهىمجان هەسەنوپ

سەنمۇجاڭ : ۋ . ماژاروپ

مۇئاۋىن سەنمۇجاڭ : مەمتىمىن ئىمىنوپ

ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى : روسۇلۇپ پەخىردىن خوجا

ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى : سىدىق جامالىدىن

سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى : توختى ئىبراهىموپ①

سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى : رازىيوپ داموللا

هەربىي سوت مەهكىمىسىنىڭ باشلىقى : غېنى

هەربىي تەپتىش مەهكىمىسىنىڭ باشلىقى : ئابدۇغۇپۇر سابىر هاجى

باش قوماندانلىق شتابىنىڭ قارمىقىدا تەسىس قىلىنغان ئورۇنلار : شىخو پىيادە ئەسكەرلەر 1 - تۇەنى ( تۇەنجاڭ مەرغۇپ ئىسهاقوپ ، سىيا- سىي كومىسسار ئېتىۋاروپ ئالىم ) ، ئۇ شىخودا تۇرىدۇ ، غۇلجا پىيادە ئەسكەرلەر 2 - تۇەنى ( تۇەنجاڭ قېيۇمبەگ خوجا ، سىياسىي كومىسسار قې- يۇم سابىرهاجى ) ، ئۇ غۇلجىدا تۇرىدۇ ، چۆچەك پىيادە ئەسكەرلەر 3 - تۇەنى ( تۇەنجاڭ ئابلاخان مەخمۇتوپ ، سىياسىي كومىسسار بالقاش ) ، ئۇ چۆچەكتە تۇرىدۇ ، تېكەس ئاتلىق ئەسكەرلەر 1 - تۇەنى ( تۇەنجاڭ سوپاخۇن سوۋۇروپ ، سىياسىي كومىسسار قۇربانوپ ) ، ئۇ سۈيدۇڭ ، كۆ- رەدە تۇرىدۇ ، قوبۇقسار ئاتلىق ئەسكەرلەر 2 - تۇەنى ( تۇەنجاڭ يۈسۈپ-

---

① توختى ئىبراهىموپ ( 1921 - ) : شىنجاڭ سۈيدۈڭ ( بۆگۈنكى قورغاس ) ناهىيىسى- دىن ، ئۇيغۇر . ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى سىياسىي بۆلۈ- مىنىڭ مۇدىرى ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى مىللىي ئارمىيىسى كومىتېتىنىڭ رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 5 - جۈنى 42 - تۇەنىنىڭ سىياسىي كومىسسارى ، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق سىياسىي مەسلى- هەت كېڭىشىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان .

خان كۆنباي ، سىياسىي كومىسسار جاغدا بابالكوپ ) ، ئۇ قوبۇقساردا تۆرىدۇ ، ئالتاي ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 - تۈەنى ( تۈەنجاڭ بەدەلقان سۇ- گۇربايوپ ، سىياسىي كومىسسار يۇسۇپجان ياسنوپ ) ، ئۇ سارسۇمبىدە تۆرىدۇ ، زەمبىرەكچىلەر ىگى ( ىگجاڭ ئەسئەت تىيىپوپ ، سىياسىي كومىس- سار نۇرسايوپ ) ، ئۇ بايانداىدا تۆرىدۇ ، ھەربىي مەكتەپ ( مۇدىر موخ- روپ ، سىياسىي كومىسسار نۇر سادىروپ ) ، ئۇ بايانداىدا تۆرىدۇ .

7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى   ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئورگان گېزىتى « ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان » سابىق ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەيئىتى ئېلان قىلغان « پۈتۈن خەلققە مۇراجىئەت » نى باستى . خەلقنى « تىنچلىق بىتىم » دا بەلگىلەنگەن ھوقۇقتىن تولۇق پايدىلىنىپ ، پات ئارىدا ئۆتكۈزۈ- لىدىغان سايلامدا خەلقنىڭ بەختلىك تۇرمۇشى ئۈچۈن شەخسىي مەنپەئىتى- نى ۋە ھاياتىنى قۇربان قىلىشتىن ئايانمايدىغان رەھبەرلىك ئىقتىدارىغا ئى- گە ئىلغارلارنى سايلاپ چىقىپ ، ھەقىقىي باراۋەرلىك ئاساسىدىكى مىللەت- لەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش يولىدا تىرىشىشقا چاقىردى .

7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى   ئۈچ ۋىلايەتنىڭ پوچتا - تېلېگراف ۋەكىلى مالىك ئۈرۈمچىگە كېلىپ ، ئۆلكىلىك پوچتا ئىدارىسى ۋە تېلېگراف ئىدارى- سىدىكىلەر بىلەن ئىلى ، تارباغاتاي ، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ پوچتا - تې- لېگراف ئىشلىرىنى بىرلەشتۈرۈش ۋە ئۆتكۈزۈپ بېرىش - ئۆتكۈزۈۋېلىش مە- سىلىسى ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزدى ھەمدە 7 - ، 8 - ، 9 - ئايلارنىڭ پوچتا - تېلېگراف خىراجىتىنى ئاجرىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى .

شۇ كۈنى   ئەخمەتجان قاسىمى ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇرلار قاتناشقان ئام- مىۋى يىغىندا « تىنچلىق بىتىم ۋە نۆۋەتتىكى ۋەزىپىمىز » دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلىدى . نۇتۇقتا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى : « بىزنىڭ ھەرىكىتىمىز — مىل- لىي ئازادلىق ھەرىكەت ، يەنى بىر مىللەتنىڭ يەنە بىر مىللەتكە ھۆكۈمران-

لىق قىلىشقا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى. بۇ ھەرىكەتنىڭ مەقسىتى باشقا مىللەتلەر پۈتۈنلەي بىرلىكتە ياشاش، ئورتاق تەرەققىي قىلىش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش. شۇڭا، بىزنىڭ بۈگۈنكى ئىنقىلابىمىز مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.»

شۇ كۈنى جاڭ جىجۇڭ ئۈچ ۋىلايەت بىلەن يەنە ۋىلايەتنىڭ پۇل مۇئامىلىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مەسىلىسى ئۈستىدە تۆۋەندىكىدەك يول-يورۇقلارنى بەردى: (1) ئۆلكىلىك سودا بانكىسى ئۈچ ۋىلايەتتىكى مۇ-ناسىۋەتلىك تەرەپلەر بىلەن بىرلىشىپ گۇرۇپپا تەشكىل قىلىپ، ئۈچ ۋىلا-يەت پۇلىنى يىغىۋېلىش ئىشلىرىنى بېجىرىشى كېرەك. (2) ئۆلكىلىك سو-دا بانكىسى ئاز ساندىكى كىشىلەرنى ئۈچ ۋىلايەتتىكى بانكىلاردا خىزمەت قىلىشقا ئەۋەتسە بولىدۇ. ئۈچ ۋىلايەتمۇ ئاز ساندىكى كىشىلەرنى ئۆلكى-لىك سودا بانكىسىدا خىزمەت قىلىشقا تونۇشتۇرسا بولىدۇ. (3) ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدىكى بانكىلارنىڭ 1944 - يىل 11 - ئايدىن 1946 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە بولغان قەرز ھوقۇقى، قەرز ئىشلىرىنى ئۆز ئال-دىغا ئېنىقلىشى ھەمدە بۇ ھەقتىكى ئەھۋالنى ئۆلكىلىك سودا بانكىسىنىڭ مۇدىرىيەت يىغىنى ئېچىپ ھەل قىلىشقا يوللىشى كېرەك.

7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ 2 - سانلىق ئەزالار يىغىنى «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسى»نى ماقۇللىدى. بۇ پروگرامما سىياسىي، مىللەت، تاشقى ئىشلار، ئىقتىساد، مالىيە، قاتناش، مائارىپ، مەدەنىيەت، سە-ھىيەدىن ئىبارەت توققۇز بابتىن تەركىب تاپقان بولۇپ جەمئىي 85 ماددا. ئۇنىڭ ئاساسىي مەقسىتى: «مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن ئۆلكىنىڭ تىنچلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قى-لىش، دېموكراتىك سىياسىنى يولغا قويۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈ-چەيتىش، ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، سەنمىنجۇيىلىق يېڭى شىنجاڭ

قۇرۇش». ئەخمەتجان قاسىمى، بۇرھان شەھىدى بۇ پروگراممىغا ئىجابىي باھا بەردى.

**7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى** ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي قاتارلىق ۋىلايەتلەرگە ئالاھىدە يول خېتى بولغاندا ئاندىن يۇرۇشكە بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىنى بىكار قىلغانلىقىنى، بارلىق يوللارنىڭ ئېچىۋېتىلگەنلىكىنى، ئۈچ ۋىلايەت بىلەن يەتتە ۋىلايەت ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش ۋە سودىنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىكىنى جاكارلىدى.

**7 - ئاينىڭ ئاخىرى** ئەخمەتجان قاسىمنىڭ تەلەپ قىلىشى ئارقىسىدا، ئۈرۈمچىدىكى نەشرىياتتا «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ ئۇيغۇر، قازاق تەھرىر بۆلۈملىرى ئاساسىدا ئۇيغۇرچە، قازاقچە «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى قۇرۇلدى، ئۇيغۇر سايرانى① «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە باش مۇھەررىر بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇيغۇرچە، قازاقچە «شىنجاڭ گېزىتى» ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ كۈچلۈك تەشۋىقات قورالى بولۇپ قالدى.

**7 - ئاي** ئىسھاقبېك مونونوپ «تىنچلىق بىتىم»نىڭ قوشۇمچە ھۆججىتى (2) نى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ كونكرېت چارىلىرى توغرىسىدا تاۋ

---

① ئۇيغۇر سايرانى (1918 - ): شىنجاڭ تۇرپاندىن، ئۇيغۇر. ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان، زىيالىي. شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت يېمىرىلىشنىڭ ئالدىدا، ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا بارغان. ئىلگىرى - كېيىن شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان» گېزىتى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ دائىمىي ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان.

سىيۇ ، سۇڭ شىلىيەن ، لوكەيجيا ( غەربىي شىمال بارگاھىنىڭ① ئالىي مەس-
لىھەتچىسى ) ، خاۋجياجۇن ( شىنجاڭ تەمىنات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ) دىن
تەركىب تاپقان ھەربىي ئىشلار گۇرۇپپىسىدىكىلەر بىلەن ئۇرۇمچىدە كۆپ قې-
تىم سۆھبەت ئۆتكۈزدى ، لېكىن ئىككى تەرەپ ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيە-
سىنى بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈش ، شۆبە تەمىنات ئىدارىسى قۇرۇش ،كېيىم-
كېچەك ۋە بايراقنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ، ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئوقۇتقۇ-
چىلىرىنى ئەۋەتىش ، ئوفىتسېرلارنى يۆتكەپ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ۋە دۆ-
لەت مۇداپىئە قىسىملىرىنى ئۈچ ۋىلايەت چېگرىسىغا كىرگۈزۈش قاتارلىق
مەسىلىلەر ئۈستىدە بىر پىكىرگە كېلەلمىدى .

شۇ ئاي ئۈچ ۋىلايەت دۆلەت ناخشا - ئۇسسۇل - تىياتىر ئۆمىكى
غۇلجىدا تارقىتىۋېتىلدى .

8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق بان-
كىسىنى قۇرۇش يىغىنى غۇلجىدا ئۆتكۈزۈلدى . يىغىندا « ئۈچ ۋىلايەت دېھ-
قانچىلىق - چارۋىچىلىق بانكىسىنىڭ تەشكىلىي نىزامنامىسى » ( جەمئىي ئۈچ
باب ، توققۇز ماددا ) ماقۇللاندى . ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى : ( 1 )
ئۈچ ۋىلايەت دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق بانكىسى غۇلجىدا تەسىس قىلىنى-
دۇ ، تارباغاتاي ، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە شۆبە بانكا قۇرۇلىدۇ ، ناھىيە دە-
رىجىلىك جايلاردا دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق بانكىسىنىڭ ئاپپاراتلىرىنى
قۇرۇشقا بولىدۇ . ( 2 ) ئۈچ ۋىلايەت دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق بانكىسىغا
ئىلىي ۋالىي مەھكىمىسى رەھبەرلىك قىلىدۇ ، لېكىن بارلىق كەسپىي ئىشلار-
نى ئۈچ ۋىلايەت دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق بانكىسى مەسلىھەت كېڭىشى

---

① بارگاھ : 1946 - يىل 7 - ئايدا ، مىللىي ھۆكۈمەت مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى
ۋېيۈەنجاڭىنىڭ غەربىي شىمال بارگاھى بۇيرۇقىغا بىنائەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى رەئىسىنىڭ غەربىي
شىمال بارگاھىغا ئۆزگەرتىلدى .

مۇھاكىمە قىلىپ بەلگىلەيدۇ . ( 3 ) ئۈچ ۋىلايەت دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق بانكىسىنىڭ مەبلىغى 500 مىليون يۈەن بولىدۇ ، ئاساسلىقى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق تەرەققىياتىغا ئىشلىتىلىدۇ ، تەقسىم قىلىنىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە : ئىلى ۋىلايىتى 350 مىليون يۈەن ، تارباغاتاي ۋىلايىتى 100 مىليون يۈەن ، ئالتاي ۋىلايىتى 50 مىليون يۈەن .

شۇنىڭدىن كېيىن ، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك شۆبە بانكا ، ئالتاي ۋىلايەتلىك شۆبە بانكا ۋە ناھىيىلىك تارماق بانكىلار ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلدى .

8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت پۇل مۇئامىلە ۋەكىلى ھۆسيىن تارانوپ ئۈچ ۋىلايەت بىلەن يەتتە ۋىلايەتنىڭ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مەسىلىسى ئۈستىدە ئۆلكىلىك سودا بانكىسىنىڭ باش دىرېكتورى لوجىمبي ، ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ ۋەكىلى ياڭ جۇڭشياڭ بىلەن 2 - قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزدى . مەسلىھەت ئارقىلىق مۇنۇلار بېكىتىلدى : ( 1 ) بۈگۈندىن باشلاپ ، ئۈچ ۋىلايەت بانكىسىغا قاراشلىق بارلىق ئاپپاراتلار بىردەك ئۆلكىلىك سودا بانكىسىغا قاراشلىق ئاپپاراتلارغا ئۆزگەرتىلىدۇ ؛ ( 2 ) ئىلى ، تارباغاتاي ، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە تارقىتىلغان پۇلنى ئىككى تەرەپ يىغىۋېلىش رەسمىيىتىنى بېجىرگەندە ، ئىلى تەرەپ يېڭىدىن تارقاتقان پۇللارمۇ تەڭ يىغىۋېلىنىدۇ ، يىغىۋېلىش ئۈچۈن تەخمىنەن 440 مىليون يۈەن يېڭى پۇل كېتىدۇ ، بۇ پۇلنى تېز ئاجرىتىش ھەمدە گېزىتكە ئېلان چىقىرىپ ، ئىككى ئاي ئىچىدە نەق سانى بويىچە يىغىۋېلىش كېرەك .

شۇ كۈنى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن ، تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسى بىلەن تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ئامانلىقنى ساقلاش قوماندانلىق شتابى بىرلىكتە ، تارباغاتاي ئازاد قىلىنىدىغان چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىگە قېچىپ كەتكەن سابىق تارباغاتاي ۋالىي

مەھكىمىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە خىزمەتچى خادىملىرىنى قوبۇل قىلىش مەخسۇس ھەيئىتىنى تەشكىل قىلىپ، ئۇنى 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە، تۆت تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ دۆلەتكە قايتىپ كېلىدىغان خادىملارنى قوبۇل قىلىشقا مەسئۇل قىلدى، بىخەتەرلىك خىزمىتىگە چۆچەك پىيادە ئەسكەرلەر 3 - تۈەنى ۋە تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ئامانلىقنى ساقلاش قوماندانلىق شتابى مەسئۇل بولدى.

**8 - ئاينىڭ باشلىرى** جاڭ جىجۇڭ، ئەخمەتجان قاسىمى، بۇرھان شەھىدى ئوسمان ئىسلامنىڭ ۋەكىلى قاناتباي، كاكاشا سۇلتان قاتارلىقلارنى ئۆرۈمچىدە قوبۇل قىلدى. ئوسمان ئىسلامنىڭ ۋەكىلى جاڭ جىجۇڭغا تۆۋەندىكىدەك تەلەپلەرنى قويدى: قازاقلارنىڭ ئۆرۈمچىدىكى ئابرويلۇق ئەربابلىرىدىن ئەلەن ئىنانچىخان، جانىمقان، سۇلايمان قاتارلىقلار ئالتايغا قايتىپ بېرىپ خىزمەت قىلسا؛ «تىنچلىق بىتىم»دىكى مەزمۇنلار تولۇق ئىزاھلانسا؛ يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقىغا ياردەم بېرىلسە، چېگرا مۇداپىئەسى مۇھىم بولۇپ، دۆلەت ئارمىيىسىدىن ئالتايغا ئەسكەر ئەۋەتىلسە. بۇ ئىشتىن كېيىن، جاڭ جىجۇڭ بەزى ماددىي ئەشيا ۋە قورال - ياراغ بىلەن تەمىنلەش توغرىسىدا ليۇ مىڭچۇنگە مەخپىي بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ماددىي ئەشيا ۋە قورال - ياراغلارنى كاكاشا سۇلتان ئارقىلىق يەتكۈزۈپ بەردى. قاناتباي ئۆرۈمچىدە قېلىپ، داۋاملىق گومىنداڭ تەرەپ بىلەن كونكرېت ئىشلار ئۈستىدە سۆھبەت ئېلىپ باردى.

**8 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە** 15 - كۈنىدىن باشلاپ، سابىق گومىنداڭ تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كەتكەن ئەمەلدارلىرى، ئەسكەرلىرى ۋە خىزمەتچى خادىملىرى تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ دۆلەتكە قايتىپ كەلدى. 21 - كۈنىگە قەدەر جەمئىي 3 تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ قايتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى چۆچەك پىيادە ئەسكەرلەر 3 - تۈەنى بىلەن تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ئامانلىقنى ساقلاش قوماندانلىق شتابى ئادەم

چىقىرىپ ماناسقا يەتكۈزۈپ قويدى. 23 - كۈنى ئاخىرقى تۈركۈمدە دۆلەتكە قايتىپ كەلگەن 400 چە كىشى چۆچەك شەھىرىنىڭ غەربىي ئەتراپىدىن ئۆتكەندە، ئاما ئۇلارنى تىللىدى ۋە ئۇردى. سابىق تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى سۇن شاۋكاڭ، سابىق گومىنداڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر 2 - تۈەنىنىڭ تۈەنجاڭى لى جىنشېڭ قاتارلىق 32 نەپەر ئارمىيە، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى نەق مەيداندا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىلدى، مانا بۇ ئاتالمىش «چۆچەك پاجىئەسى» ئىدى.

8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى جاڭ جىجۇڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ 6 - سانلىق ئەزالار يىغىنىنىڭ ئېچىلىشىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن يىغىن مۇنۇلارنى ماقۇللىدى: (1) ھاكىمبەگ خوجا ئىلىنىڭ ۋالىيسى بولۇش، ئوبۇلخەيرى تۆرە، ئەنۋەر مۇسا بايوپلار مۇئاۋىن ۋالىي بولۇش. (2) باسباي چولاق ئوغلى باپىن تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى بولۇش، قاسىماخۇن ئىسمايىلوپ، ئالىمجان ھاكىمبايوپ① مۇئاۋىن ۋالىي بولۇش. (3) ئوسمان ئىسلام ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى بولۇش، شامشى مامىيوپ، لاتىپ مۇستاپا مۇئاۋىن ۋالىيسى بولۇش.

8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى مەركىزىي كومىتېتى غۇلجىدا دوكلات يىغىنى ئۆتكۈزدى، مەسئۇدنى

---

① ئالىمجان ھاكىمبايوپ (1914 - 1991): سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەلىكىدىكى مۇھاجىر، ئۆزبېك، چوڭ چارۋىدار. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك سانائەت - كان نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، سۇ ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ باش كاتىپى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1953 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتقان. 1991 - يىلى موسكۋادا ۋاپات بولغان.

«〈يۇرت〉 دېگەن ژۇرنالنىڭ نەشر قىلىنىشى ۋە ئۇنى نەشر قىلىشنىڭ مەقسىتى، ئەھمىيىتى» دېگەن تېمىدا لېكسىيە سۆزلەشكە تەكلىپ قىلدى.

8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئىسھاقبېك مونونوۋنى سارسۇمبە ناھىيىسىگە ئەۋەتتى، ئۇ دەللىقان سۇگۇربايېۋنىڭ ھەمراھلىقىدا كۆكتوقاي يايلىقىغا بېرىپ ئوسمان ئىسلامغا ئومۇملۇقنى مۇھىم بىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتە تۇرۇپ، سارسۇمبىگە قايتىپ، ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىش ھەققىدە نەسىھەت قىلدى، ئوسمان ئىسلام بۇنىڭغا ئېنىق ئىپادە بىلدۈرمىدى. ئىسھاقبېك مونونوۋ سارسۇمبىگە قايتقاندىن كېيىن، ئوسمان ئىسلامنىڭ پوزىتسىيىسىنىڭ ئېنىق بولمىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، سارسۇمبىدە مىللىي ئارمىيىنىڭ شىمالىي يۆنىلىش ئۇرۇش قىلىش قوماندانلىق شتابى قۇرۇش، چۆچەك پىيادە ئەسكەرلەر 3 - تۈەنى، قوبۇقسار ئاتلىق ئەسكەرلەر 2 - تۈەنى، ئالتاي ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 - تۈەنى ۋە ئالتاي ھەربىي دوختۇرخانىسى ئۇنىڭ قارمىقىدا بولۇش، ھەمدە چۆچەكتىن بىر يىلىڭ ئەسكىرىي كۈچ يۆتكەپ كېلىپ، ئالتاي ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 - تۈەنىنى تولۇقلاشنى قارار قىلدى، دەللىقان سۇگۇر بايېۋنى شىمالىي يۆنىلىش ئۇرۇش قىلىش قوماندانلىق شتابىنىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ، ئوسمان ئىسلامنىڭ تويۇقسىز ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇشقا بۇيرۇدى.

شۇ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئابدۇللا زاكىروپ خىزمىتى يۆتكەلگەنلىكى سەۋەبىدىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بەردى.

8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئەزالىرى سۆھبەت يىغىنىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «شەرقىي تۈركىستان بىر جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇ، ئۇنى سىياسىي پائالىيەت نەزەرىيە-

سى قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ. ئەگەر ئۇنى كىمكى سىياسىي پائالىيەت نەزە-
رىيىسى قىلىۋالسا ، ئۇ ئۇلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ دۈشمىنى يەنى پۈتۈن ئۆلكە
خەلقىنىڭ دۈشمىنى» ھەمدە «شىنجاڭ جۇڭگونىڭ بىر تەركىبىي قىسمى ،
ئۈچ ۋىلايەت شىنجاڭنىڭ تەركىبىي قىسمى ، ئىلى مېنىڭ كىندىك قېنىم تۆ-
كۈلگەن يەر ، ئاتا - بوۋىلىرىمىز كۆمۈلگەن زېمىن ، جۇڭگو بىزنىڭ ۋەتىنى-
مىز ، بىزنىڭ ئانا يۇرتىمىز ، بىزنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنىمىز ئازادلىق ، ئەركىن-
لىك ۋە باراۋەرلىك» دەپ ئىپادە بىلدۈردى.

8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى  ئەخمەتجان قاسىمى غۇلجىدىكى ئۇيغۇر ،
قازاق ، قىرغىز كۇلۇبىدا «تىنچلىق بىتىم»نى ئىجرا قىلىش ۋە ئۆلكىلىك
بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلغانلىقى توغرىسىدا ھەر مىللەت ئاممىسىغا سۆز
قىلدى. ئۇ ئىلى ، تارباغاتاي ، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ خەلقىدىن «تىنچ-
لىق بىتىم»نى ئۆز نۆۋىتىدىنلا چۈشىنىۋالماسلىقنى تەلەپ قىلدى ، چۈنكى
«تىنچلىق بىتىم»نىڭ ئىمزالىنىشى ۋە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇ-
لۇشى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ھەر خىل ھوقۇقتا ئىگە قىلىدۇ.
ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «بۇرۇن خەنزۇ ئەمەلدارلار خەلقىمىزگە ھۆ-
كۈمرانلىق قىلىپ كەلگەچكە ، خەلقىمىز ھەممىشە خەنزۇلارنى ئەينى ۋاقىتتىكى
ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت بىلەن بىر گەۋدە» دەپ قارايتتى ، شۇڭا خەنزۇ مىل-
لىتىدىن بولغان ھەر قانداق كىشىگە ئىشەنمەسلىك تۇيغۇسى پەيدا بول-
غان ، «بىزنىڭ ۋەزىپىمىز مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىك ۋە ئىتتىپاق-
لىقتا كاپالەتلىك قىلىش ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ (تىنچلىق بىتىم)نى ۋە ئۇ-
نىڭغا ئاساسەن تۈزۈلگەن (سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگرامم-
سى)نى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا تىرىشىشتىن ئىبارەت.»

8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى  جاڭ جىجۇڭ «پۈتۈن ئۆلكىدىكى قېرىن-
داشلارغا مۇراجىئەت»نى ئېلان قىلدى ، ئۇ مۇنداق دېدى: «بىز جەزمەن
جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ، دۆلەتنىڭ

بىرلىكىنى ھىمايە قىلىش ، دېموكراتىك سىياسىنى يولغا قويۇش ، مىللەتلەر
ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت تۆت جۈملە سۆزنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز
كېرەك . شۇڭا ، جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دوستلۇقىغا ، دۆلەتنىڭ
بىرلىكىگە ، دېموكراتىك سىياسىتىگە ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا قارشى تۇر-
غانلىقى كىشىلەرنى ئەكسىيەتچى ، تىنچلىقنى بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچى ھې-
سابلايمىز . »

8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئەزالىرى يىغى-
نى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن ئابلىز مەخسۇمنى ئاقسۇ ۋىلا-
يىتىنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى .

8 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە ئۆلكىلىك بىر-
لەشمە ھۆكۈمەتنىڭ 8 - سانلىق ئەزالار يىغىنىدا « ئۆلكىلىك ، ناھىيىلىك كې-
ڭەش ئەزالىرىنى ، ھاكىملارنى سايلاش چارىسى » ماقۇللاندى . ئۆلكى-
لىك سايلام كومىتېتى قۇرۇلدى ، ۋاڭ زىڭشەن كومىتېت باشلىقى ، رەھىم-
جان سابىر ھاجى مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى بولدى . ليۇمىڭچۈن ، ئابدۇ-
كېرىم ئابباسوپ ، سەلىس ، ئىبردەنى ، جۇڭدىخۇالار كومىتېت ئەزاسى بول-
دى . 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يەنە ھەر قايسى ۋىلا-
يەت ، ناھىيە ، باشقۇرۇش ئىدارىلىرىگە تېلېگراما ئەۋەتىپ ، تېلېگراما
تەگكەندىن كېيىنكى بىر ھەپتە ئىچىدە سايلام كومىتېتى قۇرۇپ چىقىشنى
بۇيرۇدى .

8 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە جاڭ جىجۇڭ مەس-
ئۇد ، تاۋسىيۇ ، رەھىمجان سابىر ھاجى ، چۈۋۇ ۋە ليۇزېرۇڭ قاتارلىقلارنىڭ
ھەمراھلىقىدا ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا بېرىپ ، بىر ھەپتە
خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى ، جاڭ جىجۇڭلار غۇلجىغا يېتىپ بارغاندا
ئاۋۋال يېتىپ بارغان ئەخمەتجان قاسىمى ، شۇنىڭدەك غۇلجىدىكى ئارمى-

يه ، هۆكۈمەت خادىملىرى ۋە ئاممىنىڭ قارشى ئېلىشىغا سازاۋەر بولدى. غۇلجىدىكى مەزگىلدە قورغاس ، سۇيدۇڭ ، توققۇزتارا ، نىلقا قاتارلىق ناھىيىلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. غۇلجىدا خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنى زىيارەت قىلدى ، خەنزۇ ۋەكىللىرىنى يىغىپ سۆھبەتلەشتى ھەمدە ئۆز نامىدىن مىللىي ئارمىيىنىڭ ئوفىتسېر - جەڭچىلىرىگە ھال سوراش خېتى ئەۋەتتى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدىكى كونسۇلى دوباشىن بىلەن بىر نەچچە قېتىم كۆرۈشتى ، 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ، جاڭ جىجۇڭ غەربىي باغچىدا ھەر ساھە ، ھەر مىللەت ۋەكىللىرىدىن 1500 نەچچە كىشىنى تەكلىپ قىلىپ زىياپەت ئۆتكۈزدى. جاڭ جىجۇڭ زىياپەتتە «شىنجاڭنى پارلاق ، مەڭگۈ تىنچلىققا ئېلىپ بارىدىغان بىردىنبىر چوڭ يول» دېگەن تېمىدا سۆز قىلدى.

**8 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى** ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى ئىسھاقبېك مونونوپ ئۈرۈمچىدىكى ئەلەن ئىنانچىخان بىلەن خادىۋاڭ①نى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ، ئەلەن ئىنانچىخاننىڭ چوڭ ئوغلى زاكىخان ئەلەننى ئالاھىدە سارسۈمبىدىن غۇلجىغا ئېلىپ باردى.

**9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى** ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت «سايلام قانۇنى»نى رەسمىي ئېلان قىلدى. «سايلام قانۇنى»دا مۇنداق دەپ بەلگىلەندى: ئۆلكە ۋە ناھىيىدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىدە سايلام كومىتېتى ، يېزا - بازاردا شۆبە سايلام كومىتېتى قۇرۇش كېرەك. ناھىيە دەرىجىلىكلەرنىڭ سايلىمى چوقۇم ئۆلكىلىك سايلام كومىتېتى ئەۋەتكەن سايلامغا نا-

---

① خادىۋاڭ (1893 - 1963): يەنى خادىۋاڭ ماموربېك. شىنجاڭ تولى ناھىيىسىدىن ، ئايال ، قازاق ، ئەلەن ئىنانچىخاننىڭ ئايالى ، گومىنداڭغا يان بېسىش ، ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى تۇرۇش پوزىتسىيىسىدە بولغان. ئەينى چاغدا ئۈرۈمچىنىڭ ۋالىيسى بولغان. 1963 - يىلى ئۈرۈمچىدە كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان.

زارەت قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ نازارەتچىلىكى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىشى كې-
رەك. ناھىيىلىك كېڭەش ئەزالىرىنى ھەر قايسى ناھىيىلەر ئايرىم - ئايرىم
ھالدا ئاممىۋى يىغىن ئېچىپ سايلاپ چىقىشى، ھاكىملارنى ھەر قايسى نا-
ھىيىلىك كېڭەش ئەزالىرىنىڭ 1 - سانلىق يىغىنىدا سايلاپ چىقىشى،
سايلام سورۇنىدا ئۆلكىلىك سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسى بولۇشى
كېرەك. ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرىنىڭ سايلىمىنى ناھىيىلەرنىڭ ھاكىملىرى-
نىڭ سايلىمى بىلەن تەڭ ئېلىپ بېرىش كېرەك.

9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى
مەركىزىي كومىتېتى غۇلجىدا يىغىن ئېچىپ، قايتىدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈل-
گەن «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ۋاقىتلىق نىزامنامىسى»-
نى مۇزاكىرە قىلدى ۋە ماقۇللىدى.

شۇ كۈنى ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئورگان گېزىتى «ئىنقىلابىي
شەرقىي تۈركىستان»دا «بارلىق ياشلارغا مۇراجىئەت» ئېلان قىلىندى،
ئۇنىڭدا كەڭ ياشلارغا «تىنچلىق بىتىم»نى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش
ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش، «تىنچلىق بىتىم»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە توسقۇن-
لۇق قىلغان بۇزغۇنچى ئۇنسۇرلارغا قارشى رەھىمسىز كۈرەش قىلىش مۇرا-
جىئەت قىلىندى.

شۇ كۈنى ئوسمان ئىسلام نۇسۇپباينى ئۇرۇمچىگە ئەۋەتىپ، جاڭ
جىجۇڭغا بەش تۈرلۈك كونكرېت تەلەپ قويدى: ( 1 ) ھۆكۈمەت ئالتايغا
ھەربىي قوشۇن ئەۋەتسە؛ ( 2 ) ھۆكۈمەت قورال - ياراغ ياردەم بەرسە؛
( 3 ) ئالتاي رايونىغا دائىم تۇرۇشلۇق ۋەكىل ۋە راتسىيە ئەۋەتسە؛ ( 4 )
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئالتايغا راسخوتنى بىۋاسىتە ئاجرىتىپ بەرسە؛ ( 5 )
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئاشلىق، گەزمال، چاي قاتارلىقلارنى ئاجرىتىپ بەر-
سە. بۇنىڭدىن باشقا، ھۆكۈمەت ئۇنىڭغا پۈتۈن شىنجاڭنىڭ دىنىي ھوقۇ-

قىنى ھەممە ۋاقىتلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلىش ئىمتىيازىنى بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

جاڭ جىجۇڭ، سۇڭ شىلىەن، تاۋسىيۇ قاتارلىقلارنى چاقىرىپ مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، ئوسمان ئىسلامنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قوللاپ-قۇۋۋەتلەشنى قارار قىلدى. ئۇ لىيۇمېڭچۇڭگە ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ مەمۇرىي راسخوتىنى ئىلى تەرەپ ئارقىلىق ئەۋەتىپ بەرمەي بىۋاسىتە ئەۋەتىپ بېرىشنى، ئالتاي ۋالىيسىنىڭ تامغىسىنى ئوسمان ئىسلامنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ ئېلىپ كېتىشىگە بېرىشنى، ئوسمان ئىسلامغا ئاشلىق، چاي ۋە باشقا كۈندىلىك لازىمەتلىكلەرنى، قورال-ياراغ، ئوق-دورا ئاجرىتىپ بېرىشنى تاپىلىدى ھەممە ھەربىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى شې ۋەنشۈەنگە ئۈچ كىشىنى (جۇنتۇڭ ئىشپىيونلىرىدىن) تاللاپ، ئۇلارغا بىر دانە راتسىيە بېرىپ، نۇسۇپباي بىلەن بىرگە ئالتايغا ئەۋەتىشنى، ئالتاينىڭ ئەھۋالىنى ۋاقتىدا دوكلات قىلىپ تۇرۇشنى بۇيرۇدى.

**9 - ئاينىڭ باشلىرى** يەتتە ۋىلايەت خەلق ۋەكىلى ئابدۇللەخەت مەخسۇم ① قاتارلىقلار ئېكسكۇرسىيە قىلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا باردى، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللىرىنى ئىگىلىدى، يەتتە ۋىلايەت خەلقىگە ۋەكالىتەن ئۈچ ۋىلايەت خەلقىدىن ھال سورىدى.

**9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى** دىنىي نازارەت مەسئۇدنىڭ تەشەببۇس قىلىشى بىلەن، غۇلجىدا ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ تەييارلىق يىغىنىنى ئاچ-

---

① ئابدۇللەخەت مەخسۇم (1915 - 1970): شىنجاڭ ئاتۇشتىن، ئۇيغۇر. زىيالىي، ئەينى چاغدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت يىمىرىلىشىنىڭ ئالدىدا، ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا بېرىپ، «ئويغان»نىڭ باش مۇھەررىرى بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تۈرلۈك ماللار - يېمەكلىكلەر شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1970 - يىلى ئۈرۈمچىدە كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان.

تى. دىنى نازارەتنىڭ نازىرى ئابدۇلموتەلى خەلپەت يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى، ئەخمەتجان قاسىمى، مەسئۇد ئىلمى جەمئىيەت قۇرۇشنىڭ مەقسىتى ۋە ئەھمىيىتى توغرىسىدا ئايرىم - ئايرىم سۆز قىلدى. ئەخمەتجان قاسىمى مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «مىللەتلىرىمىزنىڭ مەنبەسى بىر - بىرىگە ناھايىتى يېقىن، پەقەت تۇرمۇش شەكلىلا ئوخشىمايدۇ، شۇڭا مەدەنىيەت ۋە باشقا جەھەتلەردە پەرق مەۋجۇت، بۇ خىل پەرقنى تۈگىتىش ئۈچۈن، چوقۇم مەدەنىيەت سەۋىيىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز، ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى ئىگىلىشىمىز كېرەك».

شۇ كۈنى  يەتتە ۋىلايەت خەلق ۋەكىلى ئابدۇلئەخەت مەخسۇم ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى مەركىزىي كومىتېتى ئاچقان چوڭ يىغىندا سۆز قىلىپ ، يەتتە ۋىلايەت خەلقىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت خەلقىگە بولغان سالىمىنى يەتكۈزدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «تىنچلىق بىتىم» ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ كۈرەش قىلىش ۋە قان تۆكۈش، قۇربان بېرىش بەدىلىگە كەلگەن، نۆۋەتتە ھەربىي كۈرەش ۋاقتىنچە توختىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدىن كېيىن سىياسىي كۈرەش بارغانسېرى كەسكىنلىشىدۇ، بۇنىڭغا قارىتا، مەيلى ئۈچ ۋىلايەت خەلقى بولسۇن ياكى يەتتە ۋىلايەت خەلقى بولسۇن، ھەممىسىلا سەگەك تونۇشتا بولۇشى كېرەك.

شۇ كۈنى  ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئورگان گېزىتى «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان» نىڭ 1 - بېتىدە ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ «خەلق بىزدىن نېمىنى كۈتىدۇ؟» دېگەن ماقالىسى تولۇق تېكىستى بىلەن ئېلان قىلىندى. ئەخمەتجان قاسىمى ماقالىسىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «تىنچلىق بىتىم»نى يولغا قويۇشتا، شەك - شۈبھىسىزكى، پۈتۈن ئۆلكە خەلقىگە تايىنىش كېرەك. بىز بىرلا مىللەتنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىگە قارشى تۇرىمىز. بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، مەيلى ئۇيغۇر بولسۇن، قازاق بولسۇن، قىرغىز بولسۇن، خۇيزۇ بولسۇن، موڭغۇل بولسۇن، خەنزۇ بولسۇن ياكى باشقا

مىللەت بولسۇن ھەممىسلا ئوخشاش. ھەممىمىز باراۋەر بولۇشىمىز كېرەك، بۇ — بىزنىڭ ئەڭ ئاساسىي تەلىپىمىز. دېمەك، بارلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇق ۋە ئەمەلىي تۇرمۇشتا ھەقىقىي باراۋەر بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. دەل مۇشۇنداق تەلەپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەر قانداق چاغدا، مەلۇم بىر مىللەتنى يامان مىللەت دېگىلى بولمايدۇ، مەلۇم بىر مىللەتنى كەمسىتىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ».

9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى  ئەخمەتجان قاسىمى ھاكىمبەگ خوجا ۋە ئىلى ۋالىي مەھكىمىسى ھەر قايسى ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشقان باش قوشۇش يىغىنىغا قاتناشتى. يىغىندا ۋاققاس ھاجى مىرشانوپ، مۇھەممەت-جان مەخسۇم، ئابدۇروپ مەخسۇم، نەبىجان يۈسۈپ، ئابدۇغۇپۇر سابىر ھاجى قاتارلىق كىشىلەردىن تەركىب تاپقان مالىيىنى ئىنقىلاش گۇرۇپپىسى تەشكىللەش، سابىق ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى مەركىزىدىكى مالىيە ھېسابا-تىنى ئىنقىلاشنى تېزلىتىش قارار قىلىندى.

شۇ كۈنى  تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسى تۆرەخوجا، ئابلىمىت ھاجى-يوپ، ئابدۇرېھىم روزىغالىيوپلارنى تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ غۇلجىدا تۇ-رۇشلۇق ئىقتىسادقا مەسئۇل تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى قىلىپ تەيىنلىدى.

9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى  مەسئۇد تەشەببۇس قىلىپ تەشكىللىگەن ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى غۇلجىدا قۇرۇلدى، رازىيوپ داموللا جەمئىيەتنىڭ باشلىقى بولدى، ئابدۇروپ مەخسۇم بىلەن مىجىت مۇساباييوپ مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقى بولدى، «ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى نىزامى» (جەم-ئىي بەش باب، 29 ماددا) ماقۇللاندى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: پۈ-تۈن شىنجاڭدىكى زىيالىيلار ۋە دىنىي زاتلارنى ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى-نىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنى دىنىي ئەخلاق ۋە «ئىجتىمائىي پەن» ئارقىلىق تەربىيىلەش. مەسئۇد يىغىندا تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى

ھەمدە تىل مەسىلىسى ئۈستىدە دوكلات بەردى.

9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئورگان گېزىتى
«ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان»نىڭ 1 - بېتىدە ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ
«جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى غۇلجىا غەربىي باغچىسىدا ئۆتكۈزگەن زىياپەتتە
قىلغان سۆزى» تولۇق ئېلان قىلىندى. ئەخمەتجان قاسىمى «سۆز»دە
«شىنجاڭنىڭ تىنچلىق - دېموكراتىك سىياسىيسى ياشىسۇن»، «خەنزۇلار-
نى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ دېموكراتىيە ئاساسىدى-
كى ھەقىقىي باراۋەرلىكى ياشىسۇن»دېگەن شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قوي-
دى.

9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئورگان گېزىتى
«ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان» تا س س ئاگېنتلىقىنىڭ 6 - ئاينىڭ 23 -
كۈنىدىكى خەۋىرى — «سۇۋېت چېگرىسىنىڭ ئىچكى ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇش
توغرىسىدىكى باياناتى»نى باستى.

9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت 9 - سانلىق ئە-
زالار يىغىنى ئېچىپ، «ئۆلكىلىك سايلام كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي نىزامى»نى
ماقۇللىدى، شۇنداقلا ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى ۋە ھاكىملارنى
سايلاش خىزمىتىگە نازارەت قىلىش گۇرۇپپىلىرىنىڭ تەشكىل قىلىنىشى ۋە
ئەۋەتىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئىسىملىكى بېكىتىلدى. سايلامغا نازارەت قى-
لىش گۇرۇپپىلىرى ۋىلايەت بىرلىك قىلىنغان ھالدا تەشكىل قىلىندى، بۇ-
نىڭدا لىۋچېڭجۇن باشچىلىقىدىكى سايلامغا نازارەت قىلىش 2 - گۇرۇپپى-
سى ئىلى ۋىلايىتىگە بېرىپ سايلامغا نازارەت قىلىدىغان؛ جۇڭ دىخۋا
باشچىلىقىدىكى سايلامغا نازارەت قىلىش 5 - گۇرۇپپىسى تارباغاتاي
ۋىلايىتىگە بېرىپ سايلامغا نازارەت قىلىدىغان؛ جانىمقان باشچىلىقىدىكى
سايلامغا نازارەت قىلىش 6 - گۇرۇپپىسى ئالتاي ۋىلايىتىگە بېرىپ سايلام-
غا نازارەت قىلىدىغان بولدى. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىن ئابدۇكېرىم ئاببا-
سوپ، سەيدۇللا سەيپۇللايوپ ئايرىم - ئايرىم ھالدا قەشقەر ۋىلايىتىگە
بارىدىغان سايلامغا نازارەت قىلىش 3 - گۇرۇپپىسى ۋە ئاقسۇ ۋىلايىتىگە

بارىدىغان سايلامغا نازارەت قىلىش 4 - گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنـ
لەندى .

9 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە ئەنگلىيىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇ-
رۇشلۇق كونسۇلى گرانت خارتمان غۇلجىغا بېرىپ زىيارەتتە بولدى ، ئۇ
ھاكىمبەگ خوجا ، ئەنۋەر مۇسابايوپ ، ئەرتوغرۇل (مەسئۇدنىڭ ئوغلى)
ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلى دوباشىننى زىيارەت
قىلدى ، شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئەھۋالى ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
ئۈچ ۋىلايەتكە بەرگەن ياردىمى ۋە ئۇنىڭ تەسىرىنى ئىگىلىدى .

9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئىلى ۋالىي مەھكىمىسى 19 - نومۇرلۇق بۇيـ
رۇق ئېلان قىلىپ ، ئارىشاڭ ناھىيىسىنى يەنىلا بورتالا ناھىيىسىگە قوشۇۋېـ
تىشنى ھەمدە ئېردەنىنى ھاكىملىققا تەيىنلەشنى قارار قىلدى .

9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئورگان گېزىتى
«ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان» ماقالە ئېلان قىلىپ مۇنداق دەپ كۆر-
سەتتى : «ئۈرۈمچىدە ئومۇمىي خەلق سايلام رىقابىتى قوزغالدى . قوللىـ
رىدا دېموكراتىيە بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈۋېلىپ ، ئاغزىدا دېموكراتىك سىـ
ياسىي دەپ توۋلىغان بىلەن ، يەنىلا بەزى فېئودال - پومېشچىك ۋە باي ،
ئاخۇنلار سايلاندى ، ئۇلار خەلقنىڭ بەخت - سائادىتىنى كۆزلىمەيدۇ .
ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار جاللاتلىق قىلىچىنى مەڭگۈ تاشلىمايدۇ .
بىز سايلامغا قارشى تۇرمايمىز ، ئەكسىچە سايلامغا تېخىمۇ قىزغىن ئاۋاز
قوشىمىز ، لېكىن بىز ئۆزىمىز ھىمايە قىلىدىغان ئادەملەرنى سايلايمىز . »

9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى جاڭ جىجۇڭ ، ئەخمەتجان قاسىمى ، بۇرھان
شەھىدى ئۈچەيلەن بىرلىكتە «ئۆلكىلىك ، ناھىيىلىك كېڭەش ئەزالىرى ، ھا-
كىملارنى سايلاش ھەققىدە پۈتۈن ئۆلكىدىكى ئەل - جامائەتكە مۇراجىـ
ئەت» چىقىرىپ ، پۈتۈن ئۆلكە خەلقىگە ئۆزىنىڭ سايلام ھوقۇقىنى قەدىرلىـ
شىنى مۇراجىئەت قىلدى .

9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئۈلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ 10 ـ سان-
لىق ئەزالار يىغىنىدا سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىلىرىنىڭ نامزاتلىرىنى
تەكشەش قارار قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە تارباغاتاي ۋىلايىتىگە بارىدىغان
سايلامغا نازارەت قىلىش 5 ـ گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ئۆزگەرتىلىپ، ئۇنىڭ
ئورنىغا سەلىس تەيىنلەندى؛ ئىلى ۋىلايىتىگە بارىدىغان سايلامغا نازا-
رەت قىلىش 2 ـ گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ئۆزگەرتىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا جۇڭ
دىخۇا تەيىنلەندى؛ ئالتاي ۋىلايىتىگە بارىدىغان سايلامغا نازارەت قى-
لىش 6 ـ گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ئۆزگەرتىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا تۈيۈ-
زى ① تەيىنلەندى؛ قەشقەر ۋىلايىتىگە بارىدىغان سايلامغا نازارەت قى-
لىش 3 ـ گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ئۆزگەرتىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا سەيپىدىن
ئەزىزى تەيىنلەندى؛ ئاقسۇ ۋىلايىتىگە بارىدىغان سايلامغا نازارەت قى-
لىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ئۆزگەرتىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئابدۇرېھىم
ئەيسا ② تەيىنلەندى. ھەر قايسى ۋىلايەتنىڭ ۋالىي، مۇئاۋىن ۋالىيلى-
رى ئومۇمەن ئۆز ۋىلايىتىنىڭ سايلىمغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزا-
سى قىلىپ تاللانمايدىغان بولدى.

9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى
تارباغاتاي ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى «ئىنقىلابچىل ياشلار»
گېزىتى نەشر قىلىندى.

---

① تۈيۈزى (1909 ـ 1946): يەنە بىر ئىسمى تۈركىستان تۇقابايى. شىنجاڭ چىڭگىل نا-
ھىيىسىدىن، قازاق، ئەينى ۋاقىتتا ئۈرۈمچى ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى بولغان. 1946 ـ يىلى
10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، ئالتايغا سايلامنى نازارەت قىلىشقا بېرىش يولىدا دۈربىلجىندىن ئۆت-
كەندە ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن.

② ئابدۇرېھىم ئەيسا (1909 ـ 1958): شىنجاڭ غۇلجىدىن، ئۇيغۇر، شىنجاڭ ئۆلكىلىك
بىرلەشمە ھۆكۈمەت يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا بارغان، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە
خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى خوجۇلۇق ئىشلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى قا-
تارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى، ئىلى
قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1958 ـ يىلى ئۈرۈم-
چىدە ۋاپات بولغان.

شۇ كۈنى   ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرى يەنى ئابدۇراخمان مۇھىتى①نى تۇرپان ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىدى.

شۇ كۈنى   ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى مەركىزىي كومىتېتى غۇلجىدا مىڭ كىشىلىك يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، ئاقسۇدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئاتاقلىق شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ قاتارلىق 28 كىشىگە تەزىيە بىلدۈردى. يىغىلىشقا ئەسئەت ئىسھاقوپ رىياسەتچىلىك قىلدى.

9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى   ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئورگان گېزىتى «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان» «يەتتە ۋىلايەت خەلقىگە مۇراجىئەت»نى باستى. ئۇنىڭدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: «(1) دېموكراتىيە ئاساسىدا قۇرۇلغان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش؛ (2) ‹تىنچلىق بىتىم›نى ھىمايە قىلىش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش؛ (3) ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئېلان قىلغان ‹سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسى›نى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش؛ (4) ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ قالدۇق كۈچلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرۇش، دېموكراتىك سىياسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش؛ (5) مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ئاساسىدىكى ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش؛ (6) سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان دوستلۇق ۋە ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش؛ (7) نۆۋەتتە ۋىلايەت، ناھىيىلەردە باشلىنىش ئالدىدا تۇرغان ئومۇمىي سايلام خىزمىتى قاتارلىقلارنى ياخشى ئىشلەش.»

---

① ئابدۇراخمان مۇھىتى (1913 - 1957): شىنجاڭ تۇرپاندىن، ئۇيغۇر. ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان. شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، تۇرپان ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى بولغان. 1947 - يىلى تۇرپان، پىچان، توقسۇن قوزغىلىڭىغا رەھبەرلىك قىلغان، قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، غۇلجىغا بارغان، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي ياشلار تەشكىلاتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى، خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1957 - يىلى ئۈرۈمچىدە كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان.

شۇ كۈنى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىقلارنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەندى، ئۇنىڭغا ئىبراھىم تۇردى① رەئىس، ئابدۇللەخەت مەخسۇم مۇئاۋىن رەئىس بولدى.

9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى چاقىرغان ياش زىيالىيلار يىغىنىدا نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇ نۇتقىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «بىزنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىز مەلۇم بىر مىللەتكە قارشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ھەرىكەت بولماسلىقى، بەلكى مەزكۇر مىللەت ئىچىدىكى ھۆكۈمرانلار ۋە مۇستەبىت ھۆكۈمران ھۆكۈمەت تەرەپتە تۇرىدىغان كىشىلەرگىلا قارشى ھەرىكەت بولۇشى لازىم. خەلقىمىز بولۇپمۇ زىيالىيلار ئەنە شۇنداق نۇقتىنەزەر بىلەن خىزمەت ئىشلىشى كېرەك.»

9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسى 41 - نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ، مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: (1) ئۆلكىلىك سودا بانكىسى ئاجراتقان ئۆلكە پۇلى تاپشۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن، ئالتاي ۋىلايىتى ئۆز ئالدىغا تارقاتقان پۇلنىڭ ئىشلىتىلىشىنى توختىتىش. (2) ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئاجراتقان خىراجەت تاپشۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن، خەلققە تارقاتقان

---

① ئىبراھىم تۇردى (1914 - 1971): شىنجاڭ ئاتۇشتىن، ئۇيغۇر. ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان. زىيالىي. شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولغان. ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت يىمىرىلگەندىن كېيىن، گومىڭدىن غۇلجىغا بارغان، يەتتە ۋىلايەت دېموكراتلار ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېت مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مەدەنىيەت - مائارىپ كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1971 - يىلى گومىڭدە كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان.

زايومنى نەقلەشتۈرۈپ بېرىش. (3) ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خىراجەتنى ئىمكانىقەدەر تېزرەك ئاجرىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش.

9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئۆلكىلىك سودا بانكىسى سابىق ئۈچ ۋىلايەت تارقاتقان قەغەز پۇللارنى يىغىۋېلىپ ئالماشتۇرۇش ھەققىدە چىقارغان ئېلانىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرى تارقاتقان پۇللارنى ئىشلىتىشنى توختىتىش قارار قىلىندى، قولدا مەزكۇر پۇل بار كىشىلەر 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەتتىكى بانكىلار ۋە تارماق بانكىلارغا بېرىپ ئالماشتۇرۇۋالسا بولىدۇ. ئالماشتۇرۇش نىسبىتى 1 يۈەن ئىلى پۇلىغا 1 يۈەن ئۆلكە پۇلى ئالماشتۇرۇلىدۇ.

9 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن 10 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىغىچە جاڭ جىجۇڭنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، سۇڭ شىليەن لۇشەنگە بېرىپ جياڭ جيېشىغا شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ۋە ھەربىي ئىشلار ئەھۋالىنى دوكلات قىلىپ، ئەسكىرىي كۈچنى كۆپەيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. جياڭ جيېشى سۇڭ شىليەننى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىملارنىڭ ئەسكىرىي كۈچى، قورال-ياراغلىرىنى تولۇقلاش ئىشى توغرىسىدا نەنجىڭگە بېرىپ چېن چېڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىشكە بۇيرۇدى. نەنجىڭدە چېن چېڭ مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: (1) ئالدى بىلەن تۆت چېگرا ئەترىتىنى قۇرۇپ چىقىش. (2) ئارقا-ئارقىدىن 15 مىڭ ئەسكەر تولۇقلاپ بېرىش. (3) تەخمىنەن 300 دىن ئارتۇق يۈك ئاپتوموبىلىدىن تەركىب تاپقان بىر ئاپتوموبىل تۇەنىنى شىنجاڭغا كۆپەيتىپ ئەۋەتىش. (4) 3000 ھەربىي ئات تولۇقلاپ بېرىش، ئۇنى شۇ يەردىن سېتىۋېلىش. (5) مۇۋاپىق پەيتتە بىر ئېغىر تىپتىكى زەمبىرەكچىلەر يىڭنى جيۇچۈەندە تۇرغۇزۇش، زۆرۈر تېپىلغاندا شىنجاڭغا كىرگۈزۈش. (6) بىر قىسىم قورال - ياراغ، ئوق - دورىنى تولۇقلاپ بېرىش ۋەھاكازالار.

9 ـ ئاي    تاشقورغان ئىنقىلابىي ئارمىيىسى باش قوماندانلىق شتا-
بى ئۆزىنىڭ تارقىتىۋېتىلگەنلىكىنى رەسمىي ئېلان قىلدى ، تاشقورغاندا تۇ-
رۇشلۇق بىر تۇەنمۇ تەڭ تارقىتىۋېتىلىپ ، ئۇلار ئائىلىلىرىگە قايتىپ ئۆز
جايلىرىنىڭ سايلام خىزمىتىگە قاتنىشىدىغان بولدى .

10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى    ئىلى ۋالىي مەھكىمىسى مۇنۇلارنى قارار قىل-
دى : ( 1 ) ئۆشرە ـ زاكات ئېلىشقا يەنىلا دىنىي نازارەت مەسئۇل
بولىدۇ . پۇچە ئىلى مـوگخـۇل مـەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىس-
لىكىگە تەيىنلىنىدۇ .

10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى    ئەخمەتجان قاسىمى چۆچەك خەلق كۇلۇبىدا
ھەر مىللەت خەلقىگە سۆز قىلىپ : « تىنچلىقنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى مىللەتلەر-
نىڭ ئىتتىپاقلىقىغا باغلىق » دەپ كۆرسەتتى . ئۇ 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى
چۆچەكتە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قايتىپ كەلگەن 32 نەپەر گومىنداڭ ھەربىي ،
مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈشتەك خاتا قىلمىشنى تەنقىد قىل-
دى ، ئۈچ ۋىلايەتتىكى خەلق ئاممىسىغا بۇنىڭدىن كېيىن مەيلى قانداق تە-
لىپى ۋە ئارزۇسى بولسا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنە خىزمەت قىلىۋاتقان ئۈچ
ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئارقىلىق ھەل قىلىشنى مۇراجىئەت قىلدى .

10 ـ ئاينىڭ باشلىرى    سەيپىدىن ئەزىزى جاڭ جىجۇڭغا 42 ـ جۇنىنىڭ
جۇنجاڭى ، شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى ، قوشۇمچە
جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ قوماندانى ياڭ دېلياڭنى قەشقەردىن يۆتى-
كىۋېتىشنى ئېيتتى ھەمدە بۇنى ئۆزىنىڭ سايلامغا نازارەت قىلىش 3 ـ گۇ-
رۇپپىسىنى باشلاپ قەشقەرگە بېرىشىنىڭ شەرتى قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ،
جاڭ جىجۇڭ ياڭ دېلياڭنى قايتۇرۇپ كېلىشكە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى .

10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىگىچە    سەيپىدىن ئە-
زىزى سايلامغا نازارەت قىلىش 3 ـ گۇرۇپپىسىنى باشلاپ ، قەشقەر ۋىلايە-

تىدە ھەر قايسى ناھىيىنىڭ ھاكىملىرىنى ۋە ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرىنى سايلاشقا نازارەت قىلىش خىزمىتىنى ئېلىپ باردى. گەرچە گومىنداڭنىڭ شۇ جايدا تۇرۇشلۇق ئارمىيىسى بۇنىڭغا تەرەپ - تەرەپتىن قارشىلىق كۆرسىتىپ كەلگەن ۋە يەرلىك ئەكسىيەتچىل كۈچلەرنىڭ تۈۋرۈكى بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن سەيپىدىن ئەزىزى باشلامچىلىقىدىكى سايلامغا نازارەت قىلىش 3 - گۇرۇپپىسىنىڭ قەتئىي كۈرەش قىلىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ «تىنچلىق بىتىم»نى ھىمايە قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە مايىل بولۇشى ئارقىسىدا، قەشقەر ۋىلايىتىدە سايلانغان ھاكىملار ۋە ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى ئىچىدە ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە مايىل بولغانلىرى كۆپ سانىنى ئىگىلىدى.

10 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 29 - كۈنىگىچە جۇڭ دېڭخۇا سايلامغا نازارەت قىلىش 2 - گۇرۇپپىسىنى باشلاپ، 8 - كۈنىدىن ئېتىبارەن ئىلى ۋىلايىتىدە ھەر قايسى ناھىيىلەرنىڭ ھاكىملىرى ۋە ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرىنى سايلاشقا نازارەت قىلىش خىزمىتىنى ئېلىپ باردى. سايلام 11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئاخىرلاشتى.

سايلام نەتىجىسى تۆۋەندىكىدەك بولدى: تېيىپ ئاخۇن غۇلجا ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا، شۇمۇ تۇڭ چاپچال ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا، شاياخۇن سۇيدۇڭ ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا، فاتىخ مۇسلىموپ نىلقا ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا، ئابدۇغۇپۇر توققۇزتارا ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا، ھاشىم ئوسمان بورتالا ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا، توققۇجا تېكەس ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا، ھوشۇر موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا، مەمەت ھاجى قورغاس ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا، ئەركىنبېك كۈنەس ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا، يۈسۈپ ئاخۇن زاھىت جىڭ ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا، پۈجە ئارشاڭ رايونى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، جياڭ زېدى يۇلتۇز رايونى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلاندى. سەيدۇللا سەيپۇللايوپ، نۇردۆلەت، قىياسبېك، داۋباي، ئابدۇللا، ئېردەنى، نۇرساپا، ياسىن خۇدابەردى، پۈجە، نىما، مىرمان، قاسقانبايوپ، چاكەن

قاتارلىق 12 كىشى ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىقىغا سايلاندى.

10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ياڭ دېلىياڭنىڭ ئورنىغا جاۋشىگۇاڭ سەپلە-
نىپ، 42 - جۈننىڭ جۈنجاڭى، شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماند-
انى، قوشۇمچە جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ قوماندانى قاتارلىق ۋە-
زىپىلەرگە تەيىنلەندى.

10 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنىگىچە بۇرھان شە-
ھىدى سايلامغا نازارەت قىلىش 10 - گورۇپپىسىنى باشلاپ، يەكەن ۋىلايە-
تىدە ھاكىملارنى ۋە ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرىنى سايلاشقا نازارەت قى-
لىش خىزمىتىنى ئېلىپ باردى. يەكەن ۋىلايىتىدە شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئار-
مىيىنىڭ شىجاڭى شياڭ چاۋجۇڭ جاڭ جىجۇڭنىڭ بۇيرۇقىغا پىسەنت قىلماي،
قورال كۈچىدىن پايدىلىنىپ، قانۇنسىز ھالدا سايلامغا نازارەت قىلىش
گورۇپپىسىنىڭ ئاپتوموبىلىنى تەكشۈردى ھەمدە سايلامغا نازارەت قىلىش
گورۇپپىسىدىكىلەر چۈشكەن جاينىڭ ئەتراپىغا پايلاقچىلارنى قويۇپ،
ئۇلارنى نازارەت قىلدى، ئاممىغا تەھدىت سېلىپ ئۇلارنىڭ سايلام گورۇپ-
پىسىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشۈشىگە يول قويمىدى. يەكەن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىي-
سى جۇفاڭگاڭمۇ سايلامنى نازارەت قىلىش گورۇپپىسىنىڭ پائالىيىتىگە كۈ-
چىنىڭ بېرىچە توسقۇنلۇق قىلىپ، سايلامغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى. يەكەن
ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى ئابدۇسالام سايلامنى نازارەت قىلىش گو-
رۇپپىسىنى قارشى ئېلىش توغرىسىدا سۆز قىلغانلىقى ئۈچۈن، جۇفاڭگاڭ
ئۇنىڭغا خىيانەتچىلىك قىلدى دېگەن بەتنامنى چاپلىدى ھەمدە سوت مەھكى-
مىسىگە 12 يىل قاماق جازاسى بېرىشنى بۇيرۇق قىلدى. جۇفاڭگاڭ خەلق
سايلاپ چىققان، ۋەزىپە ئۆتىگىلى ئۇزۇن بولمىغان مەكىت ناھىيىسىنىڭ ھا-
كىمى مۆيدىن نىيازنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇۋەتتى. ھەربىيلەرنىڭ ھاكىمى-
يەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىشى ۋە پارىخور ئەمەلدارلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلى-
شى تۈپەيلىدىن، يەكەن ۋىلايىتىدە سايلانغان ھاكىملار ۋە ئۆلكىلىك كې-
ڭەش ئەزالىرى ئىچىدە گومىنداڭ تەرەپتە تۇرىدىغانلار كۆپ سانىنى

ئىگىلىدى .

10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئورگان گېزىتى «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان»نىڭ باش مۇھەررىرى نۇر بوساقوپنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى. ئۇ مۇنداق دېدى: «خەلقىمىزنى (تىنچلىق بىتىم) نىڭ ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇشىدىن گۇمانلانمايدىغان، يېقىندىن قۇرۇلغان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئابرويىنى قوغدايدىغان قىلىش ئۈچۈن، خەلقنىڭ ئارزۇسى ۋە ئۆزىمىزنىڭ كەمچىلىكلىرىمىزنى ھەقىقىي تۈردە تەھلىل قىلىش — نۆۋەتتىكى باش ۋەزىپىلىرىمىزنىڭ بىرى. بىز ئايرىم سىياسىي تەشۋىقات ۋە گۇرۇھۋازلىق قارىشىنىڭ تەسىرىنى تۈگىتىشىمىز كېرەك.»

10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئالتاي ۋىلايىتىگە ئەۋەتكەن سايلامغا نازارەت قىلىش 6 - گۇرۇپپىسى دۆربىلجىندىن ئۆتكەندە، گۇرۇپپا باشلىقى تۈركىستان (تۈيۈزى)، گۇرۇپپا ئەزاسى كامالبېك ۋاسوپ (قازاق، خەنزۇچە ئىسمى كې بىگچۈەن)، شوپۇر سۇڭ ئەنشىڭ قاتارلىقلار شۇ جايدىكى يەرلىك ئاما تەرىپىدىن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلدى، گۇرۇپپىنىڭ باشقا ئەزالىرى يارىلاندى، بۇ «تۈركىستان تۈيۈزى» دەپ ئاتالدى.

10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئىلى ۋالىي مەھكىمىسى ئورگان گېزىتىنىڭ شىبە يېزىقىدىكى نۇسخىسى «ئەركىنلىك ئاۋازى» نەشر قىلىندى، ئۇجالاساراچۇن باش مۇھەررىر بولدى.

شۇ كۈنى تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسى ئىجتىمائىي ئىشلار بۆلۈمى خەنزۇ ئاممىسى ئىچىدىكى قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە 550 مىڭ يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى بېرىشنى قارار قىلدى.

**شۇ كۈنى** ئىلى ۋالىي مەھكىمىسى يىغىنى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ 2 يىللىقىنى تەبرىكلەش، ئىنقىلابتىن بۇيانقى ئەدەبىيات - سەنئەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ۋە مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن، 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى غۇلجىدا ۋىلايەت بويىچە ئەدەبىيات - سەنئەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلىپ، ھەر قايسى ناھىيىلەردىن ئىلگىرىكى ئازاب - ئوقۇبەتلىك تۇرمۇش، مىللىي ئىنقىلابىي پائالىيەت ۋە مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەر تەسۋىرلەنگەن گۈزەل - سەنئەت، قوشاق، شېئىر، ھېكايە، ھەيكەل، ياغاچ ئويما، مۇزىكىلار ۋە گۈزەل كەلگۈسى تەسۋىرلەنگەن ئەسەرلەرنى كۆرگەزمىگە يوللاشنى تەلەپ قىلدى.

**10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى** قاتناش مىنىستىرلىكى پوچتا باش ئىدارىسى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ پوچتا ئاپپاراتلىرى ۋە كەسپىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش توغرىسىدا شىنجاڭ پوچتا باشقۇرۇش ئىدارىسىگە مۇنداق دەپ يوليورۇق بەردى: (1) ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ پوچتا - تېلېگراف ئاپپاراتلىرىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش ئىشىنى پوچتا باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە تېلېگراف باشقۇرۇش ئىدارىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا كەسىپ، كادىر ۋە بوغالتىرلىق قاتارلىق جەھەتتىن ئېلىپ بارىدۇ. (2) ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە ھازىر بار پوچتا - تېلېگراف خادىملىرىغا قارىتا پوچتا - تېلېگراف باشقۇرۇش ئىدارىلىرى مەسلىھەتلىشىپ، مۇشۇ تۈرلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملاردىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىمتىھان ئېلىش ۋە ئۇلارنى ئىشلىتىش چارىسىنى تۈزۈپ چىقىدۇ.

**10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى** ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى مىللىي ئارمىيە كومىتېتى غۇلجىدا ۋەكىللەر يىغىنى ئاچتى. توختى ئىبراھىموپ رەئىسلىككە، ئابدۇھەمىتۇر مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى.

ساۋدانوپ زاھىر ① قاتارلىق يەتتە كىشىدىن دائىمىي كومىتېت تەشكىللەندى.

10 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 24 - كۈنىگىچە سەلىس سايلامغا نازارەت قىلىش 5 - گۇرۇپپىسىنى باشلاپ، 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تارباغاتاي ۋىلايىتىدە ھەر قايسى ناھىيە ھاكىملىرى ۋە ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرىنى سايلاشقا نازارەت قىلىش خىزمىتىنى ئېلىپ باردى، سايلام خىزمىتى 11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئاخىرلاشتى.

سايلام نەتىجىسى تۆۋەندىكىدەك بولدى: ئۆمەرئاخۇن چۆچەك ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا، نەسىردىن شىخو ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا، نۇرساپا سېيتجانوپ دۆربىلجىن ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا، قالىبېك ساۋەن ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا، گوك چىن لاما قوبۇقسار ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا، ئەنۋەر جاكولىن چاغانتوقاي ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا سايلاندى. بۇنىڭدىن باشقا ئابلىمىت ھاجىيوپ، ئالىمجان ھاكىمبايوپ، نىزامىدىن، نۇرساپا سېيتجانوپ، قالىبېك، گوك چىن لاما، باسباي چولاق ئوغلى باپىن قاتارلىق يەتتە كىشى ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىقىغا سايلاندى.

10 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنىگىچە مۇھەممەت ئىمىن گۇرۇپپا باشلىقلىقىدىكى سايلامغا نازارەت قىلىش 7 - گۇرۇپپىسى خوتەن ۋىلايىتىدە ھەر قايسى ناھىيىلەرنىڭ ھاكىملىرى ۋە ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ

---

① ساۋدانوپزاھىر ( 1920 - ): شىنجاڭ غۇلجىدىن، ئۇيغۇر. زىيالىي. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي مەزگىلىدە، مىللىي ئارمىيە سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى مىللىي ئارمىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 5 - جۈننىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ دائىمىي ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1955 - يىلى ئۇنىڭغا شياۋجياڭلىق ھەربىي ئۇنۋان بېرىلگەن.

ئەزالىرىنى سايلاشقا نازارەت قىلىش خىزمىتىنى ئېلىپ باردى.

سايلامغا نازارەت قىلىش 7 - گۇرۇپپىسى خوتەنگە بارغاندىن كېيىن، خوتەننىڭ ۋالىيسى نۇرىبېك (خې دېڭباڭ) شۇ يەردىكى باي سودىگەر، ئاخۇن، موللا قاتارلىق يۇقىرى قاتلام فېئودال كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە مايىل تەرەققىيپەرۋەر دېموكراتىك زاتلارنى چەتكە قېقىپ، ئۇلارنىڭ سايلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلدى، بۇنىڭدىن باشقا شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئارمىيە سايلامغا ئارىلىشىپ، ھاكىم ۋە ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى سايلام رىقابىتىگە قاتناشقان تەرەققىيپەرۋەر ياشلار ۋە تەرەققىيپەرۋەر دېموكراتىك زاتلارنى تۈرلۈك بەتناملار بىلەن خالىغانچە قولغا ئالدى. 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى خوتەن ناھىيىسىنىڭ سايلىمىنى ئۆز چاغلىقىدا كىرگۈزۈۋېلىش ئۈچۈن، شۇ يەردىكى ئارمىيە يىغىن مەيدانىدا ئوق چىقىرىپ، تۆت ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇ ئىش قارىقاش ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ۋە ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرىنى سايلاپ چىقالماسلىقىغا سەۋەبچى بولدى، باشقا ناھىيىلەردە سايلانغان ھاكىم ۋە ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرىنىڭ كۆپىنچىسى گومىنداڭ تەرەپكە مايىل كىشىلەردىن بولدى.

10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئورگان گېزىتى «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان» «مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق مىللىي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ مۇھىم ئامىلى» دېگەن تېمىدا ماقالە ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: «ئېزىلگۈچى خەلقنىڭ بىرلىشىشىدە ئەڭ زور خەۋپ مىللەتچىلىكتىن ئىبارەت ساقايماس كېسەلدۇر. بۇ ساقايماس كېسەل تارقالسا، قان تۆكۈلۈشنى پەيدا قىلىپلا قالماي، يەنە بىر مىللەتنى ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ». «پەقەت مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتكەندىلا، ئاندىن مىللىي باراۋەرلىككە ئېرىشكىلى، مىللەتچىلىكتىن ساقلانغىلى بولىدۇ، پەقەت مىللەتلەر ھەقىقىي باراۋەرلىككە ئېرىشكەندىلا مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق ئاندىن ھەقىقىي مۇستەھكەملىنىدۇ».

شۇ كۈنى جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەمئىيىتى ئۈرۈمچىدە قۇرۇلدى، جاڭ جىجۇڭ مۇدىر، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ساۋېلىيېپ ۋە ئەخمەتجان قاسىمى مۇئاۋىن مۇدىر بولدى، شۇنداقلا شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سودىسى ئەسلىگە كەلدى.

شۇ كۈنى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ئۈچ ۋىلايەت بىلەن يەتتە ۋىلايەتنىڭ پۇل مۇئامىلىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مەسىلىسى ئۈستىدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك سودا بانكىسىغا مۇنداق يوليورۇق بەردى: ئىلى، تارباغاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرى تارقاتقان قەغەز پۇل ئىشلىتىشتىن توختىتىلىدۇ، ئۇنى يۇقىرىقى جايلارغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا بانكىلار ۋە مالىيە نازارىتى ئۇچتىن ئادەم ئەۋەتىپ ئالاقىدار ئاپپاراتلار بىلەن بىرلىكتە مۇددەت بەلگىلەپ يىغىۋالسا بولىدۇ.

10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى ليۇ مېڭچۈن ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ پوچتا - تېلېگراف ئاپپاراتلىرى بىلەن كەسپىي ئۆتكۈزۈۋېلىش يۈزىسىدىن شىنجاڭ پوچتا باشقۇرۇش ئىدارىسى بىلەن تېلېگراف باشقۇرۇش ئىدارىسىگە مۇنداق يوليورۇق بەردى: ( 1 ) ئۈچ ۋىلايەتنىڭ پوچتا - تېلېگراف ئىشلىرىغا مەسئۇل سابىق خادىمنى كۆرسەتكەندىن كېيىن، ئۇنى ئۆلكىلىك پوچتا باشقۇرۇش ئىدارىسى ئىلىدا تۇرۇپ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ پوچتا - تېلېگراف خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئالاھىدە خادىمى قىلىپ بەلگىلەيدۇ. ( 2 ) ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئەسلىدىكى پوچتا - تېگراف خادىملىرى يۆتكەلمەيدۇ، لېكىن خىزمەتكە تەيىنلەش ئۈچۈن خادىملارنىڭ تارىخ ئانكېتىنى ئۆلكىلىك پوچتا باشقۇرۇش ئىدارىسى بىلەن تېلېگراف باشقۇرۇش ئىدارىسىغا يوللاپ بېرىش كېرەك. ( 3 ) ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي

ۋىلايەتلىرىنىڭ پوچتا ئىدارىلىرىگە 7 - ، 8 - ، 9 - ئايلىق خىراجەت ئاج-
رىتىپ بېرىلىدۇ. ئۇ ئەمەلىي ئېھتىياج بويىچە ئاجرىتىپ بېرىلىدۇ، ئۆلكىلىك
ھۆكۈمەت ئارىيەت بېرىپ تۇرسا بولىدۇ. 10 - ئايدىن ئېتىبارەن، خىرا-
جەتنى مەركەز بېكىتىپ بەرگەن شتات، خام چوت ۋە بوغالتىرلىق تەرتىپى
بويىچە ئۆلكىلىك پوچتا ئىدارىسى تەكشۈرۈپ تارقىتىپ بېرىدۇ.

10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى   شىنجاڭ ئۆلكىلىك سودا بانكىسىنىڭ باش
دىرېكتورى لوجىمېي: «جۇمىڭلۇن ئىلىغا، لۈشۇنچېن تارباغاتايغا بانكى-
مىزغا ۋەكالىتەن قەغەز پۇلنى يىغىۋېلىش - ئالماشتۇرۇپ بېرىش ئىشلىرىنى
بېجىرىشكە ئەۋەتىلىدۇ، بۇيرۇققا ئەمەل قىلىپ يولغا چىقىشقا تەييارلىق قى-
لىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ ئىمزا قويۇپ بۇيرۇق چۈشۈردى.

10 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە   ئابدۇرېھىم ئەيسا
گۇرۇپپا باشلىقى، مۇسەيىپ داموللا مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولغان
سايلامغا نازارەت قىلىش 4 - گۇرۇپپىسى ئاقسۇ ۋىلايىتىدە ھەرقايسى نا-
ھىيىلەرنىڭ ھاكىملىرى، ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرىنى سايلاشقا نازارەت
قىلىش خىزمىتىنى ئىشلىدى.

سايلامغا نازارەت قىلىش 4 - گۇرۇپپىسى ئاقسۇغا بېرىشى بىلەنلا
شۇيەردە تۇرۇشلۇق ئارمىيە ئۇلارنى قوغداش ۋە بىخەتەرلىكنى ساقلاشنى
باھانە قىلىپ قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئالدى، ئاممىنىڭ ئۇلار بىلەن ئۇچ-
رىشىشىنى مەنئىي قىلدى، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئۇچ ۋىلايەتكە مايىل ۋالىي-
سى ئابلىز ئەخسۇمنىمۇ شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئارمىيە نەزەر بەنت ئاستىغا
ئالدى. يەنە ھاكىم ۋە كېڭەش ئەزاسى سايلام رىقابىتىگە قاتناشماقچى
بولغان ئىلغار ياشلار ۋە دېموكراتىك زاتلار بولۇپ 10 دىن ئارتۇق كىشى-
نى ئەپيۇن چەككەن، قىمار ئويىنىغان دېگەن بەدنام بىلەن قولغا ئالدى ھەم
ھەر قايسى ناھىيىلەرنىڭ سايلام سورۇنى ئەتراپىغا يۇقىراچە كېيىنگەن قو-
راللىق كۈچلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى گومىنداڭنىڭ
كۈچادا تۇرۇشلۇق ئارمىيىسى داۋۇت ۋاڭنى سايلاشنى خالىمىغان كۈچا

ئاممىسىغا ئوق چىقىرىپ، شۇ مەيداندىلا 7 - 8 كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مۇسەيىپ داموللا شۇ جايدىكى پومېشچىك، بايلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۈچ ۋىلايەتكە مايىل زاتلارنىڭ سايلىنىشىغا كۈچىنىڭ بېرىچە توسقۇنلۇق قىلغاچقا، ئاقسۇ ۋە ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىلىرى ھاكىم ۋە ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرىنى سايلىيالمىدى. ئاۋات ناھىيىسىدىن باشقا ناھىيىلەردە سايلانغان ھاكىم ۋە ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرىنىڭ كۆپىنچىسى گومىنداڭپەرەسلەر بولدى.

10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» ئالتاي ۋىلايەتلىك كومىتېتى ئۇرۇلدى، مۇقاش جاكە رەئىس، قاجىمان دابۇ، سالىمجان كاكىجانوپ ئىككەيلەن مۇئاۋىن رەئىس بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرىدە ئۇنىڭغا قاراشلىق ناھىيە، رايون دەرىجىلىك تەشكىلاتلار ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلدى.

10 - ئاي ئۈچ ۋىلايەت زاكىرخان ئەلەننى غولجىدىن ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئاتا - ئانىسى ئەلەن بىلەن خادىۋاگنى قولغا كەلتۈرۈش خىزمىتى ئىشلەشكە ئەۋەتكەندى. زاكىرخان ئەلەن ئۈرۈمچىگە بېرىپلا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن يۈز ئۆرۈپ، گومىنداڭ تەرەپكە ئۆتۈۋالدى.

11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئىلى ۋىلايەتلىك سوۋېت ئىتتىپاقى مۇھاجىرلىرى جەمئىيىتى غولجىدا قۇرۇلدى، سادىق مۇسلىموپ مۇدىر بولۇپ سايلاندى. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى ئىسھاقبېك مونونوپ، ئىلىنىڭ ۋالىيسى ھاكىمبەگ خوجا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غولجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلى دوباشىنلار كېلىپ تەبرىكلىدى. دوباشىن مۇنداق دېدى: سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى 1945 - يىل 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئېلان قىلىنغان خىتاپنامىگە ئاساسەن، ئۆز دۆلىتىنىڭ خەلقىگىلا ئەمەس،

باشقا دۆلەتلەرنىڭ خەلقىگىمۇ مەدەت بېرىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەر خىل سەۋەب تۈپەيلىدىن قولدىن كەتكەن ۋەتىنىنى قايتۇرۇۋېلىشىنى قوللايدۇ، ئۇلار- نىڭ خەلقىنىڭ مەھرۇم بولغان ھوقۇقىنى يېڭىۋاشتىن قولغا كەلتۈرۈشىگە يار- دەم بېرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ھىمايە قىلىدىغان نەرسىگە ئېرىشىشىگە يار- دەم بېرىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقى مۇھاجىرلىرى جەمئىيىتى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى مۇھاجىرلىرىغا ۋە شىن- جاڭ خەلقىگە ياردەم بېرىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك سوۋېت ئىتتىپاقى مۇھاجىرلىرى جەمئىيىتى ۋە ئالتاي ۋىلايەتلىك سوۋېت ئىتتىپاقى مۇھاجىرلىرى جەمئىيىتىمۇ ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلدى.

11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى   جاڭ جىجۇڭ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قەشقەر، يەكەن قاتارلىق ۋىلايەتلىرىدە سايلامغا نازارەت قىلىش خىزمىتى ئىشلە- ۋاتقان گۇرۇپپىلارغا «ھەربىيلەرنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىنىڭ ئوچۇق بۇيرۇق چۈشۈرۈلۈپ قاتتىق چەكلەنگەن» لىكىنى تېلېگرامما ئارقى- لىق ئۇقتۇردى.

11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى   ئەخمەتجان قاسىمى «چۆچەك پاجىئەسى» ۋە «تۈركىستان (تۈيۈزى) ۋەقەسى» مۇناسىۋىتى بىلەن باسباي چولاق ئوغ- لى باپىنغا خەت يېزىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «مېنىڭ قارىشىمچە، ۋىلايىتىڭلاردا يۈز بەرگەن ۋەقەنىڭ تەسىرى بەك يامان بولدى، بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ۋەقەلەرنىڭ يۈز بەرمەسلىكى ئۈچۈن سىزگە بۇ خەتنى يېزى- ۋاتىمەن. ۋىلايىتىڭلار بۇياقتىن بارغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە گۇمان بى- لەن قاراۋاتىدۇ، بۇنداق قىلىش تولىمۇ ئوساللىق قىلغانلىق ۋە نامۇۋاپىق ... مەن سىلەردىن بۇنىڭدىن كېيىن بارغان كىشىلەرگە ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلىشىڭلارنى، دوستانە پوزىتسىيە تۇتۇشىڭلارنى، ئۇلارنى ئۆ- زىمىزنىڭ ئادەم - قائىدىسى بويىچە كۈتۈۋېلىشىڭلارنى تەلەپ قىلىمەن.»

شۇ كۈنى   تاۋ سيۆ يۆتكەپ كېلىپ ، لەنجۇدا تۇرۇپ جاڭ جىجۇڭغا ۋەكالىتەن غەربىي شىمال بارگاھىنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشۇن دەپ ، غەربىي شىمال بارگاھىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى. سۇڭ شىليەن شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەندى.

11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى   جاڭ جىجۇڭنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ 15 - سانلىق ئەزالار يىغىنى ئېچىلدى. يىغىن مۇنۇلارنى قارار قىلدى: ( 1 ) «چۆچەك پاجىئەسى» بىلەن «تۈيۈزىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراش دېلوسى»نى تەكشۈرۈشكە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئەۋەتىپ ، ۋەقە يۈز بەرگەن جايدا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇزۇل - كېسىل تەكشۈرۈش ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە دوكلات قىلىپ ، قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىش ؛ ( 2 ) تەكشۈرۈش ئۆمىكىگە تاللانغان خادىملارنى جانىمقان ، ۋاڭ زېڭشەن ، ليۇزېرۇڭ ، ليۇمېڭچۇن ، رەھىمجان سابىر ھاجى ، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋتىن ئىبارەت ئالتە كىشىنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىشىگە يوللاش ؛ ( 3 ) زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت نەپەقە بېرىش ؛ ( 4 ) ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىككى دېلونى بىر تەرەپ قىلىشتىكى قەتئىي پوزىتسىيىسىنى جەمئىيەتكە بىلدۈرۈش ؛ ( 5 ) تەكشۈرۈش ئۆمىكى تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت شۇ يەردىكى مەسئۇل ئەمەلدارلارغا ھەقىقىي ھەمكارلىشىشنى قاتتىق بۇيرۇش.

11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى   گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىن رايون ، كەسىپ ، پەۋقۇلئاددە سايلام ، گومىنداڭ دېگەن تۆت جەھەتتىن سايلانغان مىللىي قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىنىڭ ئىسملىكىنى ئېلان قىلدى ، بۇ جەمئىي 24 كىشى بولۇپ ، رايون بويىچە سايلانغانلار ئەخمەتجان قاسىمى ، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ، خەمىت سۇلتان ، ئەنۋەر سالىجان ، ئەيسا ، خادىۋاڭ ، مادەنبېك ، ماگويى ، ئۆمەر داموللا ، جاڭ فېڭجيۇ ، جاۋجيەنفېڭ ، موجىڭئا

قاتارلق 12 كشى ؛ كەسپ بويىچە سايلانغانلار زىياسەمدى ، ئابدۇلئە-
خەت مەخسۇم ، ئەرتوغرۇل ، مەخسۇت ئاخۇن ، ئامنە ، كىرىم ھاجى قاتار-
لىق ئالتە كشى ؛ پەۋقۇلئاددە سايلانغانلار ۋۇجىڭبىك ، چۆجاپ ، لادنا
بىد قاتارلق ئۈچ كشى ؛ گومنداڭدىن سايلانغانلار جاڭ جىجۇڭ ( قات-
ناشمىدى ) ، مەسئۇد ، يولۋاس قاتارلق ئۈچ كشى .

11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى    ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار مىللىي قۇ-
رۇلتايغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىن نەنجىڭغا قاراپ يولغا چىقتى .

11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى    جياڭ جيېشى ئەخمەتجان قاسىمنى نەنجىڭ-
دا تۈنجى قېتىم قوبۇل قىلىپ ، شىنجاڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى
ئاڭلىدى .

شۇ كۈنى    ئەخمەتجان قاسىمى نەنجىڭدا جياڭ جىڭگو ، بەي چۇڭ-
شى ، يۈيۈرىن ، شاۋلىزى بىلەن كۆرۈشۈپ ، شىنجاڭغا ئالاقىدار ئەھۋاللار
ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇردى .

11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى    ئەخمەتجان قاسىمى نەنجىڭدا سۇن كې بى-
لەن شىنجاڭغا ئالاقىدار ئەھۋاللار ئۈستىدە سۆھبەتلەشتى .

11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى    ئەخمەتجان قاسىمى مىللىي قۇرۇلتاي ھەيئەت
رىياسەتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى . قۇرۇلتاي مەزگىلىدە ، ئەخمەتجان قا-
سىمى باشچىلىقىدىكى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ يەتتە ۋەكىلى قۇرۇلتايغا
جۇڭخۇا مىنگو دائىرىسىدە شىنجاڭنى « شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى »
قىلىپ ئۆزگەرتىپ ، يۈكسەك ئاپتونومىيە ھوقۇقى بېرىش تەكلىپىنى بەردى .
جاڭ جىجۇڭ بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ، يۈ يۈرىن ، سۇن كې ،
جاڭ چۈن ، شاۋلىزى ، ۋۇ تيېچېڭ ، ۋاڭ شىجيې ، چېن لىفۇ ، بەي چۇڭ-
شى ، چېن چېڭ ، خوڭ لەنيۇ قاتارلىق كىشىلەرگە تېلېگرامما ئەۋەتىپ ، يې-

تەكلەش ، نەسىھەت قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ ئىشلەشنى تەكلىپ قىلدى.
گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شاۋلىزى قاتارلىق كىشىلەرنى ئالايىتەن بەلگىلەپ
ئەخمەتجان قاسىمى ۋە باشقا ۋەكىللەر بىلەن بۇ ئىش ئۈستىدە كۆپ قېتىم
ئۇزاق سۆزلەشتى. جياڭ جيېشىمۇ ئەخمەتجان قاسىمنى چاقىرتىپ ، ئۇنىڭ
بىلەن كۆپ قېتىم كۆرۈشۈپ ، شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ۋە شىنـ
جاڭنىڭ ئىستىقبالى ئۈستىدە مەخسۇس سۆھبەتلەشتى. نەنجىڭ تەرەپنىڭ
يېتەكلىشى ۋە نەسىھەت قىلىشى ئارقىسىدا ، ئەخمەتجان قاسىمى قاتار-
لىقلار ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپنى ئۆزلۈكىدىن قايتۇرۇۋېلىشتى.

شۇ كۈنى جاڭ جىجۇڭ «شىنجاڭ گېزىتى» دە «مېنىڭ ھەقىقىي جاۋا-
بىم ۋە جىددىي نەسىھىتىم» نى ئېلان قىلدى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى:
«شەرقىي تۈركىستان» دېگەن ئاتالغۇ تارىختىكى جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇ
بولۇپ ، ئاللىبۇرۇن ئۆتمۈشكە ئايلانغان ، ئۇ ۋەتەننى پارچىلايدىغان چا-
قىرىق بولۇپ قالماسلىقى لازىم. شىنجاڭ پەقەت يەرلىك ئاپتونومىيە يولىغا
مېڭىشى كېرەك.

11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئىلى ۋالىي مەھكىمىسى 30 - نومۇرلۇق
بۇيرۇق ئېلان قىلىپ ، ۋاققاس ھاجى مىرشانوپ ، قامى ئاسىلقان ، تۆرە
خوجا ، ئابلىمىت ھاجىيوپلارنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۆلكىلىك مالىيە نا-
زارىتى ، ئۆلكىلىك سودا بانكىسىنىڭ ئىلى ، ئالتاي ، تارباغاتاي ۋىلايەت-
لىرىدىكى ۋەكىللىرى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت قەغەز پۇلىنى يىغىۋېلىش - ئال-
ماشتۇرۇپ بېرىش خىزمىتى ئۈستىدە سۆزلىشىشكە بەلگىلىدى.

11 - ئاي ئوسمان ئىسلام مانات قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى 200
نەپەر قوراللىق خادىمنى ئەۋەتىپ بۇرۇلتوقاي ناھىيە بازىرىنى ئىگىلىدى ،
شىمالىي يۆنىلىش بويىچە ئۇرۇش قىلىش قوماندانلىق شتابى خەۋەر تاپ-
قاندىن كېيىن ، ئالتاي ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 - تۈەنىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ
ئىككى ليەن ئەسكەر ئەۋەتكۈزۈپ ، بۇرۇلتوقاي ناھىيە بازىرىنى

قايتۇرۇۋالدى .

شۇ ئاي ئالتاي ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسى زاكىخان ئەلەن ئۈچ ۋىلايەتتىن يۈز ئۆرۈپ ئۆزىنى گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئاتقانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ۋاكالەتلىك نامىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ، مۇقامەتقان شارىپقان ( ئەلەن ۋاكىلنىڭ باشقا ئانىدىن بولغان ئىنىسى شارىپقاننىڭ ئوغلى ) غا ۋاكالەتلىك نامىنى بەردى .

12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئىلى ۋالىي مەھكىمىسى ئورگان گېزىتى « ئىنقىلابى شەرقىي تۈركىستان » مىللىي ئارمىيە سىياسىي بۆلۈمى تەرىپىدىن ئەسكەر ئېلىش خىزمىتى توغرىسىدا ئېلان قىلىنغان « بارلىق قېرىنداشلارغا مۇراجىئەت » نى تولۇق تېكىستى بىلەن باستى . ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلدى : « تىنچلىق بىتىم » دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن ، بىز ھازىرقى مىللىي ئارمىيەنى ساقلاپ قېلىپلا قالماي ، بەلكى يەنە ئاقسۇ ، قەشقەر قاتارلىق ۋىلايەتلەردە مىللىي ئارمىيىنى تەشكىللەيمىز . كەڭ ياشلار ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان مىللىي ئارمىيىگە قىزغىن قاتنىشىپ ، ھەربىي تەلىم تەربىيىنى قوبۇل قىلىشى لازىم ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، خەلقىمىزدىن ئۆز پەرزەنتلىرىنى ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئېلىش ئۈچۈن ئارمىيىگە پائال ئەۋەتىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز .

12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى كەچقۇرۇن ، نەنجىڭدا مىللىي قۇرۇلتايغا قاتنىشىۋاتقان ئابدۇكېرىم ئابباسوپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نەنجىڭدىكى ئىش باشقۇرۇش ئورنىغا بېرىپ دۇڭ بىۋۇنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى . ئابدۇكېرىم ئابباسوپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قەتئىي قوبۇل قىلىدىغانلىق ئارزۇسىنى ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماۋزېدۇڭ ، جۇدېغا بولغان ھۆرمەت - ئېھتىرامىنى يەتكۈزدى . شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىغا يازغان خېتىنى تاپشۇردى . ئابدۇكېرىم ئابباسوپ دۇڭ

بىۋۇغا يەنە بەزى كونكرېت تەلەپلەرنى قويدى. دۇڭ بىۋۇ بۇ قىممەتلىك كۆرۈشۈشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى.

دۇڭ بىۋۇ كېچىلەپ تېلېگرامما ئارقىلىق مەركىزىي كومىتېتقا مەلۇم قىلدى، تېلېگراممىدا مۇنداق دېيىلگەن:

«مىللىي ئۆرۈلتاينىڭ شىنجاڭدىن كەلگەن ۋەكىلى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، ئۈرۈمچىدە مۇئاۋىن باش كاتىپى، بۇرۇنقى غۇلجا قوزغىلىڭىنىڭ سابىق رەھبەرلىرىدىن بىرى ئىكەن، ئۇ مېنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى كەپتۇ، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، شىنجاڭدا بىر كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتى بار ئىكەن. ئۇ ئازاد رايوندا ئاشكارا تەشكىلات بولغىنى بىلەن، ئۈرۈمچى ۋە باشقا جايلاردا تېخى مەخپىي ئىكەن. ھازىر ئۇنىڭ 15 مىڭ ئەزاسى بار ئىكەن، ئىتتىپاقنىڭ رەھبەرلىرى جەمئى 11 كىشى بولۇپ، ئۇلار ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرىشنى تەلەپ قىلغانىكەن، سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، رۇخسەت قىلماپتۇ، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى:

1. پارتىيىمىز شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىغا ① رەھبەرلىك قىلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش. بۇ ئىتتىپاقنىڭ مەركەزگە يوللىغان بىر پارچە خېتى بار (ئايرىم تېلېگراممىغا قارالسۇن).

2. ئىتتىپاق رەھبەرلىرىدىن 11 كىشى پارتىيىگە كىرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

3. سىياسىي، مالىيە ۋە ھەربىي ئىشلار خادىملىرىنى ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

4. ئالاقە ئورنىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

5. پارتىيىمىزنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسى توغرىسىدا ئېنىق سىياسەت بەلگىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

مەن ئۇنىڭغا ئۈچ تۈرلۈك جاۋاب بەردىم:

(1) مەركىزىي كومىتېتتىن يوليورۇق سوراپ باقاي.

(2) مەن ئادەم ئەۋەتەلمەيمەن.

(3) يەنئەن تېلېگراف ئىستانسىسى بىلەن ئالاقىلىشىش ئۇسۇلىنى بېكىتىشكە بولىدۇ.

ئۇ مىللىي ئۆرۈلتاي يېپىلغاندىن كېيىن شىنجاڭغا قايتماقچى، مۆلچەرىمچە، نەنجىڭدا

---

① شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى: ئەينى ۋاقىتتا ئۈرۈمچىدىلا ھەرىكەت ئېلىپ بارغان، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ نەنجىڭگە ماڭغاندا، شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ئارقىلىق ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىغا خەت ئەۋەتكەن. ئابدۇكېرىم ئابباسوپ خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ مەسئۇلى ئىدى. بۇ يەردە خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى دەپ خاتا ئېيتىلىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. (تۈزۈەندىمۇ شۇنداق)

ئۈچ ھەپتە تۇردۇ. مېنىڭچە، كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى بىلەن ئالاقە مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىشنىڭ پارتىيىمىزگە دەخلىسى يوق، ئىتتىپاق رەھبەرلىرىنىڭ پارتىيىگە كىرىش مەسىلىسى پارتىيە نىزامنامىسى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنسا، پارتىيىمىز كەلگۈسىدە ئادەم ئەۋەتىپ ئاندىن بېكىتسە دېيمەن. ھازىر ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنى شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ ۋەكىلى دەپ ئېتىراپ قىلىش ھەمدە ئۇنىڭ يەنئەن بىلەن ئالاقە باغلىشى مۇۋاپىقمۇ-يوق. مەركىزىي كومىتېت يوليورۇق بەرسە، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ يولداش لىن چىرۇڭنىڭ① ئۇقتۇرغۇچىسى ئىكەن، شىنجاڭدىن يەنئەنگە قايتقان بەزى يولداشلار ئۇنى بىلىدىكەن.

12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى دۇڭ بىۋۇنىڭ تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، جۇئېنلەينىڭ تەييارلىشى، ليۇ شاۋچىنىڭ ئىمزا قويۇشى بىلەن جاۋاب تېلېگرامما ئەۋەتتى. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن:

(1) شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى توغرىسىدىكى ئىككى پارچە تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالدۇق. (A) يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوۋتىن مۇنۇلارنى ئېنىق سوراپ باقسىڭىز: (1) شىنجاڭنىڭ پۈتۈن سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي، دىپلوماتىيە قاتارلىق ئەھۋاللىرى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى. (2) شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ كونكرېت تەشەببۇسلىرى. (3) يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوپ خىزمەتچى ئېلىپ شىنجاڭغا قايتسا ھەمدە يەنئەن بىلەن تېلېگراف ئالاقىسى ئورناتسا بولامدۇ، يوق. (B) ئەگەر مۇمكىن بولسا، سىز قابىلىيەتلىك ئەمما قىزىللاشمىغان بىر يولداشنى ئالاقىلەشكۈچى ۋەكىل قىلىپ، ئۇنىڭغا مەخپىي ئالاقە خادىمىدىن ئىككىنى قوشۇپ، يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوپ بىلەن بىللە شىنجاڭغا ئەۋەتسىڭىز ھەمدە يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوۋقا تۆۋەندىكى نۇقتىلارنى ئېنىق ئېيتسىڭىز: (1) جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى بىلەن بىرىنچى قەدەمدە دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى خالايدۇ. (2) ئەۋەتىلگەن ۋەكىلنىڭ كونكرېت ۋەزىپىسى ئالاقىلىشىش ۋە كۆزىتىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. (3) شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى رەھبەرلىرىدىن جەمئىي 11 كىشىنىڭ پارتىيىگە كىرىشىنى پرىنسىپ جەھەتتىن قارشى ئالىمىز، لېكىن كونكرېت ھەل قىلىشقا كەلسەك، ئۇنى ئالاقىلەشكۈچى ۋەكىل يېتىپ بارغاندىن كېيىن، تېلېگرامما ئارقىلىق قارار قىلىمىز. (4) شىنجاڭ خىزمىتىدە شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنى رەھبەرلىك مەركىزىي قىلىش كېرەك. (5) خىزمەتچى خادىم ئەۋەتىشنى شىنجاڭنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى سىياسىي ئەھۋالى ۋە قاتناش شارائىتىغا قاراپ بەلگىلەيمىز. (C) ئەگەر يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ئادەمنى ئېلىپ كېتەلمىسە، ئۇنىڭ بىلەن

---

① لىن چىرۇڭ — لىن جىلۇ.

سىمسىز رادىئو ئارقىلىق ئالاقىلىشىش چارىسى ۋە مەخپىي سىفىر ھەققىدە كېلىشىشكىمىز بولىدۇ . ئالدى بىلەن تېلېگرامما ئارقىلىق ئالاقىلىشىپ تۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈڭ ھەمدە يەنئەنىڭ خەنزۇچە ، ئىنگلىزچە رادىئو ئاڭلىتىش ۋاقتىنى ، رادىئو چاستوتىسىنى ، چاقىرىش بەلگىسىنى ئۆزىمىزگە ئېيتىپ بېرىڭ . ( D ) مەيلى ئادەم بارسۇن ياكى بارمىسۇن ، ماۋجۇشى ئەسەرلىرى ، پارتىيە نىزامنامىسى ، ليۇشاۋچىنىڭ دوكلاتى ۋە بېسىپ تارقىتىلغان باشقا ھۆججەتلەرنى ئۆزىمىزگە بېرىپ قويۇڭ ، قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇلارنى ئۇيغۇرچە ، قازاقچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمىز . ( E ) ئالاقىلەشكۈچى ۋەكىلنى سىرتتا ئاشكارىلانمىغان پارتىيە ئەزالىرىدىن تاللاشنى ئۈمىد قىلىمىز ، مەسىلەن ، دېموكراتىيە ئىتتىپاقى تەشكىلاتىدا ئاشۇنداق ئادەملەر بار .

12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى كەچتە ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ئىككىنچى قېتىم مېيۋەن كوچىسىغا بېرىپ دۇڭ بىۋۇ بىلەن كۆرۈشتى .

دۇڭ بىۋۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تېلېگرامما ئارقىلىق بەرگەن يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن ، ئابدۇكېرىم ئابباسوپنىڭ بىرىنچى قېتىم كۆرۈشكەندە ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپلىرىگە جاۋاب بەردى ھەمدە پېڭ چاڭگۈينىڭ بىر راتسىيىنى ئېلىپ ئابدۇكېرىم ئابباسوپ بىلەن بىرگە شىنجاڭغا بېرىشنى مەسلىھەتلىشىپ بېكىتتى . شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا شىنجاڭدىكى ئىلغار تەشكىلاتلار بىرلىشەلەيدىغانلا بولسا ، كېڭىشىش ئارقىلىق بىرلىشىشى كېرەكلىكى ، بۇنداق قىلىشنىڭ كۈچ بولۇپ ئۇيۇشۇشقا ، تېخىمۇ ياخشى كۈرەش قىلىشقا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ، لېكىن تەشكىلاتنىڭ ئىسمى مەسىلىسىدە ، شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى ، ئاممىنىڭ ئاڭ سەۋىيىسى ۋە قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىنى كۆزدە تۇتقاندا كوممۇنىزم ، سوتسىيالىزم دېگەن تۇغنى تولىمۇ بالدۇر كۆتۈرۈپ چىقىشنىڭ مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى ئېيتتى .

12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىن قاسىمجان قەمبىرىنى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى .

12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ستالىن ئېدۋارت روزۋېلتقا سوۋېت ئىتتىپا-
قى ھۆكۈمىتىنىڭ يىراق شەرق مەسىلىسىدە ئامېرىكا بىلەن ئورتاق سىياسەت
يولغا قويۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىدىكى ھەر قايسى
ئورگان، ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى بىرلەشمە كېڭەيتىلگەن يىغىن ئېچىپ، ئە-
لى ۋىلايىتىنىڭ 1947 - يىللىق مائارىپ، سەھىيە، دېھقانچىلىق، ئورمانچى-
لىق، چارۋىچىلىق، شەھەر مەمۇرىيىتى، پوچتا - تېلېگراف، پۇل مۇئامىلى-
سى، قاتناش، سودا، ئەدلىيە، جامائەت خەۋپسىزلىكى قاتارلىق خىزمەت
پىلانىنى ماقۇللىدى.

12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى جاڭ جىجوڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت-
نىڭ 18 - نۆۋەتلىك يىغىنىدا رىياسەتچىلىك قىلىپ، لاتىپ مۇستاپا
باشچىلىقىدىكى سايلامغا نازارەت قىلىش 6 - گۇرۇپپىسىنى باشقىدىن ئال-
تاي ۋىلايىتىگە ھەر قايسى ناھىيە ھاكىملىرى ۋە ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى-
نى سايلاشقا نازارەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىشنى قارار قىلدى.

12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئىلى ۋالىي مەھكىمىسى 31 - نومۇرلۇق
بۇيرۇق ئېلان قىلىپ، ئارىشاڭ ناھىيىسىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. پۈجەنى
ئارىشاڭ ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىدى.

12 - ئاي جاڭ جىجوڭ ئۈرۈمچىدە ئارقا - ئارقىدىن پارتىيە، ھۆ-
كۈمەت، ئارمىيە، ساقچى ۋە ئالاھىدە خىزمەت ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرىنى
چاقىرىپ يىغىن ئاچتى. يىغىندا قاتناشقۇچىلار بىردەك ۋەزىيەت بارغانسېرى
جىددىيلىشىۋاتىدۇ، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئۈچ ۋىلايەت كۈچىنىڭ
زورىيىپ كېتىشىنى توسۇش كېرەك دەپ قارىدى، ئاخىرىدا، تەشكىلاتتا
تەشكىلات ئارقىلىق، تەشۋىقاتتا تەشۋىقات ئارقىلىق تاقابىل تۇرۇش فاڭ-
جېنىنى قوللىنىپ، ئاتالمىش «ئۈچ ۋىلايەت»نى ئالاھىدە قىلمىشلىقا قار-

شى تۇرۇش قارار قىلىندى.

## 1947 - يىلى ( 1 - ئايدىن 8 - ئايغىچە )

1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 7 - كۈنىگىچە «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» مەركىزىي كومىتېتى غۇلجىدا 1 - قۇرۇلتىيىنى چاقىردى. قۇرۇلتايغا بىۋاسىتە قاراشلىق ناھىيە، رايون ۋە مىللىي ئارمىيەدىكى ئۇنىڭ كومىتېتلىرىنىڭ ۋەكىللىرىدىن جەمئىي 106 كىشى قاتناشتى. قۇرۇلتايدا بىۋاسىتە قاراشلىق ناھىيە، رايون ۋە مىللىي ئارمىيەدىكى ئۇنىڭ كومىتېتلىرىنىڭ بىر يىلدىن بۇيانقى خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتى ۋە تەشكىلات مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى سەيدۇللا سەيپۇللايوپ بەرگەن سىياسىي دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى. قۇرۇلتاينىڭ ئاخىرىدا قارار ماقۇللىنىپ مۇنۇلار بەلگىلەندى: ( 1 ) «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» مەركىزىي كومىتېتى ئىلى ۋىلايىتىدىكى ھەر قايسى ناھىيىلىك تەشكىلات كومىتېتلىرىغا داۋاملىق بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلىدۇ. «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ئىلى ۋىلايەتلىك كومىتېتى» قايتا قۇرۇلمايدۇ. ( 2 ) «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ۋاقىتلىق نىزامنامىسى» رەسمىي تەشكىلات نىزامنامىسى قىلىنىدۇ. ( 3 ) ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى يەتتە ۋىلايەتتە تەشكىلاتنى ئاشكارا تەرەققىي قىلدۇرۇپ خىزمەت ئىشلەيدۇ.

1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى جاڭ جىجۇڭ ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىپ لەنجۇ ئارقىلىق 6 - كۈنى نەنجىڭغا بېرىپ، جياڭ جيېشىغا شىنجاڭ بىرلەشمە ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى دوكلات قىلدى.

1 - ئاينىڭ 11 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك پوچتا باشقۇرۇش ئىدارى-

سى قاتناش مىنىستىرلىكى پوچتا باش ئىدارىسىگە مۇنداق دەپ دوكلات يوللىدى: ئۈچ ۋىلايەتنىڭ پوچتا - تېلېگراف ۋەكىلى مالىك ئۆلكە غەزنىسىدىن 7-، 8 -، 9 - ئايلىق راسخوت ئېلىپ غۇلجىغا قايتقاندىن كېيىن ئىزدېرەكسىز يوقىلىپ كەتتى. شۇڭا ئىدارىمىز ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتىنى ئىشلەشكە ئامالسىز قالدى. بۇ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئەھۋالىنى قايتا تەكشۈرۈش يەنىلا ئالاھىدە ئىش بولۇۋاتىدۇ. پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە خادىملىرى خىزمەت ئىشلەشكە تېخى بارالمايۋاتىدۇ. ئىدارىمىز تەكشۈرۈشكە خادىم ئەۋەتەلمىدى.

1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئامېرىكا «تۇرمۇش ژۇرنىلى» نىڭ ئايال مۇخبىرى ھېنىس تونىس بابالا ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا بېرىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى تەكشۈردى ۋە چۈشەندى، ھاكىمبەگ خوجا، ئەنۋەر موسابايوپ، غېنى قاتارلىقلارنى زىيارەت قىلدى.

1 - ئاينىڭ 14 - كۈنى مىللىي قۇرۇلتايغا قاتناشقان ئەخمەتجان قاسىمى بىر قىسىم شىنجاڭ ۋەكىللىرىنى باشلاپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوپ پېڭ چاڭگۈي①بىلەن بىر ئايروپىلاندا ئولتۇرۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 7 - قۇرۇلتىيىنىڭ ھۆججەتلىرىنى، ماۋزېدۇڭ، ليۇشاۋچى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە قايتتى. پېڭ چاڭگۈينىڭ بىخەتەرلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ئۇنى ئۆز ئائىلىسىدە تۇرغۇزدى. پېڭ چاڭگۈي ئېلىپ كەلگەن راتسىيىنىڭ ئىقتىدارى يېتەرلىك بولمىغاچقا يەنئەن بىلەن ئالاقە قىلىشقا مۇمكىن بولمىدى.

---

① پېڭ چاڭگۈي: پېڭ گوئەن دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شىنجاڭدا ئىسمىنى ۋاڭ ئەندى دەپ ئۆزگەرتكەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭغا ئەۋەتكەن مۇھىم مەخپىي ئىشلار خادىمى، شۇ چاغدا سىرتتىكى ئاشكارا سالاھىيىتى ئابدۇكېرىم ئابباسوپنىڭ رەپىقىسى لۇسۇ شىننىڭ تۇغقىنى، چىڭداۋدىن نەنجىڭگە كېلىپ ئابدۇكېرىم ئابباسوپ بىلەن شىنجاڭغا تۇغقان يوقلاشقا كەلگەن ئادەم ئىدى.

1 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ رەھبەرلىرى لوجى①، چېن شىخۇا، لى تەيېۋي قاتارلىقلارغا دوڭ بىۋۇنىڭ پىكرىنى يەتكۈزدى، «شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى» نى «خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى» بىلەن بىرلەشتۈرۈپ «دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىيىسى» قىلىپ قۇرۇشنى كېڭىشىپ بېكىتتى.

1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى ئايرىم - ئايرىم ھالدا جياڭجېيشى، يۈيۇرېن، بەي چۇڭشى، شاۋلىزى، جياڭ جىڭگوغا تېلېگرامما يوللاپ، بۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەركىنلىك، خەلقچىللىق ئارزۇسىنى بالدۇرراق ئىشقا ئاشۇرۇش، دۆلەتنى گۈللەندۈرۈپ قۇدرەت تاپقۇزۇش يولىدا تىرىشىپ ئىشلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

1 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋالىي مەھكىمىلىرىگە چارۋا مال، ئوتۇن، گۈرۈچ، تېرە قاتارلىق ماددىي ئەشيالارنى ئۈرۈمچىگە توشۇشقا يول قويۇلمايدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، سودىگەرلەر توشۇۋاتقان بارلىق باشقا ماللارنى تۇتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ، دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى.

1 - ئاي ئىلى ۋالىي مەھكىمىسى 43 - نومۇرلۇق بۇيرۇق ئېلان قى-

---

① لوجى (1915—1949) : گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ گاۋمىڭ ناھىيىسىدىن. باللىق چاغلىرىدا جېنىنى بېقىش ئۈچۈن شەرقىي شىمالغا بارغان، جىلىن ياپونغا قارشى قوغدىنىش قوشۇنىغا قاتناشقاندا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق 1933 - يىلىنىڭ بېشىدا شىنجاڭغا كەلگەن. 1946 - يىلى 3 - ئايدا شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىغا قاتنىشىپ، شىنجاڭ دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىيىسى ئۈرۈمچى رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مەسئۇلى بولغان. 1949 - يىلى 8 - ئايدا جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا كېتىۋاتقاندا يول ئۈستىدە بەختكە قارشى قازا تاپقان.

لىپ، ئىلى ۋىلايەتلىك موڭغۇل مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنى ئۆزگەر-
تىپ تەشكىللەش، لۇرۇپ لامانى ئۇيۇشما رەئىسلىكىگە تەيىنلەشنى قارار
قىلدى.

شۇ ۋاي    ئالتاي ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسى دىنىي زاتلار قۇرۇلتى-
يى چاقىرىپ، شەرىئەت ئارقىلىق سىياسىي باشقۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىش-
نى قارار قىلدى.

شۇ ۋاي    ليۇ مېڭچۈن «تەشكىلات ئارقىلىق تەشكىلاتقا، تەشۋىقات
ئارقىلىق تەشۋىقاتقا تاقابىل تۇرۇش» قائىدىسى ۋە جاڭ جىجۇڭنىڭ مېڭىش
ئالدىدا بەرگەن يوليورۇقىغا ئاساسەن، كۆپ قېتىم يىغىن چاقىرىپ، ئۈچ
ۋىلايەتكە تاقابىل تۇرۇشنىڭ كونكرېت چارىسىنى كېڭىشىپ بېكىتتى. بۇ
چارە ئاساسلىقى ئىككى تۈرلۈك: (1) گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك
پىرقىسى، شىنجاڭ گارنىزون باش قوماندانلىق شتابى، «شىنجاڭ گېزى-
تى» ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار خېلى چوڭ كۆلەملىك تەشۋىقات ھۇجۇ-
مى قوزغاپ، شىنجاڭ جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى تە-
كىتلەش، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ «سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگ-
راممىسى»نى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش، يەنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت
مەركەزنىڭ رەھبەرلىكىدە دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قىلىش، پۈتۈن ئۆلكى-
نىڭ تىنچلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش،
دېموكراتىك سىياسىنى يولغا قويۇش، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئالاھىدە بولۇۋېلى-
شىغا قارشى تۇرۇش. (2) ئۆلكىلىك خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمى-
سىنى ئاساس قىلىپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى خەنزۇلارنى تەشكىللەش،
ئۆلكىلىك خۇيزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنى ئاساس قىلىپ، ئۈرۈم-
چى شەھىرىدىكى خۇيزۇلارنى تەشكىللەش، ئاندىن خادىۋاڭ، سالىس
قاتارلىق كىشىلەر ئارقىلىق قازاق، قىرغىز مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش
ئۇيۇشمىسىنى پارچىلاش، ئۆلكىلىك موڭغۇل مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمى-
سىنى ۋە ئۆلكىلىك شىبە، سولۇن (داغۇر)، مانجۇ مەدەنىي ئاقارتىش

ئۆيۈشمىسىنى ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى تۇرۇشقا كۈشكۈرتۈش.

2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى   ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئوسمان ئىسلامنى ئالتاينىڭ ۋالىيلىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىغانلىقىنى، دەلىلقان سۈگۈر بايوپنىڭ ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدىغانلىقىنى ئۆز ئالدىغا جاكارلىدى.

2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى   « شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى » بىلەن « خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى » نىڭ بىرلىشىشى ئارقىلىق « دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىيىسى » ئۈرۈمچىدە مەخپىي قۇرۇلدى. بۇ پارتىيە ئابدۇكېرىم ئاباسوپنى رەئىسلىككە، لى تەيىۋې، ئەسقەت ئىسھاقوب ئىككىيلەننى مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلىدى. سەيپىدىن ئەزىزى، لوجى قاتارلىقلار مەركىزىي كومىتېت ئەزالىقىغا سايلاندى. « دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىيىسىنىڭ نىزامنامىسىدە دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىيىسىنىڭ ۋەزىپىسى مۇنداق بەلگىلەندى: « دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم ئارقىلىق ئۆزىنى قوراللاندۇرۇش » ، « ئامما، بولۇپمۇ ياش ۋە ئوتتۇرا ياش زىيالىيلارنىڭ پانئىسلامىزمچى، پان تۈركىزمچى، چوڭ مىللەتچى ياكى تار مىللەتچى بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇلارغا پارتىيە توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى پارتىيىنىڭ نەزەرىيىسى ۋە سىياسىتى بىلەن قوراللاندۇرۇش لازىم. »

دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، تەشكىلاتنى كېڭەيتىشكە كىرىشىپ، بەزى مۇھىم ۋىلايەتلەردە ۋىلايەتلىك كومىتېت قۇردى ھەم بەزى ناھىيە ۋە مۇھىم ئورۇنلاردا ياچېيكا تەسىس قىلدى.

شۇ كۈنى   دەلىلقان سۈگۈربايوپ ئەخمەتجان قاسىمغا خەت يېزىپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن ئالتاينىڭ قالاق قىياپىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرىگە ئاجرىتىپ بېرىلگەن 1946 - ، 1947 - يىللىق مالىيە راسخوتىنى تېزرەك ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

شۇ كۈنى   جياڭ جيېشى ئەخمەتجان قاسىمغا جاۋاب تېلېگرامما ئەۋەتىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ رەھبەرلىكىدە «ماجىرانى بۇرۇنراق تۈگىتىپ، جايلارنى تىنچلاندۇرۇش» نى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى، «شۇنداق بولغاندا قۇرۇلۇشتا ئىلگىرىلەش بولىدىغانلىقى، خەلقنىڭ خۇشال - خۇرام تىرىكچىلىك قىلىدىغانلىقى» نى ئېيتتى.

2 - ئاينىڭ باشلىرىدىن 3 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە   ئوسمان ئىسلام گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي، مەمۇرىي دائىرىلىرىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، قوشۇن باشلاپ كۆكتوقاي، چىڭگىل، بۇرۇلتوقاي ئەتراپىدا ئالتاي ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 - تۈەنىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. يەنە شىبە كېچىكى ئەتراپىدا پاراكەندىچىلىك تۇغدۇردى، شىمالىي يۆنىلىش بويىچە ئۇرۇش قىلىش قوماندانلىق شتابى خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال بىر يىلىك ئەسكەر ئەۋەتىپ توسۇپ زەربە بېرىپ، ئوسمان ئىسلامنىڭ قوشۇنىنى قارا ئېرتىش دەرياسىدىن قوغلاپ ئۆتكۈزۈۋەتتى.

2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى   تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسى ئالتاي ۋىلايىتى تارقاتقان ۋاقىتلىق پۇل تارباغاتاي ۋىلايىتىدە بىردەك ئىناۋەتسىز دەپ قارار چىقاردى.

2 - ئاينىڭ 17 - كۈنى   ئەخمەتجان قاسىمى ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ئۆتكۈزگەن ئاممىۋى يىغىندا مىللىي قۇرۇلتايغا قاتنىشىش ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى، ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «بىز مىللىي قۇرۇلتايدا شىنجاڭدا مىللەتنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق، لېكىن بۇ مۇستەقىل بولۇش دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ. بىزنىڭ موھتاج بولۇۋاتقىنىمىز مىللەتنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشى، بۇ ھەرگىز بىر مىللەت بىلەن چەكلەنمەيدۇ. . . . . . . ئۇ يە-

نىلا پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ بىردەك باراۋەر بولۇ-
شى ئاساسىدىكى مىللەتنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشى بولۇپ ، بۇنىڭ-
دا دېموكراتىك سىياسىنى يولغا قويۇش مەقسىتىگە يېتىش كۆزدە تۇتۇل-
غان . ئومۇمەن مىللەتنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشى پەقەت بىر مىللەت-
نىڭ مۇستەقىل ، ئەركىن بولۇشى دەپ قارىلىدىكەن ، بۇنداق قارىغان ئا-
دەملەرنىڭ ئىدىيىسى بەك خاتا بولغان بولىدۇ . شۇنى بىلىش كېرەككى ،
مىللىتىمىزنىڭ دۈشمىنى خەنزۇلار ئەمەس ، بەلكى ئىلگىرىكى مۇستەبىت تۈ-
زۈم شارائىتىدىكى خەنزۇ چىرىك ئەمەلدارلار . بىز بۇ ئىككىسىنىڭ چېگرى-
سىنى ئېنىق ئايرىمساق ، ھەتتا خاتا ھالدا خەنزۇلارنى دۈشمىنىمىز دەپ
قارىساق بولمايدۇ . 〈تىنچلىق بىتىم〉 ئىمزالانغاندىن كېيىن ، 〈شەرقىي تۈر-
كىستان جۇمھۇرىيىتى〉 ھۆكۈمىتى ئۆز ئىززىتىنى ساقلاپ تارقىلىپ كەتكەنلى-
كىنى ئېلان قىلدى ، باشقا ۋىلايەتلەرگە ئوخشاش ، ئۇنىڭغا يەنىلا ئۆلكە-
لىك ھۆكۈمەت رەھبەرلىك قىلىدىغان بولدى . . . ئەگەر بۈگۈنكى كۈنگە
كەلگەندە بەزىلەر يەنىلا 〈شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىكى〉 نى تەرغىب
قىلىدىكەن ، ئۇنداقتا ئۇ « تىنچلىق بىتىم » غا قارشى تۇرغان بولىدۇ . »
« خەلقىمىز بۈگۈنكى كۈندە قانداقتۇ 〈 شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى 〉
ھۆكۈمىتى قۇرماقچى ئەمەس ، شۇنداقلا 〈تىنچلىق بىتىم〉 نىڭ يولغا قويۇ-
لۇشىغا كاشىلا تۇغدۇرۇشقىمۇ ھەرگىز يول قويمايدۇ . » ئۇ يەنە مۇنداق
دەپ كۆرسەتتى : « بىزنىڭ بۇ قېتىمقى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىز قايسى
بىر مىللەتكە قارشىلىشى ھەرىكەت ئەمەس ، بۇ قېتىمقى مىللىي ئازادلىق ھە-
رىكىتى ئۆلكىمىزدە ھەقىقىي مىللىي باراۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كاپا-
لەتلىك قىلىدىغان ھەرىكەت ، مۇستەبىت ھاكىمىيەت بىلەن چېتىشلىقى بولمى-
غان خەنزۇلار كۈتمىگەن يەردىن ، ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە زەربىگە
ئۇچرىدى . گەرچە بۇ بەزىبىر ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ قىلمىشى بولسى-
مۇ ، لېكىن بىز بۇنداق ئىشنىڭ بولغانلىقىنى ئىنكار قىلالمايمىز . . . . -
بىزنىڭ دۈشمىنىمىز خەنزۇلار ئەمەس ، بەلكى مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ ھىما-
يىچىلىرى ۋە خەلق ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلغان جاھىللار ۋە ئۇنىڭ ھامىيلى-
رى . » « خەلقىمىز شۇنى چۈشىنىشى لازىمكى ، بۈگۈنكى كۈندە بىز خەن-

زۇلارغا ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە قارشى تۇرۇۋاتقىنىمىز يوق، ئەگەر بەزىلەر
خەنزۇلارغا ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە قارشى تۇرىدىكەن، ئۇ ھالدا ئۇ
〈تىنچلىق بىتىم〉غا ۋە 〈ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي ئىشلارنى يولغا
قويۇش پروگراممىسى〉غا قارشى تۇرغان بولىدۇ، ئۇ بىزنىڭ دوستىمىز
ئەمەس. شۇڭا، 〈تىنچلىق بىتىم〉دىن باشقا ھەر قانداق ھەرىكەتنى
قەتئىي قوللىمايمىز».

2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە 500 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر
ياشلىرى ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدا «ئەركىنلىك
يىغىنى» ئاچتى. يىغىنغا ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى-
نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇلئەخەت مەخسۇم رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىنغا
قاتناشقۇچىلار خەنزۇ ھۆكۈمرانلارنىڭ شىنجاڭ خەلقىگە كەلتۈرگەن خىلمۇ
خىل ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى قاتتىق ئەيىبلىدى. خەنزۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى-
غا خاتىمە بېرىشنى، مەركەز قوشۇنىنىڭ شىنجاڭدىن چىقىپ كېتىشىنى تەلەپ
قىلدى. يىغىندىن كېيىن نامايىش ئۆتكۈزدى. يول بويى «مەركەزنىڭ قو-
شۇنى شىنجاڭدىن چىقىپ كەتسۇن»، «خەنزولارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قار-
شى تۇرايلى» دېگەنگە ئوخشاش شوئارلارنى توۋلاپ ماڭدى. ئۆلكىلىك
ھۆكۈمەت دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ليۇمېڭچۈنگە 30 نەچچە تەلەپ
قويدى. چۈشتىن كېيىن سائەت بەشكە بارغاندا ئاندىن تارقاشتى.

2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇش-
مىسى تەشكىللىگەن 5 مىڭدىن ئارتۇق كىشى قاتناشقان نامايىش قوشۇنى
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قورۇسىغا بېرىپ، ليۇمېڭچۈنگە 50 ماددىلىق تەلەپ
قويۇپ، 72 سائەت ئىچىدە جاۋاپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، بۇ تەلەپلەر
يىغىنچاقلىغاندا مۇنۇلاردىن ئىبارەت: (1) مەركەز قوشۇنى ئىچكىرىگە قاي-
تىپ كەتسۇن؛ (2) ئاقسۇ، قەشقەرلەردە مىللىي ئارمىيە قۇرۇلسۇن؛
(3) ئارمىيە ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلاشمىسۇن، ھەربىي ساقچىلارنىڭ
خەلقنى ئېزىشى قاتتىق مەنئى قىلىنسۇن؛ (4) مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇ-

رۇشلۇق بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلىرى بىردەك ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تەۋە بولسۇن؛ (5) «تىنچلىق بىتىم» ئىجرا قىلىنىپ، ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ 70% ى يەرلىك ئادەملەردىن بولسۇن؛ (6) دېموكراتىك سايلام خىزمەتى قايتىدىن ئېلىپ بېرىلسۇن. جايلارنىڭ ۋالىيلىرى يەرلىك كىشىلەردىن بولسۇن؛ (7) ئۈرۈمچى ۋالىيسى خادىۋاڭ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى سەلىس، قومۇل ۋالىيسى يولۋاس، يەكەن ۋالىيسى جۇفاڭگاڭ، خوتەن ۋالىيسى نۇربەگلەر يەڭگۈشلىۋېتىلسۇن؛ (8) ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ باشلىقلىرى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلسۇن. ئەدلىيىنى خەلق ئۆزى باشقۇرسۇن؛ (9) دىنىي نازارەت تەسىس قىلىنسۇن؛ (10) «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ خەنزۇچە نەشرى توختىتىلسۇن قاتارلىقلار. لىۋمېڭچۈن بۇلار ناھايىتى مۇھىم ئىشلار بولغاچقا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرى يىغىنى مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن جاۋاب بېرىلىدۇ دېدى. نامايىشقا قاتناشقان ئاممىا ئاندىن ئاستا ـ ئاستا تارقاپ كېتىشتى.

2 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئەخمەتجان قاسىمنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ جىددىي يىغىنى چاقىرىلدى.

يىغىندا بۇرھان شەھىدى، ئابدۇكېرىم ئاباسوپلار جۇفاڭگاڭ، خادىۋاڭ قاتارلىق كىشىلەرنى يەڭگۈشلىۋېتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى، لېكىن لىۋمېڭچۈن، ۋاڭ زېڭشەن، جانىمقان قاتارلىقلار بۇنىڭغا قارشى چىقتى، چۈشتىن بۇرۇنلا ئېچىلغان يىغىن تا چۈشتىن كېيىنگىچە داۋاملاشقان بولسىمۇ ھېچقانداق نەتىجىسى بولمىدى. ئەخمەتجان قاسىمى تەلەپ قويغۇچى ئاممىنىڭ يىغىنغا ۋەكىل ئەۋەتىپ پىكرىنى يەتكۈزۈشكە يول قويۇشنى تەكلىپ قىلغاندا بۇ تەكلىپ دەرھال ماقۇللاندى. ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇلئەخەت مەخسۇم قاتارلىقلار يىغىنغا كېلىپ ئاممىنىڭ تەلەپلىرىنى بايان قىلدى. ئاممىنىڭ ۋەكىللىرى يىغىندىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئەخمەتجان قاسىمى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئالدى بىلەن خوتەننىڭ ۋالىيسى نۇربەگ بىلەن يەكەننىڭ ۋالىيسى جۇفاڭگاڭنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش تەكلىپى ماقۇللاندى. سوڭ

شىلىيەن قاتارلىقلار يىغىننىڭ ئالاقىدار مەزمۇنلىرىدىن خەۋەر تاپقاندىن كې-
يىن، كېچىلەپ يېڭى بىنادا يىغىن ئاچتى. يىغىنغا قاتناشقۇچىلار بىردەك
ئۈچ ۋىلايەتكە قەتئىي تاقابىل تۇرۇش فاكىتىنى قولىنىش لازىم، ناما-
يىش ئارقىلىق نامايىشقا تاقابىل تۇرۇپ، تەلەپ قويۇش ئارقىلىق تەلەپ
قويۇشقا تاقابىل تۇرۇپ، ئۈچ ۋىلايەتكە قايتۇرما زەربە بېرىش كېرەك،
دەپ ھېسابلىدى، ليۇمىڭچۈن، شيې يۈگسۇن، لياڭ كېشۇنلار كونكرېت
ئورۇنلاشتۇرۇشقا مەسئۇل بولدى.

شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن گومىنداڭ تەرەپ تەشكىللىگەن 5000 دىن
ئارتۇق قازاق، خەنزۇ، خۇيزۇ ئامما كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلىپ، يول
بويى «مەركىزىي ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىمىز»، «شىنجاڭ 14 مىللەتنىڭ ①
شىنجاڭى، ئۇيغۇرلارنىڭلا شىنجاڭى ئەمەس»، «ئىلى، تارباغاتاي، ئال-
تاي ۋىلايەتلىرىنىڭ ئالاھىدە بولۇۋېلىشىغا قارشى تۇرايلى»، «ئەخمەت-
جان، ئابباسوپلارنى يوقىتايلى» دېگەن شوئارلارنى توۋلاپ، ئۆلكىلىك
ھۆكۈمەت دەرۋازىسى ئالدىغا يۈرۈپ كېلىپ، 26 ماددىلىق قارمۇ قار-
شى تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە ھۆكۈمەت خەلقنىڭ پىكرىنى قوبۇل
قىلمىسا، مەسىلىنى ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئۆرپ - ئادىتى بويىچە ھەل قىلىدى-
غانلىقى ھەققىدە جار سېلىشتى. ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تەختىنى چۈشۈرۈش-
نى تەلەپ قىلدى.

2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى خەنزۇ، خۇيزۇ، قازاق ئاممىسى ۋە ئامما ئى-
چىگە قوشۇلۇۋالغان سەنچىڭتۇەن ئەزالىرى ھەم پۇقراچە كىيىنىۋالغان ھەر-
بىي، ساقچى خادىملىرى قاتارلىق بۇزغۇنچىلار بولۇپ 10 مىڭدىن ئارتۇق
كىشى ئۆلكىلىك خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى ليۇ-

---

① 14 مىللەت: ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، خەنزۇ، موڭغۇل، قىرغىز، ئۆز-
بېك، تاتار، شىبە، مانجۇ، سولۇن (داغۇر)، رۇس، تارانچى (ئىلىدىكى ئۇيغۇرلار)، تا-
جىكلارنى كۆرسەتتى.

يېڭىشياڭنىڭ باشلامچىلىقىدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قوروسى دەرۋازىسى ئالدىغا تەلەپ قويۇشقا باردى. تەلەپ قويغۇچى ئاما سايلاپ چىققان ۋەكىللەر 16 ماددىلىق تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ جاۋاب بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. بۇ تەلەپلەرنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنلىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت: (1) ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئالاھىدە بولۇۋېلىشىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش. (2) ئۈچ ۋىلايەت چېگرىسىنى دۆلەت ئارمىيىسى مۇھاپىزەت قىلىشى كېرەك. (3) ئۈچ ۋىلايەتنىڭ يەرلىك قوراللىق قىسىملىرىنى تىنچلىق بىتىمدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش كېرەك. (4) «غۇلجا ۋەقەسى» مەزگىلىدە يەرلىك بىگۇناھ ئاھالىلەرنى ئۆلتۈرگەن قاتىللارنى قاتتىق جازالاش كېرەك. (5) «غۇلجا ۋەقەسى»دە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بىلەن نەپىقە بېرىش كېرەك. (6) شىنجاڭنى جۇڭگودىن ئايرىپ تاشلاشقا ئۇرۇنغان «شەرقىي تۈركىستان» چىلىق ھەرىكىتىگە قارشى تۇرۇش كېرەك. (7) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەر ئارىسىدا كەمسىتىش ۋە ئۆچمەنلىك تۇغدۇرۇشقا قارشى تۇرۇش كېرەك ۋەھاكازالار.

ئەخمەتجان قاسىمى ۋەكىللەرنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئاممىغا نۇتۇق سۆزلىدى. بەزى بۇزۇق ئۇنسۇرلارنىڭ چۇقان سېلىشى ۋە توسقۇنلۇق قىلىشى بىلەن، ئۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باشقا ئەزالىرى بىلەن بىرگە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قوروسى ئىچىگە كىرىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. دەرۋازا سىرتىدا بۇرھان شەھىدىنىڭ شوپۇرى ئاما بىلەن تالاش-تارتىش قىلىۋاتقاندا گىرانات پارتلاپ ئۆلدى، ئاممىدىن ئىككىسى يارىلاندى. مەيدان قالايمىقانلىشىپ كەتتى، بۇ چاغدا نەنگۇەن ۋە باشقا جايلاردا ئۇيغۇرلاردىن 5-6 مىڭ كىشى توپلىشىپ، قورشاۋدا قالغان ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق كىشىلەرنى قۇتقۇزۇۋېلىشقا كەلمەكچى بولدى. ھەربىي، ساقچىلار نەنمىڭ سېپىل دەرۋازىسىنى ئېتىۋەتكەن، ئاتلىق ئەسكەر ئەۋەتىپ توسقان بولسىمۇ، بىر قىسىم ئۇيغۇرلار يەنىلا مەيدانغا يېتىپ كەلدى. ئىككى تەرەپ توقۇنۇشۇپ قالدى. بىر ئادەم ئۆلدى. سوڭ شىليەن ۋەقەنىڭ يەنىمۇ كېڭىيىپ كېتىپ يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولماي قېلىشى-

3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئۈرۈمچى گارنىزونى قوماندانلىق شتابى نوپۇس تەكشۈرۈش باھانىسى بىلەن، زور بىر تۈركۈم ژاندارما، ساقچىلارنى ئەۋەتىپ نەنلياڭدىكى ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا ئۆيمۇئۆي تەكشۈرۈپ جەمئىي 50 نەچچە كىشىنى قولغا ئالدى.

3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئۈرۈمچى گارنىزونىنىڭ قوماندانى لوشۇرېن ھەربىي ھالەتنىڭ بىكار قىلىنغانلىقىنى جاكارلىدى، لېكىن يەنىلا يىغىلىش، نامايىش ئۆتكۈزۈش مەنئى قىلىندى، ئەگەر يىغىلىش، نامايىش ئۆتكۈزۈلمەكچى بولسا، ئالدى بىلەن ئۈرۈمچى گارنىزونىغا مەلۇم قىلىپ تەستىقلىتىشنى شەرت قىلدى.

3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى جاڭجىجوڭ نەنجىڭدىن ئايروپىلان بىلەن لەنجۇغا كېلىپ، 15 - كۈنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى.

3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئۈرۈمچى «25 - فېۋرال قانلىق ۋەقەسى» قەشقەردىكى ئامىمنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى، مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ۋە سودىگەر كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلدى. 24 - كۈنى يەنە مىڭدىن ئارتۇق ئامما نامايىش قىلدى، ئەسكەرلەر بىلەن توقۇنۇش يۈز بەردى.

شۇ كۈنى تارباغاتاي ۋىلايىتى دىنىي زاتلار ۋە جەمئىيەتتىكى ئاتاقلىق زاتلار قۇرۇلتىيى ئاچتى.

3 - ئاينىڭ 10 كۈنى مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى 153 - نومۇرلۇق بۇيرۇق ئېلان قىلىپ، مايتاغ نېفىت كېنىنى ھەربىي ئىدارە قىلىدىغانلىقىنى، كېرىموپىنىڭ ھەربىي ۋەكىل بولغانلىقىنى جاكارلىدى ھەمدە مەزكۇر نېفىت كېنىنىڭ نېفىت مەھسۇلاتى پەقەت ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىلا تەمىنلىسە بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى.

3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى  تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ 4 - قېتىملىق يىغىنى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى ئىشخانىسى تەسىس قىلىشنى قارار قىلدى.

3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى  مىللىي ئارمىيىنىڭ ئالتاي ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 - تۈەنى بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى بىلەن كۆكتوقاي ناھىيىسى چېگرىسى بولغان ساربۇلاققا كېلىپ ئورۇنلاشتى. 25 - كۈنى ئوسمان ئىسلام قىسمى گومىنداڭنىڭ ماچۈەنخۇ ئاتلىق ئەسكەرلەر لىيەنى، ئاسلىبېك قابدىش پىلموتچىلار بەنىنىڭ ماسلىششى بىلەن ساربۇلاققا شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلدى. مىللىي ئارمىيىنىڭ ئالتاي ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 - تۈەنى ئىبراھەمباي يېتەكچىلىك قىلغان قوبۇقسار ئاتلىق ئەسكەرلەر 2 - تۈەنى 3 - لىيەنىنىڭ ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا، شىددەت بىلەن قايتۇرما زەربە بەردى، ئوسمان ئىسلام قىسمى ئىتتكىزىلىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى.

3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى  ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئاببا سوپ قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرى «25 - فېۋرال قانلىق ۋەقەسى» مۇناسىۋىتى بىلەن «پۈتۈن ئۆلكە خەلقىگە مۇراجىئەت» ئېلان قىلدى، ئۇنىڭدا «پۈتۈن ئۆلكە خەلقىگە تىنچلىقنى قوغداش يولىدا پائال تىرىشىش، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق ئورنىتىش يولىدا تىرىشىش» مۇراجىئەت قىلىندى. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ «تىنچلىق بىتىم» غا ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايدۇ، «بىزنىڭ گېپىمىز گەپ، بىز (تىنچلىق بىتىم) غا تامامەن ئەمەل قىلىمىز» دەپ ئىپادە بىلدۈردى.

3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى  جاڭ جىجۇڭنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 22 - سانلىق ئەزالار يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىننىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنۇلاردىن ئىبارەت بولدى: (1) تىنچلىققا زىيان يەتكۈزىدىغان دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى ماقۇللاندى. (2) بۇر-

هان شەھىدى ، رەھىمجان سابىرھاجى ، ئىسھاقبېك مونونوپ ، سالىس ، داڭ بىگاڭ ، ئەنۋەر سالىجان ، نۇسرەت قاتارلىق يەتتە كىشىدىن ئالتاي تەكشۈرۈش ئۆمىكى تەشكىل قىلىپ « ئالتاي ۋەقەسى »نىڭ ھەقىقى ئەھۋالىنى ئېنىقلاپ چىقىش بەلگىلەندى . ( 3 ) ئەنۋەر سالىجان باشچىلىقىدىكى سايلامغا نازارەت قىلىش 6 - گۇرۇپپىسىنى يېڭىباشتىن ئالتاي ۋىلايىتىگە ئەۋەتىپ ، مەزكۇر ۋىلايەتنىڭ ھەر قايسى ناھىيە ھاكىملىرى ۋە ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرىنى سايلاپ چىقىش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىش قارار قىلىندى . ( 4 ) نەبىجان يۈسۈپ قاتارلىق سەككىز كىشىدىن چۆچەك ، دۆربىلجىن ئىككى ئورۇندا يۈز بەرگەن پاجىئەنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى تەشكىللەش قارار قىلىندى . ( 5 ) غەربىي شىمال بارگاھىنىڭ بىر ئالىي ئەمەلدار ئەۋەتىشى ، ئۇنىڭ ليۇشاۋلى ، ئەيسا ، ئۆمەرداموللا ، ئەنۋەر خانبابالاردىن تەركىب تاپقان جەنۇبىي شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۆمىكى تەشكىللەپ ، ئاقسۇ ، ئاقسۇ كونىشەھەر ، قاراقاش قاتارلىق ناھىيىلەرگە ھاكىم ۋە ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزاسىنى تولۇقلاپ سايلاش خىزمىتى ئىشلەشكە بېرىشى بېكىتىلدى .

شۇ كۈنى رەئىس جاڭ جىجۇڭ ، مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمى ، بۇرھان شەھىدى ۋە بارلىق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسىي پوزىتسىيىسى ۋە مۇستەھكەم مەيدانىنى شەرھلەيدىغان « پۈتۈن ئۆلكىدىكى قېرىنداشلارغا مۇراجىئەت »كە ئىمزا قويدى . « مۇراجىئەت » جەمئىي 10 نۇقتىلىق بولۇپ ، ئۇنىڭ 7 - نۇقتىسىدا « 25 - فېۋرال » ۋەقەسى تىلغا ئېلىنىپ مۇنداق دېيىلدى : « دېموكراتىيىنى بۇرمىلاشقا بولمايدۇ . ئەركىنلىكنىڭ چېكى بولىدۇ . دېموكراتىيىنىڭ ھەقىقىي روھى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشتا . . . لېكىن خەلقتە دۆلەتكە قارشى تۇرۇش ئەركىنلىكى ھەرگىز بولمايدۇ ، باشقىلارنىڭ ئەركىنلىكىگە دەخلى - تەرۇز قىلىش ئەركىنلىكى بولمايدۇ ، ئۇنداق قىلىنسا ، ئەركىنلىك دەپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشى سادىر بولىدۇ ، بىز بۇنى ئوخشاشلا توسايمىز ۋە جازالايمىز . مەسىلەن ، ئالدىنقى ئايدىكى ئۇرۇمچى ئاممىسىنىڭ

نامايىش قىلىپ تەلەپ قويۇش، ھۆكۈمەتكە تەھدىت سېلىش، ھۆكۈمەتكە ئۆچمەنلىك قىلىش ھەرىكىتى ۋە 25 - كۈندىكى نامايىش قىلىش، تەلەپ قويۇشنەك تەرتىپنى قالايمىقانلاشتۇرىدىغان، تىنچلىقنى بۇزىدىغان بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ھەم 3 - ئاينىڭ 5 - كۈندىكى نوپۇس تەكشۈرۈپ مىللىي ھېسسىياتقا تېگىشكە ئوخشاش ۋەقەلەردىن بىز ناھايىتى ئەپسۇسلىنىمىز، ئۇنى تۈپتىن تۈزىتىش كېرەك.»

**3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى** شىنجاڭ ئۆلكىلىك پوچتا باشقۇرۇش ئىدارىسى مەملىكەت ئىچىدىكى ئۆلكىلىك پوچتا ئىدارىلىرىگە تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ئۆلكىمىز 1946 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلدى، لېكىن ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ ئەھۋالى ئالاھىدە بولغاچقا، يۇقىرىدىكى ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدىكى ھەر قايسى ناھىيىلەرگە يوللىنىدىغان ھەر خىل پوچتا يوللانمىلىرى ۋاقىتىنچە قوبۇل قىلىنمايدۇ دەپ ئۇقتۇردى.

**3 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى** مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى ئالايىتەن فاتىي ئىۋانوۋىچ لېسكىن قاتارلىق كىشىلەرنى ئالتاينى كۆزدىن كۆچۈرۈشكە ماڭغان ئىسھاقبېك مونونوپ بىلەن سارسۇمبىگە ئەۋەتىپ، شىمالىي يۆنىلىش بويىچە ئۇرۇش قىلىش قوماندانلىق شتابىنىڭ قوماندانلىق كۆچىنى كۈچەيتتى. ئىسھاقبېك مونونوپ سارسۇمبىگە بارغاندىن كېيىن، دەللىقان سۇگۇربايوپ بىلەن كۆرۈشۈپ ئوسمان ئىسلامغا تاقابىل تۇرۇشتىكى كونكرېت ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭىشىپ بېكىتتى.

**شۇ ئاينىڭ ئاخىرلىرى** دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ئۈرۈمچىدە يېغىن چاقىرىپ، ئۈرۈمچى ۋەزىيىتىنىڭ يامانلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، مەركىزىي كومىتېتنى غۇلجىغا چېكىندۈرۈشنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىيىسىنىڭ ئۈرۈمچى ۋىلايەتلىك كومىتېتىنى قۇرۇپ، ئۇنى ئۈرۈمچىدە قالغان خادىملارنىڭ داۋاملىق

ئىسلامنىڭ «تىنچلىق بىتىم» ۋە «سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگ-
راممىسى»غا قارشى تۇرۇپ تىنچلىقنى بۇزغانلىقى، ئالتاي خەلقىگە زىيان
سالغانلىقى ئېنىق دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلاندى. ( 2 ) ھازىر ئوسمان
ئىسلامنىڭ ئىناۋىتى ۋە ئەمەلىي كۈچى زور دەرىجىدە ئاجىزلىشىپ، يېتىم
ھالەتكە چۈشۈپ قېلىپ، ئالتاي ۋىلايىتىدە تۇرۇۋېرىشكە ئامالسىز قاپتۇ.
( 3 ) ئالتاي خەلقى قالايمىقانچىلىقتىن نەپرەتلىنىپ تىنچلىقنى تەلەپ قىل-
ماقتا. ( 4 ) ئامما ئوسمان ئىسلامغا ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش چارىسى
كۆرۈشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، يېڭىدىن ۋالىي سايلىغىچە، دەللىقان سۇ-
گۇربايوپقا ۋاقتىنچە بۇ ۋىلايەتنىڭ ۋالىيلىق ۋەزىپىسىنى مۇۋەققەت ئۆتەش
ھاۋالە قىلىنسا. ( 5 ) قاتناش تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، قۇتقۇزۇش پۇ-
لى بېرىلسە، شۇنىڭدەك ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ خىراجىتى بەلگىلىمە بويىچە
ئاجرىتىپ بېرىلسە.

**4-ئاينىڭ 4-كۈنىدىن 5-ئاينىڭ 18-كۈنىگىچە** ئەنۋەر سالىجان
سايلامغا نازارەت قىلىش 6-گۇرۇپپىسىنى باشلاپ ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ھەر
قايسى ناھىيىلىرىنىڭ ھاكىم ۋە ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرىنى سايلاش خىز-
مىتىگە نازارەتچىلىك قىلدى. سايلام نەتىجىسى مۇنداق بولدى: قاجىنابى
ۋالىيوپ سارسۇمبە ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا، رىشات ئابلىماجىن بۇرچىن
ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا، قالمان ئاقات كوكتوقاي ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقى-
غا، كۆكنايي دابو قابا ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا، ماكەن قابىل جېمنەي
ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا، نازىر چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا، قاناپىيا
تۈسىپبېك بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا سايلاندى. مامۇت قويابا-
يوپ، ئابدۇراخمان توختايوپ، ئەنۋەر ئاقبايوپ، قىزىر قاجىنابى، ئىبرا-
ھىمقان ئۈكورتاي، قالمان ئاقىت، ئاقىش زاڭگى قاتارلىق يەتتە كىشى
ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزاسى بولۇپ سايلاندى.

**4-ئاينىڭ 12-كۈنى** جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭدىكى پارتىيە، ھۆكۈ-
مەت، ئارمىيە مەسئۇللىرىغا «نۆۋەتتىكى شىنجاڭ مەسىلىسى ۋە بىزنىڭ تۇپ

كۆز قارىشىمىز ۋە پوزىتسىيىمىز» دېگەن تېمىدا ئۇزۇن نۇتۇق سۆزلەپ، كۆپچىلىكتىن «قەدەمنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنى مەڭگۈ جۇڭخۇا مىنگونىڭ زېمىنى بولغان ۋە سەنمىنجۇيىلىق يېڭى شىنجاڭ قىلىپ قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش»نى تەلەپ قىلدى.

**4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى** جاڭ جىجۇڭ ئايروپىلان بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن ئاقسۇغا باردى. مەسئۇد، ئەخمەتجان قاسىمى، ۋاڭزىڭشەن، ئەيسا، چۇ ۋۇ، ليۇ زېرۇڭ قاتارلىقلار بىللە باردى.

**4 - ئاينىڭ 18 كۈنى** مىللىي ئارمىيە ئالتاي ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 - تۈەنى ئوسمان ئىسلام قىسىملىرى بىلەن ئېتىشقىنىدا كەسكىن جەڭ قىلدى. ئوسمان ئىسلام ئۆز قىسىملىرىنى باشلاپ بەيتىككە① قاچتى.

**4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى** ئوسمان ئىسلام لاتىپ مۇستاپا، مانات قاناتباي قاتارلىقلارنى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ سوڭ شىلىيەنگە تەپسىلىي دوكلات قىلدى ھەمدە ھەربىي جەھەتتە ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى. سوڭ شىلىيەن ئوسمان ئىسلامغا ئاۋۋال تۆت ماشىنا تۇرمۇش بۇيۇملىرى ياردەم قىلىدىغانلىقىنى، قالغان تەلەپلەرنى كېيىنچە ھەل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

**4 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە** جاڭ جىجۇڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئايروپىلان بىلەن قەشقەرگە يېتىپ بېرىپ، شۇ كۈنىلا قەشقەر ۋالىيسى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنى زىيارەت قىلدى. ئەتىسى جاڭ جىجۇڭ

---

① بەيتىك: جۇڭگو شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدە بولۇپ، موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىگە يېقىن، ئۇ ئۈرۈمچى، ئالتاي، قۇمۇل ۋىلايەتلىرىنىڭ چېگرىسىغا جايلاشقان.

قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى سۆھبەت يىغىنى چاقىر-
دى. يىغىندا پىكىر قىلغانلارنىڭ كۆپ قىسمى ياشلار بولۇپ، ئۇلار بۇرۇن-
قى خەنزۇ ئەمەلدارلارنىڭ شىنجاڭدىكى ۋەھشىيانە ھۆكۈمرانلىقىنى غەزەپ
بىلەن ئەيىبلىدى. چېگرىنى شۇ يەردىكى خەلق قوغدىسۇن، قەشقەر شە-
ھەر رايونىدىكى مۇداپىئە ئىستىھكاملىرى بۇزۇپ تاشلانسۇن، ھەربىيلەرنىڭ
سىياسىي ئىشلارغا ئارىلىشىشىغا رۇخسەت قىلىنمىسۇن، شىنجاڭنىڭ نامى
«شەرقىي تۈركىستان»غا ئۆزگەرتىلسۇن؛ جەنۇبىي شىنجاڭدا باج ئېلىشقا
يول قويۇلمىسۇن دېگەنگە ئوخشاش تەلەپلەرنى قويدى، يەنە بەزى كىشى-
لەر توغرىدىن توغرا «جاڭ جىجۇڭ، جاڭ جىجۇڭ» دەپ ئىسمىنى تۇۋلى-
دى. جاڭ جىجۇڭ يىغىندا ئىسمىنىڭ توغرىدىن توغرا ئاتىلىشى ئۆزىگە قى-
لىنغان بىھۆرمەتلىك ئىكەنلىكىنى تەنقىد قىلغاندىن باشقا، ئاساسلىقى
ئامما ئوتتۇرىغا قويغان ئورۇنسىز تەلەپلەرگە رەددىيە بېرىپ، ئاممىنىڭ نا-
رازىلىقىنى قوزغاپ قويدى. يىغىن كۆڭۈلسىز ئاخىرلاشتى.

4-ئاينىڭ 23-كۈنىدىن 26-كۈنىگىچە ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇ-
رۇشلۇق مۇئاۋىن كونسۇلى ماكنان ئىلىنى ئېكسكۇرسىيە، زىيارەت قىل-
دى، ئەسئەت ئىسھاقوپنى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كون-
سۇلى دوباشىننى زىيارەت قىلدى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر ئەھ-
ۋاللارنى ئىگىلىدى.

4-ئاينىڭ 30-كۈنى تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئورگان گې-
زىتى «خەلق ئاۋازى» گېزىتىنىڭ خەنزۇچىسى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

4-ئاينىڭ ئاخىرلىرى مىللىي ئارمىيىنىڭ شىمالىي يۆنىلىش بويىچە
ئۇرۇش قىلىش قوماندانلىق شتابى ئوسمان ئىسلامنىڭ ئالتاي ۋىلايىتىگە
پاراكەندىچىلىك سېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن تۆۋەندىكىچە ھەربىي ئو-
رۇنلاشتۇرۇشنى ئېلىپ باردى: قوبۇقسار ئاتلىق ئەسكەرلەر 2-تۈەنى ئىب-
راھىمباي قىسمىغا كۆكتوقاي-چىڭگىل ناھىيىلىرى چېگرىسىدىكى قاراچۆل-

دە تۇرۇشقا بۇيرۇق چۈشۈردى، ئالتاي ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 - تۈەنگە ئىسمىكەي قوجابايوپ ئاتلىق ئەسكەرلەر لىيەنىنى ئەۋەتىپ چىڭگىل ناھىيە بازىرىنى ساقلاشقا، دوماي مۇخدارخانوپ ئاتلىق ئەسكەرلەر لىيەنىنى ئەۋەتىپ سارتوقاينى① ساقلاشقا، بەدەلقان سۈگۈربايوپقا ئالتاي ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 - تۈەنىنىڭ بىر قىسمىغا يېتەكچىلىك قىلىپ سارسۇمبە ناھىيە بازىرىنى ساقلاشقا بۇيرۇق چۈشۈردى.

4 - ئاي «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى سەيدۇللا سەيپۇللايوپ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە ئىلتىماس سۇنۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدا «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى»نى تەشكىللىنى قۇرۇشنى تەلەپ قىلىشىدى، تەستىقلانمىدى.

شۇ ئاي ئابدۇكېرىم ئابباسوپ شىنجاڭ ئۆلكىلىك جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەمئىيىتى نەشر قىلغان «ئۆرنەك» ژۇرنىلى (ئۈيغۇرچە) نىڭ تۇنجى ساندا «خەنزۇ خەلقىنىڭ ئارزۇسى» دېگەن تېمىدا ماقالە ئېلان قىلدى. ماقالىدە مۇنداق دېيىلدى: خەنزۇ خەلقى گومىنداڭنىڭ ئىچكى ئۇرۇش قىلىشىغا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ، دېموكراتىك سىياسىي ئاساسىدىكى تىنچلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى، تېزلىكتە مۇستەقىل، ئازاد، ئەركىن، دېموكراتىك يېڭى دۆلەت قۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

شۇ ئاي دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىيىسىنىڭ تارباغاتاي ۋىلايەتلىك كومىتېتى قۇرۇلدى. ئابلىمىت ھاجىيوپ شۇجى بولدى. ھەمدە چۆچەك، دۆربىلجىن، چاغانتوقاي ناھىيىلىرىدە ياچېيكا تەسىس قىلىندى.

---

① سارتوقاي: كوكتوقاي ناھىيىسى چېگرىسى ئىچىدە بولۇپ، چىتەيدىن شىمالغا قاراپ كوكتوقاي، چىڭگىلغا بارىدىغان يول بىلەن ئۇلۇنگۇر دەرياسى تۇتىشىدىغان جايغا جايلاشقان. ئەينى ۋاقىتتا ئۈچ ۋىلايەت بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى جايلارنىڭ چېگرىسى ئىدى.

**شۇ ئاي** ئەنۋەرخانبابا جەنۇبىي شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۆ- مىكى بىلەن قەشقەر ۋە خوتەن ۋىلايەتلىرىگە بېرىش پۇرسىتىدىن پايدىلى- نىپ، دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىيىسىنىڭ يەرلىك تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلدى، ئابلىز مۇھەممىدى قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇ- جىسى بولدى، ئابلىز قارى، هوشۇر ئىككىيلەن خوتەن ۋىلايەتلىك كومىتې- تىنىڭ خىزمىتىگە ۋاقىتىنچە مەسئۇل بولدى.

**5 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 6 - كۈنىگىچە** جاڭ جىجۇڭ يەكەن ۋە خوتەن ئىككى ۋىلايەتنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسى ئۆتكۈزگەن ئۆلكىلىك، ناھىيىلىك كېڭەش ئەزا- لىرى ۋە ھەر ساھەنىڭ ۋەكىللىرى سوھبەت يىغىنىدا ئالدىنقى نۆۋەت ۋەكىل- لەر ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپلەرگە جاۋاب بەردى. سۆھبەت يىغىنىدا، ئۇ «كۆپچىلىك ھەر خىل زىددىيەتلەرنى يوقاتسىلا، تىنچلىقنى مۇستەھكەم- لەپ، قۇرۇلۇش ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ» دېگەن تېمىدا ئۇزۇن نۇتۇق سۆز- لىدى. ئۇ نۇتۇقتا ھەربىيلەرنىڭ سىياسىي ئىشلارغا ئارىلىشىشىنى «قانۇن- ئىنتىزامغا خىلاپ ئىش» دەپ ئەيىبلىگەن بولسىمۇ، لېكىن «دۆلەتكە، دۆ- لەت ئارمىيىسىگە، خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش چاقىرىقى ئاستىدا، تەپتارتى- ماستىن تۇرلۇك نامۇۋاپىق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، بىر تەرەپنىڭ كۈچى بى- لەن ئۆزلىرىگە قارشى تەرەپتە تۇرغان كىشىلەرگە زەربە بېرىشكە ئۇرۇنۇش دېموكراتىك سىياسىي ئەمەس» دەپ ئەيىبلىدى. جاڭ جىجۇڭنىڭ بۇ سۆزى شۇ يەردىكى ئاممىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى.

**5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى** كەچقۇرۇن 5 - 6 مىڭ ئامما جاڭ جىجۇڭ چۈش- كەن قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىنى قورشىۋېلىپ، بىر نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرگە قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىل- دى. غەزەپلەنگەن ئاممىا توختىماي «گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايلى!» «جاڭ جىجۇڭنى يوقىتايلى!» «جاڭ جىجۇڭنى ئۆلتۈرەي- لى!» دېگەن شوئارلارنى توۋلىدى. جاڭ جىجۇڭ چۈۋۈغا ئەخمەتجان قا-

سىمنى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا تەكلىپ قىلىشنى بۇيرۇدى ، لېكىن بۇ
چاغدا ئەخمەتجان قاسىمى سىرتقا چىقىپ كەتكەنىدى . بىرگە بارغانلار
جاۋشىڭۋاڭغا تېلېفون بېرىپ قوتقۇزۇۋېلىشنى تەلەپ قىلىشقا مەجبۇر بول-
دى . جاۋشىڭۋاڭ ئادەملىرىنى باشلاپ ۋالىي مەھكىمىسىگە يېتىپ كەلگەن-
دە ، تاشقىرى ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىپ ، ۋاراڭ - چۇرۇڭغا تولغانىدى ،
ئۇلار ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئارقا ئىشىكىدىن جاڭ جىجۇڭنى ئېلىپ چىقىپ
كېتىشكە مەجبۇر بولدى ، جاڭ جىجۇڭ بۇنى ئەخمەتجان قاسىمى ، ئابدۇكې-
رىمخان مەخسۇملارنىڭ ئۆزىنى يەرگە قاراتقانلىقى دەپ قارىدى - دە ،
شۇ ھامان قەشقەردىن كېتىش قارارىغا كېلىپ ، 8 - چېسلا سەھەردىلا ئاي-
روپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە قايتتى ، ئۇنى يەرلىك ئەمەلدارلاردىن بىرەرسىمۇ
ئۇزاتقىلى چىقمىدى .

5 - ئاينىڭ باشلىرى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ « دېموكراتىيە گېزىتى »
تەھرىر بۆلۈمىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ ، لى تەييۈينى باش مۇھەررىرلىك-
كە ئەۋەتتى . لى تەييۈي باش مۇھەررىر بولغاندىن كېيىن ئالدى بىلەن مەز-
كۇر گېزىتتە « ھەر مىللەت قېرىنداشلارغا مۇراجىئەت » ئېلان قىلدى . « مۇ-
راجىئەت » تە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى : « شىنجاڭدا ئاز سانلىق مىللەت-
لەرنى ئېزىۋاتقان گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى خەنزۇلارنىڭ ئاز بىر
قىسمى . ئۇلار پۈتۈن خەنزۇلارغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ . پەقەت جاھانگىر-
لىك ، فېئوداللىزم ۋە بيۇروكرات كاپىتالىزمنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران گۇ-
رۇھىغىلا ۋەكىللىك قىلىدۇ ، ئۇلار ئوخشاشلا كەڭ خەنزۇ خەلقىنى ئېزىدۇ ،
ئۇلار خەنزۇلار ئىچىدىكى مۇناپىقلار . ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە كەڭ خەنزۇ
خەلقى ئېزىلگۈچىلەر ، ئېزىلگۈچى خەلقلەرنىڭ تۈپ مەنپەئەتى بىردەك .
شۇڭلاشقا ، ھەر مىللەت خەلقى زىچ ئىتتىپاقلىشىپ ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ
ئورتاق دۈشمىنى بولغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تۇرۇشى
لازىم . » ئۇزاق ئۆتمەي ، گېزىتتە يەنە دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىيىسى ئۈ-
رۈمچى « 25 - فېۋرال قانلىق ۋەقەسى » مۇناسىۋىتى بىلەن تارقاتقان تەش-
ۋىقات ۋەرەقىسى « خەنزۇ قېرىنداشلارغا مۇراجىئەت » ئېلان قىلىندى .

5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى    جاڭ جىجۇڭ جياڭ جيېشىغا تېلېگرامما يوللاپ، ئۈزىنىڭ ئۆلكە رەئىسلىكى قوشۇمچە ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىدىغانلىقىنى، ئورنىغا مەسئۇدنى رەئىسلىككە كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى    جاڭ جىجۇڭ ئەخمەتجان قاسىمى، بۇرھان شەھىدى، مۇھەممەت ئىمىن، رەھىمجان سابىرھاجى، سەيپىدىن ئەزىزى، ئەيسا، چۇۋۇ، ليۇمېڭچۇن، ۋاڭ زېڭشەن، ليۇزېرۇڭ قاتارلىقلارنى چاقىرىپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا قىلغان سەپىرىدە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرى ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزدى. نۆۋەتتىكى شىنجاڭ مەسىلىسىنىڭ تۈگۈنى ئۈستىدە توختىلىپ «تۈپتىن ياخشىلاش» دېگەن تېمىدا سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: شىنجاڭدا نۇرغۇن زىددىيەتلەر مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن ھەممىسىنى سىياسىي يول بىلەن، تىنچلىق يولى بىلەن ھەل قىلغىلى بولىدۇ، يەنە ئىنقىلاب قىلىش، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق. خەلق ئۇرۇشقا موھتاج ئەمەس، ئۇرۇشنى خەلققە تاڭغانلار جەزمەن مەغلۇپ بولىدۇ.

5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى    ئىلى ۋىلايىتى ئابدۇللا، سەيدۇللا سەيپۇللايوپ، نۇردۆلەت، قىيازبېك، كۈنبولات، ئېردەنى، نۇرساپا، ياسىن خۇدابەردى، مىيىرمان قوجابايېپ، نەبىجان يۇسۇپ، پۇجە، مۇمۇزى، دىلىن، مېھرىمان، چاكەن، ئەنۋەر سالىجان، نىما، ئەسئەت ئىسھاقوپ، ناۋەن ئارىن، ئىبراھىمباي قاتارلىق 20 كىشىنى ئىلى ۋىلايىتىدىن سايلانغان ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزاسى قىلىپ تۇنجى نۆۋەتلىك ئۆلكىلىك كېڭەش يىغىنىغا قاتنىشتۇرۇش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى.

شۇ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى    ئالتاي ۋىلايىتى مامۇت قويابايوپ، ئابدۇراخمان توختايوپ، ئاقىش زاڭگى، ئىبراھىمخان ئۇكورتاي، قاجمان ئە-

ھەت ، ئەنۋەر ئاقبايوپ ، قبزىرقاجنابى قاتارلىق يەتتە كشنى ئالتاي ۋىلايىتىدىن سايلانغان ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزاسى قىلىپ تۇنجى نۆۋەتلىك ئۆلكىلىك كېڭەش يىغىنىغا قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇرۇمچىگە ئەۋەتتى .

شۇ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى تارباغاتاي ۋىلايىتى ئابلىمىت ھاجىيوپ ، ئابلىز راخمانوپ ، نىزامىدىن ، نۇرساپا سىيىتجانوپ ، ئابىت ، ۋىندور-قان ، چاڭبو ، گۇڭچىن لاما قاتارلىق سەككىز كشنى تارباغاتاي ۋىلايىتى-دىن سايلانغان ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزاسى قىلىپ ، تۇنجى نۆۋەتلىك ئۆل-كىلىك كېڭەش يىغىنىغا قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇرۇمچىگە ئەۋەتتى .

5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئىلى فېلدشېرلار مەكتىپى قۇرۇلدى .

شۇ كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مۇنداق مەمۇرىي بۇيرۇق چۈشۈردى : شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسلىكىنى قوشۇمچە ئۆتەۋاتقان جاڭ جىجۇڭ رە-ئىسلىكىنى ئەمدى قوشۇمچە ئۆتىمەيدۇ . شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئە-زاسى ، قوشۇمچە باش كاتىپ لىيۇ مېڭچۈن ھەممە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇل-دى ، مەسئۇد شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى ، قوشۇمچە رەئىس ، ئەيسا قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى قىلىپ تەيىن-لەندى . بۇ مەمۇرىي بۇيرۇق ئېلان قىلىنىشى بىلەنلا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىدى . شۇ كۈنى ئۇرۇمچى كوچىلىرىدا مەسئۇدقا قارشى لوزۇنكا ، تەشۋىق ۋەرەقلىرى پەيدا بولدى .

5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسى 15 - نومۇر-لۇق بۇيرۇق ئېلان قىلىپ ، ۋىلايەتلىك چېكەتكە يوقىتىش پەۋقۇلئاددە ھەي-ئىتى قۇرۇپ دۆربىلجىن ، شىخو ناھىيىلىرىدىمۇ مۇناسىپ ئاپپاراتلارنى قۇ-رۇپ ، تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى ئاسىيا ئۇچقۇر چېكەتكىلىرىنى تېزدىن يو-قىتىشقا كىرىشتى .

**5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى** ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى ،
قوشۇمچە ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى بەي ۋېنيۈ ئۆلكە-
لىك ھۆكۈمەت ئەزالىرى يىغىنىدا ئۆلكىنىڭ 1946 — 1947 - مالىيە يىلىدى-
كى مالىيە ئەھۋالى توغرىسىدا مەخسۇس دوكلات بەردى . ئۇ دوكلاتىدا
مۇنداق دەپ كۆرسەتتى : شىنجاڭدا تىنچلىق ئەمەلگە ئاشقانلىقتىن ،1946-
يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىلا ئىلى ، تارباغاتاي ، ئالتاي ۋىلايەتلىرىگە بې-
رىلگەن مەمۇرىي ئاپپارات خىراجىتى ، ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئامانلىق ساقلاش
تۈەن - دۈيلىرىنىڭ تەمىناتى ، كىيىم - كېچەكى ۋە ئۈچ ۋىلايەتتە تارقىتىلغان
قەغەز پۇللارنى يىغىۋېلىش يۈزىسىدىن ئۈچ ۋىلايەتكە بېرىلگەن پۇل ھەم
ئۈچ ۋىلايەتنىڭ نەپىقە ، قۇتقۇزۇش خىراجىتى قاتارلىقلار بولۇپ جەمئىي
شىنجاڭ پۇلى ھېسابىدا 2 مىليارد 779 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ . بۇنىڭ ئىچى-
دە ئۈچ ۋىلايەت بىرلىككە كەلگەنلىكىدىن ، مەركەزنىڭ مەخسۇس ياردەم
ھېسابىدا ئىلى ، تارباغاتاي ، ئالتاي ۋىلايەتلىرىگە كېيىنكى ئىشلارنى بىر
تەرەپ قىلىش ، ھەربىي سەپتىن بوشانغانلارغا ياردەم بېرىشكە ئاجرىتىپ
بەرگەن مەخسۇس پۇلى 1 مىليارد يۈەندىن ئاشىدۇ . ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت
350 مىليون يۈەن ئاجرىتىپ ، ئۈچ ۋىلايەتتە تارقىتىلغان قەغەز پۇلنى يىغى-
ۋېلىشقا مۇھلەت چەكلەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن بولسىمۇ ، لېكىن ۋەزىيەتتە
بىر ئاز ئۆزگىرىش بولۇشى ۋە قاتناش مەسىلىسى تۈپەيلىدىن ئەمەلىيەتتە
ئۇنى يىغىۋېلىشقا ئادەم ئەۋەتىلمىدى .

**5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى** مەسئۇدنىڭ ئۆلكە رەئىسى بولۇپ ۋەزىپىگە
ئولتۇرۇش مۇراسىمى ھەم ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمى ئۈرۈم-
چىدە ئۆتكۈزۈلدى . ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرى
مۇراسىمغا قاتنىشىشنى رەت قىلدى . مۇراسىمدا تەپسىلىي سۆزلىمەكچى
بولغان قەشقەر ۋىلايىتىدىن بولغان ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزاسى ئوسمان
دامولللىنىڭ ئورنىغا ئابدۇرېشىت ئەلەم داموللا سۆزگە چىقتى . ئۇ مۇنداق
دېدى : رەئىس جاڭ جىجوڭ شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىنلا مەركەزگە ھەق-
قىي ۋەكىللىك قىلىپ سەنمىنجۇيىنى يولغا قويۇپ ، تىنچلىق ۋەزىيىتىنى شە-

كىللەندۇردى ، پۈتۈن ئۆلكە خەلقى ئۇنىڭغا ئىشىندۇ ۋە ئۇنى قۇللايدۇ . شۇڭا ، ئۆلكە رەئىسى يۆتكەشنى خالىمايمىز ، مەركەزدىن رەئىس جاڭ جىجۇڭنى شىنجاڭدا قالدۇرۇشنى ، جاڭ جىجۇڭ ئۆز قولى بىلەن ئىمزا قويغان « تىنچلىق بىتىم » ۋە « سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسى »نىڭ تەلتۆكۈس ئىجرا قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىمىز .

**شۇ كۈنى** ئوسمان داموللا قاتارلىق ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ 40 نەچچە ئەزاسى بىرلىكتە ئىمزا قويۇپ جاڭ جىجۇڭغا بىر پارچە خەت يازدى . خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق : « تىنچلىق بىتىم » تېخى ئىزچىللاشتۇرۇلمىدى . ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ۋەزىپىسى تاماملانمىدى ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلماسلىق لازىم . ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرىنى بۇ ئىشتىن ئالدىنئالا خەۋەر قىلماي ، ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسىنى يەڭگۈشلەش مۇۋاپىق ئەمەس . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ئاقسۇ ، قۇمۇل ، خوتەن قاتارلىق ۋىلايەتلەردىن كەلگەن نەچچە ئون ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزاسى جاڭ جىجۇڭغا بىرلىشىپ خەت يېزىپ ، مەركەزنىڭ قارارىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى ، مەسئۇدنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىگە رەئىس بولۇشىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى .

**5 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى** غۇلجىدىكى ھەر مىللەت ، ھەر ساھەدىكى ئامما يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ ۋە نامايىش قىلىپ ، مەسئۇدنىڭ ئۆلكە رەئىسى بولۇشىغا قەتئىي قارشى تۇردى . ئىلىنىڭ ۋالىيسى ھاكىمبەگ خوجا ، مۇئاۋىن ۋالىيلىرى ئوبۇلخەيرى تۆرە ، ئەنۋەر مۇسابايوپ قاتارلىقلارمۇ جاڭ جىجۇڭغا بىرلىشىپ خەت يېزىپ مەسئۇدنىڭ ئۆلكە رەئىسى بولۇشىغا قەتئىي قارشى تۇردى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا چۆچەك ، دۆربىلجىن ، شىخو ، سارسۇمبە قاتارلىق جايلاردىكى ھەرمىللەت خەلقىمۇ يىغىلىش ۋە نامايىش ئۆتكۈزۈپ ، مەسئۇدنىڭ ئۆلكە رەئىسى بولۇشىغا قەتئىي قارشى تۇردى ھەمدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە نارازىلىق بىلدۈرۈپ تېلېگرامما ئەۋەتتى .

5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ تۈنجى قېتىملىق تەييار-
لىق يىغىنى ئۈرۈمچى ۋىلايىتىدىن چېن فاڭبو، ئۈرۈمچى شەھىرىدىن مالەن-
سۈن، قارا شەھەر ۋىلايىتىدىن مۇيىدىن، ئالتاي ۋىلايىتىدىن قاجمان ئە-
ھەت، تارباغاتاي ۋىلايىتىدىن ئابلىمىت ھاجىيوپ، ئاقسۇ ۋىلايىتىدىن يۇ-
سۇپ، قەشقەر ۋىلايىتىدىن ئەسئەت ياقۇپ① ، قۇمۇل ۋىلايىتىدىن ئىسما-
ئىل، ئىلى ۋىلايىتىدىن سەيدۇللا سەيپۇللايوپ، خوتەن ۋىلايىتىدىن قېيى-
يۇم ھوشۇر، يەكەن ۋىلايىتىدىن ئابدۇرېھىم قاتارلىق 11 كىشىدىن تەركىب
تاپقان ھەيئەت رىياسىتى تەشكىل قىلىشنى، ئۇنىڭغا چېن فاڭبو، سەي-
دۇللا سەيپۇللايوپنىڭ رىياسەتچىلىك قىلىشىنى قارار قىلدى.

شۇ كۈنى ئۆلكىلىك كېڭەش ھەيئەت رىياسىتى يىغىن ئۆتكۈزدى. بە-
زىلەر: (1) ئىلى ۋىلايىتىدىن ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ ئەزاسى قىلىپ سايلان-
غانلار ئەسلى 12 كىشى ئىدى، ھازىر ئەمەلىيەتتە تىزىمغا ئالدۇرغانلار 20
كىشى، ئۇنىڭ ئىچىدە 10 كىشىنىڭ ئىسمى ئەسلى سايلانغانلارنىڭ ئىسمى
بىلەن ئوخشاش ئەمەس. (2) تارباغاتاي ۋىلايىتىدىن ئۆلكىلىك كېڭەش
ئەزالىقىغا سايلانغان كىشىلەر ئەسلى 7 كىشى ئىدى، ھازىر ئەمەلىيەتتە
تىزىمغا ئالدۇرغانلار 8 كىشى، بۇنىڭ ئىچىدە 5 كىشىنىڭ ئىسمى ئەسلى
سايلانغانلارنىڭ ئىسمى بىلەن ئوخشاش ئەمەس. (3) قەشقەر ۋىلايىتى-
دىن ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىقىغا سايلانغانلار ئەسلى 20 كىشى ئىدى،
ھازىر ئەمەلىيەتتە تىزىمغا ئالدۇرغانلار 22 كىشى، بۇنىڭ ئىچىدە 7 كىشى-

① ئەسئەت ياقۇپ (1915—). شىنجاڭ ئاتۇش ناھىيىسىدىن، ئۇيغۇر، زىيالىي. شىن-
جاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت پارچىلىنىپ كەتكەندىن كېيىن ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا بېرىپ شىن-
جاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى يەتتە ۋىلايەت ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى
تەشكىلاتى كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ ھا-
كىمى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەر-
دە بولغان.

نىڭ ئىسمى ئەسلى سايلانغانلارنىڭ ئىسمىغا ئوخشاش ئەمەس. (4)
ئۆلكىمىزدىكى خۇيزۇ، شىبە، سولۇن (داغۇر)، مانجۇ مىللىتىدىن ئۆلكە-
لىك كېڭەش ئەزالىقىغا كۆرسىتىلگەنلەرنى ھەر قايسى مەدەنىي ئاقارتىش
ئۇيۇشمىلىرى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قارار لايىھىسى بويىچە كۆرسەتتى. بۇ
قېتىم ئىلىدىن ئۇرۇمچىگە كەلگەن ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى خۇيزۇ، شى-
بە، داغۇر مىللىتىدىن بىردىن ۋەكىل ئېلىپ كەپتۇ. يىغىنغا قاتناشتۇرۇشنى
تەلەپ قىلىشۋاتىدۇ دەپ ئۇقتۇرۇشقا قويدى. ھەيئەت رىياسىتىدىكى ئىلى،
تارباغاتاي، ئالتاي، قەشقەر ۋىلايەتلىرىدىن بولغان ئۆلكىلىك كېڭەش
ئەزالىرى ئىلى، تارباغاتاي، قەشقەر ۋىلايەتلىرىدىن يىغىنغا كەلگەن ئۆل-
كىلىك كېڭەش ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ يىغىنغا قاتنىشىشىغا دەرھال روخ-
سەت قىلىش كېرەك، ئۇنداق قىلىنمايدىكەن، ئىلى، تارباغاتاي، ئال-
تاي، قەشقەر ۋىلايەتلىرىدىن بولغان ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى يىغىنغا
قاتنىشىشنى رەت قىلىدۇ دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. ئىككى تەرەپ تالاش -
تارتىشتا قالغانلىقتىن، ئۆلكىلىك كېڭەش يىغىنىنىڭ ۋاقتى ئۇزارتىلغانلى-
قىنى ئېلان قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

شۇ كۈنى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىن بولغان ئۆل-
كىلىك كېڭەش ئەزالىرى بىرلىشىپ «پۈتۈن ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى ۋە
قېرىنداشلارغا مۇراجىئەت»نى ئېلان قىلىپ، ئاقسۇ، خوتەن، يەكەن ۋىلا-
يەتلىرىنىڭ ھاكىم ۋە ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى «سايلىمنىڭ ھەقىقىي
ئەھۋالى»نى ئېچىپ تاشلاپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «تىنچلىق بىتىم»
ئاقسۇ، خوتەن، يەكەن ۋىلايەتلىرىدە ئەمەلگە ئاشمايلا قالماستىن، شۇ
يەردىكى خەلقنىڭ «تىنچلىق بىتىم»نى ئېغىزغا ئېلىشىمۇ يول قويۇلمىدى.
جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقى تارتقان زۇلۇمنى بىر قېلىن كىتاب قىلىپ يازسى-
مۇ، يېزىپ بولغىلى بولمايدۇ.

شۇ كۈنى ئۆلكىلىك كېڭەش يىغىنىنى ئېچىش ئۈچۈن، ئۆلكىلىك ھۆ-

كۇمەت ئەخمەتجان قاسىمنىڭ باشچىلىقىدا ، ليۇ مېڭچۇن ، ۋاڭ زېڭشەن ، رەھىمجان سابىر ھاجى ، ئابدۇكېرىم ئاباسوپ ، ليۇ زېرۇڭ ، چۇ ۋۇ قاتارلىقلار مۇھاكىمە ئارقىلىق ... ناشقان يەتتە كىشىلىك گۇرۇپپا قۇرۇپ ، ئۈلكىلىك كېڭەش يىغىنىغا ئالاقىدار مەسىلىلەر ئۈستىدە كېڭىشىشنى ھەم ئۇنى ھەل قىلىشنى بەلگىلىدى .

5 - ئاي دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىيىسى تۇرپان ۋىلايەتلىك كومىتېتى قۇرۇلدى ، ئابدۇراخمان مۇھىتى شۇجى بولدى .

6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۈلكىلىك كېڭەش يىغىنىنىڭ ھەيئەت رىياسەتلىرى يىغىنى ئېچىلدى . يىغىندا قاتناشقانلار دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ چېقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلىش ۋە مەسئۇدنىڭ ئۈلكە رەئىسى بولۇشىغا قارشى تۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە تالاش - تارتىشتا قالغانلىقى ئۈچۈن ، ھەيئەت رىياستىدىكى كۆپ سانلىق ھەيئەت ئەزالىرى ئومۇمەن كېڭەش ئەزالىرىنىڭ ئوتتۇرىغا قويىدىغان تەكلىپ لايىھىسى مۇنداق بولۇشى كېرەك دەپ تەكلىپ بەردى : ( A ) شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ دۆلەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ . ( B ) دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ چېقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلىپ ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا زىيان يەتكۈزۈشكە بولمايدۇ . ( C ) مەركەزنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىغا قارشى تۇرۇشقا بولمايدۇ . ھەيئەت رىياستى ئىچىدىكى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئەزالىرى ئالدىنقى ئىككى تۈرلۈك پىكىرنى پرىنسىپ جەھەتتىن قوبۇل قىلالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ ، لېكىن كېيىنكى بىر پىكىرگە قەتئىي قارشى تۇردى .

6 - ئاينىڭ باشلىرى كۆكتوقاي ، چىڭگىل ناھىيىلىرىنىڭ قەبىلە ئاقساقاللىرى ۋە كاتىباشلىرىنىڭ تولىسى ئوسمان ئىسلام تەرىپىدىن تىزگىنلەنگەنلىكى ، بەزىلەر تېخى ئوسمان ئىسلامغا مايىل بولغانلىقى ئۈچۈن ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسى رىشات ئابىلماجىن ، قاجنەبى ۋالىيوپ قاتار-

لىقلارنى بۇ ئىككى ناھىيىگە بېرىپ، ئۇيەردىكى قەبىلە ئاقساقاللىرىنى يىغىپ يىغىن ئېچىپ، ئۇلارنى ئوسمان ئىسلامغا ئەگەشمەي ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتە تۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىشقا ئەۋەتتى.

6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى   ئىسھاقبېك مونونوپ غەربىي شىمال بارگاھىغا دوكلات سۇنۇپ، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ بېرىلمىگەن تەمىنات خىراجىتى ۋە بۇ يىلقى يازلىق، قىشلىق كىيىم - كېچەكنى ئىمكان قەدەر تېز ئاجرىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى   «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 552 - نومۇرلۇق بۇيرۇقىغا بىنائەن ساۋدانوپ زاھىر، ئابدۇخەمىت نۇرىيۇپلار «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» مىللىي ئارمىيە كومىتېتىغا رەئىس ۋە مۇئاۋىن رەئىسلىككە تەيىنلەندى.

6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى   جاڭ جىجۇڭ ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ ئەزاسى ئۆسمان داموللىغا جاۋاب خەت يازدى. ئۇ خەتتە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: (1) ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىشى «تىنچلىق بىتىم»نىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا ھەرگىزمۇ تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. لېكىن، ئۆلكە ئىچىدىكى ھەر قانداق ۋىلايەت، ھەر قانداق ئادەم ئۇنىڭ چەكلىمىسىدە بولۇشى شەرت، بۇنىڭدىن چەتتە قېلىشقا بولمايدۇ. (2) «تىنچلىق بىتىم»دە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى تەشكىل قىلىش ئۈستىدە نامزات چەكلىمىسى يوق. مەركەزمۇ ۋە ئۈچ ۋىلايەتمۇ ئۆزى كۆرسەتكەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ سانى ئىچىدە خالىغان ۋاقىتتا يۆتكەپ تەڭشىسە بولىدۇ. (3) مەركەز ئۆزى چىقارغان بۇيرۇقنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. (4) ئۆزۈم «تىنچلىق بىتىم» نىڭ تولۇق ئىجرا قىلدۇرۇلۇشىغا داۋاملىق مەسئۇل بولىمەن. (5) ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ ئالاھىدە بولۇۋېلى-

شى تېخى تۈگىتىلمىدى، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ قوشۇنلىرىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش، ساناپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋە دۆلەت چېگرىسىنى قوغداش قوشۇنلىرىنى كىرگۈزۈۋېلىش قاتارلىق ماددىلار تېخى تولۇق ئىجرا قىلىنمىدى. ھەر قايسىلىرىنىڭ خەلق ۋەكىللىرى سۈپىتىدە، «تىنچلىق بىتىم»نى بالدۇرراق تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆپرەك يول كۆرسىتىپ، ھەيدەكچىلىك قىلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن. (6) ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ يىغىنىنى ئوڭۇشلۇق ئېچىپ، دېموكراتىك سىياسىي ۋە تىنچ قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئاساس سېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى، ۋاڭ زېڭشەن، ليۇزېرۇڭ، چۈۋۋ، رەھىمجان سابىرھاجى، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، ليومىڭچۈندىن تەركىب تاپقان يەتتە كىشىلىك گۇرۇپپا يىغىن ئېچىپ مۇنۇلارنى قارار قىلدى: (1) ئىلى، تارباغاتاي، قەشقەر ۋىلايەتلىرىدىن بولغان ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرىنىڭ ئىسمىلىكىدىن ئەسلى سايلانغانلارنىڭ ئىسمىلىكى بىلەن ئوخشاش چىقمىغانلارنىڭ سالاھىيىتى سايلامغا نازارەتچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ئېتىراپ قىلغان ۋە ئۇلار تۇرۇشلۇق ناھىيىلىك كېڭەش ئىسپاتلىغاندىن كېيىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ. (2) ئىلى، تارباغاتاي، قەشقەر ۋىلايەتلىرىدىن بولغان ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرىدىن سايلىنىدىغان ساندىن ئېشىپ كەتكەنلىرى ئېتىراپ قىلىنمايدۇ. لېكىن يىغىنغا سىرتتىن قاتنىشىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ. (3) ئىلىدىن كېلىپ ئۆزىنى تىزىمغا ئالدۇرغان خۇيزۇ، شىبە، داغۇر، مانجۇ مىللىتىدىن بولغان بىردىن ۋەكىل ئۈستىدە تەييارلىق باشقارمىسى خۇيزۇ، شىبە، داغۇر، مانجۇ باش مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ پىكرىنى ئالىدۇ. (4) ئىلى، تارباغاتاي، قەشقەر ۋىلايەتلىرىدىن بولغان ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى ئىچىدىكى ھازىر ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئەمەلدارلار ۋە ھەربىي - ساقچى ئەمەلدارلاردىن سايلانغانلار ئۆلكىگە كېلىپ بولغان بولسا، ئۇلارنىڭ قاتنىشىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ. (5) سالاھىيىتى توشمىغانلارنىڭ يىغىنغا سىرت-

تىن قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ.

6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، قەشقەر ۋىلايەتلىرىدىن بولغان ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى سالاھىيىتىدە مەسلە كۆرۈلگەن ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى رەسمىي قاتناشقۇچى بولغاندىلا، ئاندىن يىغىنغا قاتنىشىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى ھەمدە تەييارلىق باشقارمىسى ئىشلەپ تارقاتقان سىرتتىن قاتنىشىش كىنىشكىسىنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلدى.

6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى يەنە بىر قېتىم يەتتە كىشىلىك گۇرۇپپىنىڭ يىغىنىنى چاقىرىپ مۇنۇلارنى قارار قىلدى: ( 1 ) ئىلى ۋىلايىتىدىن بولغان ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرىنىڭ ئىسمىلىكىدىن ئەسلى سايلانغانلار ئىسمىلىكى بىلەن ئوخشاش بولمىغانلارنىڭ سالاھىيىتىنى ھەر قايسى ناھىيىلىك كېڭەشنىڭ ئىسپاتى بولسا ياكى تېلېگرامما ئارقىلىق ئۇقتۇرۇلغان بولسا، ئېتىراپ قىلىشقا بولىدۇ. ( 2 ) تارباغاتاي ۋىلايىتىدىن بولغان تۆت نەپەر ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزاسىنىڭ كۆپىنچىسى ھازىر ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئەمەلدارلار بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار يىغىنغا قاتناشسا بولمايدۇ. ئۇلاردىن ئۆلكىلىك كېڭەش .ئەزالىقىغا يېڭىدىن سايلانغانلىرى بولسا، ئۇلارنىڭ يىغىنغا قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ. قەشقەر ۋىلايىتىدىن بولغان ئىسمى ئوخشاش چىقمىغان يەتتە نەپەر ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزاسىغا كەلسەك، ھەر قايسى ناھىيىلىك كېڭەشكە تېلېگرامما بېرىپ سوراپ، ئىسپاتلايدىغان جاۋاب تېلېگرامما ئالغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇلار يىغىنغا قاتناشسا بولىدۇ. ( 3 ) ئىلىدىكى خۇيزۇ، شىبە، داغۇر، مانجۇ مىللەتتىن سايلىنىدىغان ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى نامزاتىنى ئۆلكىلىك كېڭەش يىغىنى ھەيئەت رىياسەتى شۇ مىللەتنىڭ باش مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى بىلەن بىۋاستە مەسلىھەتلەشسە بولىدۇ. ( 4 ) سالاھىيىتىدە مەسلە كۆرۈلگەن ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى ۋاقىتىنچە يىغىنغا سىرتتىن قات-

ناشسا بولىدۇ.

شۇ كۈنى  ئەخمەتجان قاسىمى، رەھىمجان سابىر ھاجى ئىككەيلەن بىرلىشىپ جاڭ جىجۇڭغا خەت يېزىپ ئۇسمان ئىسلامنىڭ ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقى ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلاشنى تەلەپ قىلدى.

6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى  ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسى ھەر قايسى ناھىيە ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارغا بۇنىڭدىن كېيىن «جۇمھۇرىيەت» دېگەن سۆزنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى بىردەك مەنئىي قىلىنىدۇ دەپ بۇيرۇق ئېلان قىلدى.

6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى  جاڭ جىجۇڭ ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن رەھىمجان سابىر ھاجىغا جاۋاب خەت يېزىپ، ئۇسمان ئىسلامنى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىدىن قالدۇرۇش ئىشىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرى يىغىنىنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ قارار قىلىشىغا سۇنۇش كېرەك، دەپ ئىپادە بىلدۈردى.

6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى  جاڭ جىجۇڭ ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك يىغىنىدىكى قاتمال ھالەتنى بۇزۇپ تاشلاش ئۈچۈن، «ئىككى تەرەپنىڭ ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىپ ئۆز ئارا يول قويۇشىنى تىلەيمەن» دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلەپ، ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك يىغىنىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئۆتكۈزۈلۈشى ئۈچۈن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ بىر - بىرىگە يول قويۇشىنى مۇراجىئەت قىلدى.

6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى  غەربىي شىمال بارگاھىنىڭ باش كاتىپى ليۇ-مىڭچۇن ئەخمەتجان قاسىمغا خەت يېزىپ، بۇلتۇر مىللىي ئارمىيىگە ئىككى ئايلىق خىراجەت ۋە يازلىق، قىشلىق كىيىم - كېچەك ئاجرىتىپ بېرىلگەن

بولسمۇ ، لېكىن ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپمۇ مىللىي ئارمىيىنى ساناپ ئۆتكۈ-
زۈۋېلىش ، تەمىنلەش شۆبە ئىدارىسى قۇرۇش ، كىيىم - كېچەك ، بايراقنى
بىرلىككە كەلتۈرۈش ، ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئوقۇتقۇچىلىرىنى ئەۋەتىش ،
ئوفىتسېرلارنى يېتىشتۈرۈپ يېتكەپ تەربىيلەش ، دۆلەت چېگرىسىنى ساقلاش قىسمىنى
ئۈچ ۋىلايەت چېگرا نۇقتىلىرىغا كىرگۈزۈش قاتارلىق ئىشلار تېخى ئىشقا
ئاشمىدى ، ئىسھاقبېك مونونوپقا تېزدىن «تىنچلىق بىتىم»نىڭ قوشۇمچە
ئىككى ھۆججىتى ۋە ھەربىي ئىشلار كۆرۈپىسىنىڭ قارارى بويىچە مۇۋاپىق
ئىش كۆرگەندىلا ، ئەمەلىي ئادەم سانىغا قاراپ تەمىنات بېرىلىدۇ دەپ
يەتكۈزۈپ قويۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى .

6 - **ئاينىڭ ئاخىرى**     سوۋېت شىلىيەن ماناتقا ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە
تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن كونسۇلى ماكىنانغا ھەمرا بولۇپ ، بەيتىكتىكى ئوسمان
ئىسلامنىڭ قېشىغا بېرىپ ئالاقىدار ئەھۋاللارنى ئىگىلەشكە ئادەم ئەۋەتىش-
نى بۇيرۇق قىلدى .

7 - **ئاينىڭ 3 - كۈنى**     جاڭ جىجوڭ ئۆلكىلىك كېڭەش ھەيئەت رىياسە-
تىنىڭ ئەزالىرى ۋە ئالاھىدە قۇرۇلغان ئەخمەتجان قاسىمى رىياسەتچىلىك-
دىكى يەتتە كىشىلىك گۇرۇپپىنى چاقىرىپ بىرلەشمە سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ ،
قارشىلىشىۋاتقان ھەر ئىككى تەرەپنى ئۆز ئارا يول قويۇپ ، قاتمال ۋەز-
يەتنى يۇمشىتىشقا دەۋەت قىلدى ، ئۇندا ئۈچ قېتىم مەسلىھەتلەشكەن بولسى-
مۇ نەتىجە چىقمىدى . مۇسۇلمانلارنىڭ روزا ھېيتى يېقىنلىشىپ قالغاچقا ،
قەشقەردىن كەلگەن ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى يىغىننى ۋاقىتلىق توختىتىش
توغرىسىدا تەكلىپ بەردى ، بۇ تەكلىپ يىغىنغا قاتنىشىدىغان ئۆلكىلىك كې-
ڭەش ئەزالىرىنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ قوشۇلۇشىغا ئېرىشتى . شۇنىڭ بىلەن
ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك يىغىنى ئېچىلماي بەربات بولدى .

7 - **ئاينىڭ 4 - كۈنى**     ئۆلكىلىك پوچتا باشقۇرۇش ئىدارىسى ئىلى ،

تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ ھازىرقى پوچتا ئەھۋالى توغرىسىدا قاتناش مىنىستىرلىكىگە دوكلات يوللاپ، مەزكۇر ئۆلكىنىڭ غەرب ۋە شىمال تەرىپىدىكى پوچتا لىنىيىسىنىڭ ئاران ماناسقىچە بارىدىغانلىقىنى مەلۇم قىلدى.

7 - ئاينىڭ باشلىرى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىن بولغان ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى ئارقا - ئارقىدىن ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا قايتتى.

7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرى بىلەن يەتتە ۋىلايەتنىڭ پوچتا ئالاقىسىنى ئىمكانقەدەر تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۈچ ۋىلايەت پوچتا خىزمەتچىلىرىنىڭ تۇرمۇش خىراجىتى ئۈچۈن 30 مىليون يۈەن ئۆلكە پۇلى بېرىپ تۇرىدىغانلىقىنى قارار قىلدى.

شۇ كۈنى قەشقەر ۋىلايىتىدىن بولغان 24 نەپەر ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزاسى بىلەن ئاقسۇ ۋىلايىتى، خوتەن ۋىلايىتى، قارا شەھەر ۋىلايىتىدىن بولغان بىردىن ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزاسى ۋە تۇرپان ناھىيىسىدىن بولغان ئىككى نەپەر ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزاسى بولۇپ جەمئىي 29 كىشى ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا كەتتى.

7 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە تۇرپان، توقسۇن، پىچان ناھىيىلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى تەشكىللىك ھالدا قوزغىلاڭ كۆتۈردى. 8 - كۈنى توقسۇن ناھىيىسىدە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن نەچچە يۈز ئاما خەمىت باشچىلىقىدا ئالغۇي جىلغىسى ئەتراپىدا تاش يوللاردىكى ئاپتوبىللارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پىچان ناھىيىسىدە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئاممىدىن يۈزدىن

ئارتۇق ئادەم لەمجىندىكى ساقچى ئورنىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ھەممە ساقچىلارنى ئۆلتۈرۈپ، بارلىق قورال - ياراق، ئاتلارنى قولغا چۈشۈردى. يەنە غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەپ خاندۇ ساقچى ئورنىغا ھۇجۇم قىلىپ قاتتىق قارشىلىققا ئۇچرىدى. قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئاما كۆكيارنىڭ غەربى ۋە شەرقىگە چېكىندى. 10 - كۈنى پىچان ناھىيىسىنىڭ ياڭخې ئەتراپىدا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن 200 دىن ئارتۇق ئاما شۇ يەردىكى ساقچى ئورنىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. بۇ ئۈچ ئورۇندا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئاما گومىنداڭ ئارمىيىسى تۇرپان، پىچان، توقسۇن ناھىيىلىرىدىن چىقىپ كەتسۇن، مەسئۇد ئۆلكە رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانسۇن، دېگەن تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى.

**7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى** سوۋېت شىلىيەن تۇرپان، پىچان، توقسۇن ناھىيىلىرىدىكى ئاممىنىڭ قوراللىق قوزغىلىڭىنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا جاڭ جىجۇڭغا تۆۋەندىكىدەك تەكلىپ بەردى: (1) تۇرپان ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ئابدۇراخمان مۇھىتى ۋەزىپىسىدىن يۆتكىۋېتىلسە. (2) شۇ يەردە تۇرۇشلۇق قوشۇنلارغا باشقۇرۇش ھەققىدە بۇيرۇق بېرىلسە. (3) تۇرپان، پىچان، توقسۇندا تۇرۇشلۇق قوشۇنلارنىڭ ئەسكىرىي كۈچى كۆپەيتىلسە.

**7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى** ئۈرۈمچى قاتارلىق ۋىلايەتلەردىكى ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرىدىن 57 كىشى بىرلىكتە ئەخمەتجان قاسىمىغا خەت يېزىپ، قەشقەر، خوتەن، قاراشەھەر، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىكى ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ 20 نەچچە ئەزاسىنىڭ ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا كەتكەنلىكى توغرىسىدا سوئال قويدى.

**7 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە** 12 - كۈنى توقسۇن ناھىيىسىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئاما ئۈرۈمچىدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۆتىدى-

غان قاتناش تۆگۈنى كۆمۈش①كە ھۇجۇم قىلدى ، شۇ يەرنى ساقلاۋاتقان ئىككى لىيەن ئەسكەرنىڭ قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىشى بىلەن جەڭ ئىككى كېچە - كۈندۈز داۋاملاشتى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، تۇرپان ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ئابدۇراخمان مۇھىتى ، مۇئاۋىن ھاكىمى باۋۇدۇن قاتارلىقلار ئاستانىگە بېرىپ ، 1000 دىن ئارتۇق كىشىلىك قوراللىق قوزغىلاڭچىلار قوشۇننى تەشكىللەپ 13 - كۈنى سەھەردە ئۈرۈمچىدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئۆتىدىغان مۇھىم جاي سىگىم②گە ھۇجۇم قىلدى . ئۇلار شۇ يەرنى ساقلاۋاتقان قوشۇننىڭ جاھىللىق بىلەن قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىدى . جەڭ بىر سوتكا داۋاملاشتى .

7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى جاڭ جىجۇڭ تۇرپان ، پىچان ، توقسۇن ناھىيىلىرىدىكى قوراللىق قوزغىلاڭچىلارنىڭ كۆمۈش ھەم سىگىمگە ھۇجۇم قىلىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ، سۇڭ شىلىيەنگە قەتئىي باستۇرۇش ، ئۇزۇل - كېسىل تازىلاشنى بۇيرۇق قىلدى . ئاخشىمى سۇڭ شىلىيەن جىددىي يىغىن چاقىرىپ تۆۋەندىكىدەك ئورۇنلاشتۇردى : كۆمۈش ، سىگىم ئېغىزىدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلارغا بۇ ئىككى ئورۇننى مەھكەم ساقلاپ ، ياردەم كۈتۈش توغرىسىدا تېلېگرامما ئارقىلىق بۇيرۇق چۈشۈردى ؛ توقسۇننىڭ ناھىيە بازىرىدا تۇرۇشلۇق يې چاڭشۇ ئاتلىق ئەسكەرلەر تۇەنىگە قۇمۇلدىن ياردەمگە كېلىدىغان ئىككى يىڭ ئەسكىرىي كۈچ بىلەن بىرلىشىپ ، سىگىم ئېغىزىغا دەرھال ياردەم بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى ؛ قارا شەھەردە تۇرۇشلۇق 128 - لۈيگە ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتىپ دەرھال كۆمۈشكە ياردەم بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى ؛ ئۈرۈمچىدە تۇ-

① كۆمۈش : شىنجاڭ توقسۇن ناھىيىسى چېگرىسى ئىچىدە بولۇپ ، جەنۇبىي ، شىمالىي شىنجاڭ قاتناش تۈگۈنى .

② سىگىم : شىنجاڭ تۇرپان شەھرىگە شەرقتىن 30 كىلومېتر كېلىدىغان جايدا بولۇپ ، ئىچكىرىدىن ئۈرۈمچى ، جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۆتىدىغان ستراتېگىيىلىك مۇھىم جاي .

رۇشلۇق 179 - لۇيگە بىر يىلڭ ئەسكىرىي كۈچنى داۋانچىلڭ ئەتراپىنى قوغ-
داشقا ئەۋەتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى  گومىنداڭنىڭ ياردەمچى قوشۇنلىرى كۆ-
مۈش، سىڭگىم ئىككى جايغا يېتىپ كېلىپ ئۇ يەرنى ساقلاۋاتقان قوشۇنلار
بىلەن بىرلىكتە قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى، كومۇشكە ھۇجۇم قىلغان قوز-
غىلاڭچىلار ئاممىسى ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ دۈشمەنگە تەڭ كېلەلمەي
تامامەن تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى. سىڭگىم ئېغىزىغا ھۇجۇم قىلغان قوراللىق
قوزغىلاڭچىلار ئاممىسى ئابدۇراخمان مۇھىتىنىڭ قوماندانلىقىدا كۆكيار-
نىڭ شەرقىي ۋە غەربىگە چېكىندى.

شۇ كۈنى  ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرى يىغىنى تۇرپان، پىچان،
توقسۇن قوزغىلىڭىنى قوزغىغان ئابدۇراخمان مۇھىتى، باۋۇدۇننى تۇرپان
ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقى، مۇئاۋىن ھاكىملىقىدىن قالدۇرۇشنى، ئۇلارنىڭ
ئورنىغا ئابدۇنىمىت بىلەن ماسوگىشىننى قويۇشنى قارار قىلدى.

7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى  ئەخمەتجان قاسىمى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى
قىسمەن ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرىنىڭ ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا بېرىش مەسى-
لىسى توغرىسىدا، ئۈرۈمچى قاتارلىق ۋىلايەتلەردىكى قىسمەن ئۆلكىلىك
كېڭەش ئەزالىرىغا يازغان جاۋاب خېتىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئىلى
ۋىلايىتى چەت ئەلنىڭ زېمىنى ئەمەس، ئىلى ۋىلايىتى «تىنچلىق بىتىم» ئىم-
زالانغاندىن كېيىن، ئالاھىدە دۆلەت بولۇپ قالغىنىمۇ يوق، ئۇ ئاقسۇ قا-
تارلىق ۋىلايەتلەرگە ئوخشاشلا ئۆلكىمىزنىڭ بىر مەمۇرىي رايونى، شۇڭا
ئۇلارنىڭ بۇ قېتىم ئىلىغا سەپەر قىلىشىنى ئۆز يۇرتىنىڭ بىر بۆلۈكىدىن يەنە
بىر بۆلۈكىگە ئېكىسكۇرسىيە قىلىشقا بېرىپ مېھمان بولۇشتىن باشقا نەرسە
ئەمەس دەپ قارايمىز.

7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى   سەنشى ، خېبېي ، سەندۇڭ ، خېنەن چېگرا رايونىدا نەشر قىلىنىدىغان « خەلق گېزىتى »دە « شىنجاڭ سۆھبىتى بۇزۇلـ دى ، جياڭ جيېشى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش تەلىپىنى رەت قىلدى ، خەلق مەسئۇدنىڭ شىنجاڭغا رەئىس بولۇشىنى ئېتىراپ قىلمىدى » دېگەن تېمىدا خەۋەر ئېلان قىلىندى . ئۇنىڭدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى : جياڭ جيېشى ھۆكۈمىتى بىلەن شىنجاڭدىكى ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشنى تەلەپ قىلغان ھەر مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەت 7 - كۈنى بۇزۇلدى . سۆھبەتنىڭ بۇزۇلۇشىدىكى سەۋەب شۇكى ، جياڭ جيېشى شىنجاڭدا مىلـ لەتلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش تەلىپىنى رەت قىلىپ ، بۇ يىل 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى مەسئۇدنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى قىلىپ زورمۇ زور تەيىنلىدى . شىنجاڭ خەلقى جياڭ جيېشى ھۆكۈمىتى تەيىنلىگەن ئۆلكە رەئىسىنى ئېتىراپ قىلىشنى رەت قىلدى . ئامېرىكا بىرلەشمە ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىدىن قارىغاندا ، سۆھبەت بۇزۇلغاندىن كېيىن ، جياڭ جيېشى ھۆكۈـ مىتى تەرەپتىن مەسئۇد بايانات ئېلان قىلىپ ، « ئىسيانكارلار » ( شىنجاڭ خەلقى )دىن جۇڭگولۇقلارغا ( ئەمەلىيەتتە ئىستىبداتلىق قىلىپ ئىچكى ئۇـ رۇش قوزغىغان جياڭ جيېشى ھۆكۈمىتىگە ) ئىلى ۋىلايىتىنى « ئېچىۋېتىش » نى تەلەپ قىلغان . ئىلاۋە : شىنجاڭدىكى قازاق ، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتـ لەر 1944 - يىلى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە مەجبۇر بولۇپ ، گومىنداڭ چوڭ خەنزۇچىلىقىنىڭ قانلىق مىلتارىست ھۆكۈمرانلىقىغا قارشىلىق كۆرسىتىپ ، ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى تەلەپ قىلدى. بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت جاپالىق كۈرەش قىلىپ جياڭ جيېشى ئارمىيىسىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن ، جاڭ جيېشى ھۆكۈمىتى 1945 - يىلى 9 - ئايدا جاڭ جىجۇڭنى ئۇـ رۇمچىگە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن مىللەتلەر بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشـ كە ئەۋەتتى . ئارىدا 1946 - يىلى 1 - ئايدا دەسلەپكى كېلىشىم ھاسىل قىلىنغان بولسىمۇ ، لېكىن بىر قانچە زور مەسىلىنى ، ئاساسلىقى ، يەرلىكـ نىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش مەسىلىسىنى جياڭ جيېشى باشتىن - ئاخىر رەت قىلدى . كېلىشىمنى جاڭ جيېشى بىر چەتكە قايرىپ قويدى ھەم شىماـ

لى شىنجاڭ ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدا نۇرغۇن ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، شىنجاڭ
خەلقىنى بوزەك ئەتتى ھەم قاقتى - سوقتى قىلدى. قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن
خەلق قوراللىق كۈچلىرىگە ھۇجۇم قىلىش قەستىدە بولدى. بۇ يىل 2 -
ئاينىڭ 19 - كۈنى ۋە 25 - كۈنى ئۈرۈمچىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئىك-
كى قېتىم نامايىش ئۆتكۈزۈپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى قورشۇۋېلىپ تەلەپ
قويۇپ، جياڭ جېيشى ھۆكۈمىتىنىڭ چوڭ خەنزۇچىلىق زوراۋانلىقىغا نارازى-
لىق بىلدۈردى. گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇۋاتقان ئارمىيىسىنى ئازايتىش-
نى تەلەپ قىلدى.

7 - **ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە** 16 - كۈنى كۆكيارنىڭ
شەرقى ۋە غەربىگە چېكىنگەن تۇرپان، پىچان، توقسۇن ناھىيىسىدىكى قو-
راللىق قوزغىلاڭچى ئامما يەتتە قۇدۇقتىكى گومىنداڭ قوشۇنىغا قورشاپ
ھۇجۇم قىلدى. ئىككى تەرەپ تۈپتوغرا بىر كۈن كەسكىن جەڭ قىل-
دى. 17 - كۈنى سەھەردە گومىنداڭنىڭ ياردەمچى قوشۇنى يېتىپ كەلگەن-
لىكتىن، قوزغىلاڭچى ئامما يەنە كۆكيارنىڭ شەرقى ۋە غەربىگە چېكىنىشكە
مەجبۇر بولدى.

7 - **ئاينىڭ 20 - كۈنى** سۇڭ شىلىيەن پىچان، يەتتە قۇدۇق، گۇچۇڭ
قاتارلىق جايلاردا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا بۇيرۇپ، تاغ ئىچىگە
كىرىپ قوزغىلاڭچى ئاممىنى تىنتىپ يوقىتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈر-
دى. 23 - كۈنىگىچە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، گوندىۋان، ئۈچ بۇلاق،
شياۋپىڭخۇ قاتارلىق جايلاردا قوزغىلاڭچى ئامما بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا
جەڭ بولدى، قوزغىلاڭچى ئامما ئېغىر زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىدى. قال-
غان 100 نەچچە ئادەم ئابدۇراخمان مۇھىتىنىڭ باشچىلىقىدا مۇھاسىرىنى
بۆسۈپ چىقىپ، تىيانشان تېغىنى بويلاپ غەربكە قاراپ چېكىندى.

7 - **ئاينىڭ 21 - كۈنى** جاڭ جىجۇڭ ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ بەربات بو-
لۇشى ۋە «تۇرپان، پىچان، توقسۇن ۋەقەسى» مۇناسىۋىتى بىلەن شىن-

جاڭنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى توغرىسىدا دۆلەت ئىچى ـ سىرتىغا سۆھبەت ئېلان قىلدى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: شىنجاڭنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا قورال كۈچىنى كۆز ـ كۆز قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ تىنچلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ سىياسەتنى بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق ئىزچىل ئىجرا قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىمەن.

7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ھەربىي دائىرىلىرى قەشقەردە ھەربىي ھالەت يۈرگۈزىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. يەنە ئۈچ ۋىلايەت قەشقەردە «قوزغىلاڭ» كۆتۈرمەكچى دېگەننى باھانە قىلىپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى قاسىمجان قەمبىرى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپدارى بولغان ناھىيە ھاكىملىرىنى قولغا ئالدى.

7 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئورگان گېزىتى «خەلق ئاۋازى» گېزىتىدە «جۇڭگو ۋەزىيىتى توغرىسىدا» سەرلەۋھىلىك ماقالە ئېلان قىلىنىپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ھەر قايسى جەڭ مەيدانلىرىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئازادلىق ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىش ئەھۋالى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلدى.

7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مەمۇرىي بۇيرۇق چۈشۈرۈپ مەسئۇدنىڭ تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ شىنجاڭ رايونىدا تۇرۇشلۇق تەپتىشلىك ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلىدى.

7 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە ئامېرىكىلىق ئايال مۇخبىر فاگ فارىكىر ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا بېرىپ ئىسھاقبېك مونونوپ، ھاكىمبەگ خوجا قاتارلىق كىشىلەرنى زىيارەت قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ياردەم بېرىش ھەم مەدەت بېرىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى

ھەم ئىگىلىدى.

7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى   سۇڭ شىلىيەنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ماچىڭشياڭ قاتارلىقلار بەيتىككە بېرىپ ئوسمان ئىسلام قىسىملىرىنى تەرتىپكە سېلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلدى، ئوسمان ئىسلام قىسمىدىن 700 ئادەمنى تاللاپ ئىككى چوڭ ئەترەت قىلىپ مەشق قىلدۇردى ھەمدە ئوسمان ئىسلام قايىم غازىنى گومىنداڭ تەرەپ بەرگەن قورال - ياراق، ئەسلىھە، ئاشلىق قاتارلىق ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى يەتكۈزۈشكە مەسئۇل قىلىپ ئۇرۇمچىدە دائىملىق تۇرۇشقا ئەۋەتتى.

7 - ئاينىڭ 30 كۈنى   گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مەمۇرىي بۇيرۇق چىقىرىپ بۇرھان شەھىدىنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزالىقى، قوشۇمچە مۇئاۋىن رەئىسلىكىدىن، سەي زۇڭشيەننى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزالىقى، قوشۇمچە مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىدىن قالدۇردى، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنى قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكى (قەشقەرنىڭ ۋالىيلىقىدىن قالدۇردى)گە، ئۆمەر داموللا، ليۇيۇڭشياڭ، چېن فاكىبۇ قاتارلىق ئۈچ ئادەمنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلىدى.

7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى   گومىنداڭ پەرەس ئۆمەر داموللا قەشقەرنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەندى.

شۇ كۈنى   ئەخمەتجان قاسىمى باسباي چولاق ئوغلى باپىن، قاسىماخۇن ئىسمايىلوپ، ئالىمجان ھاكىمبايوپلارغا خەت يېزىپ، تارباغاتاي ۋىلايىتىدە نۆۋەتتە ساقلىنىۋاتقان بىر قانچە مەسىلىنى قانداق ھەل قىلىش ۋە بىر ياقلىق قىلىش توغرىسىدا كونكرېت يوليورۇق بەردى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە خەنزۇلارغا بولغان بىر تەرەپلىمە تونۇشىمىزنى ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك، مەجبۇرىي ھاكىمىيەت

كۆچى ئارقىلىق خەنزۇ خەلقى بىلەن بولغان باراۋەرلىك مۇناسىۋىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ، بەلكى ئەركىن ياشاش ۋە سىياسىي باراۋەرلىك ئاساسىدا مىللىي ئىتتىپاقلىقنى ئورنىتىش ۋە كۈچەيتىش كېرەك . بىز مۇشۇ يولدا تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك . . . ئاھالىنىڭ كۆپ سانىنى ئىگىلىگەن مىللەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۈمىدى ۋە تەلىپىگە قۇلاق سېلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم ، ئۇلارغا بۇرادەرلەرچە دوستلۇق پوزىتسىيە ۋە ئاسراش سەممىيىتىنى بىلدۈرۈشى كېرەك . ئۆتكەندىكى بىر تەرەپلىمە تونۇشلىرىمىزنى ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك . ئۆتمۈشتە خەلقىمىز چەككەن زۇلۇمنى خەنزۇ خەلقىدىن كۆرۈشكە بولمايدۇ ، ئۇ خەنزۇ ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىرىنىڭ جىنايىتى . خەلقىمىز خەنزۇ خەلقى بىلەن خەنزۇ ھۆكۈمرانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئاجرىتىپ ئالسىلا ، خەنزۇ خەلقىگە بولغان كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىدۇ . خەنزۇ خەلقى بىزنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشنى ھەرگىز ئۈمىد قىلمايدۇ ، ساقچى تۈزۈمى ئارقىلىق بىزگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى ھەرگىز ئۈمىد قىلمايدۇ ، ھەربىي كۈچ ئارقىلىق بىزنى باستۇرۇشنى ھەرگىز ئۈمىد قىلمايدۇ . ئەنە شۇنداق ئويدا بولغان كىشىلەر بىزگە قايسى دەرىجىدىكى دۈشمەن بولسا خەنزۇ خەلقىنىڭمۇ شۇ دەرىجىدىكى دۈشمىنى . شۇڭا ، سىلەرنىڭ ئاممىغا بولغان تەربىيە خىزمىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن . »

شۇ كۈنى مەسئۇدنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئېچىلغان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ 28 - سانلىق يىغىنى ئىلى ، تارباغاتاي ، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىكى مەمۇرىي مۇناسىۋەتنىڭ بالدۇرراق نورمال ھالەتكە كېلىشى ئۈچۈن ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ۋالىي ، ھاكىملىرىنى ئۈرۈمچىگە چاقىرىپ ، مەمۇرىيەت يىغىنى ئېچىشنى قارار قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى .

7 - ئاي جاڭ جىجۇڭ ئۆز قولى بىلەن ستالىنغا يازغان بىر پارچە خەتنى خىزمەتلەرنى دوكلات قىلىش ئۈچۈن ۋەتىنىگە قايتىش ئالدىدا تۇر-

غان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى ساۋلېيېۋنىڭ ئالغاچ كېتىشىگە ھاۋالە قىلدى. خەتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشتا ياراشتۇرغۇچى ئورۇندا تۇرۇپ بەرگەن ياردىمىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈلگەن ھەمدە شىنجاڭدا ھازىر ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ باشتىن-ئاخىر بىخچە ئالاھىدە ھالەتنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقانلىق مەسىلىسى ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەنىلا ئوتتۇرىغا چۈشۈپ مۇناسىۋەتنى راۋانلاشتۇرۇپ ھەل قىلىپ قويۇشى ئۈمىد قىلىنغان.

8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئىلى ۋىلايەتلىك شىبە - سولۇن (داغۇر) مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى غۇلجىدا قۇرۇلدى. گۇەن رۇڭلەي، تۈچەنچۈن ئۇيۇشما باشلىقى ۋە مۇئاۋىن ئۇيۇشما باشلىقى بولدى.

8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئابدۇراخمان مۇھىتى تۇرپان، پىچان، توخسۇندا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن 100 دىن ئارتۇق كىشىلىك قوراللىق كۈچنى باشلاپ، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ قورشاۋى، قوغلاپ زەربە بېرىشىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ غۇلجىغا يېتىپ كېلىپ قىزغىن قارشى ئېلىشقا ئېرىشتى.

8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى مەسئۇدنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئېچىلغان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ 29 - سانلىق يىغىنى مۇنۇلارنى قارار قىلدى: (1) يەكەن، خوتەن ئىككى ۋىلايەتتىكى سايلام ماجىراسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، لىيۇ يۈگىشياڭ سايلامغا نازارەتچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ يەكەن، خوتەن، قەشقەر ۋىلايەتلىرىدە ۋالىي سايلىمىغا نازارەتچىلىك قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىلگىرىكى ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى، ھاكىملار سايلىمى ماجىراسىدىكى جاۋابكارلىقنى تەكشۈرۈپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئېنىقلاپ بىر تەرەپ قىلىشى ئۈچۈن يوللاشقا مەسئۇل بولىدۇ. (2) ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ ۋالىي سايلىمى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرى مەمۇرىيەت يىغىنىدىن كېيىن قەرەل-

لىك ئېلىپ بېرىلىدۇ. (3) ئاقسۇ، قاراشەھەر، ئۈرۈمچى، قۇمۇل ۋىلايەتلىرىنىڭ ۋالىي سايلىمىغا نازارەتچىلىك قىلىشقا ۋاڭ زىڭشەن مەسئۇل بولىدۇ.

**8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى** يەتتە ۋىلايەتتىكى ئۇيغۇر سايرانى قاتارلىق ئىلغار ياشلار ۋە زىيالىيلار ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا ماڭدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى يەتتە ۋىلايەتنىڭ ھاشىر باي تېلەۋبەردى①، ئىبراھىم تۇردى قاتارلىق زور بىر تۈركۈم ئىلغار ياشلار ۋە زىيالىيلار ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە كەتكەنىدى.

**شۇ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى** ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىن بولغان ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرى ئارقا - ئارقىدىن غۇلجىغا قايتتى. 27 - كۈنى رەھىمجان سابىرھاجى، ئەنۋەرخانبابا قاتارلىق ئاخىرقى بىر تۈركۈمدىكىلەر غۇلجىغا قايتتى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت يىمىرىلىش گىردابىغا بېرىپ قالدى.

---

① ھاشىرباي تېلەۋ بەردى (1898—1948): يەنى قاسىم ئەپەندى، ئەسلى يۇرتى روسىيە، قازاق، زىيالىي. 1930 - يىلى تاشقى موڭغۇلىيىدىن شىنجاڭغا كەلگەن، ئىلگىرى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خوجانىياز ھاجىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولغان. كېيىن شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان. شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ قازاق، قىرغىز مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولغان. شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا بېرىپ يەتتە ۋىلايەت دېموكراتىك ئىتتىپاقىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1948 - يىل 9 - ئايدا كېسەل سەۋەبىدىن غۇلجىدا ۋاپات بولغان.

## 4 . ئۈچ ۋىلايەت ئىچكى قىسمىنىڭ تەرتىپكە سېلىنىشى ۋە مۇستەھكەملىنىشى

(1947 - يىل 8 - ئايدىن 1949 - يىل 8 - ئايغىچە)

### 1947 - يىلى (8 - ئايدىن 12 - ئايغىچە)

8 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى   ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرى تەۋەسىدە پۇل مۇئامىلە ۋە مال باھاسىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدە ئوبوروت قىلىنىۋاتقان گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تارقىتىلغان قەغەز پۇلغا قايتىدىن تامغا بېسىپ ئوبوروت مىقدارىنى چەكلەش تەدبىرىنى قوللاندى.

8 - ئاينىڭ ئاخىرى   ئوسمان ئىسلام 600 نەچچە كىشىلىك قوراللىق كۈچنى باشلاپ ئالتاي ۋىلايىتىگە ھۇجۇم قىلدى. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سارتوقاي قاتارلىق جايلاردا تۇرۇشلۇق ئالتاي ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 - تۈەنىنىڭ ئالدىنقى سەپ قىسىملىرىنى كاردىن چىقىرىپ، چىڭگىل، كۆكتوقاي ناھىيىلىرى بازىرىنى ئىشغال قىلدى. ئالتاي ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 - تۈەنى ئېغىر چىقىم تارتتى. مىللىي ئارمىيىنىڭ شىمالىي يۆنىلىش بويىچە ئۇرۇش قىلىش قوماندانلىق شتابى سارسۇمبە، قابا، جېمىنەي، بۇرچىن قاتارلىق ناھىيىلەرگە پارتىزان ئەترەتلىرىنى تەشكىللەپ قوغداش توغرىسىدا جىددىي بۇيرۇق بەردى، ئىبراھىم باي باشچىلىقىدىكى قوبۇقسار ئاتلىق ئەسكەرلەر 2 - تۈەنىنىڭ 3 لىيەنى قارا چۆلدە ئوسمان ئىسلام قىسىملىرى تەرىپىدىن يېڭىلىپ، تاشقى موڭغۇلىيىگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. مىللىي ئارمىيىنىڭ شىمالىي يۆنىلىش بويىچە ئۇرۇش قىلىش قومان-

دانلىق شتابى يەنە يۈسۈپقان كۆنبايغا قوبۇقسار ئاتلىق ئەسكەرلەر 2 - تۈەنىنىڭ قالغان 3 لىيەنىنى باشلاپ ياردەم بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. يۈسۈپقان كۆنباي قىسمىنى باشلاپ سار بۇلاققا كەلگەندە ئوسمان ئىسلام قىسمىغا يولۇقۇپ قېلىپ كەسكىن جەڭ قىلدى. قوبۇقسار ئاتلىق ئەسكەرلەر 2 - تۈەنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىدى، يۈسۈپقان كۆنباي قالغان قىسىملىرىنى باشلاپ سارسۇمبە ناھىيە بازىرىغا چېكىندى.

**شۇ ئاينىڭ ئاخىرى** ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ تەلپىگە بىنائەن سوۋېت ئىتتىپاقى يەنە مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىنى غۇلجىغا مەخپىي ئەۋەتتى، ئۇلارنىڭ مەخپىي بەلگىسى «ئەخمەتجان قاسىمى 2 - ئىشخانىسى» دەپ بېكىتىلدى.

9 - **ئاينىڭ 1 - كۈنى** جاڭ جىجۇڭ ئەخمەتجان قاسىمى، رەھىمجان سابىر ھاجىغا خەت يېزىپ، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىن مۇنۇلارنى سورىدى: سىلەرنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ۋەكىللىرىڭلارنىڭ ھەممىسىنى غۇلجىغا قايتۇرۇپ كەتكىنىڭلار «تىنچلىق بىتىم»نى بىر تەرەپلىمە ھالدا يىرتىپ تاشلىغانلىق بولامدۇ، قانداق؟ يىرتىپ تاشلىغىنىڭلارنى بىر تەرەپلىمە ھالدا جاكارلىساڭلار يەنە قورال كۈچى ئىشلىتەمسىلەر، قانداق؟ مۇبادا مۇنداق نىيىتىڭلار بولمىسا ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ ئەقىلگە، قانۇنغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ھەل قىلىش چارىسىنى تېپىپ چىقىش ئۈستىدە كېڭەششىنى خالامسىلەر، قانداق؟ جاڭ جىجۇڭ خېتىدە يەنە ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن بىرلىكتە ئۆتمۈشتىكى پايدا - زىيانلارنى تەكشۈرۈپ، «تىنچلىق بىتىم»نى ئۈزۈل - كېسىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، بىر تەرەپ كونترول قىلىش ياكى كۆرەش قىلىشتەك قىلىقتىن ۋاز كېچىپ، دېموكراتىك سىياسىنى يولغا قويۇش، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قىلىش، جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، پۈتۈن ئۆلكىنىڭ تىنچلىقىنى كاپالەتلەندۈرۈش قاتارلىق پرىنسىپلار ئاساسىدا شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش يولىدا كۈچ چىقىرىشنى مۇراجىئەت

قىلدى .

**9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى** ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەنگەن ئابلىز مەخسۇم ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇپ ، گومىنداڭ پەرەس سېيىت ئەخمەت خوجا ۋالىيلىققا تەيىنلەندى .

**9 - ئاينىڭ باشلىرى** ئۈرۈمچىدە تۇرۇۋاتقان سابىق قوبۇقسار ناھىيىسىنىڭ كونا تورغۇت موڭغۇللىرى شىمالىي قەبىلىسىنىڭ ئايال چىڭۋاڭى چۆجاپ بىر بۆلۈك قوراللىق باندىتلارنى تەشكىللەپ ، ئۈچ ۋىلايەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن مويىلخېنى قوبۇقسار ناھىيىسىگە ئەۋەتتى .

**9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى** تارباغاتاي خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى ، خەن زۇڭزې ئۇيۇشما باشلىقلىقىغا سايلاندى .

**شۇ كۈنى** تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسى ئورگان گېزىتى «خەلق ئاۋازى» نىڭ تەھرىر بۆلۈمى جاڭ جىجۇڭغا خەت يېزىپ ، گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى ۋە ساقچىلىرىنىڭ ئۈرۈمچى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدا «خەلق ئاۋازى» نىڭ تارقىتىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقانلىقىغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ ، ئاخبارات ئەركىنلىكىنى تەلەپ قىلدى .

**شۇ كۈنى** جاڭ جىجۇڭ گومىنداڭنىڭ 6 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن شىنجاڭدىن نەنجىڭغا قاراپ ئۇچتى .

**9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى** ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بۈگۈندىن ئېتىبارەن ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدىكى ئامىنىڭ قولىدىكى سابىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تارقىتىلغان تۈرلۈك پۇللارنىڭ تېگىشىپ بې-

رىلمەيدىغانلىقىنى ھەمدە ئىشلىتىشتىن توختىتىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى .

9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئىلى ۋالىي مەھكىمىسى 78 - نومۇرلۇق بۇيرۇق ئېلان قىلىپ ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىي رېۋىزىيە كومىتېتى قۇرۇشنى قارار قىلدى ، جانى يولداش ، جانبولاتلار رەئىس ۋە مۇئاۋىن رەئىس بولدى .

شۇ كۈنى جاڭ جىجۇڭ نەنجىڭدە ئېچىلغان گومىنداڭنىڭ 6 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە مەركىزىي پىرقە ئىتتىپاق بىرلەشمە يىغىنىدا شىنجاڭ مەسىلىسى توغرىسىدا مەخسۇس تېمىدا دوكلات بەردى . ئۇ دوكلاتىدا ھەربىي كۆرەش ، تىنچلىق سۆھبىتى ۋە سىياسىي كۆرەشتىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچ بويىچە شىنجاڭنىڭ ئۆتمۈشتىكى ۋە نۆۋەتتىكى ئەھۋالىدىن تەپسىلىي مەلۇمات بەردى .

شۇ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئىلى ، تارباغاتاي ، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي خىزمەتلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش ئۈچۈن ، ئۈچ ۋىلايەت ئالىي ئىقتىساد كومىتېتى قۇرۇشنى قارار قىلدى . پولات ئالىمى① مۇدىرلىققا ، پاتىخ ئاللايار ۋە ناپىر ئەسقەنوپ مۇئاۋىن مۇدىرلىققا ، كېرىم ھاجى قاتارلىق كىشىلەر كومىتېت ئەزالىقىغا تەيىنلەندى . ئۈچ ۋىلايەت ئالىي ئىقتىسادىي كومىتېتىنىڭ ئاساسىي خىزمەت ھوقۇقى مۇنۇلاردىن ئىبارەت بولدى : پۇل ئاجرىتىپ بېرىش تالونلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق ئىلى ، تارباغاتاي ، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ كىرىم - چىقىمىنى باشقۇرۇش ؛ ئىلى ، تارباغاتاي ، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ باج ئىدارىلىرى ،

---

① پولات ئالىمى (1911—) : شىنجاڭ قەشقەردىن ، ئۆزبېك . شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت يېمىرىلىش ھارپىسىدا ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا بارغان . ئۈچ ۋىلايەت ئالىي ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن .

بانكا ۋە ئۇلارغا قاراشلىق ئاپپاراتلار بىردەك مەزكۇر كومىتېتنىڭ قارمىقىدا بولۇش ھەمدە پىلان ، خام چوت بويىچە باشقۇرۇش ؛ ئىلى ، تارباغاتاي ، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ باج ئىدارىلىرى ، بانكىلىرى ۋە ئۇلارغا قاراشلىق ئاپپاراتلارنىڭ رەھبەرلىرىنى مەزكۇر كومىتېت تەيىنلەش .

9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى    ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئۆلكىلىك سودا بانكىسى ئىلى شۆبە بانكىسىنىڭ نامىدا 1000 يۈەنلىك ، 3000 يۈەنلىك ئىككى خىل قەغەز پۇل (ئۈچ ۋىلايەتنىڭ قەرەللىك چېكى) نى تارقىتىپ ، ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدە ئوبوروت قىلدى .

9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى    ئوسمان ئىسلام قىسىملىرى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي ، مەمۇرىي دائىرىلىرىنىڭ ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا سارسۇمبىگە قاتتىق ھۇجۇم قوزغىدى ، دەللىقان سۇگۇربايوپ شىمالىي يۈنىلىش بويىچە ئۇرۇش قىلىش قوماندانلىق شتابى ۋە ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسىدىكى خىزمەتچى خادىملارنى ھەمدە يۇسۇپقان كۆنبايىنىڭ قوبۇقسار ئاتلىق ئەسكەرلەر 2 - تۈەنىنىڭ قالغان قىسمىنى باشلاپ نائىلاج سارسۇمبە ناھىيە بازىرىدىن چېكىنىپ ، جېمىنەي ناھىيىسى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسى ئىچىگە چېكىنىپ كىردى .

9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى    ئوسمان ئىسلام قىسىملىرى سارسۇمبە ناھىيە بازىرىغا بېسىپ كىردى . ئوسمان ئىسلام لاتىپ مۇستاپانى ئالتاينىڭ ۋالىيلىقىغا ، قۇسايىن ئويانىنى مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا ، قاناتبايىنى ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا ، قورمانىنى ھەربىي ئىشلار قوماندانلىقىغا تەيىنلىدى . يەنە قوراللىق قىسىملىرىنى ئەۋەتىپ بۇرچىن ، قابا ، بۇرۇلتوقاي ناھىيە بازارلىرىنى كەينى - كەينىدىن ئىشغال قىلدى .

9 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە    ئۈچ ۋىلايەت موگغۇللىرى خەلق قۇرۇلتىيى غۇلجىدا ئېچىلدى ، قۇرۇلتايغا 150 ۋەكىل قاتناشتى ،

ئابدۇكېرىم ئابباسوپ قۇرۇلتايدا «موڭغۇل خەلق قۇرۇلتىيى ۋە نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت» دېگەن تېمىدا سۆز قىلدى. قۇرۇلتايدا ئۈچ ۋىلايەت موڭغۇل مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى، لۇرۇپ دالاما ئۇيۇشمىنىڭ رەئىسلىكىگە، ئېردەنى ۋە نىما مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلاندى. «ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت قېرىنداشلارغا مۇراجىئەت» ئېلان قىلىنىپ، موڭغۇل خەلقىگە باشقا مىللەتلەر بىلەن بىرلىكتە ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، «تىنچلىق بېتىم» نى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا تىرىشىپ كۈرەش قىلىش مۇراجىئەت قىلىندى.

قۇرۇلتايدىن كېيىن يۇلتۇز، قوبۇقسار، ئارىشاڭ، بورتالا، جىڭ، دۆربىلجىن قاتارلىق جايلاردا شۆبە ئۇيۇشمىلار كەينى - كەينىدىن قۇرۇلدى.

9 - ئاينىڭ 24 - **كۈنى** دەلىلقان سۇگۇربايوپ شىمالىي يۆنىلىش بويىچە ئۇرۇش قىلىش قوماندانلىق شتابى، ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ خىزمەتچىلىرى ۋە مىللىي ئارمىيىنىڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرىدىن 200 دىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن تارباغايغا قايتىپ كېلىپ، ئوسمان ئىسلامغا قايتۇرما زەربە بېرىش ۋە ئالتاي ۋىلايىتىنى قايتۇرۇۋېلىش تەييارلىق خىزمىتىگە تۇتۇش قىلدى.

9 - ئاينىڭ 25 - **كۈنى** ئالتاي ۋىلايىتىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، دەلىلقان سۇگۇربايوپ مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى، شىمالىي يۆنىلىش بويىچە ئۇرۇش قىلىش قومانلىق شتابىنىڭ باش قوماندانى نامى بىلەن تارباغاتايدا ئەسكەر ئېلىش بۇيرۇقى چىقىرىپ، ئالتاي ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 - تۈەنىنى قايتا قۇرۇشقا تۇتۇش قىلدى، ئۇنىڭغا يەنىلا دەلىلقان سۇگۇربايوپ تۈەنجاڭ بولدى. يەنە تارباغاتاي پىيادە ئەسكەرلەر 2 - تۈەنى تارباغاتاي ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، خەمىت ئەلىيوپ تۈەنجاڭ بولدى.

**شۇ كۈنى** تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسىدە مۇئاۋىن ۋالىي ئالىمجان ھاكىمبايوپ باشچىلىقىدىكى ئوسمان ئىسلامغا قايتۇرما زەربە بېرىش تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پەۋقۇلئاددە كومىتېتى قۇرۇلدى. ھەر قايسى ناھىيەلەردە شۆبە كومىتېتلار قۇرۇلۇپ ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچى جەھەتتىن مىللىي ئارمىيىنىڭ ئوسمان ئىسلامنى قوغلاپ چىقىرىش، ئالتاي ۋىلايىتىنى قايتۇرۇۋېلىش ھەرىكىتىگە ياردەم بېرىشكە مەسئۇل بولدى.

**9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى** ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبىرىي جۇ ئېنلەي ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىغا بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ كادىر، جەڭچىلىرىگە بەرگەن «مەملىكەت بويىچە چوڭ قايتۇرما ھۇجۇم قوزغاپ جياڭ جيېشىنى يوقىتايلى» دېگەن تېمىدىكى دوكلاتىدا مۇنداق كۆرسەتتى: جياڭ جيېشىنىڭ ئارقا سېپى ئىنتايىن بوش، «ئارقا سېپىدە 21 لۈي قالدى، بۇ ئەلۋەتتە بوش قالغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنىڭ ئىچىدىكى سەككىز لۈي شىنجاڭ ۋە غەربىي گەنسۇدا، شىنجاڭدا مىللىي مەسىلە مەۋجۇت، ھازىر شىنجاڭدا يەنە ئۇرۇش بولۇۋاتىدۇ، سەككىز لۈي بۇياققا كېلەلمەيدۇ.»

**9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى** تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئورگان گېزىتى «خەلق ئاۋازى» ليۇ بوچېڭ، دېڭ شياۋپىڭ قىسىملىرى لەنجۇ - ليەنيۈنگاڭ تۆمۈر يولىنى كېسىپ ئۆتۈپ، گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى ئېغىر چىقىمغا ئۇچرىتىپ، ستراتېگىيىلىك ھۇجۇمدا غايەت زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى توغرىسىدىكى شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىنى كۆچۈرۈپ باستى.

**9 - ئاينىڭ ئاخىرى** دەلىلقان سۈگۈر بايوپ ئالتاي ۋىلايىتىدىكى شامىشى مامىيوپ، قاجىنەبى ۋەلىيوپ قاتارلىق ئاتاقلىق زاتلارغا خەت يېزىپ، ئۇلارنىڭ ئالتاي خەلقىنى ئوسمان ئىسلامغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىشنى ئۈمىد قىلدى. خەتتە مۇنداق دېيىلگەنىدى: بىز

مەغلۇپ بولمدۇق ، ئەسكەرلىرىمىز ، قورالليرىمزنىڭ ئەھۋالى ياخشى.
هازىر ئىلى ، تارباغاتاي خەلقى پۈتۈن كۈچى بىلەن بىزگە ياردەم بېرىۋا-
تىدۇ. شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى ، پات يېقىندا ئوسمان ئىسلامنى مەغ-
لۇپ قىلىپ سىلەر بىلەن جەم بولىمىز.

9 - ئاي غۇلجىغا چېكىنىپ كەلگەن يەتتە ۋىلايەتنىڭ بىر تۈركۈم
ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى ۋە ئاتاقلىق زاتلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن غۇل-
جىدا يەتتە ۋىلايەت دېموكراتىك ئىتتىپاقى قۇرۇلدى ، ئىبراھىم تۇردى رە-
ئىسلىككە ، هاشىر باي تېلەۋ بەردى ، نىغمەت خەلپەت① ، خەلپەت سۈزۈك
هاجىيوپ ② ئۈچەيلەن مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى. ئۇ ئەسلىدە ئۈ-
رۈمچىدە نەشر قىلىنماقچى بولغان «ئويغان» گېزىتىنى غۇلجىغا يۆتكەپ
كېلىپ ئۆزىنىڭ ئورگان گېزىتى قىلىشنى قارار قىلدى ، ئابدۇلئەخەت مەخ-
سۇم باش مۇھەررىر بولدى.

شۇ ئاي دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىيىسى ئۈرۈمچى ۋىلايەتلىك كو-
مىتېتىدىن بىرەيلەن ئاسىيلىق قىلغانلىقتىن ، بۇ پارتىيىنىڭ ئەزالىرىدىن يۇ
جەنلىن ، شېن يۈجى ، يۇ جياڭجى ، شى خې قاتارلىق 11 كىشى قولغا ئې-
لىنىپ تۈرمىگە قامالدى. بۇ تەشكىلات ناھايىتى زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرى-
دى ، شېن يۈجى تۈرمىدە ئۆلدى ، قالغانلىرى 1948 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن

---

① نىغمەت خەلپەت (1888—1962) : شىنجاڭ پىچان ناھىيىسىدىن ، ئۇيغۇر ، شائىر. شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت يېمىرىلگەندىن كېيىن ، ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا بېرىپ يەتتە ۋىلايەت دېموكراتىك ئىتتىپاقىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولغان. 1962 - يىلى ئۈرۈمچىدە كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان.

② خەلپەت سۈزۈك هاجىيوپ (1917—) : شىنجاڭ قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىدىن ، ئۇيغۇر ، زىيالى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت يېمىرىلگەندىن كېيىن ، ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا بېرىپ يەتتە ۋىلايەت دېموكراتىك ئىتتىپاقىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىنىڭ ئىشخانا مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان.

1949 - يىلىنىڭ باشلىرىغىچە ئارقا - ئارقىدىن قويۇپ بېرىلدى.

شۇ ئاي مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق باش شتابى توختى ئىبراھىموۋنى سىياسىي بۆلۈمنىڭ مۇدىرلىقىدىن قالدۇرۇپ، ساۋدانوپ زايىرنى سىياسىي بۆلۈمنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەشنى قارار قىلدى.

10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئورگان گېزىتى «خەلق ئاۋازى» گېزىتىدە «ئازادلىق كۈنىگە ئۆزۈن قالمىدى» سەرلەۋھىلىك ماقالە ئېلان قىلىندى. ماقالىدە مۇنداق كۆرسىتىلدى: «ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئازادلىققا چىقىدىغان كەڭ كۆلەملىك قايتۇرما ھۇجۇم پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى»، «جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازاد، مۇستەقىل، خەلقچىل، بەختىيار يېڭى جۇڭگو قۇرۇشى مۇشۇ ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىگە باغلىق.» ماقالىنىڭ ئاخىرىدا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: «پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بۇ قېتىمقى كەڭ كۆلەملىك قايتۇرما ھۇجۇمنىڭ ئۇلۇغ ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىشى كېرەك. كەڭ كۆلەملىك قايتۇرما ھۇجۇمنىڭ غەلىبىسى جۇڭگونى يېرىم فېئوداللىق، يېرىم مۇستەملىكە ھالەتتىن قۇتۇلدۇرىدۇ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى تامامەن يېڭى بىر دۇنياغا باشلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئاكتىپ ھالدا ھەرىكەتكە كېلىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ، كەڭ كۆلەملىك قايتۇرما ھۇجۇمنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك.»

10 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 31 - كۈنىگىچە دەللىقان سۈگۈر باييوپ سوۋېت ئىتتىپاقى ئوفتسېرى ئويىستروپ، مىخايىلوپ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئەسكىرىي كۈچنى ئۈچ يولغا بۆلۈپ، ئالتاي ۋىلايىتىنى بېسىپ ياتقان ئوسمان ئىسلام قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلدى. بىرىنچى يۆنىلىشتە فاتىي ئىۋانوۋىچ لېسكىن باشلىغان 800 نەچچە كىشىلىك موتورلاشقان كۈچەيتىلگەن يىلك بۇرچىن ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلدى؛ ئىككىنچى يۆنىلىش-

ته دەلىلقان سۇگۇربايوپ ئالتاي ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 - تۇەنىنى باشلاپ ئېرتىش دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدىكى جايلارغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. ئۈچىنچى يۆنىلىشتە خەمىت ئەلىيوپ باشچىلىقىدىكى تارباغاتاي ئاتلىق ئەسكەرلەر تۇەنى بۇرۇلتوقاي ناھىيە بازىرىغا يۈرۈش قىلدى. 17 - كۈنى بۇرچىن ناھىيە بازىرى بىر يولىلا قايتۇرۇۋېلىندى، سارسۇمبە، بۇرۇلتوقاي ئىككى ناھىيە بازىرىنى ساقلاۋاتقان ئوسمان ئىسلام قوشۇنلىرى بۇ خەۋەر-نى ئاڭلاپ ناھىيە بازىرىنى تاشلاپ قاچتى. 18 - كۈنى دەلىلقان سۇگۇر بايوپ قىسىملىرىنى باشلاپ سارسۇمبە ناھىيە بازىرىغا بېسىپ كىردى. ئاينىڭ ئاخىرى يەنە ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ كۆكتوقاي ۋە چىڭگىل ناھىيە بازارلىرىنى ئالدى، ئوسمان ئىسلام قالدۇق قىسىملىرىنى باشلاپ بەيتىك-كە قاراپ قاچتى.

10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى، رەھىمجان سابىر ھا-جى جاڭ جىجوڭغا جاۋاب خەت يېزىپ، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ ئۈرۈمچىدىن كېتىشىگە ھۆكۈمەتنىڭ «تىنچلىق بىتىم» ۋە «سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسى»غا ئۇزلۇكسىز خىلاپ-لىق قىلغانلىقى سەۋەبچى بولغانلىقىنى ئالتە جەھەتتىن پاكىت قويۇپ كۆر-سىتىپ ئۆتتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۈرۈمچىگە قايتىشنىڭ شەرتى سۈپىتىدە تۆت ماددىلىق تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ تۆت ماددىلىق تەلەپ تۆۋەن-دىكىچە: (1) شىنجاڭ خەلقى ئىچىدىكى تەرەققىيپەرۋەرلەرنى بېسىش ۋە خارلاشنى مەنئى قىلىش. (2) مۇسۇلمان جامائەت تەشكىلاتلىرىنىڭ قا-ماپ قويۇلغان بارلىق خادىملىرىنى قويۇپ بېرىش. (3) مەسئۇدنى ئۆلكە رەئىسلىكى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش. (4) «تىنچلىق بىتىم» نىڭ بارلىق ماددىلىرىغا ئەمەل قىلىش.

10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئالتاي ۋالىي مەھكىمە-سىنى يېڭىباشتىن تەشكىللەپ، دەلىلقان سۇگۇر بايوپنى ئالتاينىڭ ۋالىي-

قىغا ، شامشى مامىيوپ ، ئابدۇراخمان توختايوپنى①مۇئاۋىن ۋالىيلىققا تەيىنلىدى .

شۇ كۈنى    ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسى يىغىن ئۆتكۈزۈپ ، ھەر قايسى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەرنى يېڭىباشتىن تەشكىللەشنى قارار قىلدى ، مۇھەمـ مەت تۆمۈر بايوپ سارسۇمبە ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا ، رىشات ئابلىماجىن بۇرچىن ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا ، كۆكناي دابۇ قابا ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىـ قىغا ، قاناپىيا تۇسىپبېك جېمىنەي ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا ، مالىك مۇھەمـ مەتجان بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا ، قالمان ئاقىت كۆكتوقاي ناـ ھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىملىقىغا ، ۋاتقان ئەمرە چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ مۇئاـ ۋىن ھاكىملىقىغا تەيىنلەندى .

شۇ كۈنى    ئۆلكىلىك سودا بانكىسىنىڭ ئالتاي ۋىلايەتلىك شۆبە بانكىسى سارسۇمبىدە يېڭىباشتىن تەشكىللەندى ، مۇنەۋۋەر ئابدۇللا ھاجىـ يوپ ، نۇرمۇقامەتلەر شۆبە بانكا باشلىقى ۋە مۇئاۋىن بانكا باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى .

شۇ كۈنى    ئۈچ ۋىلايەت دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق بانكىسى ئالتاي ۋىلايەتلىك شۆبە بانكىسى سارسۇمبىدە يېڭىباشتىن تەشكىللەندى ، مامۇت ياقۇپ شۆبە بانكا باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى .

شۇ كۈنى    ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئورگان گېزىتى « ئەركىن ئالـ تاي » گېزىتى رېداكسىيىسى يېڭىباشتىن تەشكىللەندى ، مۇقاش جاكە باش

---

① ئابدۇراخمان توختايوپ (1888—1961) : شىنجاڭ بۇرچىن ناھىيىسىدىن ، قازاق. يۇقىرى قاتلام زات. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى بولـ غان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1961 ـ يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالتايدا ۋاپات بولغان.

مۇھەررىرلىككە تەيىنلەندى.

10 - ئاينىڭ 26 - **كۈنى** ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسى ۋاتقان ئەمرەنى
چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىدى.

10 - **ئاينىڭ ئاخىرلىرى** ئۈچ ۋىلايەت شىبە - سولۇن (داغۇر) مىلـ
لەتلىرى قۇرۇلتىيى غۇلجىدا ئېچىلدى. ئەخمەتجان قاسىمى 28 - كۈنى يىـ
غىنغا كېلىپ مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: مەزلۇم مىللەتلەر ئىسـ
تىبدات ھۆكۈمران ھاكىمىيەتنى ئۆلاتقاندىن كېيىن، ئۆز مىللىتىنىڭ ھۆكۈمـ
ران ھاكىمىيىتىنى ئورناتمايدۇ، بەلكى ئەسلىدىكى ھۆكۈمران مىللەت ئىچىـ
دىكى ئېزىلگۈچى خەلقنىڭمۇ باراۋەرلىك، ئەركىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرىدىـ
غان ھاكىمىيەت ئورنىتىدۇ. مانا بۇ بىزنىڭ مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىمىزنىڭ
ماھىيەتنىڭ يولى بولۇشى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن «بىز ئېزىلگۈچى مىللەتـ
لەر خەلقىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپلا قالماستىن، ئەزگۈچى مىللەتلەر ئىـ
چىدىكى دېموكراتلارنىمۇ سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈشىمىز ۋە ئۇلار بىلەن ئىتـ
تىپاقلىشىشىمىز كېرەك.»

قۇرۇلتايدا ئۈچ ۋىلايەت شىبە - سولۇن (داغۇر) مەدەنىي ئاقارتىش
ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. تۇڭ باۋ①، گۇەن رۇڭلەي ئۇ-
يۇشما باشلىقى ۋە مۇئاۋىن ئۇيۇشما باشلىقلىقىغا سايلاندى. يىغىندىن
كېيىن چاپچال، يىچىغاشەن، توققۇزتارا، چۆچەك قاتارلىق جايلاردا ئارقا-
ئارقىدىن شۆبە ئۇيۇشما تەشكىلاتلىرى قۇرۇلدى.

---

① تۇڭ باۋ (1892—1973): شىنجاڭ چاپچال ناھىيىسىدىن، شىبە، يۇقىرى قاتلام زات. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە، ئۈچ ۋىلايەت شىبە - سولۇن (داغۇر) مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1973 - يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان.

**10 - ئاي** مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى ساۋەننىڭ ھاكىمى قالىبېكنىڭ ئاسىيلىق قىلىش ئالامەتلىرى كۈندىن - كۈنگە ئاشكارىلىنىۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، غۇلجىدىن غۇلجا پىيادە ئەسكەرلەر 2 - تۈەنى ۋە توپچىلار يىگىنى، بورتالادىن موڭغۇل ئاتلىق ئەسكەرلەر يىگىنى يۆتكىدى ھەمدە غۇلجا پىيادە ئەسكەرلەر 2 - تۈەنىنىڭ 2 - يىگىنى ساۋەن ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى قىلىپ كېڭەيتتى. غۇلجا پىيادە ئەسكەرلەر 2 - تۈەنىگە مايتاغقا كىرىپ ئورۇنلىشىش، مەزكۇر تۈەنىنىڭ 5 - ۋە 6 - لىيەنلىرى ساۋەنگە كىرىپ ئورۇنلىشىش، يەنە توپچىلار يىگى، شىخو پىيادە ئەسكەرلەر 1 - تۈەنىنىڭ بىر قىسمىغا يەنسىخەيى، ساندىخوزىغا كىرىپ ئورۇنلىشىش، ساۋەن ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى، موڭغۇل ئاتلىق ئەسكەرلەر يىگىنىغا ئولان ئۇسۇ ۋە شىخەنزە ئەتراپىغا بېرىپ ئورۇنلىشىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى.

**شۇ ئاي** ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ 50، 100، 200، 300، 500 ۋە 600 يۈەن قىممىتىدىكى بىر يۈرۈش ئالتە خىل پوچتا ماركىسىنى ۋە قىممىتى 5 يۈەندىن 50000 يۈەنگىچە بولغان 11 خىل باج تالونىنى تارقاتتى.

**11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى** ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسى 4 - نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ، ئالتاي ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ پوچتا - تېلېگراف ئالاقە كەسپىنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

**11 - ئاينىڭ باشلىرى** شىمالىي يۆنىلىش بويىچە ئۇرۇش قىلىش قوماندانلىق شتابى ئالتاي ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 - تۈەنىگە سارسۇمبە ناھىيە بازىرىنى ساقلاش، تارباغاتاي ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنىگە سارتوقايدا تۇرۇپ گومىنداڭ ئىشغالىيىتىدىكى رايونلار بىلەن ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ تۇتىشىش ئورنىدا مۇداپىئەدە تۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

**11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى** ساۋەن ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى قالىبېك، ساۋەن

ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى تاكمان ئاشكارا ھالدا ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى چىقىپ، ئۆزىنى گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئېتىپ، قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈردى، ئۇ ئىككىسى مىڭغا يېقىن قوراللىق ئادەم بىلەن ئىككىگە بۆلۈنۈپ شىخو ناھىيە بازىرى ۋە ساۋەن ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلدى ھەمدە كۆيتۈندىن يەنسخەيگىچە بولغان ئارىلىقتىكى كۆۋرۈكلەرنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى، تېلېفون سىملىرىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. دوڭسىدى، چىچاڭ، بۆرتۈڭگۈ، چازىگۇ، قىزىل، بايىنغۇل، لاماياۋ ئەتراپىدا بۇلاڭچىلىق قىلىپ پاراكەندىچىلىك سالدى.

**شۇ كۈنى** تارباغاتاي ۋىلايىتى مەزكۇر ۋىلايەتنىڭ مال باھاسىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن مۇنۇلارنى قارار قىلدى: (1) تارباغاتايغا سىرتتىن كەلگەن سودىگەرلەر يەرلىك مەھسۇلاتلارنى خام ئەشياغىلا تېگىشىشكە بولىدۇ، نەق پۇل ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە بانكا ئارقىلىق ھېساب يۆتكەش رەسمىيىتىنى بېجىرىدۇ. (2) بازارلاردا ئۇرۇمچى تارقاتقان 500 يۈەنلىك قەغەز پۇلنى ئىشلىتىش مەنئى قىلىنىدۇ. (3) ئۈرۈمچىگە مال يۆتكەيدىغان ئەتكەسچىلىك ۋە بېسىمدارلىق ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي زەربە بېرىلىدۇ.

**11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى** مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى 300 - نومۇرلۇق بۇيرۇق ئېلان قىلىپ، مىللىي ئارمىيە باش دوختۇرخانىسىنى (تۆۋەن دەرىجىلىك) قۇرۇشنى قارار قىلدى.

**11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى** ئەخمەتجان قاسىمى مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ ئۈچ يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا نۇتۇق سۆزلەپ، ھەر مىللەت خەلقىدىن شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ پارلاق ئىستىقبالى ئۈچۈن كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاپ خىزمەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

**11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى** ئىلى ۋالىي مەھكىمىسى كېڭەيتىلگەن يىغىنى نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتكە ئاساسەن مۇنۇلارنى قارار قىلدى: (1) ئۈچ ۋىلايەت ئالىي ئىقتىساد كومىتېتى، مائارىپ ئىدارىسى، سەھىيە ئىدارىسى،

ساقچى ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار يېڭىباشتىن خەلق ئىقتىسادىي باشقۇ-
رۇش باشقارمىسى ، مائارىپ ئىدارىسى ، سەھىيە باشقارمىسى ، ئىچكى
ئىشلار باشقارمىسى ، سوت مەھكىمىسى بىلەن بىرگە ئىلى ۋالىي مەھكىمە-
سىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدىغان قىلىپ تەشكىللىنىدۇ . ( 2 ) سەھىيە ۋە سو-
دا تارماقلىرىنىڭ ناھىيىلەردىكى تارماق ئاپپاراتلىرى بىكار قىلىنىدۇ .
( 3 ) ناھىيىلەردىكى سوت مەھكىمىلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ ، ئۇنىڭ
كەسپىنى ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىلىرى مەسئۇل بولۇپ بېجىرىدۇ .
( 4 ) ئۈچ ۋىلايەت ئىقتىسادىي رېۋىزىيە كومىتېتى ئىقتىسادىي رېۋىزىيە
باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلىدۇ .

**11 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە** ئىسھاقبېك مو-
نونوپ شىخودا ئالدىنقى سەپتە ئۇرۇش قىلىش قوماندانلىق شتابىنى قۇر-
دى . شىخەنزىدە تۇرۇشلۇق ساۋەن ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنىنىڭ ئىككى لە-
يەنگە بىرىنچى يول بولۇپ قىزىل تۆپەككە ، دۆڭدىغا ھۇجۇم قىلىپ ، قالى-
بېك بىلەن ماناستىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئالاقىسىنى ئۈزۈۋېتىش ؛
غۇلجا پىيادە ئەسكەرلەر 2 - تۈەنىنىڭ بىر يىڭىنى ئىككىنچى يول بولۇپ
تاكمان قىسمىغا ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى . كەسكىن جەڭ
ئارقىلىق 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە باندىتلارنىڭ 200 دىن ئارتۇق ئادىمى
ئەسىر ئېلىندى ، قالىبېك بىلەن تاكمان قالدۇق قوشۇنلىرىنى باشلاپ ما-
ناس دەرياسىدىن ئۆتۈپ ، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونغا قېچىپ
كەتتى ، شۇنىڭ بىلەن قالىبېك بىلەن تاكماننىڭ توپىلىڭى تارمار قىلىنىپ ،
ئۈچ ۋىلايەت مۇستەھكەملەندى .

**11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى** ئۈچ ۋىلايەت 200 ، 2500 يۈەنلىك ئىككى
خىل قەغەز پۇل تارقاتتى .

**شۇ كۈنى** ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسى بۇيرۇق چىقىرىپ ئالتاي ۋىلايە-
تىدىكى ناھىيىلەرنىڭ پارتىزانلار ئەترىتى تەشكىللەپ ، ئوسمان ئىسلامنىڭ
پاراكەندىچىلىك سېلىشىغا تاقابىل تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى .

11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئالتاي ۋىلايەتلىك تۈنجى قېتىملىق دىنىي زاتلار ۋەكىللىرى يىغىنى سارسۇمبىدە ئېچىلدى. يىغىندا مۇنۇلار قارار قىلىندى: (1) دىنىي ئىشلار باشقارمىسى مەخسۇس تەشۋىقاتچى ئەۋەتىپ خەلققە كەڭ كۆلەمدە دىنىي تەشۋىقات ئېلىپ بارىدۇ. (2) ھەممە ناھىيىلەر دىنىي مەكتەپ قۇرۇپ، دىنىدىن دەرس ئۆتۈشى كېرەك. (3) ئۆشرە، زاكات ئېلىنىدۇ. (4) نىكاھ دىنىي قائىدىلەر بويىچە تىزىملىنىپ بېجىرىلىدۇ ھەمدە ئىنسان قېلىپىدىن چىققان جىنايەتچىلەرگە ئېتىش، دارغا ئېسىش، بىر قولىنى كېسىۋېتىش، بىر پۇتىنى كېسىۋېتىش، سۈرگۈن قىلىش قاتارلىق جازالارنى بېرىشكە بولىدۇ. (5) دىنىي ئەھكامدا مەيلى مۇسۇلمانلار ياكى مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلاشقا يول قويۇلمايدۇ.

11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسى 80 - نومۇرلۇق بۇيرۇق چىقىرىپ، ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسىدىكى ھەر قايسى تارماقلار، ناھىيىلەرنىڭ ۋىۋىسكا، تامغا، ھۆججەت نومۇرى، ناملىرىدا شەرقىي تۈركىستان دېگەن سۆزنى بىردەك ئېلىۋېتىشنى تەلەپ قىلدى.

11 - ئاينىڭ 20 كۈنى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئوسمان ئىسلام توپىلىڭىنىڭ ئالتاي ۋىلايىتىگە كەلتۈرۈپ چىقارغان غايەت زور زىيىنىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بىلەن قاراپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە ياردەم بەرگەندىن سىرت يەنە ئىلى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدىن ئەنۋەر موسابايوپ، قالى ئاباق ① قاتارلىق بىر تۈركۈم كادىرلارنى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ خىزمىتىگە ياردەم قىلىشقا يۆتكەشنى قارار قىلدى.

---

① قالى ئاباق (1923—1980): شىنجاڭ غۇلجىدىن، قازاق. زىيالىي. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي مەزگىلىدە ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىپى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ئالتاي ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1980 - يىلى 2 - ئايدا ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان.

**شۇ كۈنى** ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ
«تىنچلىق بىتىم» غا بۇزغۇنچىلىق قىلغان پاكىتلىرىنى پاش قىلىش، ئوسـ
مان ئىسلام ئالتاي خەلقىگە يەتكۈزگەن زىياننى ئېنىقلاپ ستاتىستىكا قىـ
لىش ئۈچۈن ئېنىقلاپ ستاتىستىكا قىلىش ھەيئىتى تەشكىللىدى. مەملە
زەڭگى مۇدىر، ئەخمەت زاكىر ئىمام، شامشى مامىيوپ مۇئاۋىن مۇدىر بولـ
دى.

**11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى** ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئەنۋەر مۇسابايوپنى
ئىلىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىقىدىن قالدۇردى.

**11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى** سەنشى - خېبېي - سەندۇڭ - خېنەن چېگرا
رايونىدا نەشر قىلىنىدىغان «خەلق گېزىتى» شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ شىماـ
لىي شەنشى 22 - كۈنىدىكى تېلېگراممىسىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، «شىنجاڭـ
دىكى توقۇنۇش داۋاملاشماقتا، خەلق ئارمىيىسى سارسۇمبىنى قايتۇرۇـ
ۋالدى» سەرلەۋھىلىك خەۋەرنى ئېلان قىلدى. خەۋەردە مۇنداق دېيىلـ
گەن: «شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن شىنجاڭ خەلق ئاپـ
تونوم رايونى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش يەنىلا داۋاملاشماقتا. خەلق ئاپـ
تونوم رايونى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ مەركىزىي سارسۇمبىنى 9 - ئاينىڭ 10 -
كۈنى گومىنداڭ ئارمىيىسى زورلۇق كۈچ بىلەن بېسىۋالغاندىن كېيىن،
خەلق ئاپتونوم ئارمىيىسى تەرىپىدىن 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى يەنە قايتۇرۇـ
ۋېلىندى. خەلق ئاپتونوم رايونىغا قاراشلىق ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي
ۋىلايەتلىرى بار، ئۇنىڭ ئاھالىسى 700 مىڭدىن ئاشىدۇ، بۇ پۈتۈن شىنـ
جاڭ ئاھالىسىنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ، ئۇلار
خەلق ئاپتونوم قوراللىق كۈچلىرىدىن 40 - 50 مىڭ ئادەمگە ئىگە، بۇنىڭ
ئىچىدىكىسىنىڭ كۆپچىلىكى مۇنەۋۋەر ئاتلىق ئەسكەرلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ
ھەممىسى گومىنداڭنىڭ زۇلمىغا قارشى چىقىپ، ئاپتونومىيىنى قولغا كەلتۈـ
رۈش ئۈچۈن كۆپ يىل كۈرەش قىلغانلار. 1946 - يىل 1 - ئايدا، گومىنـ
داڭ دائىرىلىرى شىنجاڭ خەلق ئاپتونوم ۋەكىللىرى بىلەن تىنچلىق بىتىم ئىمـ

زالاپ ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى ئېتراپ قىلغانىدى ، لېكىن
ئارقىدىنلا گومىنداڭ دائىرىلىرى بۇ بىتىمگە بۇزغۇنچىلىق قىلدى ھەمدە شىنـ
جاڭ خەلقىنىڭ ئاپتونومىيە ھەرىكىتىنى باستۇرۇۋېتىش سۇيىقەستىدە بولـ
دى. بۇ يىل 5 ـ ئايدا ، گومىنداڭ دائىرىلىرى شىنجاڭدىكى چوڭ پومېشـ
چىك ، فېئودال ئەكسىيەتچى ، گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى
مەسئۇدنى شىنجاڭنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەپ پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ قار-
شىلىقىنى قوزغىدى ، تىنچلىق بىتىمگە ئاساسەن ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈ-
مەتتە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئاپتونوم رايوننىڭ ۋەكىللىرى ئىلاجسىز چېكىنىپ
كەتتى. گومىنداڭ دائىرىلىرى بولسا 50 ـ 60 مىڭ كىشىلىك چوڭ قوشۇننى
جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە ئۈرۈمچىگە يىغىپ ، خەلق ئاپتونوم رايونىغا ھۇجۇم قىـ
لىشقا تەييارلىنىۋاتىدۇ . جياڭ جيېشى ئارمىيىسى ۋە گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى
دائىم مۇسۇلمان ئاممىسى ( شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان
ئاز سانلىق مىللەتلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ — تۈزگۈچىدىن ) نى تۇتۇپ ئۆلتۈ-
رۈۋاتىدۇ ، جياڭ جيېشى باندىت ئارمىيىسى كۆرۈنۈشتە خەلق ئىچىدە
سايلامنى يولغا قويغاندەك قىلغان بىلەن ، ئەمەلىيەتتە خەلق نامزاتلىرىنى
تۇتۇپ قاماپ ، خەلقنى جياڭ جيېشى قورچاقلىرىنى سايلاشقا قىستاۋاتىـ
دۇ . خەلق ۋەكىلى بولۇپ سايلانغانلارغا بۆھتان چاپلىنىپ ، ئۇلار تۈرمىگە
تاشلىنىۋاتىدۇ ، خەلقنىڭ سەۋر ـ تاقىتى تۈگەپ ، يەنىلا قوزغىلىپ شىنـ
جاڭنىڭ دېموكراتىيە ۋە تىنچلىقى ئۈچۈن داۋاملىق كۈرەش قىلىۋاتىدۇ . »

11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئىلى ۋالىي مەھكىمىسى 90 ـ نومۇرلۇق
بۇيرۇق چىقىرىپ ، ئۈچ ۋىلايەت ئالىي ئىقتىساد كومىتېتىنى بۈگۈندىن
باشلاپ ئىلى ۋالىي مەھكىمىسى خەلق ئىقتىسادىي باشقۇرۇش باشقارمىـ
سى قىلىپ ئۆزگەرتىشنى بەلگىلىدى . قىيۇمبەگ خوجا باشقارما باشلىقلىقـ
غا ، پولات ئالىمى ، ۋاققاس ھاجى مىرشانوپ ، پاتىخە ئاللايار قاتارلىق
ئۈچەيلەن مۇئاۋىن باشقارما باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى .

شۇ كۈنى سەنشى ـ خېبېي ـ سەندۇڭ ـ خېنەن چېگرا رايونىدا نە-

شىر قىلىنىدىغان «خەلق گېزىتى» شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ شىمالىي شەنشىـ
دىن 26 - كۈنى بەرگەن تېلېگراممىسىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، «شىنجاڭنىڭ
ئاپتونومىيە ھەرىكىتى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىگىچە كېڭىيىپ، مىڭلىـ
غان پىيادە، ئاتلىق ئەسكەرلەر بىر تۇتاش تەشكىلات قۇرۇپ، تۇرپان
ئويمانلىقىدا جياڭ جيېشى باندىتلىرىغا زەربە بەرمەكتە» سەرلەۋھىلىك خەـ
ۋەرنى باستى. خەۋەردە مۇنداق كۆرسىتىلدى: «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق
مىللەتلەرنىڭ جياڭ جيېشىغا قارشى ئاپتونومىيە ھەرىكىتى مەزكۇر ئۆلكىنىڭ
غەربىي شىمال قىسمىدىن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى تۇرپان ئويـ
مانلىقىغىچە كېڭەيدى. بۇ يەردىكى توخسۇن، تۇرپان، پىچان ناھىيىلىرىـ
دىكى خەلقنىڭ قوراللانغان ئاتلىق، پىيادە ئەسكەرلىرىدىن نەچچە مىڭلىـ
غان كىشى بىر تۇتاش ‹تۈركىستان ئىنقىلابى پارتىزانلار ئەترىتى› نى
تەشكىللەپ، شۇ يەردە خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، جياڭ جيېشى باندىتلىـ
رىنىڭ ئاشلىق مەنبەسىنى قامال قىلىپ، جياڭ جيېشىغا قارشى كۈرەش قىلـ
ماقتا ھەمدە ‹جياڭ جيېشى باندىت ئارمىيىسى شىنجاڭدىن چىقىپ
كەتسۇن›، ‹مىللىي ئاپتونومىيىنى يولغا قويايلى› دېگەن شوئارلارنى
ئوتتۇرىغا قويدى. 7 - ئايدا، پارتىزان ئەترەتلىرى كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم
قوزغاپ تايانچ پونكىتلارغا ھۇجۇم قىلىپ، تاشيوللارنى ئۈزۈپ تاشلاپ
ئۇدا غەلىبە قىلدى. جياڭ جيېشى باندىتلىرىنىڭ شىنجاڭ گارنىزون قومانـ
دانلىق شتابى ساراسىمىگە چۈشۈپ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى. 7 -
ئاينىڭ 6 - كۈنى، 100 دىن ئارتۇق قوراللىق پارتىزان پىچاننىڭ لەمجىن
ۋە خاندۇدىكى جياڭ جيېشى باندىتلىرىنىڭ ساقچى ئورنىغا ھۇجۇم قىلىپ،
باندىت ساقچىلارنى تولۇق يوقىتىپ، نۇرغۇن ئات، قورال - ياراق غەنىيـ
مەت ئالدى. 10 - كۈنى، 600 دىن ئارتۇق قوراللىق ئادەم يەنە ياڭخى
ھەمدە توخسۇندىن كورلىغا بارىدىغان تاشيولدىكى كۆمۈشكە بۆلۈنۈپ
ھۇجۇم قىلىپ، ياڭخىغا كىرگەندىن كېيىن، باندىتلارنىڭ ئاشلىق ئامبىرىـ
دىكى 10 مىڭ دادەندىن ئارتۇق ئاشلىقنىڭ ھەممىسىنى نامرات خەلققە بۆـ
لۈپ بەردى. 13 - كۈنى، مىڭدىن ئارتۇق كىشىلىك ئاتلىق، پىيادە قورالـ
لىق كۈچ قولىغا ئېغىر، يېنىك پىلموتلارنى ئېلىپ، ‹تۈركىستان ئىنقىلابى

پارتىزانلار ئەترىتى) نىڭ ئاق رەڭلىك بايرىقنى كۆتۈرۈپ، ئەترەت باشلىقى ئابدۇراخماننىڭ بىۋاستە قوماندانلىقىدا جياڭ جيېشى باندىتلىرىنىڭ مۇھىم ئۆتكىلى بولغان سىڭگىمگە ھۇجۇم قىلىپ، تۆت كېچە - كۈندۈز جەڭ قىلدى. پارتىزانلار نەچچە قېتىم ئاتاكىغا ئۆتتى، جەڭچىلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئۈستۈن بولدى، بۇنىڭ بىلەن جياڭ جيېشى باندىتلىرىغا قاتتىق زەربە بەردى ھەمدە يېقىن ئەتراپتىكى تېلېفون سىملىرىنى ئۈزۈپ تاشلىدى ۋە تاشيول، كۆۋرۈكلەرنى ۋەيران قىلىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جياڭ جيېشى باندىتلىرىنىڭ يەنە بىر كۈچلۈك تايانچ بازىسى بولغان يەتتە قۇدۇقمۇ بۇ پارتىزانلار ئەترىتىدىكى يۈزدىن ئارتۇق قورالىق كىشىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. پارتىزانلار كۆكيارنىڭ شەرقىي ۋە غەربىنى قوغداپ، ئۆز كۈچىنى ئۆلغايتىپ، جياڭ جيېشى باندىتلىرى بىلەن داۋاملىق ئۇرۇش قىلىۋاتىدۇ.»

11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى «ئىنقىلابچىل ياشلار» «جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ خىتابنامىسى» نى تولۇق تېكستى بىلەن («ئويغان» گېزىتىدىن كۆچۈرۈپ) باستى.

11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئىلى ۋالىي مەھكىمىسى مۇنداق قارار چىقاردى: ئەسلىدە ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسىگە بىۋاستە قاراشلىق بولۇپ كەلگەن ناھىيىلىك سوت مەھكىمىلىرى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ. ھاكىملار سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىنى قوشۇمچە ئۆتەيدۇ. 1948 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىدا بولمايدۇ، لېكىن كەسپىي خىزمەتلەرگە يەنىلا ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسى يېتەكچىلىك قىلىدۇ، ناھىيىلىك سوت مەھكىمىلىرى ھەر ئۈچ ئايدا بىر قېتىم ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسىگە خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك دوكلات قىلىدۇ.

12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى    جاڭ جىجۇڭ ئەخمەتجان قاسىمغا ئىككىنچى
قېتىم خەت يېزىپ ، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىشىنى
ياكى نەنجىڭغا بېرىشىنى ، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ « تىنچلىق بىتىم » گە ئاسا-
سەن بىر نۆۋەت ئۆزىنى ئۆزۈل - كېسىل تەكشۈرۈشىنى ۋە مەسىلىنى ھەل قى-
لىشنى ھەمدە ئۆلكە رەئىسىنى خەلق سايلىمى ئارقىلىق سايلاش چارىسىنى
مۇھاكىمە قىلىشنى ئۈمىد قىلدى . ئۇ خېتىدە ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىن ئالدى
بىلەن تۆۋەندىكى نۇقتىلارنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى : ( 1 )
ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئالاھىدە بولۇۋېلىشىنى بىكار قىلىش تەدبىرىنى قوللى-
نىش . ( 2 ) ئەسكەر قوبۇل قىلىشنى توختىتىش ۋە قوشۇنلارنى قىسقار-
تىش . ( 3 ) « شەرقىي تۈركىستان » ھەققىدىكى تەشۋىقاتنى توختىتىش ،
دۆلەتكە ، خەنزۇلارغا ، دۆلەت ئارمىيىسىگە قارشى تۇرىدىغان سۆزلەرنى
توختىتىش . ( 4 ) ماناس دەرياسىدىن ئۆتىدىغان قاتناشنى ئەسلىگە كەل-
تۈرۈپ ، تەكشۈرۈشنى توختىتىش ، تۇتۇپ قېلىنغان ھۆكۈمەت سودا ئاپتو-
موبىللىرىنى قايتۇرۇپ بېرىش . ( 5 ) ئۈچ ۋىلايەتنىڭ خەنزۇ ، خۇيزۇ ، قا-
زاق ( خەنزۇ پەرەس ) زاتلارنى ئېزىش ۋە كەمسىتىشنى توسۇش .

12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى    ئىلى ۋالىي مەھكىمىسى ئىلى ۋىلايەتلىك
سانائەت بىرلەشمىسى قۇرۇپ ، بارلىق سانائەت كارخانىلىرىنى بىر تۇتاش
باشقۇرۇشنى قارار قىلدى .

12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى    مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى
319 - نومۇرلۇق بۇيرۇق ئېلان قىلىپ ، مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن باش
قوماندانى ۋە سەنمۇجاڭى جۇن دەرىجىلىك بولۇش ؛ باش قوماندانلىق
شتابىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى ، ھەربىي سوت
مەھكىمىسى ، ھەربىي تەپتىش مەھكىمىسى ، سەھىيە باشقارمىسى ، توپچى
قىسىملار باشقارمىسى قاتارلىق بەش تارماق شى دەرىجىلىك ئورۇن بو-
لۇش ؛ سىياسىي بۆلۈم ، قوغداش باشقارمىسى ، رازۋېتكا باشقارمىسى ،
ھەربىي ئىشلار باشقارمىسى ، مالىيە باشقارمىسى ، مەمۇرىيەت باشقارمى-

سى ، قۇرۇلۇش باشقارمىسى ، ھەربىي مەكتەپ ، توپچى قىسملار مەكتە-
پى ، ئاۋئاتسيە پونكتى ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنى باشقۇرۇش
باش باشقارمىسى ، غۇلجا گارنىزونى قاتارلىق 12 تارماق باش قوماند-
دانلىق شتابىغا بىۋاسىتە قاراشلىق تۆەن دەرىجىلىك ئورۇن بولۇشنى قا-
رار قىلدى .

12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئالتاي ۋىلايەتلىك خانىم - قىزلار جەمئىيىتى سارسۈمبەدە قۇرۇلدى . نۇرىلا خانىم① جەمئىيەت باشلىقى بولدى ، زەينەپ ئاۋۇستاي ، زىلەيخان خانىم مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقى بولدى . يىغىندىن كېيىن ، ئۇنىڭغا قارايدىغان ناھىيە ، رايون دەرىجىلىك جەمئىيەتلەر ئارقا-ئارقىدىن قۇرۇلدى .

شۇ كۈنى ئىلى ۋالىي مەھكىمىسى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى يىغىنىنى ئېچىپ ، كەڭ كۆلەمدە مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق تۆۋەندىكىلەرنى قارار قىلدى : ( 1 ) 1948 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن ئىلى ئۇيغۇر مەدەنىيەت - سەنئەت ئۇيمىكى رەسمىي قۇرۇلىدۇ ، قاسىمجان مۇسايوپ ئۇيمەك باشلىقى بولىدۇ . ( 2 ) ناخشا ، ئۇسسۇل ، دراما سەنئىتى ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن سەيدۇللا سەيپۇللايوپ ، كېۋىر نىياز ، ئابدۇللا زاكىروپ ، زۇنۇن قادىر ، قاسىمجان مۇسايوپ قاتارلىق 11 كىشىدىن تەشكىللەنگەن سەنئەتكە يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى قۇرۇلىدۇ . ( 3 ) مەدەنىيەت - سەنئەت ئۇيمىكىنىڭ قارمىقىدا ئەدەبىيات - سەنئەت بۆلۈمى ، مۇزىكا بۆلۈمى ، رېپېتىسيە بۆلۈمى ، دراما ئىشلىرى بۆلۈمى ، ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى تەسىس قىلىنىدۇ .

---

① نۇرىلا خانىم (1894—1969) : شىنجاڭ سارسۈمبە ناھىيىسىدىن . ئايال ، قازاق . دەللىقان سۈگۈربايوپنىڭ ئايىلى . ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ، ئۈچ ۋىلايەت خانىم - قىزلار جەمئىيىتى ئالتاي ۋىلايەتلىك جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى بولغان . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولغان . 1969 - يىل ئۈرۈمچىدە كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان .

شۇ كۈنى ئىلى ۋالىي مەھكىمىسى خەلق ئاممىسىنىڭ مىللىي ئەدەبىيات - سەنئەتكە بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، مەدەنىيەت خىزمىتى ئۆمىكى قۇرۇشنى قارار قىلدى ھەمدە ناھىيىلەرنىڭ ھاكىملىرىغا ئۇقتۇرۇش ئەۋەتىپ، ئۇلارنى ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرىدىغان مەدەنىيەت خىزمىتى ئۆمىكى قۇرۇشقا مەسئۇل قىلدى.

12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئىلى ۋالىي مەھكىمىسى 100 - نومۇرلۇق بۇيرۇق ئېلان قىلىپ، شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ئومۇمەن ئۈرۈمچى تەرەپتىن ئۈچ ۋىلايەتكە كەلگۈچىلەر ئېلىپ كەلگەن پۇلنى يەرلىك باج ئىدارىلىرى بانكىنىڭ ساقلاپ بېرىشىگە ھاۋالە قىلىشنى، ئۈرۈمچىدىن ئۈچ ۋىلايەتكە توشۇپ كېلىنگەن تۈرلۈك ماللارغا تاموژنا بېجى نىسبىتى بويىچە باج ئېلىشنى بەلگىلىدى.

12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ئالتاي ۋىلايەتلىك كومىتېتى سارسۇمبىدە قايتىدىن تەشكىل قىلىندى، مۇقاش جاكە رەئىسلىككە، قالى ئاباق، پاتقان سۇگۇرباييوپ① مۇئاۋىن رەئىسلىككە تەيىنلەندى.

12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسى بۇيرۇق ئېلان قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودىدا سودا رۇبلىسى بويىچە تاموژنا بېجى ئېلىشنى بەلگىلىدى.

---

① پاتقان سۇگۇرباييوپ (1927 - ): شىنجاڭ سارسۇمبە ناھىيىسىدىن، قازاق. دەللىقان سۇگۇرباييوپنىڭ ئوغلى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ئالتاي ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ باشلىقى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ دائىمىي ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان.

# 1948 - يىلى ( 1 - ئايدىن 12 - ئايغىچە )

1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئىلى ۋالىي مەھكىمىسى «ئىلى ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ نىزامنامىسى»نى تەستىقلاپ تارقاتتى. مەزكۇر نىزامنامە جەمئىي ئالتە قىسىمغا بۆلۈنگەن، يەنى: ( 1 ) ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت تەرتىپى ۋە خىزمەت دائىرىسى. ( 2 ) ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلمىسى ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدىكى بۆلۈملەرنىڭ ئىش بېجىرىش تەرتىپى. ( 3 ) ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسىدىكى خىزمەتچى خادىملار ۋە ئەدلىيە خادىملىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئەخلاق - پەزىلەت ۋە ئۇلارغا قويۇلىدىغان كەسپىي تەلەپ. ( 4 ) ئەدلىيە خادىملىرىنى كونكرېت مۇكاپاتلاش چارىلىرى. ( 5 ) ئەدلىيە خادىملىرىنى كونكرېت جازالاش چارىلىرى. ( 6 ) ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ ھەر قايسى بۆلۈم، ئىشخانىلىرىدىكى خىزمەتچى خادىملارنى كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەش چارىسى قاتارلىقلار.

1 - ئاينىڭ باشلىرى گومىنداڭ دائىرىلىرى گۈچۈڭدا ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ ئوسمان ئىسلامنى ۋالىيلىققا، لاتىپ مۇستاپانى مۇئاۋىن ۋالىيلىققا تەيىنلىدى ھەمدە كۆكتوقاي، چىڭگىل، بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلىرىنى قۇردى.

1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىگە قاراشلىق ھەر قايسى ناھىيىلەرنىڭ ھاكىملىرى ۋە ناھىيىلىك كېڭەشنىڭ باشلىقلىرى غۇلجىدا بىرلەشمە يىغىن ئۆتكۈزدى. يىغىندا ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ مەسئۇدىنى ئۆلكىنىڭ رەئىسلىكىدىن قالدۇرۇش، جايلاردا قامىلىپ ياتقان زىيالىيلارنى قويۇۋېتىش، جايلاردا تەرەققىيپەرۋەر زىيالىيلارغا زىيانكەشلىك قىلىشنى توختىتىش قاتارلىق تەلەپلىرى ھەل بولمىغانلىقتىن،

نەنجىگدا ئېچىلىدىغان مىللىي قۇرۇلتايغا قاتنىششقا ۋەكىل ئەۋەتمەسلىك قارار قىلىندى.

1 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى، رەھىمجان سابىرھاجى، ئابدۇكېرىم ئابباسوپلار بىرلىكتە جاڭ جىجۇڭغا خەت يېزىپ، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ نەنجىگدا ئېچىلىدىغان مىللىي قۇرۇلتايغا ۋەكىل ئەۋەتمەسلىكنى قارار قىلغانلىقىنى بىلدۈردى.

1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى چۆچەك خەلق كۇلۇبىدا «ئۆتكەنكى ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ، كەمچىلىكلىرىمىزنى تۈزىتەيلى» دېگەن تېمىدا سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «تىنچلىق بىتىم» گە ئىمزا قويغانلىقىمىز پۈتۈن ئۆلكىنىڭ جۇڭگونىڭ زېمىنى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىمىز ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، ئىلگىرى ئۆزىنى مۇستەقىل «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» دەپ جاكارلىغان ئۈچ ۋىلايەت خەلقى «تىنچلىق بىتىم» نى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ سۆزىدە يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «بىزنىڭ ئىلگىرىكى تارىخىمىز ۋە دېموكراتىك سىياسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈرەش تەجرىبىلىرىمىز بىزگە شۇنى كۆرسەتتىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەپ، ئۆزئارا ئىشىنىپ، مۇھەببەتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئارىسىدىكى دوستلۇقنى چىڭىتقاندىلا ئالغا بېسىش يولىمىزدىكى قىيىنچىلىقلارنى يەڭگىلى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىقىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.»

شۇ كۈنى تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئورگان گېزىتى «خەلق ئاۋازى»دا «جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ قولىغا كەلتۈرگەن غالىبىيەت مېۋىلىرى» دېگەن تېمىدىكى خەۋەر بېسىلدى.

شۇ كۈنى ئىلى ۋالىي مەھكىمىسى 164 - نومۇرلۇق بۇيرۇق ئېلان قىلىپ، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە يەككە سودا - سانائەتچىلەرنىڭ ئالتاي ۋىلايىتى، تارباغاتاي ۋىلايىتى ۋە ئىلى ۋىلايىتىگە قاراشلىق ناھىيىلەرگە

يۆتكەيدىغان يۈكنى چوقۇم يۈك ترانسپورت شركتنىڭ بر تۈتاش يەتكۈزۈپ بېرىشگە تاپشۇرۇشنى ، مەزكۇر شركەتنىڭ يەتكۈزۈپ بېرىش مۇمكنچىلكى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدىلا ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە خۇسۇسي سودىگەرلەرنىڭ يەككە شوپۇرلارنىڭ توشۇشىغا بەرسە بولىدىغانلىقنى بەلگىلىدى .

1 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئۈچ ۋىلايەت خانىم - قىزلار جەمئىيىتى يىغىن ئۆتكۈزۈپ ، ھاكىم ئاغىچا① ، ئايشا مونونوۋانى② پەخرى جەمئىيەت باشلىقى ۋە مۇئاۋىن باشلىقلىققا ، تەۋەيخانىم مىرشانوۋانى③ جەمئىيەت باشلىقلىقىغا ، تاشخان بىلەن كەملەنى مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقلىقىغا سايلىدى ھەمدە « ئۈچ ۋىلايەت خانىم - قىزلار جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى » نى ماقۇللىدى . ئارقىدىن ئۈنىڭ ناھىيە ، رايون دەرىجىلىك ئاساسي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلدى .

شۇ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئۈچ ۋىلايەت خانىم - قىزلار جەمئىيىتىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى « خانىم - قىزلار ئاۋازى » ( يېرىم ئايلىق ژۇرنال ) نەشر قىلىندى ، تەۋەيخانىم مىرشانوۋا باش مۇھەررىر بولدى .

---

① ھاكىم ئاغىچا ( 1893—1977 ) : شىنجاڭ غۇلجىدىن ، ئايال ، ئۇيغۇر . چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى ئىلى ھاكىمبېگى — بۇۋاقىنىڭ يالغۇز قىزى ، ھاكىمبەگ خوجىنىڭ ئايالى . ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ، ئۈچ ۋىلايەت خانىم - قىزلار جەمئىيىتىنىڭ پەخرى باشلىقى بولغان . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن غۇلجا شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولغان . 1977 - يىلى غۇلجىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان .

② ئايشا مونونوۋا : شىنجاڭ تېكەس ناھىيىسىدىن . ئايال ، قىرغىز . ئىسھاقبېك مونونوپنىڭ ئايالى . ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ، ئۈچ ۋىلايەت خانىم - قىزلار جەمئىيىتىنىڭ پەخرى مۇئاۋىن باشلىقى بولغان . 1952 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ ئولتۇراقلاشقان . ھازىر بىشكەكتە .

③ تەۋەيخانىم مىرشانوۋا ( 1898—1968 ) : سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەلىكىدىكى مۇھاجىر ، روسىيىگە قاراشلىق ياركەنتتە تۇغۇلغان . ئايال ، تاتار ، زىيالى . ۋاققاس ھاجى مىرشانوپنىڭ ئايالى . 1930 - يىلى غۇلجىغا كەلگەن . ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ، ئۈچ ۋىلايەت خانىم - قىزلار جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى بولغان . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئەزاسى بولغان . 1963 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ ، 1968 - يىلى تاشكەنتتە كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان .

**شۇ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى** نەنجىڭ قاتارلىق جايلاردا 5 ئايدىن كۆپرەك تۇرغان جاڭ جىجۇڭ ئايروپىلان بىلەن لەنجۇغا كېلىپ، غەربىي شىمال بارگاھىنىڭ خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلدى.

**1 - ئاينىڭ 22 - كۈنى** ئەخمەتجان قاسىمى چۆچەك ناھىيىلىك خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىغا خەت يېزىپ، تارباغاتايدا يېقىنقى بىر مەزگىلدىن بۇيان، ئارقا - ئارقىدىن يۈز بەرگەن بىر قانچە قېتىملىق خەنزۇ ئاممىسىنى ئۆلتۈرۈپ، مال - مۈلكىنى بۇلاش ۋەقەسىنى جىددىي بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ خېتىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «مەيلى قانداق ئادەم، قانداق مىللەت بولسۇن جۈملىدىن خەنزۇ خەلقى بولسۇن، ئۇلار قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ، لودې، ۋاڭ خۇاۋېن، ۋاڭ ماۋسۇ قاتارلىق كىشىلەرنى ئۆلتۈرگەن قاتىللار قاتتىق جازاغا تارتىلىدۇ، بۇ ھەقتە مەن ئەدلىيە تارماقلىرىغا مەخسۇس يوليورۇق بەردىم، سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلاركى، بۇنىڭدىن كېيىن قاچانلا بولمىسۇن بۇنداق ۋەقە سادىر قىلغان قاتىللارنى ئەدلىيە تارماقلىرى قەتئىي جازالايدۇ.»

**1 - ئاينىڭ 24 - كۈنى** ئىلى ۋالىي مەھكىمىسى «ھۆررىيەت» خەلق نەشرىياتىنى «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان» گېزىتى ئىدارىسىگە قوشۇۋېتىشنى قارار قىلدى.

**شۇ كۈنى** تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسى ئەخمەتجان قاسىمنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن 2 - نومۇرلۇق بۇيرۇق ئېلان قىلىپ، داشجاپ مىگجۇلىيوپنى① تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى.

---

① داشجاپ مىگجۇلىيوپ (1914—1965): شىنجاڭ دۆربىلجىن ناھىيىسىدىن، موڭغۇل زىيالى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە، تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئورگان گېزىتى «خەلق ئاۋازى»نىڭ موڭغۇلچە نەشرىنىڭ باش مۇھەررىرى، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئورگان گېزىتى موڭغۇلچە نەشرىنىڭ باش مۇھەررىرى، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك چارۋىچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان. 1965 - يىلى قەشقەردە ماشىنا ھادىسىسىگە ئۇچراپ قازا قىلغان.

**1 - ئاينىڭ 29 - كۈنى** ئىلى ۋالىي مەھكىمىسى ئەخمەتجان قاسىم-
ىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، جانبولات سولتاننى ئىلىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا
تەيىنلەپ، توققۇز تارا ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىدىن قالدۇردى. قاناپىيانى
توققۇز تارا ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىدى.

**2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى** ئۈچ ۋىلايەت شىبە - سولۇن (داغۇر) مەدە-
نىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك شۆبىسى قۇرۇلدى،
كەي يىلىڭ، يىن دوشىن ئۇيۇشما باشلىقى ۋە مۇئاۋىن باشلىقى بولدى.

**2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى** تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئورگان گېزى-
تى «خەلق ئاۋازى»غا شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ ئازاد رايونلاردىكى دېموكرا-
تىك ئىسلاھات توغرىسىدىكى خەۋىرى بېسىلدى. خەۋەردە مۇنداق دېيىل-
دۇ: خېنەن - ئەنخۇي - جياڭسۇ ئۆلكىلىرىدىكى ئازاد رايونلاردا دېموك-
راتىك ئىسلاھات يولغا قويۇلۇپ، يەرلەر دېھقانلارغا بۆلۈپ بېرىلىپ، فې-
ئوداللىق تۈزۈم ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىلدى.

**2 - ئاينىڭ باشلىرى** ئابدۇكېرىم ئابباسوپ مىللىي ئارمىيە سىياسىي
بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ساۋدانوپ زاھىر بىلەن بىللە شىخو، يەنىسخەي قاتار-
لىق جايلارغا بېرىپ، مىللىي ئارمىيىگە «8 - ئارمىيە سىياسىي خىزمەت
قوللانمىسى»نى تەشۋىق قىلدى.

**2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى** ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى
ئالتاي ۋىلايەتلىك كومىتېتى قايتا سايلام ئېلىپ باردى، قالى ئاباق رە-
ئىسلىككە، پاتقان سۇگۇربايوپ مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى.

**2 - ئاينىڭ 13 - كۈنى** ئىلى ۋالىي مەھكىمىسى گومىنداڭ قەغەز پۇ-
لى ۋە قىممىتى 500 يۈەندىن يۇقىرى شىنجاڭ ئۆلكە پۇللىرىنىڭ ئۈچ ۋىلا-
يەت دائىرىسىدە ئوبوروت بولۇشىنى قەتئىي مەنئى قىلىش توغرىسىدا بۇي-

رۇق چىقاردى .

**2 - ئاينىڭ 17 - كۈنى** ئەخمەتجان قاسىمى 2 - قېتىم جاڭ جىجۇڭغا
جاۋاپ خەت يېزىپ ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ تۇرپان ، پىچان ، توخسۇن قوزغىلـ
ڭى بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئىنكار قىلدى . ئۆلكە تەرەپ تەرەققىيپەر-
ۋەر زاتلارغا زىيانكەشلىك قىلىشنى توختاتسا ، مەسئۇدنى ئۆلكە رەئىسلىك
ۋەزىپىسىدىن قالدۇرسا ، قاماپ قويۇلغان تەرەققىيپەرۋەر زاتلار قويۇپ بې-
رىلسە ھەمدە ئۇلارنى قولغا ئالغۇچىلار قاتتىق جازالانسا ، ئوسمان
ئىسلام ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى خەلقنىڭ سوتلىشىغا تاپشۇرۇلسا ، ئۈچ ۋىلا-
يەت تەرەپ « تىنچلىق بىتىم » گە ئاساسەن ئىككى تەرەپنىڭ ئورۇمچىدە ئۆتـ
كەنكى ئىشلار ئۈستىدە ئۆزئارا تەكشۈرۈشكە قوشۇلىدىغانلىقىنى
بىلدۈردى .

**شۇ كۈنى** ئالتاي ۋىلايىتى يېزا ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش كومىتېتى مۇ-
نۇلارنى قارار قىلدى : ( 1 ) ھەر قايسى ناھىيىلەردە يېزا ئىگىلىكىنى باشـ
قۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلىدۇ . ( 2 ) ناھىيىلەرگە مەخسۇس خادىم ئەۋەتىلىپ
يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرى ستاتىستىكا قىلىنىدۇ ، دېھقانلارغا ئۇ-
رۇق ، ئات - ئۇلاغ ۋە باشقا ماددىي ئەشيالار تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ .
( 3 ) يېرى يوق دېھقانلارغا تېرىلغۇ يەر ئاجرىتىپ بېرىلىدۇ . بىر سوقىدىن
ئارتۇق يەر تېرىغان دېھقانلارنىڭ شۇ يىللىق تۆت تۈياق چارۋىغا ئېلىنىدىـ
غان ئوت - چۆپ بېجى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ .

**3 - ئاينىڭ 2 - كۈنى** تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسى 9 - نومۇرلۇق
بۇيرۇق ئېلان قىلىپ ، پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ چارۋىچىلىق باج كىرىمىنىڭ ھەممـ
سىنى ۋىلايەتلىك ھەربىي تەمىنات باشقارمىسىغا ئاجرىتىپ بېرىپ ، بۇ ئار-
قىلىق مىللىي ئارمىيىنىڭ ماددىي تەمىناتىنى ھەل قىلىشنى قارار قىلدى .

**3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى** ئىلى ۋىلايىتى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ھەيئىتى

« بارلىق دېھقان قېرىنداشلارغا مۇراجىئەت » ئېلان قىلىپ ، ئىلى ۋىلايىتىـ
دىكى بارلىق دېھقانلارنى ئاشلىق زىرائەتلىرىنى ياخشى تېرىغاندىن
سىرت ، پاخال تۇردە كېۋەز ، كەندىر تېرىشقا ، ئۈجمە ئۆستۈرۈپ پىلىچىـ
لىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا چاقىردى .

3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئالتاي ۋىلايىتى ئەپيۇن تېرىشنى مەنئى قىـ
لىش توغرىسىدا بۇيرۇق ئېلان قىلدى . ناھىيىلەردە تېرىلىپ بولغان ئەپـ
يۇنلارنى بىر تۇتاش تىزىملاپ ، ئۇنى چەكلىك مۇددەت ئىچىدە قومۇرۇپ
تاشلاشنى بەلگىلىدى .

3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت
ئىجادىيەت ئىشخانىسى تۈزۈپ باسقان « ئەدەبىيات ـ سەنئەت تاڭى » نامـ
لىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىپ تارقىتىلدى . بۇ شېئىرلار توپلىمىغا ئۇيـ
غۇر ، قازاق ، تاتار ، ئۆزبېك يېزىقىدا ئىجات قىلىنغان 70 نەچچە پارچە
شېئىر ۋە داستان كىرگۈزۈلدى .

3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئالتاي ۋالى مەھكىمىسى 23 ـ نومۇرلۇق بۇيـ
رۇق ئېلان قىلىپ ، قاجىنابى ۋالىيوپىنى سارسۇمبە ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا
تەيىنلىدى .

3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا
تىرىك چارۋا ئېكسپورت قىلىشنى ھەمدە 2000 تونىنا بۇغداي ئىمپورت قىـ
لىشنى قارار قىلدى .

3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق كىشىلەر غۇلـ
جىدا بىرلىكتە ئىمزا قويۇپ « ئۈچ ۋىلايەتتىكى دېھقان قېرىنداشلارغا مۇراـ
جىئەت » ئېلان قىلىپ ، ئۈچ ۋىلايەتتىكى دېھقان ، چارۋىچىلارنى ھۆكۈمەتـ
نىڭ دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق بانكىسى ئارقىلىق دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىـ

لىققا بەرگەن قەرز پۇل ، ئۇرۇقلۇق ، دېھقانچىلىق سايمانلىرى ، ئات - ئۇلاغلىرى جەھەتتىكى ياردىمدىن پائال پايدىلىنىپ ، نۆۋەتتىكى ئەتىياز - لىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ پايدىلىق مەۋسۇمىنى چىڭ تۇتۇپ ، ئۈچ ۋىلايەت مىقياسىدا كەڭ كۆلەملىك ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشىنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈپ ، بۇ يىلقى دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىشنى قولغا كەلتۈرۈشكە چاقىرىق قىلدى .

3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسى پۈتۈن ۋىلايەت مىقياسىدا ئاشلىق باھاسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش توغرىسىدا بۇيرۇق ئېلان قىلدى .

3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئورگان گېزىتى «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان» «دېموكراتىيە گېزىتى»نىڭ «مەملىكەت بويىچە دېموكراتىك بىرلىك سەپ قۇرايلى» سەرلەۋھىلىك باش ماقالىسى - نى كۆچۈرۈپ باستى . باش ماقالىدە مۇنداق كۆرسىتىلدى : گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل ئىستىبدات ھاكىمىيىتى يېتىم ھالغا چۈشۈپ قالدى . پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئەكسىيەتچىلەر بىلەن سۆھبەت ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق مۇستەقىل ، دېموكراتىك ، بىرلىككە كەلگەن يېڭى جۇڭگو قۇرۇشنىڭ مۇتلەق مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېنىق تونۇپ يەتتى . جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئوتتۇرىغا قويغان مەملىكەت بويىچە دېموكراتىك بىرلىك سەپ قۇرۇش تە - شەببۇسى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ۋە ھەر قايسى پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ قىزغىن ھىمايە قىلىشىغا ئېرىشتى . باش ماقالىنىڭ ئاخىرىدا مۇنۇلار تەكىت - لەندى : «مەملىكەت بويىچە كۆپ ساندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ بىرلىك سەپ بولماي تۇرۇپ ، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس .»

3 - ئاي ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كېلىشىم ھاسىل قىلىپ ، ئىككى تەرەپ ماناس ناھىيىسىدىكى ماناس دەرياسىنىڭ

غەربىي قىرغىقىدا مالغا مال ئالماشتۇرۇش يەرمەنكىسى ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلدى. 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگە قەدەر ئۈچ تۈركۈم مالغا مال ئالماشتۇرۇلدى.

4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جاڭ جىجۇڭ ئەخمەتجان قاسىمى ۋە رەھىمجان سابىر ھاجىغا 3 - قېتىم خەت يېزىپ، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئاخىرى چىقمايدىغان مۇنازىرە ئېلىپ بېرىشىنىڭ ھاجىتى يوقلىقىنى كۆرسەتتى. ئالدىنقى قېتىم ئوتتۇرىغا قويغان بەش مەسىلىگە جاۋاب بېرىشنى ئۈمىد قىلدى ھەمدە ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە «تىنچلىق بىتىم»گە ئاساسەن مەسىلىنى ئەقىلغا ھەم قائىدىگە مۇۋاپىق يول بىلەن ھەل قىلىش سەممىيىتىڭلار بارمۇ، يوق؟ دەپ سوئال قويدى.

4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ سارسۇمبە، بۇرۇلتوقاي، جىمنەي، بۇرچىن، قابا قاتارلىق ناھىيىلىرىدىكى مۆتىۋەر زاتلار بىرلىشىپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە خەت يېزىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى يېڭىباشتىن ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ، مەسئۇدنى تەختتىن چۈشۈرۈشنى؛ ئوسمان ئىسلام ۋە ئۇنىڭ قولچوماقلىرىنى ئالتاي خەلقىنىڭ سوتلىشىغا تاپشۇرۇشنى؛ ئالتاي خەلقىگە ئوسمان ئىسلام باندىتلىرى پاراكەندىچىلىك سېلىپ يەتكۈزگەن زىياننى تۆلەپ بېرىشنى؛ سۇڭ شىليەن، جانىمقان، خادىۋاڭ، زاكچىن، سەلىس قاتارلىق كىشىلەرنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ ئىلى گىمنازىيىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش خىزمەت يىغىنى غۇلجىدا ئېچىلدى. سەيپىدىن ئەزىزى يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىندا ئىلى گىمنازىيىنى ئۆلكىلىك ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكۇم قىلىپ ئۆزگەرتىپ، دوختۇرلۇق، سېستىرالىق، بوغالتىرلىق، مال دوختۇرلۇق، سۇ ئىشلىرى، سىفەن، ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش قاتارلىق كەسپلەر بويىچە ئىككى يىللىق ۋە ئۈچ يىللىق تېخنىكۇم سىنىپلىرىنى تەسىس قىلىش، ئۇنىڭدىن باشقا، تولۇق ئوتتۇرا ۋە تولۇق-

سىز ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپلىرىنى تەسىس قىلىش، مەكتەپ بويىچە 18 سىنىپ-
قا 504 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ھەمدە سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن ئەنۋەر
خانبابا مۇدىر ۋە مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدا ئۆزگەرتىپ قۇرۇشقا تەييارلىق كۆ-
رۈش ھەيئىتى تەشكىللەش قارار قىلىندى.

**4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى** ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئورگان گېزىتى
«ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان»دا «يەنئەن ئازاد بولدى» سەرلەۋھىلىك
ماقالە ئېلان قىلىندى. ماقالىدە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: يەنئەننىڭ ئا-
زاد بولۇشى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى خەلق
خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەلبىسىنى ئۆز ئۆزىنىڭ... كېيىن قولغا كەلتۈرۈشكە
تەشنا بولماقتا. چۈنكى، پۈتۈن جۇڭگو خەلقى شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنى-
دۇكى، پەقەت خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىلا ئۇلارغا ئازادلىق ۋە ئەركىن،
بەختلىك تۇرمۇش ئېلىپ كېلەلەيدۇ.

**4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى** دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىيىسى مەركىزىي
كومىتېتى غۇلجىدا ئېلان قىلغان «دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىيىسىدە بو-
لۇشقا تېگىشلىك ئالاھىدىلىكلەر»دە مۇنۇلار بەلگىلەندى: (1) شەخسى-
نىڭ مەنپەئەتى شەرتسىز ھالدا پارتىيىنىڭ مەنپەئىتىگە بويسۇنۇشى كېرەك؛
(2) ئىنقىلابنىڭ مەنپەئەتى شەخسنىڭ مەنپەئىتىدىن ئۈستۈن تۇرى-
دۇ؛ (3) پارتىيىنىڭ ئىنتىزامىغا قەتئىي بويسۇنۇش ۋە پارتىيىنىڭ مەخپى-
يەتلىكىنى ساقلاش كېرەك؛ (4) پارتىيىنىڭ قارارىغا قەتئىي بويسۇنۇش
ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىش كېرەك؛ (5) چوقۇم ئامما بىلەن ئالاقە باغلاش
ھەمدە ئاممىنىڭ ئارىسىدا نەمۇنىچى ۋە ئاۋانگارتلاردىن بولۇش كېرەك؛
(6) چوقۇم ئۆگىنىش، يەنە ئۆگىنىش كېرەك.

**5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى** تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئورگان گې-
زىتى «خەلق ئاۋازى»دا «H» تەخەللۇسىدىكى بىرەيلەن ماقالە ئېلان قى-
لىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ئازاد رايونلاردا

ئىجتىمائىي ئىسلاھات ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىش ئەھۋالى قاتارلىقلارنى تونۇشتۇردى.

**5 - ئاي** ئوسمان ئىسلام قۇسايىن ئۇيان، شىبىردىمان قاناتبايىنى ئۈرۈمچىگە ياردەم سوراشقا ئەۋەتتى، سۇڭ شىليەن ئوسمان ئىسلامنى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىپ يۈز تۇرانە سۆھبەتلىشىش ئۈچۈن دەرھال ئادەم ئەۋەتتى.

**6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى** ئەخمەتجان قاسىمى تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىپ 19 - نومۇرلۇق بۇيرۇق ئېلان قىلدى. بۇيرۇقتا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: چۆچەك ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ئۆمەر ئاخۇن باج سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ھاكىملىقتىن قالدۇرۇلدى، چۆچەك ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىنى تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى قاسىم ئاخۇن ئىسمايىلوپ قوشۇمچە ئۆتەيدۇ.

**6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى** ئىلى ۋىلايىتىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى بەش ناھىيە سوبو ئېغىزى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا 20 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق تىرىك چارۋا، 20 نەچچە تونىنا قوي يۇڭى ئېكسپورت قىلدى.

**6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى** شاۋلىزى لەنجۇدا تۇرۇۋاتقان جاڭ جىجۇڭغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى روششىننىڭ جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ھەر ئىككى تەرەپ ئالدى بىلەن ئىناق دوستلۇققا دەخلى يەتكۈزىدىغان تەشۋىقاتنى توختىتىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سودىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەكلىكىنى؛ شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى ۋەقە توغرىسىدا جاڭ جىجۇڭ دائىم لەنجۇدا تۇرۇۋاتقاچقا ھەر ۋاقىت كېلىشىپ ھەل قىلىشقا قولايسىز بولۇۋاتقانلىقىنى؛ مۇبادا جاڭ جىجۇڭنىڭ نەنجىڭگە كېلىشكە ۋاقتى يەتسە بارلىق ئىشلار ئۈستىدە كەڭ كۆلەمدە سۆزلىشىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنلىكىنى ۋاقىپلاندۇردى.

**6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى** ئىلى ۋالىي مەھكىمىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىمپورت قىلىنغان سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىدىن ئىمپورت بېجى ئالماسلىقنى قارار قىلدى.

**6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى** ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى «ئىنقىلابچىل ياشلار» نەشرىدىن توختىدى.

**6 - ئاي** ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن كونسۇلى ماكنانىنىڭ پىلانلىشى ۋە تەشكىللىشى ئارقىسىدا، ئوسمان ئىسلام باشچىلىقدا كوممۇنىستىك پارتىيىگە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى تۇرۇش ھەيئىتى قۇرۇلدى.

**7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى** ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى «ئىنقىلابچىل ياشلار» (ئايلىق ژۇرنال) نەشر قىلىنىشقا باشلىدى.

**شۇ كۈنى** بۈگۈنگە قەدەر ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ جېمىنەي ئېغىزى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىمپورت قىلىنغان ئاشلىق 840 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى.

**7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى** ئالتاي ۋىلايىتى ۋالىي مەھكىمىسى ھەر قايسى ناھىيىلەرگە ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، ئۈچ ۋىلايەت دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بانكىسىنىڭ ئالتاي ۋىلايەتلىك شۆبىسى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ناھىيىلىك تارماق بانكىلارنىڭ دېھقان، چارۋىچىلارغا قەرز پۇل بېرىدىغانلىقى، بىر پۇت بۇغدايىنىڭ 18000 يۈەن بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى.

7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى سوۋېت شلىيەن ئوسمان ئىسلامنى ئۈرۈمچىگە ئەكەلدۈرۈپ مەخپىي كېلىشىم ئىمزالىدى . كېلىشىمنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق : ئوسمان ئىسلامنىڭ قوراللىق كۈچىنى تولۇقلاپ 1000 كىشىگە يەتكۈزۈش ، ئۇلارنىڭ ھەربىي تەمىناتىنى ئۆلكىلىك مالىيە تارمىقىدىن ئاجرىتىپ بېرىش ھەم گومىنداڭ قوشۇنىدىن 100 نەپەر ھەربىي خادىم ئەۋەتىپ ، ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ بېرىشقا مەسئۇل قىلىش .

7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى غۇلجىدا 6 ـ سانلىق يىغىنىنى ئۆتكۈزدى ، ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى تۈپەيلىدىن ، يىغىندا دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىيىسىنى تارقىتىۋېتىش ، دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىيىسىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن پائالىيەت ئېلىپ بېرىشنى توختىتىش قارار قىلىندى . يىغىن « بارلىق پارتىيە ئەزالىرىغا مۇراجىئەت » ئېلان قىلىپ ، سابىق دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىيىسىنىڭ بارلىق ئەزالىرىنى قۇرۇلۇش ئالدىدا تۇرغان شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىغا قاتنىشىشقا چاقىردى .

7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ئىلى ، تارباغاتاي ، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى قاتناشقان ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ سىياسىي ـ ئىقتىسادىي ئىشلىرىنى تېزدىن تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۇستىدە پىكىر ئالماشتۇرۇش يىغىنى غۇلجىدا ئېچىلدى .

يىغىندا ئۈچ ۋىلايەت ئالىي ئىقتىساد كومىتېتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قۇرۇش ، ئەخمەتجان قاسىمىنى مۇدىرلىققا تەيىنلەش ھەمدە تارباغاتاي ، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە ئۈچ ۋىلايەت ئالىي ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ شۆبە ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇپ ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىنى ماسلاشتۇرۇش ، تەرەققىي قىلدۇرۇش قارار قىلىندى .

7 ـ ئاي ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ زۇنۇن تېيىپوپنى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانلىقىدىن قالدۇردى .

8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 3 ـ كۈنىگىچە ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقـ
بېك مونونوپ قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى ۋە ئۈچ
ۋىلايەتنىڭ ھەر قايسى قاتلام ۋەكىل زاتلىرىدىن 31 كىشى غۇلجىدا تە-
سىس قىلىنغان يەتتە ۋىلايەت دېموكراتىك ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى ئىبراھىم
تۇردى قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى يەتتە ۋىلايەتنىڭ تەرەققىيپەرۋەر زاتلىـ
رىدىن 20 كىشى بىلەن بىرلىكتە غۇلجىدا يىغىن ئۆتكۈزدى.

يىغىن غۇلجىدا پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈرەش قىـ
لىشىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان بىر سىياسىي تەشكىلات قۇرۇشنى ھەمدە بۇ
سىياسىي تەشكىلاتنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش
ئىتتىپاقى دەپ ئاتاشنى قارار قىلدى.

يىغىندا 35 كىشى شىنجاڭدا تىنچلىقنى ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىـ
لىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا، 5 كىشى كاندىدات ئەزا-
لىقىغا سايلاندى. ئەخمەتجان قاسىمى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى
ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسلىككە كۆرسىتىلدى
ھەمدە شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركـ
زىي تەشكىلىي كومىتېتىنى قۇرۇش قارار قىلىندى، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە
خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتى ئەخـ
مەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك مونونوپ، سەيپىدىن ئەزىزى، ئەسئەت ئىسـ
ھاقوپ، شامشى مامىيوپ، ئابلىمىت ھاجىيوپ، ئابدۇلموتەلى خەلپەت،
ئۆيغۇر سايرانى، ئىبراھىم تۇردى، ئەنۋەرخانبابا، ھاشىرباي تىلەۋبەردى
قاتارلىق 11 كىشىدىن تەركىب تاپتى. ئەخمەتجان قاسىمى شىنجاڭدا تىنچـ
لىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتـ
نىڭ رەئىسى بولدى. يىغىن سابىق يەتتە ۋىلايەت دېموكراتلار ئىتتىپاقىنىڭ
باشقۇرۇشىدىكى «ئويغان»نىڭ نامىنى «ئالغا»غا ئۆزگەرتىش، ئۇنى
شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كو-
مىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى قىلىش، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىـ
مايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى سۈپىتىدە

«ئىتتىپاق» ژۇرنىلىنى نەشر قىلىشنى قارار قىلدى.
يىغىن «پۈتۈن ئۆلكە خەلقىگە مۇراجىئەت» ئېلان قىلىپ، پۈتۈن ئۆلـ
كە خەلقىگە شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى
تەشكىلاتىنىڭ خاراكتېرى ۋە مەقسىتىنى بايان قىلدى، «ئۇيغۇر، قازاق،
موڭغۇل، خەنزۇ، خۇيزۇ، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەرنى ئەمەلىيەتتىكى
ھوقۇقسىز قۇللۇق ئورنىغا خاتىمە بېرىش ۋە نامرات، زۇلمەتلىك تۇرمۇشـ
تىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بىرلىشىپ»، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىـ
مايە قىلىش ئىتتىپاقىغا كىرىشكە چاقىردى ھەمدە شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە
خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ خەلقى ئارىسىدا ئەرـ
كىن، تىنچ تۇرمۇش بەرپا قىلىش، «تىنچلىق بىتىم»نى تولۇق، ئىزچىل
ئىجرا قىلىش، «تىنچلىق بىتىم»گە بۇزغۇنچىلىق سالغان تەۋەككۇلچى ئۇنـ
سۇرلارغا قاتتىق زەربە بېرىش ۋە بارلىق تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنى ئىتتىـ
پاقلاشتۇرۇش ئۈچۈن قۇرۇلغانلىقىنى تەكىتلەپ كۆرسەتتى.
شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇـ
لۇشى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھەرىكىتىنى يېڭى بىر باشلىنىش نۇقتىسىدا
ئالغا راۋاجلاندۇردى.

8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ
رەھبەرلىرى ۋە ۋەكىللىرى غۇلجىدا يىغىن ئۆتكۈزۈپ، ئىسھاقبېك مونونوپـ
نىڭ ئۈچ ۋىلايەتتە قانۇن ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش كومىتېتلىرى
قۇرۇش توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلاپ ئۆتتى، يىغىن ئىلى، تارباغاـ
تاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە قانۇن ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش كوـ
مىتېتلىرى قۇرۇشنى قارار قىلىپ، «قانۇن ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغـ
داش كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي نىزامى»نى تەستىقلىدى.
مەزكۇر نىزام جەمئىي 22 - ماددا بولۇپ، ئۇنىڭدا كومىتېتلارنىڭ
تەشكىللىنىشى ۋە خىزمەت ھوقۇقى بەلگىلەندى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى
مۇنداق: كومىتېتنىڭ كونكرېت نامزاتلىرىنى ۋالىي مەھكىمىسى يىغىنى تەكـ
شۈرۈپ بېكىتىپ، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىـ

پاقنىڭ تەستىقلاپ بېرىشىگە يوللاش ، كومىتېتلار ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ رەھ-
بەرلىكىدە خىزمەت ئىشلەش ، ئەدلىيە تارماقلىرىنىڭ كونكرېت سوت قىلىش
خىزمەتلىرىگە ئارىلاشماسلىق ھەم بىۋاستە دېلو قوبۇل قىلماسلىق ، ئەدلى-
يە تارماقلىرىنىڭ سوت قىلىش نەتىجىسىنىڭ توغرا بولغان - بولمىغانلىقىنىلا
تەكشۈرۈش . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ۋىلايەت دائىرىسىدىكى ھۆكۈمەت
ئورگانلىرى ۋە ئەدلىيە تارماقلىرى بىر تەرەپ قىلالمايدىغان مۇرەككەپ دە-
ۋا دېلولىرىنى ياكى ئەدلىيە تارماقلىرىنىڭ ھۆكۈمىگە قايىل بولماي يۇقىرى-
غا ئەرز سۇنۇلغان دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە قارار قىلىش ، ئاندىن
سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشىغا تاپشۇرۇش .

8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئىلى ، تارباغاتاي ، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ
رەھبەرلىرى ئەسلى غۇلجىدا تەسىس قىلىنغان ئىلى سودا - سانائەت تە-
رەققىيات شىركىتىنى ئۈچ ۋىلايەت سودا - سانائەت تەرەققىيات شىركىتىگە
ئۆزگەرتىش ھەمدە تارباغاتاي ، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە شۆبە شىركەت قۇ-
رۇش توغرىسىدا كېلىشتى .

8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى جاڭ جىجوڭنىڭ تەلىپىگە
ئاساسەن ، سۇڭ شىلىيەننى شىنجاڭدىن يۆتكىۋەتتى ، غەربىي شىمال ھەر-
بىي ، مەمۇرىي ئەمەلدارلار مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تاۋ سىيۆنى
قوشۇمچە شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلىدى . ئۇ ئۇ-
رۇمچىدە تۇرۇپ شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان بولدى .

8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە
قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى « ئالغا » ( ئۇيغۇر-
چە ، قازاقچە ) نەشر قىلىندى ، سەيپىدىن ئەزىزى باش مۇھەررىرلىككە تە-
يىنلەندى . ئۇزۇن ئۆتمەي ، « دېموكراتىيە گېزىتى » ( خەنزۇچە ) شىنجاڭدا
تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ ئورگان گېزىتىگە ئۆز-
گەرتىلدى ، چېن شىخۋا باش مۇھەررىر بولدى .

**8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى** شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ 2 - سانلىق يىغىنىدا «نىزامنامە» مۇزاكىرە قىلىنىپ ماقۇللاندى. «نىزامنامە» جەمئىي 15 ماددا بولۇپ، ئۇنىڭدا شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىغا كىرىشنىڭ شەرتلىرى ۋە تەلەپلەر، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ھوقۇق دائىرىسى قاتارلىقلار توغرىسىدا كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىلدى.

**8 - ئاي** شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتى مۇنۇلارنى قارار قىلدى: (1) شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمىنى قۇرۇش، زۇنۇن تېيىپوپنى بۆلۈم باشلىقلىقىغا تەيىنلەش؛ (2) شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمىنى قۇرۇش، ئىبراھىم تۇردىنى بۆلۈم باشلىقلىقىغا تەيىنلەش؛ (3) شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى خوجىلىق بۆلۈمىنى قۇرۇش، ئابدۇرېھىم ئەيسانى بۆلۈم باشلىقلىقىغا تەيىنلەش؛ (4) شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى تەپتىش بۆلۈمىنى قۇرۇش، جابۇقباي ئاقلاقچىنى بۆلۈم باشلىقلىقىغا تەيىنلەش.

**9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى** ئىلى ۋىلايەتلىك قانۇن ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش كومىتېتى قۇرۇلدى، مۇھەممەتجان مەخسۇم رەئىس بولدى.

**9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە** تارباغاتاي ۋىلايىتىدە شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تەشكىلىي كومىتېتىنى قۇرۇش يىغىنى ئېچىلدى، ئەخمەتجان قاسىمى

يىغىنغا قاتناشتى. يىغىن ئالىمجان ھاكىمبايوۋنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە
خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تەشكىلىي
كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەشنى قارار قىلدى. 9 - كۈنى، شىنجاڭدا
تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك
تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنى چۆچەكتە ئۆتكۈزۈلدى. 11 - ئاي-
نىڭ ئاخىرىغىچە، تارباغاتاي ۋىلايىتىدە شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىق-
نى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ ناھىيە دەرىجىلىك تەشكىلىي كومىتېتىدىن ئال-
تىسى، رايون دەرىجىلىك تەشكىلىي كومىتېتىدىن 100ى قۇرۇلدى، ئەزال-
رى 9918 كىشىگە يەتتى.

**9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى** شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قى-
لىش ئىتتىپاقى ئىلى ۋىلايەتلىك تەشكىلىي كومىتېتى قۇرۇلدى، قىيۇمبەگ
خوجا، ئوسمان زىيا① شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش
ئىتتىپاقى ئىلى ۋىلايەتلىك تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس-
لىكىگە سايلاندى، 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن باشلاپ رەسمىي خىزمەتكە
كىرىشتى. يىل ئاخىرىغىچە، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە
قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ ناھىيە دەرىجىلىك تەشكىلىي كومىتېتىدىن 14ى، رايون
دەرىجىلىك تەشكىلىي كومىتېتىدىن 188ى قۇرۇلدى، ئەزالىرى 6723 كىشىگە
يەتتى.

**9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى** ئالتاي ۋىلايەتلىك خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى
سارسۇمبىدە ئېچىلدى، يىغىندا دەللىقان سۇگۇرباييوپ ئۆزىنىڭ غۇلجىغا
بېرىش ئەھۋالىنى ۋەكىللەرگە دوكلات قىلىپ، غۇلجىدا ئېچىلغان بىر نەچ-

---

① ئوسمان زىيا: 1918 - يىلى تۇغۇلغان، شىنجاڭ غۇلجىدىن، ئۇيغۇر، زىيالى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى ئىلى ۋىلايەتلىك تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىلى ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىلى ۋىلايەتلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەن.

چە يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى. يىغىندا مۇنۇلار قارار قىلىندى: (1) شىنىجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ ئالتاي ۋىلايەتلىك تەشكىلىي كومىتېتىنى قۇرۇش؛ (2) ئۈچ ۋىلايەت ئالىي ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ ئالتاي ۋىلايەتلىك شۆبىسىنى قۇرۇش، دەللىقان سۇگۇرباييوپ، ئەنۋەر مۇسابايوپ قاتارلىق توققۇز كىشىنى ئەزالىققا سايلاش؛ (3) شامشى مامىيوپ قاتارلىق يەتتە كىشىدىن تەركىب تاپقان ئالتاي ۋىلايەتلىك قانۇن ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش كومىتېتىنى قۇرۇش؛ (4) قاناپىيا تۇسىپبېك قاتارلىق ئۈچ كىشىدىن تەركىب تاپقان ئۈچ ۋىلايەت سودا ـ سانائەت تەرەققىيات پاي شىركىتىنىڭ ئالتاي شۆبە شىركىتىنى قۇرۇش.

9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى ئالتاي ۋىلايەتلىك تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ 1 ـ سانلىق يىغىنى سارسۇمبىدە ئېچىلدى، شامشى مامىيوپ شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى ئالتاي ۋىلايەتلىك تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە، قامى ئاسىلقان، مۇقاش جاكە مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلاندى. تەشكىلىي كومىتېت توققۇز كىشىدىن تەركىب تاپتى. 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ ناھىيە دەرىجىلىك تەشكىلىي كومىتېتىدىن ئالتىسى، رايون دەرىجىلىك تەشكىلىي كومىتېتىدىن 78 ى قۇرۇلدى، ئەزالىرى 6394 كىشىگە يەتتى.

9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى «خەلقچىللىق» نەشر قىلىندى، ئابدۇقادىر زۇنۇن باش مۇھەررىرلىككە تەيىنلەندى.

9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئىسھاقبېك مونونوپ شىخۇ، ساۋەن، بۇرچىن

ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلىرىگە 1925 - 1929 - يىللىرى تۇغۇلغان ياشلارغا بۇ يىل 10 - ئايدىن كېيىن بىر ئاي ھەربىي تەلىم - تەربىيە مەشقى ئېلىپ بېرىش ، ئۇنى رايون ، يېزا باشلىقلىرى ۋە مىڭبېشى ، يۈز بېشىلا ۋاقتىدا ئېلىپ بېرىشقا مەسئۇل بولۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى .

9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى ئالتاي ۋىلايەتلىك تەشكىلىي كومىتېتى « تاڭ نۇرى » ژۇرنىلىنىڭ نامىنى « ئىتتىپاقلىق تۇغى »غا ئۆزگەرتىش ، مۇسۇلمانىيېكنى باش مۇھەررىرلىككە تەيىنلەش ، بۇ ژۇرنالنى ئايدا بىر سان چىقىرىشنى قارار قىلدى .

9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى ئالتاي ۋىلايەتلىك تەشكىلىي كومىتېتى 3 - سانلىق يىغىن ئۆتكۈزۈپ ، ئالتاي ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئورگان گېزىتى « ئەركىن ئالتاي »نى بىرلا ۋاقىتتا شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى ئالتاي ۋىلايەتلىك تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى قىلىشنى قارار قىلدى .

9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتى يىغىن ئۆتكۈزۈپ مۇنۇلارنى قارار قىلدى : ( 1 ) رادىيست ، تەرجىمان ، مۇخبىر ، تەھرىر قاتارلىق خادىملاردىن تەركىب تاپقان شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى ئاخبارات باشقارمىسىنى قۇرۇش . ( 2 ) مىللىي ئارمىيە ئىچىدە شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى تەشكىلىنى قۇرۇش ، ئىسھاقبېك مونونوپ ، ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوپ ، موگۇتنوپ ، مەرغۇپ ئىسھاقوپ ، يۈسۈپقان كۈنباي ، بەدەلقان سۇگۇربايوپ ، ھەمدۇللا قۇربان ، زىيا سەمەدى ، ئېردەنى قاتارلىق توققۇز كىشىدىن شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مىل-

لىي ئارمىيە تەشكىلىي كومىتېتىنى تەشكىل قىلىش . ( 3 ) شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي ناخشا - ئۇسسۇل ئانسامبىلىنى قۇرۇش .

9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى   شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتى ئابدۇكېرىم ئابباسوپنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى ئاخبارات باشقارمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى . ئۇ 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ رەسمىي خىزمەتكە چۈشتى .

9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى   ئىلى ۋىلايەتلىك قانۇن ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش كومىتېتى 1949 - يىلدىن باشلاپ ناھىيىلەردە ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلدى .

كۈز   شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى « ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلار خىزمىتى ۋاقىتلىق نىزامى »نى ئېلان قىلىپ يولغا قويدى . مەزكۇر نىزام : ( 1 ) شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇش خىزمىتى ؛ ( 2 ) شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ مەدەنىيەت ، مائارىپ خىزمىتى ؛ ( 3 ) شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمابە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ خوجىلىق خىزمىتى دېگەن ئۈچ چوڭ قىسىمغا بۆلۈندى .

10 - ئاينىڭ 3 - كۈنى   ئەخمەتجان قاسىمى جاڭ جىجۇڭغا 3 - قېتىم جاۋاب خەت يېزىپ ، تۆۋەندىكى بەش تۈرلۈك پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى :

1 . « تىنچلىق بىتىم» ئىمزالانغاندىن كېيىن ، ئۈچ ۋىلايەتتە ئالاھىدە ۋەقەلەر يۈز بەرمىدى ، دۆلەت بايرىقىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى قەدىرلەندى ھەمدە ئۇيغۇر ، خەنزۇ يېزىقلىرىنى ئىشلىتىش جەھەتتە تەدبىر قوللىنىلدى ؛

2 . سۈك شلىەن بىلەن مەسئۇدنىڭ ئوسمان ئىسلام بىلەن قالىپكىنى قوللىغانلىقىغا قارشى تۇرۇش ئۇچۇن ، ھەربىي ھەرىكەت قوللانماي بولمىدى . مىللىي ئارمىيە « تىنچلىق بىتىم » بويىچە قايتىدىن ئۆزگەرتىپ تەشكىللەندى ھەمدە ئەسلىدە بەلگىلەنگەن جايلارغا مۇداپىئەگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى ؛

3 . شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى تارقىتىۋېتىلدى ، شۇڭا ئۇنىڭدىن ئېتىبارەن مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان توغرىسىدا ھېچقانداق تەشۋىقات ئېلىپ بېرىلمىدى ؛

4 . ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا قاراۋۇللارنى كۆپەيتىش ۋاقىتلىق تەدبىر ، ھۆكۈمەتنىڭ ئاپتوموبىللىرى بىلەن سودىگەرلەرنىڭ قاتناش قوراللىرىنى ئەزەلدىن تۇتۇپ قالغىنىمىز يوق ؛

5 . ئاتالمىش خەنزۇ ، خۇيزۇ ، قازاقلارنى كەمسىتىش دېگەنلىك مىللەتلەر ئارا ھېسسىياتقا بۆلگۈنچىلىك سېلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس .

10 - **ئاينىڭ باشلىرى** ۋەزىپىسىدىن دوكلات بېرىش ئۈچۈن ۋەتىنىگە قايتقان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى ساۋېلىيېپ موسكۋادىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، ئارقا ـ ئارقىدىن تاۋسيۈ ، ليۇ مېڭچۇن ، چۇۋۇ قاتارلىق كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ ، ئۆزىنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنى قايتىدىن ياراشتۇرۇش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە بەش تۈرلۈك كونكرېت پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى . ئۇنىڭ پىكرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق : ( 1 ) سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى نۆۋەتتىكى بىر قانچە مەسىلىنىڭ گېنېرال جاڭ جىجۇڭنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا بىردەك ھەل بولىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنىدۇ . (2) شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى مەسىلىلەر ئاساسلىقى دىپلوماتىيە ۋە مىللەتلەر مەسىلىسىدۇر ، دىپلوماتىيە جەھەتتە ھېچقانداق چوڭ مەسىلە يوق ، لېكىن مىللەتلەر مەسىلىسى جەھەتتە ئالاھىدە دىققەت ـ ئېتىبارنى قوزغاش لازىم ، ھازىر ئەۋج ئېلىۋاتقان فانتۈركىستلارنىڭ جۇڭگودىن ئايرىلىپ كې

تىش ھەرىكىتىگە ھەرگىز ھېسداشلىق قىلمايمەن، چۈنكى ھەر قانداق بىر دۆلەتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ ھەرگىز پارلاق يول تاپالمايدۇ، ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ چىقىپ كېتىشتەك مۇنداق ھەرىكەت ئاز سانلىق مىللەتلەرگە زىيانلىق؛ لېكىن دۆلەتمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا مۇۋاپىق سىياسەتلەرنى قوللىنىپ، ئۇلار بىلەن دۆلەتنى ئايرىلماس بىرگەۋدىگە ئايلاندۇرۇشى كېرەك. (3) ھازىر، شىنجاڭنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تۇرلۇك مەسىلىلەرنى ھەقىقىي تۈردە ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، ئۇنى ھەل قىلىش ۋاقتىنى ئەمدى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ، ئۇنداق قىلمىغاندا، ئۇچىنچى تەرەپ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سالىدۇ. (4) ئىدە، مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشى بارغانسېرى تەسكە توختايدۇ. (4) ئىلى مەسىلىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقى ئىككى تەرەپنىڭ بىۋاستە سۆھبەتلىشىپ، ھازىرقى ئۆزئارا تىركىشىش ۋەزىيىتىنى تېزدىن ئۆزگەرتىشنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىدۇ. مۇبادا ئىككى تەرەپنىڭ پىكرىدىكى پەرق چوڭ بولۇپ يېقىنلاشتۇرۇشقا ئامالسىز قالغاندا، ئەگەر ھەر ئىككىلا تەرەپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ ياراشتۇرۇشنى ئىلتىماس قىلسا، مەن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىدىن شۇنداق قىلىشنى تەلەپ قىلىمەن ۋە ئەھۋالنى دوكلات قىلىمەن. بۇ جەھەتتە، پېقىر خىزمەت قىلىشقا تەييارمەن. (5) باش كاتىپ ليۇ مېڭچۈننىڭ پېقىر بىلەن قىلىشقان گېپىگە كەلسەك، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ئىلى تەرەپكە يەتكۈزدۈم، پېقىر بۇ قېتىم ۋەتەنگە قايتىش سەپىرىدە غۇلجىدىن ئۆتكەندە، غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلغا پەۋقۇلئاددە تاشقى ئىشلار خادىمى ليۇ زېرۇڭ قايتىش سەپىرىدە غۇلجىدىن ئۆتكەندە، ئۇنى ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن كۆرۈشتۈرۈشنى تاپىلاپ قويدۇم.

10 - ئاينىڭ باشلىرى ليۇ زېرۇڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالما - ئاتاغا بېرىپ جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقى ئاۋىئاتسىيە شىركىتى مۇدىرىيىتى يىغىنىغا قاتنىشىپ قايتىش سەپىرىدە غۇلجا ئايرودرومىدا ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن كۆرۈشتى. ئەخمەتجان قاسىمى ليۇزېرۇڭغا مۇنۇ ئۈچ تۈرلۈك پىكرىنى ئېيتتى: (1) ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ ھەرگىز جۇڭگودىن بۆلۈنۈپ چىقىپ

كېتىش ئويى يوق؛ (2) بارلىق مەسىلىلەرنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش-نى خالايمىز؛ (3) بۇنىڭدىن كېيىن جاڭ جېجۇڭنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسى ئۈستىدە كېڭەشكەندە دىپلوماتىك مۇناسىۋەتكە ئالاھىدە دىققەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلىمىز.

10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مىللىي ئارمىيە تەشكىلىي كومىتېتى غۇلجىدا قۇرۇلدى، ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوپ رەئىسلىككە سايلاندى. مىللىي ئارمىيىدىكى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى تەشكىلاتى لەن، يىڭ، تۈەن، جۇن بويىچە ئايرىم - ئايرىم قۇرۇلدى، يىگىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلاردا بىردەك شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى تەشكىلىي كومىتېتى تەسىس قىلىندى. 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، مىللىي ئارمىيە ئىچىدە تۈەن دەرىجىلىكتە تەشكىلىي كومىتېتىن 16سى، يىڭ دەرىجىلىكتە تەشكىلىي كومىتېتىن 20سى قۇرۇلدى، ئەزالىرى 1300دىن ئېشىپ كەتتى.

10 - ئاي شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى «ئىتتىپاق» نەشر قىلىندى، ئەخمەتجان قاسىمى باش مۇھەررىر بولدى.

شۇ ئاي ئۈرۈمچىدىن بۇيان قوبۇقسار ئەتراپىدا پاراكەندىچىلىك سېلىپ يۈرگەن باندىتلارنىڭ كاتتىبېشى مۇيلىخى ئەسىرگە چۈشتى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسى ئۇنىڭغا قانۇن بويىچە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلدى.

شۇ ئاي شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مىللىي ئارمىيە تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى «ئىنقىلابنىڭ تاڭ نۇرى» نەشر قىلىندى.

11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى   شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى «پۈتۈن ئۆلكە خەلقىگە مۇراجىئەت»-نى ئېلان قىلىپ، مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ تۆت يىللىقىنى خاتىرىلىدى، ھەر مىللەت خەلقىنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ رەھبەرلىكىدە مەسئۇد، ئەيسا قاتارلىق ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلارغا قارشى كۈرەش قىلىپ، شىنجاڭدا ھەقىقىي تىنچلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىردى.

شۇ كۈنى   ئالتاي ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسى سارسۇمبە ناھىيە بازىرىدا «12 - نويابىر» ئىنقىلابىنى خاتىرىلەش يىغىنىنى چاقىردى، دەلىلقان سۇگۇربايېۋ خەلقئارا ۋەزىيەت، جۇڭگونىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى، ئۆلكىنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتى ۋە پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ خىزمەتلىرى توغرىسىدا دوكلات بەردى. ئۇ دوكلاتىدا مۇنداق دېدى: «نۆۋەتتە، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى رايونلاردىكى خەلقلەر بالايىئاپەت دېڭىزى ئىچىدە جان تالاشماقتا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى رايونلاردىكى خەلقلەرنى دەھشەتلىك ئېزىۋاتقان ۋە ۋەھشىيانە باستۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار خەلقنىڭ ئازادلىق ھەرىكىتىنى ھەرگىز توسيالمايدۇ. چۈنكى، خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى چەك تۇرغان فاڭجېن ۋە يولغا قويغان سىياسەتلەر پۈتۈن مەملىكەتتىكى 450 مىليون خەلقنىڭ ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇڭا، بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، يېقىن كەلگۈسىدە مۇستەقىل، ئەركىن، دېموكراتىك يېڭى جۇڭگو ھۆكۈمىتى دۇنياغا كېلىدۇ.»

11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى   شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ ئەزالىرىغا سىياسىي تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىش تەپسىلىي قائىدىسى»نى ماقۇللىدى. بۇ تەپسىلىي قائىدە جەمئىي

81 ماددىدىن تەركىب تاپتى.

11 - ئاي دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىيىسىنىڭ ئۈرۈمچى ۋىلايەتلىك كومىتېتى[1] ئۈرۈمچىدە ئىچكى قىسمدا شاپىگرافتا بېسىلغان «كۈرەش» ژۇرنىلىنى نەشر قىلىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىسىغا مەخپىي تارقاتتى. «كۈرەش» ژۇرنىلى ئاساسلىقى شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەرلىرىنى باستى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىرىنىڭ مۇھىم ماقالىلىرىنى كۆچۈرۈپ باستى، يەنە ماقالىلەرنى يېزىپ ئېلان قىلىپ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە زاتلىرىغا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە ئۇنىڭ تەشەببۇسلىرىنى تونۇشتۇردى. ئۇنىڭدىن باشقا، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكە غەلىبىلىك يۈرۈش قىلغانلىقى كۆپلەپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى بېسىپ تارقاتتى. 1949 - يىلى 11 - ئايغىچە جەمئىي 51 سان چىقىرىلدى. بۇ تەشكىلات يەنە كۈرەش ئۇيۇشمىسى دەپمۇ ئاتالدى.

شۇ ئاي جاڭ جىجۇڭ لەنجۇدا ليۇمېڭچۈن، ليۇزېرۇڭلار بىلەن كۆرۈشۈپ، مەسئۇدنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىدىن قالدۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى. ئارقىدىنلا، جاڭ جىجۇڭ نەنجىڭگە بېرىپ جياڭ جيېشىغا مەسئۇدنى ئۆلكە رەئىسلىكىدىن قالدۇرۇش، بۇرھان شەھىدىنى ئۆلكە رەئىسلىكىگە تەيىنلەش تەكلىپىنى بەردى.

شۇ ئاي ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ قىممىتى 500 يۈەنلىك، 300 يۈەنلىك، 200 يۈەنلىك ئۈچ خىل قەغەز پۇل تارقاتتى.

---

[1] دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىيىسىنىڭ ئۈرۈمچى ۋىلايەتلىك كومىتېتى دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئۈزلىكىدىن تارقىلىپ كېتىش توغرىسىكى بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالمىغانلىقى ئۈچۈن ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇرۇۋەرگەنىدى.

**12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى** دەلىلقان سۈگۈربايوپ «ئالتاي خەلقىگە مۇراجىئەت»نى ئېلان قىلىپ، قەبىلە ئاقساقاللىرى ۋە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەردىن پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ياخشىلاپ، سىياسىي جەھەتتىكى مۇقىملىقنى ساقلاش؛ مەكتەپلەرنىڭ نورمال ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى دەرھال ئەسلىگە كەلتۈرۈش؛ قۇتقۇزۇش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن، چىشى چارۋا ۋە تۆللەرنى سويۇشنى قەتئىي چەكلەشنى تەلەپ قىلدى.

**12 - ئاينىڭ 7 - كۈنى** شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى ئالتاي ۋىلايەتلىك تەشكىلىي كومىتېتى 7 - سانلىق يىغىنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى ئالتاي ۋىلايەتلىك تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى «توغرا يول»نى 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى نەشر قىلىشنى قارار قىلدى، مۇقاش جاكە باش مۇھەررىر بولدى.

**12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى** شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىغا بىۋاسىتە قاراشلىق شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى يەتتە ۋىلايەتنىڭ ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى تەشكىلىي كومىتېتى غۇلجىدا قۇرۇلدى، ئەنسەت ياقۇپ رەئىسلىككە سايلاندى.

**12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى** تارباغاتاي ۋىلايىتىدە قانۇن ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش كومىتېتى قۇرۇلدى، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى داشجاپ مىڭجۇليوپ بۇ كومىتېتنىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى.

**12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى** ئىلى ۋالىي مەھكىمىسى ياۋا چېچەك يۇقۇم-

لۇق كېسەللىكىنىڭ تارقالغانلىقى ھەققىدە ئۇقتۇرۇش تارقاتتى، ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يىل بېشىدىن بۇيان، ياۋا چېچەك تېكەس قاتارلىق ناھىيىلەردە تارقالدى، تىببىي خادىملار 160 مىڭ كىشىگە چېچەك ئەملىدى، لېكىن ئەھۋال ناھايىتى ئېغىر، ھازىر ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىدە يەتتە كىشىلىك يەۋقۇلئاددە ھەيئەت قۇرۇلۇپ، مەخسۇس مۇشۇ ئىشقا مەسئۇل قىلىندى. مۇنۇلار قارار قىلىندى: (1) پۈتۈن ۋىلايەتتىكى ئاھالىلەرگە بىردەك ھەقسىز چېچەك ئەملىنىدۇ؛ (2) داۋالاش ئەترىتىدىن يەنە يەتتىسى تەشكىل قىلىنىدۇ؛ (3) ئىلى تىببىي مەكتىپىدىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ۋاقىتىنچە دەرس توختىتىپ داۋالاش ئەترىتىنىڭ خىزمىتىگە ماسلىشىدۇ؛ (4) چېچەك ئەملىگەنلىك ئىسپاتى يوقلارنىڭ شەھەر، ناھىيە، بازار، يېزا، كەنتلەر ئارا خالىغانچە قاتنىشى قاتتىق چەكلىنىدۇ؛ (5) مىللىي ئارمىيىنىڭ دوختۇر، سېستىرالىرى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى دوختۇرخانىسىنىڭ تىببىي خادىملىرىمۇ داۋالاش ئەترىتىگە ئاجرىتىلىدۇ.

**12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى** شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتى 12 - سانلىق يىغىننى ئۆتكۈزدى، يىغىندا تۆۋەندىكى قارار چىقىرىلدى: (1) شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتى 11 كىشىدىن 31 كىشىگە كۆپەيتىلىدۇ؛ (2) قىيۇمبەگ خوجا، تېيىپ زات خەلپەت① شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش

① تېيىپ زات خەلپەت (1900—1974): شىنجاڭ غۇلجىدىن، ئۇيغۇر، دىنىي يۇقىرى قاتلام زات. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشىنىڭ دائىمىي ئەزاسى بولغان. 1974 - يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان.

ئىتتىپاقى مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا ، ئابلا قازى ھاجىم[①]
شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي
تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ كاندىدات ئەزالىقىغا تەيىنلىنىدۇ؛ (3) «ئالغا» گېزىتى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى بىلەن شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى ئىلى ۋىلايەتلىك تەشكىلىي كومىتېتى تەرىپىدىن بىرلىكتە چىقىرىلىدۇ؛ (4) «ئالغا» گېزىتى 1949 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ كۈندىلىك گېزىتكە ئۆزگەرتىلىدۇ ، ئۇيغۇرچە ، قازاقچە (كونا ئارىلاپ) نەشر قىلىنىدۇ ، يەنىلا سەيپىدىن ئەزىزى باش مۇھەررىر بولىدۇ .

12 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىغا قوشۇۋېتىلىپ ، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي ياشلار تەشكىلىي كومىتېتى قۇرۇلدى . ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ئىلىنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرىدىكى كومىتېتلىرىمۇ ھەر قايسى ناھىيەلەردىكى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى تەشكىلاتلىرىغا قوشۇۋېتىلدى .

12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى سابىق ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى سەيدۇللا سەيپۇللايوپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ئالتاي ۋىلايەتلىك كومىتېتى بىلەن تارباغاتاي ۋىلايەتلىك كومىتېتىغا تېلېگرامما ئەۋەتتى ، ئۇ تېلېگراممىدا مۇنداق دېدى : شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپا-

---

① ئابلا قازى ھاجىم ( 1887 — 1960 ) : شىنجاڭ ئاتۇشتىن ، ئۇيغۇر ، دىنىي يۇقىرى قاتلام زات . 1948 - يىلى ئىلىغا بارغان . ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ كاندىدات ئەزاسى بولغان . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، غۇلجا شەھەرلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئەزاسى بولغان . 1960 - يىلى 11 - ئايدا غۇلجىدا ۋاپات بولغان .

قىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى مەركىزىي كومىتېتى ۋە ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرىدىكى ئۇنىڭغا قاراشلىق كومىتېتلار شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىغا قوشۇۋېتىلدى، ئالتاي ۋىلايەتلىك كومىتېت بىلەن تارباغاتاي ۋىلايەتلىك كومىتېت ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ناھىيىلىك كومىتېتلارمۇ تېزدىن ئۆزى تۇرۇشلۇق ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى تەشكىلاتىغا قوشۇلۇپ كېتىشى كېرەك.

12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى مىللىي ھۆكۈمەت مەمۇرىي بۇيرۇق چۈشۈرۈپ مەسئۇدنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە رەئىسلىكىدىن، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە مۇئاۋىن رەئىسلىكىدىن، ئەيسانىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە باش كاتىپلىقىدىن قالدۇرۇلغانلىقى؛ بۇرھان شەھىدىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە رەئىسلىككە، مۇھەممەت ئىمىننىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە مۇئاۋىن رەئىسلىككە، ليۇمېڭچۇننىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە باش كاتىپلىققا تەيىنلەنگەنلىكىنى ئېلان قىلدى.

12 - ئاي شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى «ئىتتىپاق»نىڭ 5 - سانىغا ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ «ئۇلۇسچىلار كىملەر، ئۇلار ئۆز مىللىتىگە قانداق خىيانەت قىلدى؟» سەرلەۋھىلىك ماقالىسى بېسىلدى. ماقالىدە مۇنۇلار نۇقتىلىق كۆرسىتىلدى: «بىزنىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىتىمىز بىزنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىزگە مۇنداق بىر تەلەپنى قويىدۇ، ئۇ بولسىمۇ، ئۇنى خەلقئارا ۋەزىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىش، كىمكى بۇ پرىنسىپقا ئەمەل قىلمايدىكەن، ئۇ ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدىيالمايدۇ، ئاخىرى بېرىپ ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنىمۇ قوغدىيالمايدۇ.»

## 1949 - يىلى ( 1 - ئايدىن 8 - ئايغىچە )

1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى   ئىلى ۋالىي مەھكىمىسى ناھىيىلەردىكى ناھىيىلىك سوت مەھكىمىلىرىنى قىسقارتىپ ، ئىلى ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ تۆت شۆبە مەھكىمىسىنى قۇرۇشنى قارار قىلدى . بىرىنچى شۆبە مەھكىمىسى سۈيدۈڭ ناھىيە بازىرىدا تەسىس قىلىنىپ ، سۈيدۈڭ ، قورغاس ، چاپچال ناھىيىسىگە مەسئۇل بولىدىغان ؛ ئىككىنچى شۆبە مەھكىمىسى تېكەس ناھىيە بازىرىدا تەسىس قىلىنىپ ، تېكەس ، موڭغۇلكۈرە ، توققۇزتارا ناھىيىسىگە مەسئۇل بولىدىغان ؛ ئۈچىنچى شۆبە مەھكىمىسى كۈنەس ناھىيە بازىرىدا تەسىس قىلىنىپ ، كۈنەس ، نىلقا ، يۇلتۇز ناھىيىسىگە مەسئۇل بولىدىغان ؛ تۆتىنچى شۆبە مەھكىمىسى بورتالا ناھىيە بازىرىدا تەسىس قىلىنىپ ، بورتالا ، جىڭ ، ئارىشاڭ ناھىيىسىگە مەسئۇل بولىدىغان بولدى . شۆبە مەھكىمىلەر ئىلى ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدىغان ھەمدە قەرەللىك ھالدا ناھىيىلەرگە بېرىپ ، ھەق - تەلەپ دەۋالىرىنى قوبۇل قىلىپ بىر تەرەپ قىلىدىغان ۋە جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان بولدى .

1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى   ئىلى ۋىلايەتلىك خۇيزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ۋەكىللەر يىغىنى ئۆتكۈزۈپ ، لېتىپ سۇلايمانوپنى ئۇيۇشما باشلىقلىقىغا ، ھاشىم موللام بىلەن يۇسۇپ مالىننى مۇئاۋىن ئۇيۇشما باشلىقلىقىغا سايلىدى .

1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى   شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى « ئالغا » دا ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ « خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى » سەرلەۋھىلىك ماقالىسى ئېلان قىلىندى . ئۇ ماقا-

لىسىدە مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: سۆز ئەركىنلىكى بولۇش روھى بويىچە ئۆلـ
كىمىزنىڭ جۇغراپىيىلىك نامىنى خالىغانچە ئاتاشقا بولسمۇ، لېكىن سىيا-
سىي جەھەتتە، تەرتىپ جەھەتتە ئۇنى شىنجاڭ دەپ ئاتاش كېرەك، بۇ
ھەقتە، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىلىلىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى قۇ-
رۇش يىغىنىدا مەخسۇس بەلگىلىمە چىقىرىلدى. مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈ-
چۈن، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىلىلىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى قۇرۇش
يىغىنىدا خەلق شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىلىلىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى
دېگەن بۇ نامنى قوبۇل قىلدى.

1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى   شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بۇر-
ھان شەھىدى «شىنجاڭ خەلقىگە مۇراجىئەت»نى ئېلان قىلىپ، بۇنىڭدىن
كېيىن سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش فاڭجېنى: ئالدى بىلەن پۈتۈن
ئۆلكىنىڭ بىرلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش، تىنچلىقنىڭ پۈتلىكاشاڭلىرىنى سۈ-
پۈرۈپ تاشلاشتا چوقۇم سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن، خەنزۇلار بىلەن يېقىنلە-
شىشتىن ئىبارەت، دەپ جاكارلىدى. «(تىنچلىق بىتىم)نى ئىجرا قى-
لىش، (سىياسىي پروگراما)نى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىمەن
دەپ قەسەميات قىلىمەن» دېدى.

1 - ئاينىڭ 11 - كۈنى   ئىلى ۋىلايەتلىك خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش
ئۇيۇشمىسى ۋەكىللەر يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، فەن يىنجۈڭنى ئۇيۇشما باشلىقلى-
قىغا، ياڭ زىروڭنى مۇئاۋىن ئۇيۇشما باشلىقلىقىغا سايلىدى.

1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى   ئەخمەتجان قاسىمى غۇلجىدىكى ئۇيغۇر -
قازاق - قىرغىز كۇلۇبىدا غۇلجا ناھىيىسىدىكى ھەر قايسى مەكتەپلەرنىڭ
ئوقۇتقۇچىلىرىغا سۆز قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ئەگەر بىز ياشلى-
رىمىزنى تار مىللەتچىلىك ئىدىيىسى بىلەن تەربىيىلەيدىغان بولساق، ئۇ
ھالدا، ئۇلار پەقەت بىر مىللەتنىڭلا مەنپەئىتىنى ئويلايدىغان، باشقا مىل-
لەتلەرنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر بىز خەن-

زۇلارغا قارشى تۇرغاندىلا مىللىي ئازادلىق كۈرىشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا
كەلتۈرەلەيمىز دەپ قارىساق ھەمدە ياشلىرىمىزنى مۇشۇنداق ئوي ۋە خەن-
زۇرلارغا قارشى تۇرۇش كەيپىياتى بىلەن تەربىيىلەيدىغان بولساق، ئۇ
چاغدا قانداق بولىدۇ؟ بۇنداق ئىدىيە ئوقۇتقۇچىلىرىمىز ئارىسىدا يوقمۇ
ئەمەس. مىللىي ئازادلىق كۈرىشىنى ھەقىقىي ئېلىپ بارماقچى بولىدىكەن-
مىز، بۇنداق ئىدىيىنى تۈپ يىلتىزىدىن تۈگىتىپ، ئۆلكىمىز خەلقىنىڭ كۈرە-
شىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىمىز كېرەك.»

1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسى
191 - نومۇرلۇق ئۇقتۇرۇش ئېلان قىلدى. ئۇقتۇرۇشتا شىنجاڭدا تىنچلىق
ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تەشكىلىي
كومىتېتىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ھەر قايسى ناھە-
يىلىرىدىكى ناھىيىلىك كېڭەشلەر تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسى-
نىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدۇ، دېيىلدى.

1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە
قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى «ئالغا» دا «شىن-
جاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى يەرلىك تەشكىلات-
لىرىنىڭ خىزمىتىنى كۈچەيتەيلى» دېگەن تېمىدا ماقالە ئېلان قىلىندى. ما-
قالىدە شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى قۇرۇل-
غاندىن بۇيانقى تەشكىلىي قۇرۇلۇش جەھەتتە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجە-
لەر ئەسلەپ ئۆتۈلدى: 1948- يىلى 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە، ئىلگىرى-
ئاخىر بولۇپ شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى
مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتى ۋە ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىك
تەشكىلىي كومىتېتلىرى قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىلى ۋىلايىتىدىكى 14 نا-
ھىيىدە ناھىيە دەرىجىلىك تەشكىلىي كومىتېت، 188 رايون دەرىجىلىك تەش-
كىلىي كومىتېت قۇرۇلدى (ئارىشاڭ، جىڭ، كۈنەس ناھىيىلىرىنى ئۆز ئى-
چىگە ئالمايدۇ)؛ تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى ئالتە ناھىيىدە ناھىيە دەرىجە-

لىك تەشكىلىي كومىتېت ، 100 رايون دەرىجىلىك تەشكىلىي كومىتېت قۇرۇل-
دى ؛ ئالتاي ۋىلايىتىدىكى ئالتە ناھىيىدە ناھىيە دەرىجىلىك تەشكىلىي كو-
مىتېت ، 78 رايون دەرىجىلىك تەشكىلىي كومىتېت قۇرۇلدى ؛ مىللىي ئارمىيە-
دە تۆۋەن دەرىجىلىك تەشكىلىي كومىتېتتىن 61سى ، يىلڭ دەرىجىلىك تەشكى-
لىي كومىتېتتىن 20 سى قۇرۇلدى . شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھى-
مايە قىلىش ئىتتىپاقىدا جەمئىي ناھىيە دەرىجىلىك تەشكىلىي كومىتېتتىن 4
ى ، رايون دەرىجىلىك تەشكىلىي كومىتېتتىن 386 سى قۇرۇلدى . ئەزالىرى
24 مىڭ 405 كىشىگە يەتتى .

1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى دەللىقان سۇگۇربايوپ ئالتاي ۋالىي مەھكى-
مىسىنىڭ ئورگان كادىرلىرى ۋە سارسۇمبىدىكى ئاممىغا ئۇزۇن سۆز قىلدى .
ئۇ سۆزىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى : «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى
رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازادلىق كۈچلىرى ئىككى يېرىم يىللىق ئازادلىق
كۈرىشى داۋامىدا گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ 4 مىليون 500 مىڭ ئادىمىنى يو-
قىتىپ ، 2 مىليون 580 مىڭ كۋادرات كىلومېتر زېمىندىكى 190 مىليون ئاھا-
لىنى ئازاد قىلدى . گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ ،
خەلق ئازادلىق كۈچلىرى چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ ، بۇ پۈتۈن جۇڭگودىكى
450 مىليون خەلقنىڭ ئىشەنچىسى . »

1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئىلى ۋىلايەتلىك قانۇن ۋە جەمئىيەت ئامانلى-
قىنى قوغداش كومىتېتى مۇنۇلارنى قارار قىلدى : ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ۋە
ئىدارە ، تارماقلار قۇرغان گۈندىخانىلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ، ئومۇ-
مەن تۇتۇپ تۇرۇشقا تېگىشلىك كىشىلەرنى قانۇنىي تەرتىپ بويىچە جاما-
ئەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى ۋە سوت مەھكىمىلىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش .

1 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى غۇلجىدىكى ئۇيغۇر -
قازاق - قىرغىز كۇلۇبىدا ئاممىغا نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت توغرىسىدا نۇتۇق
سۆزلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى : «دۆلەت ئىچىدىكى خەلقچىل كۈچلەر

غەلبە قازىنىدىغان بولسا ، ئۇ تەبىئىي ھالدا ئۆلكىمىزنىڭ خەلقچىل كۈچ-لىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. يېقىندىن بۇيانقى ئىچكى ئەھۋال شۇنى چۈ-شەندۈرۈپ بېرىدۇكى ، ئەكسىيەتچىل كۈچلەر ئارقىمۇ ئارقا مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىۋاتىدۇ ، خەلقچىل كۈچلەر كۈندىن - كۈنگە يۈكسىلىۋاتىدۇ . »

1 - ئاينىڭ 29 - كۈنى    دەلىلقان سۇگۇربايوپ ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن ئىسھاقبېك مونونوپقا خەت يازدى. ئۇ خېتىدە ، قالىم قۇسايىننى غۇلجىغا ئالتاينىڭ خىزمەتلىرىدىن دوكلات بېرىشكە ئەۋەتتۇق ، ئالتاينىڭ سىياسىي ، ئىقتىسادىي ، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ ، ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ماددىي ئەشيا ۋە لازىمەتلىك بۇيۇملارنى ھەل قىلىپ بەرسەڭلار ، دېدى .

1 - ئاينىڭ 31 - كۈنى    لياۋ - شېن ، خۇەي - خەي ئۇرۇشىدىن كې-يىن ، 64 كۈن داۋاملاشقان پىڭ - جىن ئۇرۇشى غەلىبىلىك ئاياغلاشتى . جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئۈچ چوڭ ئۇرۇش ئارقىلىق گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ 1 مىليون 545 مىڭ ئەسكىرىنى يوقاتتى ، ئەسىرگە ئالدى ۋە ئۆزگەرتىپ تەشكىللىدى . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ، جۇڭگو خەلق ئىنقىلابىنىڭ غەلبە قىلىشى مۇقىم بولۇپ قالدى .

2 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە    جاڭ جىجۇڭ لەنجۇدا ئېچىل-غان گەنسۇ ، چىڭخەي ، شىنجاڭ ئۆلكە باشلىقلىرى يىغىنىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى : شىنجاڭدا « تىنچلىق بىتىم » ۋە « سىياسىي ئىشلارنى يولغا قو-يۇش پروگراممىسى »نى ئومۇميۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان دوستلۇق مۇناسىۋەتنى چوقۇم كۈچەيتىشىمىز كېرەك ، ئىلى بىلەن ئىمكانقەدەر تېز يارىشىشىمىز كېرەك . پۈتكۈل غەربىي شىمال مىقياسىدا چوقۇم تىنچلىقنى قوغدىشىمىز ، ئۇرۇشنى چەكلىشىمىز كېرەك .

2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتى 3 ـ سانلىق يىغىنىدا ئۈچ ۋىلايەتنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى توغرىسىدا مۇنداق قارار چىقىرىلدى: ( 1 ) شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەشكىللىگۈچىلىرى ۋە تەشۋىقاتچىلىرىدىن بولۇشى ھەمدە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرگە ھەمكارلىشىپ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشىنى تەكشۈرۈش ۋە نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىشى لازىم؛ ( 2 ) مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېت ئەخمەتجان قاسىمى، رەھىمجان سابىرھاجى قاتارلىق 12 كىشىنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشىغا ئەۋەتكەن ئالاھىدە ۋەكىلى سۈپىتىدە ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشى ۋە كۆچەت تىكىش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىشقا ئەۋەتىدۇ؛ ( 3 ) ناھىيىلەردە ناھىيە دەرىجىلىك ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشى رەھبەرلىك ھەيئىتى قۇرۇلىدۇ؛ ( 4 ) ھەر يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى كۆچەت تىكىش بايرىمى قىلىنىپ، ئۈچ ۋىلايەت خەلقى بىر ئادەم بىر تۈپتىن كۆچەت تىكىش ۋە ئۇنى ئەي قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىشقا چاقىرىلىدۇ.

2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتى بىلەن شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى ئىلى ۋىلايەتلىك تەشكىلىي كومىتېتى بىرلەشمە يىغىنى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرى ۋەزىپىسىنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدىن قالدۇرۇش، ئۇيغۇر سايرانىنى باش مۇھەررىرلىككە تەيىنلەشنى قارار قىلدى.

شۇ كۈنى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسى چۆچەك ناھىيە-

لىك خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىغا ئۆزگەرتىش، خې رۇينى ئۇيۇشما باشلىقلىقىغا تەيىنلەشنى قارار قىلدى.

شۇ كۈنى  ئىلى ۋىلايەتلىك ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشىغا رەھبەرلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ 3 - سانلىق يىغىنىدا مەزكۇر ھەيئەتنىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشىغىلا مەسئۇل بولۇپ قالماي، كۈزلۈك يىغىم خىزمىتىگىمۇ مەسئۇل بولىدىغانلىقى قارار قىلىندى.

شۇ كۈنى  دەللىقان سۇگۇربايوپ ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ مالىيە قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ 3 - سانلىق يىغىنىدا، ۋىلايەتلىك مالىيە باشقارمىسى بىلەن ئۆلكىلىك سودا بانكىسى ئالتاي ۋىلايەتلىك شۆبىسىنىڭ قىممىتى 5000 يۈەنلىك، 10 مىڭ يۈەنلىك، 15 مىڭ يۈەنلىك، 20 مىڭ يۈەنلىك تۆت خىل قىممەتكە ئىگە ئاكسىيەدىن 300 مىليون يۈەنلىك بېسىپ تارقىتىشنى قارار قىلىنغانلىقى ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى.

2 - ئاينىڭ 16 - كۈنى  تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسى دۆربىلجىن ناھىيىسىنىڭ 8-، 9-، 10 - رايونلىرىنىڭ ناھىيە بازىرىدىن ناھايىتى يىراقلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، كەرەي يېرىم ناھىيىسىنى قۇرۇش، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنى موفاڭ (تولى) دا تەسىس قىلىش ھەمدە تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى داشجاپ مىجىۋلىيۇپ مۇدىرلىقىدىكى مەخسۇس ھەيئەتنى تەشكىللەپ، ناھىيە چېگرىسى، ئاھالىلەرنى بۆلۈش ۋە ئاپپارات شتاتىغا مەسئۇل قىلىشنى قارار قىلدى.

3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى  شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتى ئاياللار خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، شۇ كۈندىن باشلاپ شىنجاڭدا تىنچلىق

ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى خانىم - قىزلار تەشكىلات بۆلۈمىنى قۇرۇش، تەۋەيخانىم مىرشانوۋانى بۆلۈم باشلىقلىقىغا تەيىنلەشنى، ئۈچ ۋىلايەت خانىم - قىزلار جەمئىيىتىنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىغا قوشۇۋېتىشنى قارار قىلدى.

4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى   شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي ياشلار تەشكىلىي كومىتېتى غۇلجىدا كەڭ ياشلار قاتناشقان چوڭ يىغىن ئاچتى، يىغىندا ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەردە شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى ياشلار تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇش توغرىسىدا قارار چىقىرىلدى ھەمدە شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى ياشلار تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەزىپىسى كەڭ ياشلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ ۋە تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، ياشلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش ئېڭىنى كۈچەيتىپ، كەڭ ياشلارنى جەمئىيەتكە ياراملىق ئىختىساس ئىگىلىرىدىن قىلىپ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، دەپ بەلگىلەندى. يىغىن ئاخىرىدا ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيە، مەكتەپ، مائارىپ ئورۇنلىرى، ئىدارە، جەمئىيەتلەردىن شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي ياشلار تەشكىلىي كومىتېتىغا ياردەملىشىپ تېزدىن ھەر دەرىجىلىك ياشلار تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇپ چىقىشنى ئۈمىد قىلدى.

4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى   ئەخمەتجان قاسىمى مىللىي ئارمىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ تۆت يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا سۆز قىلدى. ئۇ سۆزىدە ماۋزېدۇڭنىڭ «بىرلەشمە ھۆكۈمەت توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر مەسىلىسىگە دائىر بايانلىرىنى ۋە «جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ خىتابنامىسى»دىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتىلغان سىياسەتلەرگە دائىر مەزمۇنلارنى نەقىل كەلتۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى گومىنداڭ يۈرگۈزگەن مىللىي سىياسەتنى خاتا دەپ قاراپ، توغرا مىللىي سىياسەتنى

يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلدۇ. شۇڭا، ئۈچ ۋىلايەت خەلقى گومىنداڭغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان دېموكراتىك ئۇرۇش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن، گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان نۆۋەتتىكى تىنچلىق سۆھبىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ نەتىجىسى مۇقەررەر ھالدا شىنجاڭنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەقدىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى  ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسى 2 - نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ، مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: (1) نۆۋەتتىكى جۇڭگونىڭ ۋەزىيىتى ۋە پۈتۈن ئۆلكە ۋەزىيىتىنى كەڭ تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش. (2) ئالتۇن قېزىش ئىشلەپچىقىرىشىنى زور كۈچ بىلەن ئوبدان ئېلىپ بېرىش ھەمدە ۋىلايەتلىك بانكىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئالتۇننى پىششىقلاپ ئىشلەش بۆلۈمى تەسىس قىلىش. (3) ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ نۆۋەتتىكى پۇل قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك بانكا 300 مىليون يۈەن پۇل بېسىپ تارقىتىپ، ئالتاي ۋىلايىتى دائىرىسىدە ئوبوروت قىلىپ ئىشلىتىش.

4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى  شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى «ئالغا» دا گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ گېنېرالى فۇزوۋيىنىڭ تىنچ يول بىلەن ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ باشقا گېنېراللىرىنىمۇ تىنچلىقنى قوبۇل قىلىپ، يېڭى دېموكراتىزمنى ھىمايە قىلىشقا مۇراجىئەت قىلغانلىقى خەۋەر قىلىندى.

4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى  شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ 21 - سانلىق يىغىنىدا خەنزۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن،

خەنزۇ مەكتەپلىرىنى كۆپەيتىپ ئېچىش، رەھىمجان سابىرھاجى، ئەنۋەرخانبابا، ئەسئەت ئىسھاقوپ قاتارلىق كىشىلەردىن تەركىب تاپقان مەخسۇس ھەيئەت تەشكىل قىلىپ، بۇ خىزمەتكە مەسئۇل قىلىش قارار قىلىندى.

4 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ماۋزېدۇڭ ۋە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى جۇدې «پۈتۈن مەملىكەتكە يۈرۈش قىلىش بۇيرۇقى»نى چۈشۈردى. 21 - كۈنىدىن باشلاپ، مىليون كىشىلىك چوڭ قوشۇن چاڭجياڭ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، 23 - كۈنى نەنجىڭنى ئىشغال قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ بەربات بولغانلىقىنى جاكارلىدى. 27 - كۈنى ئىلى ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئورگان گېزىتى «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان»دا كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان بۇ خەۋەر ئېلان قىلىندى.

4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن، ئالتاي ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ 4 - سانلىق يىغىنىدا مۇنۇلار قارار قىلىندى: (1) ئالتاي ۋىلايىتىدىكى ۋاڭ، بەگ، بەيزى، ئۇكورتاي، زالىڭ، زەڭگى، يۈز بېشى قاتارلىق چوڭ - كىچىك قەبىلە باشلىقلىرىغا ئىشلىگەن خىزمەت مىقدارىغا قاراپ ئىش ھەققى بېرىلىدۇ. (2) چوڭ - كىچىك قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ ھەققىنى شۇ قەبىلە ئەل - جامائىتى ئۈستىگە ئالىدۇ. (3) ۋاڭنىڭ يىللىق ئىش ھەققى ھېسابىغا 100 تۇياق قوي؛ بەگنىڭ يىللىق ئىش ھەققى ھېسابىغا 70 تۇياق قوي؛ بەيزىنىڭ يىللىق ئىش ھەققى ھېسابىغا 50—100 تۇياق قوي؛ تەيجىنىڭ يىللىق ئىش ھەققى ھېسابىغا 50 تۇياق قوي؛ ئۇكورتاينىڭ يىللىق ئىش ھەققى ھېسابىغا 20—40 تۇياق قوي؛ زالىڭنىڭ يىللىق ئىش ھەققى ھېسابىغا 10—15 تۇياق قوي؛ زەڭگىنىڭ يىللىق ئىش ھەققى ھېسابىغا 5—10 تۇياق قوي؛ يۈز بېشىنىڭ يىللىق ئىش ھەققى ھېسابىغا 3—5 تۇياق قوي بېرىلىدۇ.

4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى     تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسى 1446 - نومۇرلۇق بۇيرۇق ئېلان قىلىپ، ھەر قايسى ناھىيىلەرنىڭ مۇئاۋىن ھاكىملىرىنى قوشۇمچە ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەشنى قارار قىلدى.

4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى     كەرەي يېرىم ناھىيىسى قۇرۇلدى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسى نۇرساپا سېيىتجانوپنى ھاكىملىققا تەيىنلىدى.

4 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى     شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتى ھەر يىلى 5 - ئاينىڭ 5 - كۈننى باللار بايرىمى قىلىشنى قارار قىلدى.

4 - ئاي     ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ج.خ پاكستون سەنتەيگە كېلىپ، ئوسمان ئىسلامغا ئەيسا، مۇھەممەت ئىمىن، يولۋاس، مەسئۇد، جانىمقان قاتارلىقلار بىلەن قويۇق ئالاقە باغلاش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. ج. خ پاكستون «سىلەرنىڭ ئۆزئارا زىددىيەتلەشمەي، ئىتتىپاقلىشىپ، ئامېرىكىنىڭ سىلەرگە قىلغان ياردىمىدىن ئوبدان پايدىلىنىپ، كوممۇنىستىك پارتىيىگە، ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى تۇرۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى.

5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى     ئىلى ۋىلايەتلىك قانۇن ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش كومىتېتىنىڭ 14 - سانلىق يىغىنىدا ئىلى ۋىلايەتلىك مەھكىمە شەرئىيە ۋە ئىلى ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى دائىرىسى توغرىسىدا كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىلدى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق: مەھكىمە شەرئىيە دىنىي نازارەتنىڭ رەھبەرلىكىدە بارلىق دىنىي مەسىلىلەر ۋە شۇنىڭغا ئالاقىدار نىكاھ، نىكاھتىن ئاجرىشىش، مىراس،

قەرز ئىشلىرى قاتارلىق دېلولارنى سوتلاپ بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل بو-
لىدۇ ، بۇ خىل دېلولار ئۇستىدە مەھكىمە شەرئىيە ھۆكۈم چىقارغاندىن كې-
يىن ، ھۆكۈمەتنىڭ ئىجرائىيە ئورگانلىرى تەرىپىدىن ئىجرا قىلىنىدۇ . ۋىلا-
يەتلىك سوت مەھكىمىسى مەھكىمە شەرئىيە سوتلاپ بىر تەرەپ قىلىدىغان
دېلولاردىن باشقا بارلىق دېلولارنى سوتلاپ بىر تەرەپ قىلىدۇ . ئەمما ،
قوبۇل قىلىپ بىر تەرەپ قىلىغان چوڭ - چوڭ جىنايەت دېلولىرى ۋە مۇرەك-
كەپ ھەق - تەلەپ ماجىرالىرىنى ۋىلايەتلىك قانۇن ۋە جەمئىيەت ئامانلىق-
نى قوغداش كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزىدۇ . ۋىلايەتلىك سوت
مەھكىمىسىنىڭ تەپتىش بۆلۈمى سوت مەھكىمىسىدىن ئايرىپ چىقىلىپ ، ئۆز
ئالدىغا مۇستەقىل ئاپپارات — ئىلى ۋىلايەتلىك تەپتىش مەھكىمىسى قۇرۇ-
لىدۇ .

5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە
قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى غۇلجىدا 1 - قېتىملىق شىنجاڭدا تىنچ-
لىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى ئاكتىپلار ۋەكىللىرى يىغىنىنى
چاقىردى . يىغىندا ئابدۇكېرىم ئابباسوپ شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىل-
لىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىغا ۋەكالىتەن « نۆۋەتتىكى
سىياسىي ۋەزىيەت ۋە بىزنىڭ ۋەزىپىلىرىمىز » دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى .
ئۇ دوكلاتىدا ماۋجۇشىنىڭ « بىرلەشمە ھۆكۈمەت توغرىسىدا » دېگەن ئەسە-
رىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارى-
تىلغان سىياسىتى توغرىسىدىكى بايانلىرىنى نەقىل كەلتۈرگەندىن كېيىن ،
ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى داۋامىدا قولغا كەلتۈرگەن نە-
تىجىلىرىنى شەرھىلەپ ، ئىلگىرى سادىر بولغان نۇرغۇن خاتالىقلارنى كۆر-
سىتىپ ئۆتتى ، يەنى ، ئۇ مۇنداق دېدى : « بىز مىللىي ئازادلىق كۈرىشى
داۋامىدا ھۆكۈمران مىللەت ئارىسىدا ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى ۋە ئېزىلگۈ-
چى خەلقنىڭ بارلىقىنى نەزەرگە ئالمىدۇق ، شۇ تۈپەيلىدىن ھۆكۈمران مىل-
لەت ئىچىدىكى ئەزگۈچى بىلەن ئېزىلگۈچىنى ئېنىق پەرقلەندۈرمىدۇق . نە-
تىجىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن پۈتكۈل خەنزۇلارنى بىر گەۋدە

دەپ قارايدىغان خاتالىق يۈز بەردى، ھەتتا تا ھازىرغا قەدەر ئاز ساندى-
كى ناچار ئۇنسۇرلار خەنزۇلارغا دۈشمەنلەرچە مۇئامىلە قىلىۋاتىدۇ، ھەتتا
خەنزۇلارنىڭ مال - مۈلكىگە چاڭ سېلىپ، قەرزلىرىنى قايتۇرۇشنى رەت قى-
لىۋاتىدۇ، ھەتتاكى ئۇلارنىڭ ھاياتىغا تەھدىت سېلىپ، خەنزۇلارنىڭ قا-
نۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى كۆزگە ئىلمايۋاتىدۇ.»

دوكلاتتا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھەرىكىتى بىلەن نۆۋەتتىكى جۇڭگو
خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق
دەپ كۆرسىتىلدى: «ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بىزنىڭ مىللىي ئا-
زادلىق ھەرىكىتىمىز ئالاھىدىلىكى، يۆنىلىشى ۋە ۋەزىپىسى جەھەتتە جۇڭگو
خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى بىلەن بىردەك بولۇپلا قالماي، بەلكى مىللىي ئا-
زادلىق ھەرىكىتىنىڭ غەلىبە قىلىشى ياكى جۇڭگودىكى مىللەتلەر مەسىلىسى-
نىڭ ئۈزۈل - كېسىل ۋە توغرا ھەل قىلىنىشى نۆۋەتتىكى قارىغاندىمۇ ئۇ
جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى بىلەن زىچ باغلانغان.» «جۇڭگو خەلقى
ئېلىپ بېرىۋاتقان ئازادلىق ئۇرۇشى جۇڭگو تەۋەسىدىكى ھەممە مىللەتنى
ئازادلىققا چىقىرىشنى كۆزلەيدۇ، ئەمەلىيەتتىمۇ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇ-
رۇشى غەلىبە قىلغاندىلا، جۇڭگودا دۆلەت ئىچىدىكى مىللەتلەر مەسىلىسى-
نى، جۈملىدىن مىللىي زۇلۇم مەسىلىسىنىمۇ ئۈزۈل كېسىل توغرا ھەل قىلغى-
لى بولىدۇ.» دوكلاتنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: «بىزنىڭ
مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىز پەقەت جۇڭگو خەلق ئازادلىق ھەرىكىتى ئا-
خىرقى غەلىبىگە ئېرىشكەن چاغدىلا، ئاندىن ئاخىرقى غەلىبىگە ئېرىشەلەي-
دۇ، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر مەسىلىسى ئاندىن ئۈزۈل - كېسىل ۋە توغرا
ھەل بولىدۇ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئىستىقبالى ئاندىن پارلاق بولىدۇ.»

شۇ كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپا-
قى مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتى 22 - سانلىق يىغىن ئېچىپ، ئابدۇراخمان
مۆھىتىنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەر-
كىزىي ياشلار تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەشنى قارار قىلدى.

5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى  ئەخمەتجان قاسىمى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى چاقىرغان 1 - قېتىملىق شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى ئاكتىپلار ۋەكىللىرى يىغىنىدا سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىمىزنىڭ دەسلىپىدە، خەلقىمىز ئارىسىدا يەرلىك خەنزۇلار بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى ئوخشاشلا يامان دەپ قارايدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن يەرلىك خەنزۇلار بىر تاياقتا ھەيدەلدى. بۇ نەچچە ئەسىرلەردىن بۇيانقى مىللىي ئۆچمەنلىك ۋە زۇلۇمنىڭ نەتىجىسى. ئەسلىدە، مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىمىزنىڭ مەقسىتى خەنزۇ خەلقىگە قارشى تۇرۇش ئەمەس ئىدى، ئەسلىدىكى مەقسەت ئۆلكىمىزدە جاھانگىرلىك، مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىنى قوغداپ، چوڭ خەنزۇچىلىقنى يۈرگۈزۈپ، باشقا مىللەتلەرنى قۇل ئورنىدا كۆرىدىغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تۇرۇش ئىدى. شۇڭا، بىر مىللەتنى زۇلۇمدىن ئازاد قىلىش ئۈچۈن، يەنە بىر مىللەتنى تامامەن ئەزگۈچى دەپ قاراش خاتا.»

ئۇ يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىمىزنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرمەكچى، بارلىق مىللەتلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولماقچى بولىدىكەنمىز، مىللەتلەرگە قارىتىلغان سىياسەتنى توغرا ئىجرا قىلىشىمىز، مىللەتلەر مەسىلىسىنى توغرا ھەل قىلىشىمىز لازىم. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ خىتابنامىسىدىن شۇنى بىلىۋالالايمىزكى، مىللەتلەرگە قارىتىلغان سىياسەتنى توغرا ئىجرا قىلىش مەسىلىسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەر بولۇش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش مەسىلىسىدۇر، جۇڭگو خەلقىنى ئازادلىققا چىقىرىمىز، غەلىبىگە ئېرىشتۈرىمىز دەيدىكەنمىز، جۇڭگودىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنى قوللىشىمىز كېرەك.»

5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى  شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ئۆيغۇر سايرانى غۇلجا ناھىيىسىدە چاقىرىلغان شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە

قىلىش ئىتتىپاقى ئاكتىپلار ۋەكىللىرى يىغىنىدا سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئۆلكىمىزدە ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار يۈرگۈزگەن مىللىي زۇلۇم سىياستى خەنزۇلار ۋە باشقا مىللەتلەرگە قارىتىلغان. شۇڭا، بىزنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىز مىللىي زۇلۇم سىياستىنى يۈرگۈزگەن ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارغا قارىتىلغان.» «كۆپچىلىكنىڭ مىللىي ئۆچمەنلىك ئۇرۇقىنى چاچقۇچىلارغا ئارىمىزدىن ھېچقانداق ئورۇن بەرمەسلىكنى ئۈمىد قىلىمەن، پۈتۈن ئۆلكىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دوستلۇقى تېخىمۇ مۇستەھكەملەنسۇن ۋە ياشىسۇن!»

5 - ئاينىڭ 20 - **كۈنى** ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى غۇلجىدا يىغىن ئېچىپ، ئۈچ ۋىلايەت دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بانكىسىنىڭ مىللىي ئارمىيەدىن 150 توننا ئاشلىق ئارىيەت ئېلىشى، تارباغاتاينىڭ 200 توننا ئاشلىق سېتىۋېلىشىنى، شۇ ئارقىلىق ئالتاي ۋىلايىتىدىكى ئاشلىق قەھەتچىلىكى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى قارار قىلدى.

5 - ئاينىڭ 25 - **كۈنى** شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى «دېموكراتىيە گېزىتى» (خەنزۇچە)گە ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ «مىللىي مەسىلىدىكى بەزىبىر خاتالىقلىرىمىز» دېگەن تېمىدىكى ماقالىسى بېسىلدى. ماقالىدە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: «بىزدە مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە . . . خەنزۇلارنىڭ ھەممىسىنى دۈشمەن قاتارىدا كۆرىدىغان قاراش بولغان. نەتىجىدە، بىز دوست بىلەن دۈشمەننى ئېنىق ئايرىماي، بارلىق خەنزۇلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلدۇق، بۇنىڭ ئىچىدە دوستلىرىمىزغا زەربە بېرىپ، ئەكسىيەتچى گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىدىن تېخىمۇ قەبىھ بولغان مىللىي مۇناپىقلارنى قوغداپ قالدۇق. نەتىجىدە مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىزنىڭ ئىتتىپاقچىلىرى بولغان خەنزۇ خەلقىنى دۈشمەنلەر تەرەپكە ئىتتىرى-

ۋەتتۇق. بۇ پۈتۈنلەي خاتا سىياسەت.» «بىزنىڭ مىللىي ئازادلىقىمىز، باراۋەرلىكىمىز ۋە ئەركىنلىكىمىز پەقەت مەملىكەت ئىچىدىكى ھەر قايسى دې-موكراتىك سەپلەردىكى بارلىق قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئورتاق كۈرىشى ئارقىسىدىلا ئەمەلگە ئاشىدۇ.» «چوڭ خەنزۇچىلىق ئىدىيىسى مىللىي ئا-زادلىق ھەرىكىتىگە قانداق زىيان يەتكۈزگەن بولسا، تار مىللەتچىلىكنىڭ ئۆز مىللىتى ئازادلىققا ئېرىشكەندىن كېيىن باشقا مىللەتلەرنى بوزەك قىلى-شى ۋە ئېزىشىمۇ، ئوخشاشلا مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىگە زىيان يەتكۈزى-دۇ.» «نۆۋەتتىكى ۋەزىپىمىز مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ 1 - باسقۇچىدا سادىر قىلىنغان خاتالىقلىرىمىزنى تېز تۈزىتىپ، مىللەت ئايرىمايدىغان، گو-منداڭنىڭ، جاھانگىر كۈچلەرنىڭ تەسىرى بولمىغان، مىللەتلەرنىڭ ھەقى-قىي باراۋەرلىكى ئاساسىدىكى يېڭى دېموكراتىك يېڭى ئۆلكە قۇرۇشتىن ئىبارەت.»

5 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە ئۈچ ۋىلايەت ئا-لىي ئىقتىساد كومىتېتى غۇلجىدا 2 - سانلىق يىغىن ئۆتكۈزدى. يىغىنغا ئۈچ ۋىلايەت ئالىي ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا يېڭىدىن تو-لۇقلاپ سايلانغان دەلىلقان سۇگۇرباييوپ رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىندا ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ 1948 - يىللىق مالىيە خام چو-تى خىزمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ۋە 1949 - يىللىق مالىيە خام چوتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى. ئاخىرىدا مۇنۇلار قارار قىلىندى: (1) قېيۇم-بەگ خوجا، ۋاققاس ھاجى مىرشانوپ باشچىلىقىدا ھەيئەت تەشكىل قىلى-نىپ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ پۇل مۇئامىلە ۋە سودا - سانائەت خىزمىتىنى تەرتىپ-كە سېلىش ۋە تەكشۈرۈش. (2) ئەسئەت ئىسھاقوپ ۋە قېيۇمبەگ خوجا باشچىلىقىدا ھەيئەت تەشكىل قىلىنىپ، يەر ئۆلچەش، سۇ ئىنشائاتى خىز-مىتىنى ئېلىپ بېرىش ھەمدە يېڭىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن يەرلەرنىڭ سۇ ئىشلى-تىش بېجىنى كەچۈرۈم قىلىش ھەققىدە كونكرېت چارە تۈزۈپ چىقىشقا مەس-

ئۆل بولۇش. (3) ئورمان بەلباغلىرىدا چارۋا بېقىشنى، كۆچەتلەرنى كېسىشنى قاتتىق مەنئى قىلىش، ئورمان تازىلاش، بىنامنى كۆيدۈرۈشنى چەكلەش، ياغاچ كېسىش مىقدارىنى 50% ئازايتىش.

6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى شىنجاڭدا ئىتتىپاقلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ روسىيىنىڭ ئۇلۇغ شائىرى پۇشكىن تۇغۇلغانلىقىنىڭ 150 يىللىقىنى خاتىرىلىدى، ئەخمەتجان قاسىمى يىغىلىشقا قاتنىشىپ ھەم سۆز قىلىپ، پۇشكىننىڭ «ھەيكەل» دېگەن شېئىرىنى دېكلاماتسىيە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تارباغاتاي ۋىلايىتى بىلەن ئالتاي ۋىلايىتىدىمۇ تۈرلۈك خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلدى.

6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى شىنجاڭدا ئىتتىپاقلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى «دېموكراتىيە گېزىتى» (خەنزۇچە) دە «جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى ۋە مىللەتلەر مەسىلىسى» دېگەن تېمىدا مەخسۇس ماقالە ئېلان قىلىندى. ماقالىدا ئالدى بىلەن ماۋزېدۇڭنىڭ «يېڭى دېموكراتىزم توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدىكى جۇڭگو ئىنقىلابى دۇنيا ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىگە ۋە مىللىي سىياسەتكە دائىر بايانلار نەقىل كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: «جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە قىلىشى، يېڭى دېموكراتىزمنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتە ئىشقا ئېشىشى بىلەن جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مىللەتلەر مەسىلىسىمۇ توغرا ھەل قىلىنىدۇ.» «شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئازادلىقى پەقەت جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى ئارقىسىدىلا ئىشقا ئاشىدۇ.» «شۇڭا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئالدىنقى سەپتىن ئىنتايىن يىراقتا تۇرۇۋاتىمىز دەپ، ئۆزلىرىنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ قالدۇق، دەپ قارىسا بولمايدۇ، ئۆز ئورنىدا تۇرۇپ، پائال تۈردە مىللىي ئازادلىق ئىشلى-

رى ئۇچۇن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى كۈچلىرىنى ئا-
جىزلاشتۇرۇپ ، ئىنقىلاب كۈچلىرىنى كۈچەيتىپ ، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو خەلق
ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنىڭ ، مىللەتلەرنىڭ ئازادلىقىنىڭ بالدۇرراق
يېتىپ كېلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك . »

6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە
قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى « ئالغا »دا « جۇڭگو
خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ يېڭى غەلىبىسى » دېگەن تېمىدا ماقالە ئېلان
قىلىندى . ماقالىدە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ چاڭجياڭ دەرياسىدىن
ئۆتۈپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلغاندىن كېيىن ، نەنجىڭ ، خاڭجۇ ، نەنچاڭ ،
ۋۇخەن ، شاڭخەي قاتارلىق 100 نەچچە شەھەرنى ئىشغال قىلغانلىق غەلىبە-
سى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلدى ھەمدە بۇ غەلىبىلەر ، بىر تەرەپتىن ، گومىن-
داڭنىڭ ھەربىي ئىشلار جەھەتتە مەغلۇبىيەت گىردابىغا بېرىپ قالغانلىقى-
نى ، يەنە بىر تەرەپتىن ، خەلق كۈچىنىڭ كۈنسايىن قۇدرەت تېپىپ ، پۈتۈن
مەملىكەت ئازاد بولىدىغان كۈننىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلىغانلىقى
كۆرسىتىلدى .

شۇ كۈنى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك خانىم - قىزلار جەمئىيىتى دائىمىي
ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى ئېچىلىپ ، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك خانىم - قىزلار
جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى
تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تەشكىلىي كومىتېتىغا قوشۇلۇپ ، شىنجاڭدا تىنچ-
لىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تەش-
كىلىي كومىتېتى خانىم - قىزلار تەشكىلاتى بۆلۈمى بولۇپ قۇرۇلىدىغانلىقى
قارار قىلىندى .

6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە
قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى « ئالغا » دا « ئۇچ

ۋىلايەتنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرايلى» دېگەن تېمىدا
باش ماقالە ئېلان قىلىنىپ، بىر قانچە يىلدىن بۇيان ئۈچ ۋىلايەتتە مائا-
رىپ ئىشلىرىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر ئەسلەپ ئۆتۈلۈپ، مۇنداق
كۆرسىتىلدى: 1948 - 1949 - يىللىرىدىلا ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئوتتۇرا،
باشلانغۇچ مەكتەپلەر 545 كە، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 56 مىڭ
982 گە، ئوقۇتقۇچىلار 2059 غا يەتتى؛ ئىلىدا تېخنىكومدىن بىرى قۇرۇل-
دى، 504 نەپەر ئوقۇغۇچى شۇنىڭدا ئوقۇۋاتىدۇ. ئوقۇغۇچىلارغا ئۆز
مىللىتىنىڭ تىل- يېزىقىدا دەرس ئۆتۈلۈۋاتىدۇ. ئامما ئارىسىدا ساۋات-
سىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىدىمۇ ناھايىتى زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈل-
دى.

شۇ كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپا-
قى ئالتاي ۋىلايەتلىك تەشكىلىي كومىتېتى سارسۇمبىدە يىغىن ئېچىپ، ئۈچ
ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ئالتاي ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ
شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىغا قوشۇلۇپ،
شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى ئالتاي ۋىلا-
يەتلىك تەشكىلىي كومىتېتى ياشلار تەشكىلاتى كومىتېتى قۇرۇلغانلىقىنى
ئېلان قىلدى. يىغىندىن كېيىن، ھەر قايسى ناھىيىلەرگە ۋەكىل ئەۋەتىپ،
شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ ناھىيە دە-
رىجىلىك ياشلار تەشكىلاتى كومىتېتلىرىنى قۇرۇپ چىقتى. 6 - ئاينىڭ 20 -
كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنىگىچە جىمىنەي، قابا، بۇرچىن ناھىيىلىرىدە
شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى ياشلار تەش-
كىلاتى كومىتېتلىرى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلدى.

شۇ كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپا-
قى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تەشكىلىي كومىتېتى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل
ياشلار تەشكىلاتى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك كومىتېتىنى شىنجاڭدا تىنچلىق

ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىغا قوشۇپ، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تەشكىلىي كومىتېتى ياشلار تەشكىلاتى كومىتېتى قۇرۇشنى قارار قىلدى.

6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى  ئۈچ ۋىلايەت بويىچە مائارىپ سىستېمىسىدىكى مەسئۇللارنىڭ يىغىنى غۇلجىدا ئېچىلدى، ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ قاتارلىق كىشىلەر يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا سەيپىدىن ئەزىزى ۋە ئەنۋەرخانبابانىڭ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مائارىپ مەسىلىسى توغرىسىدا قىلغان مەخسۇس دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلگەندىن كېيىن، تۆۋەندىكىدەك قارار چىقىرىلدى: ( 1 ) ئۈچ ۋىلايەت مائارىپ سىستېمىسىغا بولغان بىر تۇتاش رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت مائارىپ كومىتېتى قۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭغا سەيپىدىن ئەزىزى مەسئۇل بولىدۇ، ئەنۋەرخانبابا قاتارلىق كىشىلەر ئەزا بولىدۇ. ( 2 ) ئوقۇتۇش پروگراممىسىنى تەكشۈرۈش ۋە تۈزىتىپ بېكىتىش خىزمىتىگە مەركىزىي كومىتېت مەسئۇل بولىدۇ. ( 3 ) ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەتتە ھەر يىلى 8 - ئايدا بىر ئايلىق ئوقۇتقۇچىلار يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئېچىلىدۇ. ( 4 ) ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، مائارىپ سىستېمىسىدىكى خادىملارنىڭ باشقا ئورۇنلارغا يۆتكىلىشى چەكلىنىدۇ. ( 5 ) ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە توققۇز يىللىق مائارىپ تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ. (6) ئۈچ ۋىلايەت مائارىپ كومىتېتى موڭغۇلچە، خەنزۇچە، شىبەچە مەكتەپلەرنى كۆپەيتىپ قۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ. ( 7 ) غۇلجىدا ئىككى ئوتتۇرا مەكتەپ، چۆچەكتە بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، سارسۇمبىدە بىر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ كۆپەيتىپ قۇرۇلىدۇ.

شۇ كۈنى  شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى، ئىلى ۋالىي مەھكىمىسى مۇنۇلارنى قارار قىلدى: ئىلى ۋىلايىتىدىكى ھەر قايسى ناھىيەلەرنىڭ ھەق - تەلەپ دەۋا دېلولىرىنى

شۆبە سوت مەھكىمىسى بار جايلاردا شۆبە سوت مەھكىمىسى بىر ياقلىق قىـ
لىدۇ ، شۆبە سوت مەھكىمىسى بولمىغان جايلاردا ۋىلايەتلىك سوت مەھكىـ
مىسى شۇ ناھىيىدىكى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن بىر نەپەر سوتچىنى شۆبە
سوت مەھكىمىسىنىڭ يولىيورۇقى بويىچە ئىشلەشكە ۋە شۇ ناھىيىدىكى ھەق ـ
تەلەپ دەۋا دېلولىرىنى بىر ياقلىق قىلىشقا تەيىنلەيدۇ .

6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئورگان گېزىتى
« ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان » دا « موڭغۇل ، شىبە ئوقۇتقۇچىلىرىنى يېـ
تىشتۈرۈش كۇرسىنىڭ ئوقۇش باشلىغانلىقىنى تەبرىكلەيمىز » دېگەن تېمىدا
باش ماقالە ئېلان قىلىنىپ ، مۇنداق كۆرسىتىلدى : ئۈچ ۋىلايەتتە موڭـ
غۇل ، شىبە ، خەنزۇ خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىغا ئالاھىدە
غەمخورلۇق قىلىندى ۋە ئېتىبار بېرىلدى . 1948 ـ 1949 ـ ئوقۇش يىلىدا
ئىلى ۋىلايىتىدە جەمئىي 10 موڭغۇل مەكتەپ قۇرۇلۇپ ، 31 سىنىپ ئېچىلـ
دى ، ئوقۇغۇچىلار 966 غا يەتتى . بۇنىڭ ئىچىدە جىڭ ، بورتالا ، ئارـ
شاڭ ، يۇلتۇز ، غۇلجىدىن ئىبارەت 5 جايدا ياتاقلىق موڭغۇل مەركىزىي
مەكتەپ قۇرۇلدى ، 12 شىبە مەكتەپ قۇرۇلۇپ ، 47 سىنىپ ئېچىلدى ، ئوقۇـ
غۇچىلار 1482 گە يەتتى ، سۈيدۈڭ ، لوسىگۇڭ ، كۈرە ، غۇلجا قاتارلىق
جايلاردا بەش خەنزۇ مەكتەپ قۇرۇلۇپ ، 21 سىنىپ ئېچىلدى ، ئوقۇغۇـ
چىلار 660 گە يەتتى . شۇنىڭدەك موڭغۇلچە ، شىبەچە ، خەنزۇچە دەرسلىك
بېسىلدى . « مانا بۇ دېموكراتىك ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ھەر قايسى ئاز سانلىق
مىللەتلەرگە قارىتا توغرا مىللىي سىياسەتنى ئىجرا قىلغانلىقىنىڭ يەنە بىر
كونكرېت دەلىلى . »

6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە
قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى « ئالغا » دا
ماۋزېدۇڭنىڭ يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشمىگە تەييارلىق كۆرۈش يىغىنىـ
نىڭ تۇنجى يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى بېسىلدى .

6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى  ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئالىي ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، جازانىخورلۇق قىلىپ دېھقانلارنى شۇلۇۋېلىشىنى چەكلەش ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق بانكىسى بۈگۈندىن باشلاپ 8 ـ ئايغىچە غۇلجا، سۈيدۈڭ، قورغاس قاتارلىق ناھىيىلەردە بىر كۈرە بۇغدايغا 90 مىڭ يۈەن؛ تېكەس، كۈنەس، چاپچال قاتارلىق ناھىيىلەردە بىر كۈرە بۇغدايغا 80 مىڭ يۈەن؛ بورتالا، جىڭ، ئارىشاڭ قاتارلىق ناھىيىلەردە بىر كۈرە بۇغدايغا 70 مىڭ يۈەن ھېسابىدا دېھقانلارغا زاكالەت قەرز پۇلى تارقىتىدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ باشقا تارماقلىرى دېھقانلارغا زاكالەت قەرز پۇل بېرىشتىمۇ مۇشۇ بەلگىلىمىنى ئىجرا قىلىدۇ. جازانىخورلار بىلەن بۈنىڭدىن تۆۋەن باھادا توختام تۈزگەن دېھقانلار توختامنى ئىجرا قىلىشنى رەت قىلسا ياكى ئۈچ ۋىلايەت دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق بانكىسى بەلگىلىگەن باھا بويىچە جازانىخورلار بىلەن ھېسابلاشسا بولىدۇ.

7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى  ئەخمەتجان قاسىمى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنىدا سۆز قىلىپ، خىزمەتچى خادىملارغا مۇنداق تۆت تۈرلۈك تەلەپ قويدى: (1) ئەمگەك ئىنتىزامىغا رىئايە قىلىپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش؛ (2) سوت مەھكىمىسى مۇستەقىل بولۇپ، قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈش؛ (3) خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇپ، پاك ـ دىيانەتلىكنى تەشەببۇس قىلىش؛ (4) مىللەتلەر مەسىلىسىنى توغرا ھەل قىلىشقا دىققەت قىلىش.

شۇ كۈنى  ماۋزېدۇڭ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى پېڭ دېخۇەيگە تېلېگرامما ئەۋەتىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «تاۋسيۇ ھازىر ئىككىلىنىپ قاپتۇ، ئۇنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش مۇددىئاسى بار ئىكەن. جاڭ جىجۇڭدىن پايدىلى-

نىپ شىنجاڭ ھەربىي - مەمۇرىي كومىتېتى تەشكىللەپ ، جاڭ جىجۇڭنى رە-
ئىس ، بىزدىن بىرەيلەننى ( شىنجاڭغا ۋاڭ جېن بارسا قانداق ) مۇئاۋىن
رەئىس ، يەنە ئىلى تەرەپتىن بىرەيلەننى مۇئاۋىن رەئىس قىلساق ، ئۆتكۈن-
چى ئورگان بولسا » دەپ قارايمىز .

7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 1 - دالا
ئارمىيىسى چوڭ غەربىي شىمالغا يۈرۈش قىلىش بۇيرۇقى چۈشۈردى ، شۇ-
نىڭ بىلەن چوڭ غەربىي شىمالغا قاراپ يۈرۈش قىلىش باشلاندى .

شۇ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئامېرىكىنىڭ غەربىي شىمالدىكى ما فامى-
لىلىك بەش كىشنى① شىنجاڭغا چېكىنىپ كىرىپ ، شىنجاڭنى مۇستەقىل
« ئىسلام دۆلىتى » قىلىپ قۇرۇشقا قۇترىتىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن
كېيىن ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا زىيارەتتە بولۇۋاتقان ليۇ شاۋچىغا مۇنداق تەك-
لىپ بەردى : شىنجاڭدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى كۈچلىرى گومىنداڭ بىلەن
تىركىشىپ تۇرۇۋاتىدۇ . جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئاۋۋال ئادەم ئە-
ۋەتىپ ئالاقىلىشىپ ، ئاندىن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى شىنجاڭغا يۈرۈش
قىلىشقا بۇيرۇسا ، شىنجاڭنى بالدۇر ئازاد قىلغىلى بولىدۇ .

7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تارباغاتاي تاموژنىسى قۇرۇلدى ھەم خىزمەت-
لەرنى قانات يايدۇردى . ئالدىنقى يېرىم يىلدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا 12 مىڭ
تۇننا بۇغداي ئېكسپورت قىلىندى . بۇنىڭ ئىچىدە 5000 تۇننىنى تارباغا-
تاي ۋالىي مەھكىمىسى ئېكسپورت قىلدى ، 7000 تۇننىسى خۇسۇسىيلار ھې-
سابىدىكى سودا بولدى .

① غەربىي شىمالدىكى ما فامىلىلىك بەش كىشى مابۇفاڭ ، مابۇچىڭ ، ماخۇڭكۈي ، ما-
خۇڭبىن ، ماجىيۈەننى كۆرسىتىدۇ .

7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى  شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە
قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي تەشكىللىي كومىتېتى 28 - سانلىق يىغىن ئۆتكۈ-
زۈپ مۇنۇلارنى قارار قىلدى: 1949 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن
باشلاپ، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەر-
كىزىي كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى «ئالغا» نىڭ ئۇيغۇرچە، قازاقچە نەش-
رى كۈندىلىك گېزىتكە ئۆزگەرتىلدى.

7 - ئاينىڭ ئاخىرى  جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومى-
تېتى ليۇ شاۋچىغا تېلېگراما ئەۋەتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا بى-
ۋاستە ئادەم ئەۋەتىپ، شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بىلەن مۇنا-
سىۋەت ئورنىتىش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى.

8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى  ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئورگان گېزىتى
«ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان»غا «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىنىڭ «شىنجاڭدا
تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى قۇرۇلغانلىقىنىڭ بىر يىل-
لىقىنى تەبرىكلەيلى» دېگەن تېمىدىكى باش ماقالىسى كۆچۈرۈپ بېسىل-
دى، باش ماقالىدە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: «ئىتتىپاقىمىزنىڭ قۇرۇل-
غانلىقىغا بىر يىل بولغان بۈگۈنكى كۈندە، مەملىكەت ئىچىدە بىر قاتار
چوڭ - چوڭ ۋەقەلەر يۈز بەردى. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى ئەڭ
كەسكىن باسقۇچقا كىردى. خەنزۇ خەلقى ئىچىدىكى دېموكراتىك كۈچلەر
خەلقنى گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىدىن ئازادلىققا چىقارماق-
تا». «بىزنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىز پۈتۈن مەملىكەتتىكى دېموكرا-
تىك كۈچلەرنىڭ غەلىبىسى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان، مەملىكەت ئىچى-
دىكى دېموكراتىك كۈچلەرنىڭ غەلىبىسى بىزنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكى-
تىمىزنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزنى تېزلىتىدۇ. شۇنداقلا، بىزنىڭ
غەلىبىمىزمۇ مەملىكەت ئىچىدىكى دېموكراتىك كۈچلەرنىڭ غەلىبىسىگە تەسىر
كۆرسىتىدۇ. ھازىرقى ۋەزىيەتتە، بىزنىڭ ئىتتىپاق ئەزالىرىمىز مىللىي ئازاد-

لىق ھەرىكىتىمىزنىڭ خەنزۇ خەلقىنىڭ ئازادلىق ھەرىكىتى بىلەن بولغان مۇ-
ناسىۋىتىنى ناھايىتى ياخشى چۈشىنىشى، خەلققە كەڭ تەشۋىق قىلىشى
لازىم. بۇ ئىتتىپاق ئەزالىرىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن
بىرى.»

8 - ئاينىڭ 4 - كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قى-
لىش ئىتتىپاقى مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ 30 - سانلىق يىغىنىدا، مىل-
لەتلەر ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش ئۈستىدە مۇنداق تۆت تۈرلۈك قارار چىقى-
رىلدى: (1) مىللىي زىددىيەت پەيدا قىلىدىغان قىلمىشلار مىللىي ئازاد-
لىق ئىنقىلابىمىزغا ۋە دېموكراتىك تۈزۈمىمىزگە قارشى ئەكسىلئىنقىلابىي قىل-
مىشتۇر. (2) مىللىي كەمسىتىش، مىللىي زۇلۇم، باشقا مىللەتلەرنىڭ
ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ھاقارەتلەش قىلمىشلىرى چېكىدىن ئاشقان قەبىھ
جىنايى قىلمىشتۇر. (3) شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قى-
لىش ئىتتىپاقىنىڭ ھەر بىر تەشكىلاتى ۋە ئەزاسى ئىدىيە ۋە ھەرىكەت جە-
ھەتتە، مىللىي زىددىيەت توغدۇرغان ئۇنسۇرلارغا قارشى رەھىمسىز كۈ-
رەش ئېلىپ بېرىشى كېرەك. (4) مۇستەبىت ھۆكۈمرانلار قالدۇرغان مىل-
لىي ئۆچمەنلىكنىڭ زەھەرلىرىنى تازىلاپ، خەلقنىڭ ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ،
مىللەتلەر ئارىسىدىكى دوستلۇق ۋە باراۋەرلىكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، شىن-
جاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى تەشكىلاتلىرى بۇ
جەھەتتىكى تەشۋىقات ۋە تەربىيىنى بوشاشماي كۈچەيتىشى، ئۇنى شىن-
جاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ ھەر دەرىجىلىك
تەشكىلاتلىرىنىڭ بىر تۈرلۈك دائىملىق خىزمىتى قىلىشى كېرەك.

8 - ئاينىڭ باشلىرى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قى-
لىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى «دېموكراتىيە گېزى-
تى» (خەنزۇچە) گە ليۇشاۋچىنىڭ «ئىنتېرناتسىئونالىزم ۋە مىللەتچىلىك»
دېگەن ماقالىسى بېسىلدى.

**8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى** ئىلى ۋالىي مەھكىمىسى مۇنۇلارنى قارار قىلـدى: ئىلى ۋىلايىتىدە «ئۆشرە»، «زاكات» ئېلىش ئۆزگەرتىلىپ، ئۇنىڭغا دىنىي نازارەت بىلەن قازاق، قىرغىز مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى بىر-لىكتە مەسئۇل بولىدۇ، مەزكۇر كىرىمنى تەقسىم قىلىش ۋە چىقىم قىلىشنى نازارەت قىلىشقا ئىلى ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى مەسئۇل بولىدۇ. مەزكۇر كىرىمنىڭ 60%ى مائارىپ ئىدارىسىگە، 40%ى دىنىي نازارەتكە تەئەللۇق بولىدۇ. مائارىپ ئىدارىسى قازاق، قىرغىز قېرىنداشلاردىن يىـغىۋالغىنىنىڭ 10% ىنى قازاق، قىرغىز مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىغا تاپشۇرىدۇ.

**8 - ئاينىڭ باشلىرى** «ئەخمەتجان قاسىمى 2 - ئىشخانىسى» دېگەن مەخپىي نامدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلەر ئۇمكى بۇيرۇقا بىنائەن غۇلجىدىن دۆلەتكە قايتتى.

## 5 . جۇڭگوكوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ تاشقىنىغا تامامەن قوشۇلۇپ كېتىشى

( 1949 - يىل 8 - ئايدىن 1949 - يىل 12 - ئايغىچە )

1949 - يىلى ( 8 - ئايدىن 12 - ئايغىچە )

8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى لىيۇ شاۋچىغا ھەمراھ بولۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىنى زىيارەت قىلىشقا بارغان دېڭ لىچۈننى[1] جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىچىسى سالاھىيىتى بىلەن ئۈچ نەپەر خىزمەتچى خادىم ۋە بىر راتسىيە بىلەن موسكۋادىن ئالما - ئاتا ئارقىلىق غۇلجىغا ئەۋەتتى . ئۇ چۈشتىن كېيىن سائەت 9 : 00 دا غۇلجىغا يېتىپ كېلىپ ، ئالدى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشتى ، ئاندىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلى نىكولاي پېتروۋىچ ئارىستوپىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ، ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشتى ھەمدە لىچۈن راتسىيىسىنى قۇردى .

---

[1] دېڭ لىچۈن ( 1915 — ) : خۇنەن ئۆلكىسى گۈيدوڭ ناھىيىسىدىن . 1935 - يىلى ئىنقىلابقا قاتناشقان ، 1936 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن . ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ ئەزاسى ، باش كاتىپى ، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى ، قوشۇمچە مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە تارىخى خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان .

شۇ كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى «ئالغا»دا «خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرمەكتە» دېگەن تېمىدىكى ماقالە ئېلان قىلىنىپ مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: «450 مىليون ئاھالىگە ئىگە جۇڭگو خەلقى تارىختا ئۈزۈل - كېسىل ئازادلىققا ئېرىشىدىغان كۈن يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرماقتا.»

8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ يەتتە ۋىلايەت ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى تەشكىللىي كومىتېتى ئۆزگەرتىپ سايلاندى. مۇھەممەت ھەسەن① رەئىس بولدى. خەلپەت سۈزۈك ھاجىيوپ، ئوسمانجان تۇردى② مۇئاۋىن رەئىس بولدى.

8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى دېڭ لىچۈن ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك مونونوپ بىلەن رەسمىي كۆرۈشتى. ئابدۇكېرىم ئابباسوپ تەرجىمانلىق قىلدى. دېڭ لىچۈن ليۇشاۋچىنىڭ يولىيورۇقى بويىچە، ئۆزىنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىدىكى ۋەزىپىسى بۇ يەردىكى رەھبەرلەر بىلەن ئالاقە باغلاپ، شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ئىشلار، مەدەنىيەت، مىللىي ئىشلار قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋاللىرىنى مەركىزىي كومىتېتقا سىستېمىلىق دوكلات قىلىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ

---

① مۇھەممەت ھەسەن (1920 — ): شىنجاڭ ئۆلۈغچات ناھىيىسىدىن، قىرغىز. شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت يېمىرىلىش ھارپىسىدا ئورۇمچىدىن غۇلجىغا بارغان، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى يەتتە ۋىلايەت ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى تەشكىللىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يېمەكلىكلەر شىركىتىنىڭ دىرېكتورى بولغان.

② ئوسمانجان تۇردى (1926 — ): شىنجاڭ قاراقاش ناھىيىسىدىن، ئۇيغۇر، زىيالى. شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى يەتتە ۋىلايەت ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى تەشكىللىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، مىللەتلەر نەشرىياتىدا تەرجىمانلىق قىلغان، كېيىن شىنجاڭ يەر - تېخنىكا گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرى بولغان.

ياردەم بېرىشنى ئۆتۈندى. ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن ئىسھاقبېك مونو-
نوپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە ماۋزېدۇڭنىڭ
مۇرەككەپ ۋە جاپالىق ۋەزىيەتلەر ئىچىدە چەت - ياقا رايونغا جايلاشقان
شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىدىن ھەم ئالاقە
باغلاشقا ئادەم ئەۋەتكەنلىكىدىن ئىنتايىن خۇرسەن ئىكەنلىكىنى، بارلىق
ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىدىغانلىقىنى، ھەر قايسى جەھەتلەرنىڭ مەس-
ئۇللىرىنى دېڭ لىچۈنگە ئەھۋاللارنى دوكلات قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرىدى-
غانلىقىنى بىلدۈردى.

شۇ كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى دېڭ
لىچۈنگە مۇنداق دەپ تېلېگرامما ئەۋەتتى: «ئالدى بىلەن جۇڭگو كوممۇ-
نىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نامىدىن ئىلى مەسئۇل دائىرىلىر-
گە 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئەتراپىدا بېيپىڭدا ئېچىلىدىغان يېڭى سىياسىي
مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ يىغىنىغا ۋەكىل ئەۋەتىپ قاتناشتۇرۇش توغرىسىدا
تەكلىپ بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز، ۋەكىل سانى بەش بولسا، ئۇيغۇر،
قازاقلاردىن ئادەم كەلسە، شۇنداقلا بىر خەنزۇ يولداش بىللە كېلىپ،
قوشۇمچە تەرجىمانلىق قىلسا.»

شۇ كۈنى دېڭ لىچۈن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي
كومىتېتىغا ۋەكالىتەن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنى يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭە-
شى يىغىنىغا ۋەكىل ئەۋەتىپ قاتناشتۇرۇشقا ئاغزاكى تەكلىپ قىلدى ھەمدە
لىۋ شاۋچىنىڭ يوليورۇقى بويىچە ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە مۇنۇلارنى بىلدۈر-
دى: بۈلار پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدى-
كى رايوندىن بىر كىشى، ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىلىدىن تۆت كىشى بول-
سا، بۇ بەش كىشى ئىچىدە ئەڭ ياخشىسى ئالاھىدە رايوندىكى مەسئۇل
داھىلاردىن 2—3 كىشى، خەنزۇ ۋەكىلدىن بىر كىشى بولسا. ئىلىدىن
مانجۇرىيىگىچە سوۋېت ئىتتىپاقى ئايروپىلان بىلەن يەتكۈزۈپ قويسا. جۇڭ-
گو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى مانجۇرىيىگە مەخسۇس ئا-

دەم ۋە پويىز ئەۋەتىپ كۈتۈۋالدۇ. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ دەرھال مۇنداق ئىپادە بىلدۈردى: ئىلگرى يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىنىڭ ئېچىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئادەم ئەۋەتىپ قاتناشتۇرغىمىز كەلگەنىدى، ئەمدى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەسمىي تەكلىپ قىلغانلىقىدىن ھەمدە مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ماۋجۇشى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىدىن بارلىق ئىشلار ھەققىدە يوليورۇق سوراشقا مۇيەسسەر بولغانلىقىمىزدىن ئىنتايىن مەمنۇن ۋە خۇرسەن بولماقتىمىز.

شۇ كۈنى ئۈچ ۋىلايەتتىكىلەر مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەر بىلەن كېڭىشىپ ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك مونونوپ، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، دەللىقان سۇگۇربايوپ، لوجى بەش كىشىنىڭ شىنجاڭ ۋەكىلى بولۇپ يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا قاتنىشىشىنى بېكىتتى. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئومۇمىي خىزمىتىگە سەيپىدىن ئەزىزى مەسئۇل بولىدىغان، ھەربىي ئىشلار خىزمىتىگە لېسكىن مەسئۇل بولىدىغان، مەمۇرىي خىزمەتكە ئەسئەت ئىسھاقوپ مەسئۇل بولىدىغان، جەمئىيەت ئامانلىقى خىزمىتىنى نەبىجان يۇسۇپ ئاساسلىق باشقۇرىدىغان، تەشۋىقات خىزمىتىگە سەيدۇللا سەيپۇللايوپ مەسئۇل بولىدىغان بولدى.

8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ماۋزېدۇڭ يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى نامى بىلەن ئەخمەتجان قاسىمغا رەسمىي تەكلىپ خېتى ئەۋەتىپ، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنى بېيپىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا ۋەكىل ئەۋەتىپ قاتناشتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. [9]

تەكلىپ خېتىنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

شىنجاڭ غۇلجا ئالاھىدە رايونى خەلق ھۆكۈمىتىگە:

ئەخمەتجان ئەپەندىگە:

مەملىكىتىمىزدىكى جاھانگىرلىك، فېئوداليزم، بيۇروكرات كاپىتالىزمغا ۋە

جياڭ جيېشى باشچىلىقىدىكى گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى پات ئارىدا پۈتۈن جۇڭگو مىقياسىدا غەلىبىگە ئېرىشىدۇ. پۈتۈن جۇڭگودىكى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، خەلق تەشكىلاتلىرى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ دالا ئارمىيىلىرى، ئازاد رايونلار، دۆلەت ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ۋە چەت ئەللەردىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەملىكەتلىك يېڭى خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى پۇختا تەييارلىق كۆرۈش ئارقىلىق 9 - ئاي ئىچىدە بېيپىڭدا ئومۇمىي يىغىن ئاچماقچى. بۇ نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىن مەملىكەتلىك خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنى تۈزۈپ چىقىدۇ، ئۆزىنىڭ مەملىكەتلىك كومىتېتىنى سايلاپ چىققاندىن تاشقىرى، يەنە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنى تۈزۈپ چىقىدۇ، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى كومىتېتىنى سايلاپ ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. سىلەرنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىڭلار پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى. غەربىي شىمالدىكى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىلىرى راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ پۈتۈنلەي ئازاد بولۇشىغا ئانچە ئۇزاق ۋاقىت قالمىدى. سىلەرنىڭ كۈرەشلىرىڭلار پات ئارىدا ئەڭ ئاخىرقى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ. بىز سىلەرنىڭ ئۆز ۋەكىللىرىڭلار سۈپىتىدە بەش كىشىنى مەملىكەتلىك خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىغا قاتنىشىشقا ئەۋەتىشىڭلارنى چىن قەلبىمىزدىن قارشى ئالىمىز. ئەگەر قوشۇلساڭلار 9 - ئاينىڭ باشلىرىدا بېيپىڭغا يېتىپ كېلىشىڭلارنى سورايمىز. تېلېگراما يېتىپ بارغاندىن كېيىن جاۋاب قايتۇرۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىگە تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى
ماۋزېدۇڭ

1949 - يىل 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى بېيپىڭ

8 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە ئەخمەتجان قاسىمى، سەيپىدىن ئەزىزى غۇلجىدىن تارباغاتايغا مەخپىي بېرىپ، بېيپىڭغا بېرىپ يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىگە قاتنىشىش ئىشى ھەققىدە شۇ جاينىڭ مەسئۇللىرىدىن پىكىر ئالدى.

8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى دېڭ لىچۈن مەركىزىي كومىتېتقا تېلېگراما يوللاپ، پېڭ جاڭكۈينىڭ ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى: پېڭ جاڭكۈي بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن، مەركىزىي كومىتېت بىلەن ئالاقە قىلالمىدى، بۇ-

نىڭدىكى سەۋەبىنىڭ بىرى ، ئېلىپ كېلىنگەن راتسىيىنىڭ توك كۈچى ئاجىز ئىكەن ، يەنە بىرى ، ئىلگىرىكى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى تېخى ئېنىق بولمىغاچقا ، يەرلىك دائىرىلەرنىڭ بىز بىلەن ئاكتىپ ئالاقە باغلىشى ئەپلىك بولماي قالغان. 1947 - يىل 7 - ئايدىن باشلاپ ، ئۇ شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەرلىرىنى قوبۇل قىلىپ كۆچۈرۈپ ، بۇ يەردىكى خەنزۇچە «دېموكراتىيە گېزىتى» ۋە باشقا گېزىتلەرنى تەمىنلەپ كەلگەن. مېنىڭچە ، يولداش پېك چاڭكۈي بۇ ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت داۋامىدا پارتىيە ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ كەلگەن ، ئۇنىڭ مەيدانى مۇستەھكەم ئىكەن.

شۇ كۈنى دېڭ لىچۈن ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسى ۋە ئۇنىڭ قوراللىنىش ئەھۋالى ھەققىدە مەركىزىي كومىتېتقا تېلېگرامما يوللىدى. تېلېگراممىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق: ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ بەش ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى ، ئۈچ پىيادە ئەسكەرلەر تۈەنى ، بىر مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر يىگى بولۇپ ، جەمئىي 14 مىڭ 20 جەڭچىسى بار ئىكەن ، بۇلار ئىلى ، تارباغاتاي ، ئالتاي ۋىلايەتلىرىگە ئورۇنلاشقان ، باش قوماندانلىق شتابى ئىلىدا بولۇپ ، ئۇلاردا 9600 دانىدىن ئارتۇق ھەر خىل مىلتىق ، 85 زەمبىرەك ، 14 ئايروپىلان ، 31 تانكا ، برونېۋىك ، ئاپتوموبىل ۋە 6000 دىن ئارتۇق ئات بار ئىكەن.

شۇ كۈنى دەلىلقان سۇگۇرباييوپ ئوسمان ئىسلامغا خەت يېزىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى مۇتلەق ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچ بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋە زۇلمەتلىك ئىستىبداتلىقىنىڭ قالدۇقلىرىنى ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇپ قىلماقتا. جۇڭگو زېمىنىدا پات ئارىدا ئەكسىيەتچىلەر پۇت تىرەپ تۇرغۇدەك زېمىن قالمايدۇ. ھازىر يېڭى جۇڭگو قۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە كېڭىشىش ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. شىنجاڭ ئۆلكىسىنى ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ ئەكسىيەتچىلەر ئۇزۇل - كېسىل گۇمران بولۇش تەقدىرىگە دۇچ كەلمەكتە ، . . . سىز خاتا مەيدانىڭىزنى

ئۆزگەرتىپ، راستچىل، ساداقەتمەنلىك بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت كۆر-
سىتىدىغانلا بولىمىز، خەلق ھۆكۈمىتى سىزنى قارشى ئالىدۇ، سىزنى ئەپۇ
قىلىدۇ.»

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە ئوسمان ئىسلامغا ئەگەشكەن بەزى قەبىلە ئاقساقاللىرى ۋە ئوسمان ئىسلامنىڭ تايانچىلىرىغا خەت يېزىپ، ئۇلارنى خەلقنى بالايىئاپەت ئىچىدە قالدۇرۇۋەرمەي، ئۆز يۇرتىغا بالدۇر-راق قايتىپ كېلىشكە دەۋەت قىلدى.

شۇ كۈنى دەللىقان سۇگۇربايوپ سارسۇمبەدە بۇيرۇق ئېلان قىلدى: مەن ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن ئىلىغا بارىمەن، ئالتاينىڭ ۋالىيلىقىنى مۇئاۋىن ۋالى شامشى مامىيوپ مۇۋەققەت ئۆتەپ تۇرىدۇ.

8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى دېڭ لىچۈن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىغا تېلېگرامما يوللاپ مۇنۇلارنى دوكلات قىلدى: ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ماۋجۇشىنىڭ تەكلىپنامىسىدە ئېيتىلغان «سىلەرنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىڭلار پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ دې-موكراتىك ئىنقىلاب ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى» دېگەن سۆزىدىن ئىنتايىن مەم-نۇن بولغان. ئۇلار ھەر قايسى جەھەتتىكى ماتېرىياللارنى ئالغاچ بېرىپ، مەركىزىي كومىتېتقا تەپسىلىي دوكلات قىلىدىغانلىقى ھەمدە مەركىزىي كوم-تېتىنىڭ بارلىق يوليورۇق ۋە قارارلىرىغا بويسۇنۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىل-دۈردى.

شۇ كۈنى دەللىقان سۇگۇربايوپ سارسۇمبەدىن غۇلجىغا يېتىپ كەلدى.

شۇ كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى ئالاھىدە رايون خەلقىنىڭ ۋەكىلى نامىدىن يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا قاتنىشىش ھەققىدە ماۋجۇشىغا جاۋاب تېلېگرامما يوللىدى، تېلېگراممىنىڭ تېكىستى مۇنداق:

**مەملىكەتلىك يېڭى خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىگە تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى**

**قەدىرلىك ماۋزېدۇڭ ئەپەندىگە :**

**خېتىڭىزنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولدۇم . خېتىڭىزدە پۈتۈن ئۆلكە خەلقى ئۇزۇندىن بۇيان ئارزۇ قىلىۋاتقان مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپسىز . بىز خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى پۈتۈن دۇنيانىڭ ۋە پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ غەلىبىسى دەپ ھېسابلايمىز . شۇڭا ، بىز قەدىردان ماۋزېدۇڭ ئەپەندىگە ئەڭ يۈكسەك قىزغىنلىق بىلەن مىننەتدارلىقىمىزنى ۋە خۇشاللىقىمىزنى بىلدۈرىمىز ھەمدە بېيجىڭغا ۋەكىل ئەۋەتىپ يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا قاتناشتۇرىمىز . ئالاھىدە بۇ تېلېگراممىنى يوللىدىم .**

**ئالاھىدە رايون خەلق ۋەكىلى**

**ئەخمەتجان**

**8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئىلى**

شۇ كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى «دېموكراتىيە گېزىتى» (خەنزۇچە)دە «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ تارىخىدا قېپقالغان مىللەتلەر مەسىلىسىنى توغرا ھەل قىلىشنى ھىمايە قىلىمىز» دېگەن تېمىدا ئىمزالىق ماقالە ئېلان قىلىندى. ماقالىدە مۇنداق كۆرسىتىلدى: ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى «دەسلەپكى مەزگىلدە كىمنىڭ دۈشمەن ، كىمنىڭ دوست ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئايرىيالمىدى ، نەتىجىدە بولمىغۇر ئەھۋاللار كېلىپ چىقتى ، . ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئېزىلگەن خەنزۇ خەلقىگە قوپال مۇئامىلە قىلدى» . «ھەر مىللەت خەلقى ئوتتۇرىسىدا مىللىي زىددىيەت ۋە خەنزۇ خەلقىگە دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغان خاتا قاراشنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەب شۇكى ، ھۆكۈمران سىنىپ ئەكسىيەتچىل مىللىي زۇلۇم سىياسىتىنى ئىجرا قىلغانلىقى نەتىجىسىدە ، باشقا مىللەت خەلقلىرى ئارىسىدىكى كۆپ سانلىق كىشىلەر خەنزۇ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ خەنزۇ مىللىتىگە ۋەكىللىك قىلالمايدىغانلىقى ، خەنزۇ ھۆكۈمرانلىرىنىڭمۇ خەنزۇ خەلقىنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت

قائىدىنى تونۇپ يېتەلمىدى . » « شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ تارىخىدا قېپقالغان مىللىي مەسىلىنى توغرا ھەل قىلىش توغرىسىدىكى قارارىنى ھازىر شىنجاڭدا ، بولۇپمۇ ئىلى ، تارباغاتاي ، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە ئىزچىللاشتۇرۇش بەك زۆرۈر . ئىلى ، تارباغاتاي ، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىكى مىللىي مەسىلىنى ياخشى ھەل قىلىپ ، پۈتۈن ئۆلكە مىقياسىدا مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۆلگە كۆرسىتىش كېرەك . نۆۋەتتە بىز تۆرلۈك تار مىللەتچىلىككە بايرىقىمىز روشەن ھالدا قارشى تۇرۇشىمىز ، مىللەتلەر ئارىسىدا مىللىي زىددىيەت پەيدا قىلغان كىشىلەرگە قارشى رەھىمسىز كۆرەش ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك . »

شۇ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن مۇنداق بەلگىلىمە چىقاردى : ئىلى ، تارباغاتاي ، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە مەيلى قايسى ئورگان ، قانداق دەرىجىلىك خىزمەتچى خادىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇنىڭ سودىگەرچىلىككە بىۋاستە قاتنىشىشىغا يول قويۇلمايدۇ . سودىگەرچىلىككە قاتناشقانلىكى ئىشچى - خىزمەتچى 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە قاتنىشىشنى توختىتىشى كېرەك . ئەگەر بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن كېيىن يەنىلا سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر كۆرۈلسە ، بايقالغان ھامان ھۆكۈمەتنىڭ قاتتىق جازالىشىغا ئۇچرايدۇ .

شۇ كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى 75 - نومۇرلۇق بۇيرۇق ئېلان قىلدى ، بۇيرۇقتا مۇنداق دېيىلدى : مەن 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن باشلاپ كامانىدىروپكىغا چىقىمەن ، مەن كامانىدىروپكىغا چىققان مەزگىلدە شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىنى سەيپىدىن ئەزىزى مۇۋەققەت ئۆتەپ تۇرىدۇ ، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ ھەمدە مالىيە ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە بانكىدىن قەرز پۇل ئاجرىتىشقا مەسئۇل بو-

لىدۇ . شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركـ-
زىي تەشكىلىي كومىتېتى ۋە ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلار 8 - ئاينىڭ 20 -
كۈنىدىن تارتىپ مەن قايتىپ كەلگەنگە قەدەر چوقۇم سەيپىدىن ئەپەندىنىڭ
رەھبەرلىكىگە بويسۇنۇشى لازىم .

8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى دېڭ لىچۈن ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئۈچ ۋىلا-
يەت ئەھۋالى توغرىسىدىكى يىغىنچاق تونۇشتۇرۇشنى تېلېگرامما ئارقىلىق
مەركىزىي كومىتېتقا دوكلات قىلدى . ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى تۆۋەندىكىچە :
1 . شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر چىڭ سۇلالىسىدىن
بۇيان ، ئۇزاق مۇددەت ئېزىلىش ئورنىدا تۇرۇپ كەلدى ، ئاز سانلىق مىل-
لەتلەرنىڭ چىڭ خاندانلىقىغا قارشى قوزغىلىڭى ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ
كەلدى . جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلغان بولسىمۇ ، شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدىكى
ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئېزىلىش ئورنىدا تۇيتىن ئۆزگىرىش بولمىدى .
شېڭ شىسەي ئاسىيلىق قىلغاندىن كېيىن ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئېزىش
جەھەتتە چىڭ سۇلالىسىدىنمۇ بەتتەر سىياسەت يۈرگۈزدى . ئۇ خەنزۇلار ئا-
رىسىدىكى ساقچى ۋە ئىشپىيونلارنى قوراللاندۇرۇپ ، ئۇلارنى ئاز سانلىق
مىللەتلەرنى ئېزىش ۋە ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىكى قورال قىلىۋالدى ،
بۇنىڭ بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلارنى شېڭ شىسەيگە ئوخشاش
ھۆكۈمرانلار ۋە ئەزگۈچىلەر دەپ قارايدىغان بولۇپ قالدى .
2 . شىنجاڭدا فېئودال كۈچلەر ناھايىتى زور ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار
دىنىي كۈچ بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن . بۇ ھال ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى مەز-
گىلىدە فېئودال كۈچلەر ھاكىمىيەت ئىچىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىۋېلىش ،
دىنىي زاتلار ھاكىمىيەتنىڭ رەھبىرى بولۇۋېلىش ھالىتىنى كەلتۈرۈپ چىقار-
دى . مىللىي ئۆچمەنلىك بىلەن دىنىي ئىنتىقام بىرلىشىپ كەتكەچكە ، مىللىي
ھەرىكەت ناھايىتى زور ئىستىخىيلىك ۋە قاراملىق تۈسىنى ئالدى . ھەرىـ
كەتنىڭ دەسلىپىدە ، قوماندانلىق شىتابى تالان - تاراج ۋە باسقۇنچىلىق
قىلغۇچىلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق ئېلان قىلغان بولـ-
سىمۇ ، لېكىن ئامىنىڭ ئۆچمەنلىكىنى پۈتكۈل خەنزۇلارغا مەركەزلەشتۈرۈ-

شىنى يەنىلا توسۇپ قالغىلى بولمىدى. ئۇلار بارلىق خەنزۇلاردىن ئۆچ ئالدى، نەتىجىدە خەنزۇلار ئارىسىدىكى بەزى بىگۇناھ كىشىلەر زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى.

3. ياشلار ھەرىكەتتىكى قارامىلىق ۋە ئىستىخىيىلىكنى ئازايتىپ، ئۇنى ئاڭلىقلىققا ئىگە قىلماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ كۈچى ئاجىز بولغاچقا، بىرلا ۋاقىتتا تاشقى جەھەتتە گومىنداڭغا، ئىچكى جەھەتتە فېئودال كۈچلەرگە قارشى كۈرەش ئېلىپ بارالماي، پەقەت خەلقنىڭ گومىنداڭغا قارشى كۈرىشىنىلا مۇھىم ئورۇنغا قويىدى.

4. مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى بىلەن مۇستەقىللىق بايرىقىنىڭ يەرلىك خەلق ئارىسىدىكى تەسىرى ئىنتايىن چوڭقۇر، بىز پەقەت مۇشۇ شۇئارغا رىئايە قىلساق ۋە بويسۇنساقلا، ئاندىن ئەڭ زور كۆپچىلىك خەلقنى گومىنداڭغا قارشى كۈرەش قىلىشقا سەپەرۋەر قىلالايتتۇق. چۈنكى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتكەندىن كېيىن، بىز بۇ ئۇسۇلىمىزنى تۈزىتىشكە باشلىغان بولساقمۇ، لېكىن خىزمىتىمىز كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى. چۈنكى، بىزنىڭ ئالدىمىزدا يەنىلا كۈچلۈك دۈشمەن تۇراتتى، بىز ئىچكى مۇناسىۋەتنى بەك جىددىيلەشتۈرۈۋەتسەك بولمايتتى. مۇبادا ئىچكى قىسىمدا فېئودال كۈچلەرگە قارشى سىياسىي كۈرەش ئېلىپ بارىدىغان بولساق، ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋە گومىنداڭ بۇ زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا بۆلگۈنچىلىك سالاتتى.

يۇقىرىدىكى مەسىلىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ئەينى چاغدىكى شىنجاڭنىڭ مۇنداق ئىككى ئاساسىي ئالاھىدىلىكىدىن ئايرىلالمايدۇ: (1) يېرىم ئەسىردىن بۇيان، بۇ يەردىكى مىللىي ھەرىكەتلەر پانتۈركىزمنىڭ ئىدىيىۋى تەسىرىدە ئېلىپ بېرىلغان، ئۇلارنىڭ مەقسىتى بارلىق تۈركلەرنى بىرلەشتۈرۈپ بىر دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئىدى. (2) بۇ يەردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئومۇميۈزلۈك ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ جاھاندىكى ئىسلام دىنى ئېتىقادچىلىرىدىن بىر دۆلەت قۇرۇش ئارزۇسى بولغاچقا، ئىسلام دىنىدا بولمىغانلارنى ئاسانلا دۈشمەن دەپ قارايدۇ، ئۇلاردا

ئەزگۈچى مىللەتلەرگە قارىتا تېخىمۇ ئاسان ئۆچمەنلىك پەيدا بولىدۇ.

8 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى «ئىتتىپاق»نىڭ 8 - سانىدا ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ «بىزنىڭ مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىمىز ۋە شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» دېگەن تېمىدىكى ماقالىسى بېسىلدى. ماقالىدا مۇنداق دېيىلدى: «مىللەتلەرنىڭ ھەقىقىي باراۋەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ پەقەت بىرلا يولى بار، ئۇ بولسىمۇ دېموكراتىيە يولى.» «مىللەتچىلىكنىڭ بارلىق مىللەتلەرنىڭ كۈچىنى ئۇيۇشتۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ پەقەت مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت ئوتىنى تۇتاشتۇرىدۇ، پەقەت باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە بولغان ئۆچمەنلىكىنى ئاشۇرىدۇ.» «ئەگەر بىزنىڭ شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىمىز ئۆلكىمىزدىكى مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلماقچى بولىدىكەن، مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەشنى رەھىمسىزلىك بىلەن قانات يايدۇرۇشى كېرەك.»

8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى «كۈرەش ئۇيۇشمىسى»نىڭ مەسئۇلى لوجى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا ئۈرۈمچىدىن جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقى ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ مەخپىي ھالدا غۇلجىغا بېرىپ، شىنجاڭنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلىرىنىڭ ھەر جەھەتلەردىكى ئەھۋالىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىچىسى دېڭ لىچۈنگە دوكلات قىلدى.

شۇ كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى «خەلقچىللىق»قا ماۋزېدۇڭنىڭ «خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسى بېسىلدى.

8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا قاتنىشىدىغان ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك مونونوپ، ئابدۇكېرىم ئاباسوپ، دەلىلقان سۇگۇربايوپ، لوجى قاتارلىق بەش نەپەر شىنجاڭ ۋەكىلى ۋە ھەمراھ بولۇپ بىللە ماڭغان ئۈچ نەپەر خادىم ئالتاينى كۆزدىن كەچۈرۈش نامى بىلەن غۇلجىدىن يولغا چىقىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق بېيپىڭغا ماڭدى.

8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى دېڭ لىچۈن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ تەمىنلىگەن ماتېرىياللارغا ئاساسەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىغا ئۈچ ۋىلايەتتىكى گېزىت - ژۇرناللارنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا تېلېگرامما يوللىدى، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە: ئىلىدا نەشر قىلىنىدىغان گېزىت - ژۇرناللار ئىچىدە شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ ئورگان گېزىتى «ئالغا» ئۇيغۇر ۋە قازاق يېزىقلىرىدا 3000 نۇسخىدىن نەشر قىلىنىپ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرى دائىرىسىدە تارقىتىلىدىكەن. شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ ئورگان گېزىتى «دېموكراتىيە گېزىتى» (خەنزۇچە) ئۈچ كۈندە بىر سان چىقىدىكەن، ئۇنىڭ تىرازى 550 نۇسخا بولۇپ، ئاساسلىقى ئىلىدا تارقىتىلىدىكەن. ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئورگان گېزىتى «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان» (ئۇيغۇرچە) ئۈچ كۈندە بىر سان چىقىدىكەن، ئۇنىڭ تىرازى 3500 نۇسخا ئىكەن. شىبەچە «خەلق گېزىتى» ھەپتىلىك گېزىت بولۇپ، تىرازى 550 نۇسخا ئىكەن. موڭغۇلچە «خەلق گېزىتى» ھەپتىلىك گېزىت بولۇپ، تىرازى 400 نۇسخا ئىكەن. سوۋېت ئىتتىپاقى مۇھاجىرلىرى ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ رۇسچە «خەلق يېتەكچىسى» گېزىتى كۈندىلىك گېزىت بولۇپ، تىرازى 100 نەچچە نۇسخا ئىكەن. ژۇرناللاردىن شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى «ئىتتىپاق» ئايلىق ژۇرنال بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇرچىسى 2000 نۇسخا، قازاقچىسى 1000 نۇسخا ئىكەن. مىللىي ئارمىيە ژۇرنىلى

«ئىنقىلابنىڭ تاڭ نۇرى» ئۇيغۇرچە، قازاقچە ئىككى خىل يېزىقتا نەشر قىلىنىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ تىراژى تەخمىنەن 5000 نۇسخا ئىكەن.

8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى غەربىي شىمالدىكى مۇھىم شەھەر لەنجۇ ئازاد بولدى.

شۇ كۈنى دېڭ لىچۈن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ تەمىنلىگەن ماتېرىياللارغا ئاساسەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىغا ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مالىيە، ئىقتىساد ئەھۋالى توغرىسىدا تېلېگرامما يوللىدى. تېلېگراممىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق: (1) ئۈچ ۋىلايەت بىرلىشىپ بىر ئىقتىساد كومىتېتى تەشكىللىگەن، بىرلىككە كەلگەن بانكا بولۇپ، بىرلىككە كەلگەن قەغەز پۇل تارقاتقان، ھەربىي خىراجەتكە ئىلى مەسئۇل ئىكەن. تارباغاتاي چارۋىچىلىق بېجىنى ئىلىغا قوشۇمچە ياردەم قاتارىدا بېرىدىكەن. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل مالىيە نەق چوتى بار ئىكەن، مالىيە جەھەتتە ئۆز - ئۆزىنى قامدايدىكەن. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ قەغەز پۇلىنىڭ قىممىتى مۇقىم بولمىغاچقا، دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدىكەن، بۇ يەردە مالىيە خام چوتى، نەق چوتى قىلىشتا، بوغالتىرلىق جەھەتتە قەغەز پۇلنى ھېسابات بىرلىكى قىلماي، بەلكى تاشقى سودىدا يەرلىك مەھسۇلاتلارنىڭ سانائەت مەھسۇلاتلىرىغا ئالماشتۇرۇلۇشىدىكى مەلۇم سېلىشتۇرما قىممەتنى ئۆزگەرمەس ھېسابات بىرلىكى قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىدىكەن، ئۇ بۇ جايدا «سوم» دەپ ئاتىلىدىكەن. ھازىر بىر سوم 22 مىڭ~22 مىڭ 500 يۈەن قەغەز پۇلغا باراۋەر كېلىدىكەن، ھۆكۈمەتلەر ئوتتۇرىسىدا راسچوت قىلىشقاندا، بىر سوم 9000 يۈەنگە سۇندۇرۇلىدىكەن (2) ئىلى ۋىلايىتىدە 471 مىڭ نوپۇس، 267 مىڭ گېكتار تېرىلغۇ يەر (بىر گېكتار 10 مىڭ كۋادرات مېترغا توغرا كېلىدىكەن) بولۇپ، بۇ يىل 230 مىڭ توننا ئاشلىق ئىشلەپ چىقىرىلغان، قوتاندىكى تىرىك چارۋا 2 مىليون تۇياقتىن كۆپرەك ئىكەن، بۇلتۇر 8 مىليون 300 نەچچە مىڭ سوم (بىر سوم يەنى بىر يۈەن) كىرىم قىلىنغان. (3) تارباغاتاي

ۋىلايىتىدە 200 نەچچە مىڭ نوپۇس بار ئىكەن، دېھقانچىلىق ئەھۋالى مە-
لۇم ئەمەس، قوتاندىكى تىرىك چارۋا 801 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق ئىكەن،
بۇلتۇر 1 مىليون 430 نەچچە مىڭ سوم كىرىم قىلىنغان. ( 4 ) ئالتاي ۋىلايى-
تىدە 70 مىڭ نوپۇس بار ئىكەن، دېھقانچىلىق ئەھۋالى مەلۇم ئەمەس.
قوتاندىكى تىرىك چارۋا 180 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق ئىكەن. بۇ يىل 840
نەچچە مىڭ سوم كىرىم قىلىنغان.

8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا
قاتنىشىش ئۈچۈن بېيپىڭغا كېتىۋاتقان ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار سو-
ۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىركوتسك-
دىكى تاشقى بايقال كۆلى رايونىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىغا بارغاندا، ھاۋا-
نىڭ ناچار بولۇشى تۈپەيلىدىن، ئايروپىلان تاغقا سوقۇلۇپ كېتىپ، ئاي-
روپىلاندىكى ھەممەيلەن بەختكە قارشى قازا تاپتى.

8 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە تاۋسىيۇ ئايرىم -
ئايرىم ھالدا بۇرھان شەھىدى، ليۇ بىڭچۈن، ليۇزېرۇڭ، چۇۋۋ ۋە يې
چېلىڭ، ماچىڭشياڭ، لوشۇرېن قاتارلىقلارنى يىغىپ مەخسۇس يىغىن ئې-
چىپ، شىنجاڭنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن قانداق يولغا مېڭىش مەسىلىسىنى مۇزا-
كىرە قىلدى. يىغىندا كۆپ ساندىكى كىشىلەر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيە-
سىنىڭ تىنچلىق شەرتىنى شەرتسىز قوبۇل قىلىپ، قىسمەن تىنچلىقنى ئەمەل-
گە ئاشۇرىدىغانلىقنى بىلدۈرۈشتى. يىغىندىن كېيىن ليۇ بىڭچۈن، ليۇزې-
رۇڭ، چۇۋۋ قاتارلىقلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈم-
چىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلىنىڭ قېشىغا بېرىپ، شىنجاڭدا ھەر قانداق
قان تۆكۈلۈش ۋە قۇربان بېرىش ۋەقەلىرىنىڭ قايتا يۈز بېرىشىنى خالىماي-
دىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە ھەر قانداق
قارشىلىق كۆرسەتمەسلىككە كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە
سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن ئالاقىلى-
شىپ، كونكرېت سۆھبەتنى باشلاشنى تەلەپ قىلدى. ليۇ بىڭچۈن سوۋېت

ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن باش كونسۇلى يېۋسېيېپ ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا مېڭىشنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە غۇلجىغا بېرىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن بىۋاستە ئالاقىلىشىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە ئۇنىڭدىن ئىلى تەرەپكە ئىككى ھەپتە ئىچىدە ئۆتكۈزۈپ بېرىش، ئۆتكۈزۈۋېلىشنىڭ بارلىق تەييارلىقىنى ياخشى ئىشلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى ئۆتۈندى. شۇنىڭدەك بۇنىڭ بىردىن بىر تەلەپ ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق شەرتنىڭ يوقلۇقىنى بىلدۈردى.

8-ئاي ئىلى ۋالىي مەھكىمىسى جانبولات سولتاننى مۇئاۋىن ۋالىيلىقتىن قالدۇرۇشنى قارار قىلدى.

9-ئاينىڭ 2-كۈنى يېۋسېيېپ ئۈرۈمچىدىن ئايروپىلان بىلەن غۇلجىغا بېرىپ، دېڭ لىچۈنگە تاۋ سىيۇ، بۇرھان شەھىدى قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى گومىنداڭ شىنجاڭ ھەربىي، مەمۇرىي دائىرىلىرىنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش پىكرىنى شەرتسىز قوبۇل قىلىش قارارىغا كەلگەنلىكىنى يەتكۈزۈپ، دېڭ لىچۈنگە شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە ئىمكانقەدەر تېز بېرىپ ئۇلار بىلەن ئالاقىلىشىش تەكلىپىنى بەردى.

9-ئاينىڭ 3-كۈنى سەيپىدىن ئەزىزى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىدىن ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلارنىڭ بېيجىڭغا كېتىۋېتىپ ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ قازا تاپقانلىقىدىن خەۋەر تاپتى، دېڭ لىچۈن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بۇ خەۋەرنى ئەسئەت ئىسھاقوپ، سەيدۇللا سەيپۇللايوپ، نەبىجان يۇسۇپ قاتارلىق كىشىلەردىن باشقا ھېچكىمگە ئېيتماي، ۋاقىتنچە قەتئىي مەخپىي تۇتۇشنى بېكىتتى.

شۇ كۈنى دېڭ لىچۈن ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ بېيپىڭغا كېتىۋېتىپ بەختكە قارشى قازا تاپقانلىقىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىغا تېلېگرامما ئارقىلىق مەلۇم قىلدى.

شۇ كۈنى كەچتە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى دېڭ لىچۈنگە جاۋاب تېلېگرامما ئەۋەتىپ ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ قازا تاپقانلىقىغا قايغۇلۇق تەزىيە بىلدۈردى ھەمدە يېڭىدىن ئۈچ كىشىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكىنى قايتىدىن تەشكىللەپ بېيپىڭغا يىغىنغا ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى. دېڭ لىچۈن تېلېگراممىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، دەرھال سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق كىشىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ سەيپىدىن ئەزىزى، ئالىمجان ھاكىمبايوپ، تۇجى①لاردىن تەركىب تاپقان ئۈچ كىشىلىك يېڭى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ بېيپىڭغا يىغىنغا بېرىشىنى بەلگىلىدى. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىشلىرىغا ئەسئەت ئىسھاقوپ، سەيدۇللا سەيپۇللايوپ، لېسكىن، نەبىجان يۈسۈپ قاتارلىقلار كوللېكتىپ مەسئۇل بولىدىغان بولدى.

9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئالىمجان ھاكىمبايوپ مەخپىي ھالدا تارباغاتايدىن غۇلجىغا يېتىپ كەلدى.

شۇ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا، تۇجى جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقى ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ مەخپىي ھالدا ئۈرۈمچىدىن غۇلـ

---

① تۇجى (1901—1976): خۇبېي ئۆلكىسى خۇاڭپى ناھىيىسىدىن، زىيالى. ئامېرىكىدا ئوقۇغان، 1939 ـ يىلى شىنجاڭغا كېلىپ ئىشلىگەن، 1948 ـ يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ پروفېسسورى، مۇئاۋىن مۇدىرى، «كۈرەش ئۇيۇشمىسى»نىڭ مۇھىم ئەزاسى بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ 1 ـ ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنىنىڭ مۇدىرى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1976 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان.

جىغا يىتىپ كېلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىچىسى دېڭ لىچۇنگە شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى را-يونلارنىڭ ھەر قايسى تەرەپلەردىكى ئەڭ يېڭى يۈزلىنىشى ۋە ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى.

9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىن 9 ـ كۈنىگىچە بۇرھان شەھىدى شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىشنىڭ تۆرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئوتكۈزۈشلۈق ئېلىپ بېرىش مەقسىتىدە، نۇسرەت شەھىدى قاتارلىقلارنى ماناس ناھىيە بازىرىغا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن ئۇچرىشىشقا ئەۋەتتى. نۇسرەت شەھە-دى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ ئۇچرىشىشقا قاتناشقان ۋەكىللىرى مەرغۇپ ئىسھاقوپ، ئالىم نوگوسوپقا ھازىر مەركىزىي ھۆكۈمەت قوشۇنى ماناس دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىن چېكىنىشكە باشلىغانلىقىنى، ئاھالىلەر ئا-رىسىدا ماللىمانچىلىق پەيدا قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى مىللىي ئارمىيە ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ بۇيرۇقىنى ئالماي تۇرۇپ، ماناس دەرياسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى مەرك-زىي ھۆكۈمەت قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلماسلىقىنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى ئېيت-تى. مەرغۇپ ئىسھاقوپ يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇپ ئالماي تۇرۇپ، ھېچقانداق قوراللىق ھۇجۇم قىلمايدىغانلىقىنى ھەم ھۇجۇم قىلىشنىڭ مۇم-كىن ئەمەسلىكىنى بىلدۈردى، يەنە مەركىزىي ھۆكۈمەت قوشۇنى چېكىنگەن-دىن كېيىن، جەمئىيەت تەرتىپىنىڭ مۇقىملىقىنى ئامال قىلىپ كاپالەتلەندۈ-رۈپ، يەرلىكتە مال ـ مۈلۈكلەرنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش قىلمىشلىرىنى تو-سۇشىلارنى سورايمىز، دېدى.

9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى سەيپىدىن ئەزىزى، ئالىمجان ھاكىمبايوپ، تۇ-جى ئۈچ كىشى ھەمراھ بولۇپ ماڭغان ئىككى كىشىنى ئېلىپ سوۋېت ئىتتىپا-قىلىق مەخسۇس ئۇزىتىپ قويغۇچى خادىم لىبسوپ قاتارلىقلارنىڭ ھەمراھلى-قىدا، تاربىغاتاينى كۆزدىن كەچۈرۈش نامى بىلەن، غۇلجىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق بېيپىڭغا قا-

راپ يولغا چىقتى. ئايروپىلان ئىركوتسكىغا يېتىپ كەلگەندە، سوۋېت ئىت-
تىپاقىنىڭ ئىككى ئوفىتسېرى سەيپىدىن ئەزىزگە ئەخمەتجان قاسىمى قاتار-
لىقلار قازا تاپقان ئورۇننى ۋە جەرياننى تونۇشتۇردى.

شۇ كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بى-
لەن ھەل قىلىش قارارىغا ئاساسەن، تاۋسيۈەننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئارقى-
سىدا، گومىنداڭ ئارمىيىسى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن تىركىشىپ تۇرغان
ئالدىنقى سەپتىن تۇركۇملەپ چېكىنىشكە باشلىدى.

9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قى-
لىش ئىتتىپاقى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزى-
تى «دېموكراتىيە گېزىتى» (خەنزۇچە) نەشر قىلىندى.

9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ماۋجۇشى مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دې-
خۇەيگە تېلېگراممىا ئارقىلىق يوليورۇق بېرىپ، «شىنجاڭدىكى مەسىلە ئۇ-
رۇش قىلىش مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش مەسى-
لىسى» دەپ كۆرسەتتى.

شۇ كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى دېڭ
لىچۈنگە تېلېگراممىا ئەۋەتىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ
بىلەن ئۈرۈمچى تەرەپ شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش لايىھىسىنى ئوتتۇ-
رىغا قويسا بولىدۇ، لېكىن ئاخىرىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەر-
كىزىي كومىتېتى قارار قىلىشى كېرەك.

شۇ كۈنى جاڭ جىجۇڭ ماۋزېدۇڭنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، بېيپىڭ-
دىن تاۋسيۈگە تېلېگراممىا ئەۋەتىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە
قايتىش پىلانى ئۈستىدە توختىلىپ، توققۇز تۈرلۈك كونكرېت پىكرىنى ئوت-
تۇرىغا قويدى، بۇنىڭ ئىچىدە «ئىلى تەرەپ بىلەن ئالاقە باغلاش بۇنداق

ۋاقىتتا كەم بولسا بولمايدۇ» دەپ كۆرسەتتى.

9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىقلار سوۋېت ئىتتىپاقىدىن جۇڭگونىڭ چېگرا شەھىرى مانجۇرىيىگە يېتىپ بېرىپ قارشى ئېلىشقا مۇيەسسەر بولدى. 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى گاۋگاڭ بىلەن لى فۇچۈن شىنياڭدا سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىقلارنى قوبۇل قىلدى ۋە كۈتۈۋالدى ھەمدە يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى يىغىنىغا تەييارلىق كۆرۈش ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى.

9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى دېڭ لىچۈنگە تېلېگرامما ئارقىلىق بۇيرۇق بېرىپ مۇنۇلارنى تاپشۇردى: ئۈرۈمچىگە بېرىپ جاڭ جىجۇڭنىڭ تاۋسىيۇ بىلەن بۇرھان شەھىدىگە ئەۋەتكەن تېلېگراممىسىنى تاۋسىيۇ، بۇرھان شەھىدىلەرگە يۈز تۇرانە تاپشۇرۇپ بېرىڭ ھەمدە دەرھال لەنجۇغا ئادەم ئەۋەتىپ مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەي بىلەن شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش ئۈستىدە سۆزلىشىشنى ئېيتىڭ، ئاندىن كېيىن، ئىلىغا قايتىڭ، ئەھۋالغا قاراپ ئۈرۈمچى بىلەن ئىلى ئوتتۇرىسىدا قاتناپ تۇرارسىز.

شۇ كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇۋەققەت رەئىسى ئەسئەت ئىسھاقوپ غۇلجا ناھىيىسىدە ئېچىلغان شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى ئاكتىپلىرى يىغىنىدا شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ نۆۋەتتىكى سىياسىي ۋەزىيىتى ئۈستىدە توختىلىپ، كەڭ ئىتتىپاق ئەزالىرىغا مۇنۇلارنى سەگەكلىك بىلەن تونۇشنى تەۋسىيە قىلدى: «ئۆلكىمىزنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى پەقەت پۈتۈن مەملىكەتتىكى خەلق ئازادلىق ھەرىكىتى بىلەن ئورگانىك ھالدا مۇستەھكەم بىرلەشتۈرۈلگەندىلا، ئاندىن غەلىبىگە ئېرىشەلەيدۇ.»

شۇ كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپا-

قى ئالتاي ۋىلايەتلىك تەشكىلىي كومىتېتى 27 - نومۇرلۇق قارار ما-
قۇللاپ، ئالتاي ۋىلايەتلىك خانىم - قىزلار جەمئىيىتىنى شىنجاڭدا تىنچلىق
ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىغا قوشۇپ، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە
خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى ئالتاي ۋىلايەتلىك تەشكىلىي كومىتې-
تى ئاياللار تەشكىلاتى بۆلۈمى قۇرۇشنى قارار قىلدى.

9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە
قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇۋەققەت رەئىسى ئەسئەت ئىسھا-
قوپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ ۋاقىتلىق مەسئۇلى فاتىي ئىۋانوۋىچ لېسكىن، ئى-
لى ۋىلايەتلىك ئىچكى ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى نەبىجان يۇسۇپلەر
لىچۇن راتسىيىسى ئارقىلىق بېيپىڭدا يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يې-
غىنىغا قاتنىشىۋاتقان سەيپىدىن ئەزىزىگە «ئالاھىدە رايوننىڭ شىنجاڭ مە-
سىلىسىنى ھەل قىلىش لايىھىسى»نى مەركىزىي كومىتېتقا تاپشۇرىدىغان
رەسمىي لايىھە سۈپىتىدە يوللىدى. مەزكۇر لايىھىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى
مۇنداق يەتتە ماددىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: (1) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈ-
مەت جياڭ جيېشى گورۇھىدىن ئاشكارا ۋە رەسمىي مۇناسىۋەتنى ئۈزىدۇ.
(2) كەڭ دېموكراتىيە ئاساسىدا، ئۈچ ۋىلايەت ۋە دېموكراتىك پارتىيە -
گورۇھلار ۋەكىللىرى قاتناشتۇرۇلغان ھالدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت
ئۆزگەرتىپ تەشكىللىنىدۇ. (3) ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەندىن كېيىنكى
شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆزىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ
پروگراممىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا كۈرەش قىلىدىغانلىقىنى جا-
كارلايدۇ. (4) دەرھال پۈتۈن ئۆلكە مىقياسىدا دېموكراتىيە - ئەركىنلىك-
نىڭ يولغا قويۇلىدىغانلىقى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللەت ئايرىمىسىغا قا-
رىماي بىردەك باپباراۋەر بولىدىغانلىقى جاكارلىنىدۇ. (5) گومىنداڭنىڭ
ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتلىرى دەرھال تارقىتىۋېتىلىدۇ، ئەكسىيەتچىل گېزىت -
ژۇرناللار دەرھال پېچەتلىۋېتىلىدۇ. (6) گومىنداڭ تۈرمىسىدىكى بارلىق
سىياسىي مەھبۇسلار دەرھال قويۇپ بېرىلىدۇ. (7) سىياسىي ۋە ھەربىي
جىنايەتچىلەر جازالىنىدۇ.

9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى سەيپىدىن ئەزىزى، ئابلىمجان ھاكىمبايوپ، تۈجى ئۈچەيلەن ئىككى ھەمراھى بىلەن بېيجىڭغا يېتىپ بېرىپ، لىن بوچۈ ۋە بېيجىڭ شەھەرلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرى، شۇنىڭدەك يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭشى يىغىنىغا قاتنىشىدىغان باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋەكىللىرىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا سازاۋەر بولدى.

شۇ كۈنى دېڭ لىچۈن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، جاڭ جىجۇڭنىڭ تاۋسىيۈ بىلەن بۇرھان شەھىدىگە ئەۋەتكەن تېلېگراممىسىنى ئېلىپ يېۋسېيېپ بىلەن بىرگە ئىلىدىن ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بۇرھان شەھىدى، تاۋسىيۈ، ليۇ مېڭچۈن، چۇۋۇ قاتارلىقلار بىلەن شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش ئۈستىدە سۆھبەتلەشتى. دېڭ لىچۈننىڭ ئەتراپلىق خىزمەت ئىشلىشى ئارقىسىدا، تاۋسىيۈ، بۇرھان شەھىدى باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ ھەربىي، مەمۇرىي دائىرىلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قويغان تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش تەلىپىنى شەرتسىز قوبۇل قىلدى. دېڭ لىچۈن ئۈرۈمچىدە تۇرغان مەزگىلدە يەنە ئۈرۈمچىدىكى يەر ئاستى تەشكىلاتلار «كۆرەش ئۇيۇشمىسى»، «ئاۋانگارت ئۇيۇشمىسى» بىلەن ئالاقىلەشتى ھەمدە ئۇلارنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى تەرەپلەردىكى ئەھۋالىنى تەپسىلىي سوراپ، ئۇلارنىڭ نۆۋەتتىكى خىزمەتلىرى ئۈستىدە پىكىر بەردى ھەمدە خىزمەتلەرنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇردى.

9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى جۇئېنلەي ۋۇلەنفۇنىڭ ھەمراھلىقىدا سەيپىدىن ئەزىزى، ئابلىمجان ھاكىمبايوپ، تۈجى ئۈچەيلەننى قوبۇل قىلدى ھەمدە زىياپەت بېرىپ كۈتۈۋالدى، شىنجاڭ ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئىگىلىدى.

9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى ئالتاي ۋىلايەتلىك تەشكىلىي كومىتېتى سارسۇمبىدە ئامما يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، «خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن قول تۇتۇشۇپ كۈرەش قىلىپ، ئەكسىيەتچىلەرنى تەلتۆكۈس يوقىتىپ، پۈتۈن ئۆلكىدە دېموكراتىك سىياسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلايلى» دېگەن تېمىدىكى قارارنى ماقۇللىدى.

شۇ كۈنى تاۋسىيۇ بىلەن بۇرھان شەھىدى بىرلىكتە بېيپىڭدىكى جاڭ جىجۇڭغا تېلېگرامما يوللاپ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: تىنچ يول بىلەن ئۆزگىرىشنىڭ تەييارلىق ئىشلىرى ئېھتىياتلىق بىلەن ئىشلەندى، دۆلەت زېمىنغا كاپالەتلىك قىلىش، پۈتۈن ئۆلكىنىڭ تىنچلىقىنى قوغداش، ئورۇنسىز قۇربان بېرىشتىن ساقلىنىش پرىنسىپى ئاستىدا ھەرىكەت قىلماقچى، يەنى گۇاڭجۇدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ، خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلماقچىمىز. «ھۆكۈمەت تەرەپكە كەلسەك، تاكتىكىدا ئۆزگىرىش بولغان ھامان، جانابلىرى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن تۈزۈشكەن ‹تىنچلىق بىتىم› گە ئاساسەن، ئۈچ ۋىلايەتتىن ئەسلىدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىقىغا قاتناشقانلارنى ئۇرۇمچىگە قايتىپ كېلىشكە تەكلىپ قىلىپ، ھەمكارلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، تۈزۈلگەن تىنچلىق، بىرلىك، دېموكراتىيە، ئىتتىپاقلىق سىياسىتىگە، شۇنىڭدەك ئۆلكىمىزنىڭ ‹سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسى› نى بىنائەن، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغۇچە، يەرلىك مەمۇرىي ئىشلارنى ۋاقىتىنچە يولغا قويۇپ ۋە قوغداپ، مەركەزنىڭ ئۆلكىلىك ۋاقىتلىق خەلق ھۆكۈمىتىنى تەشكىللەش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇرىمىز.»

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تاۋسىيۇ يەنە جاڭ جىجۇڭغا ئايرىم تېلېگرامما يوللاپ مۇنداق دېدى: «ئىلى تەرەپ بىلەن ئالاقە باغلاش ئىشلىرىنى رەئىس بۇرھان شەھىدى بېجىرىدىغان بولدى. ‹تىنچلىق بىتىم›، ‹سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسى› غا ئاساسەن ھەمكار-

لىقنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچىمىز. بىراق، ھەربىي ئىشلار جەھەتتە، ھەر ئىككىلا تەرەپ ئەسلى ساقلاۋاتقان جايلارنى ساقلاپ مەركەزنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىنى كۈتۈپ، ھەر قانداق بىھۇدە خاتا چۈشەنچىلەرنىڭ كۆرۈلۈشىدىن ساقلانمىساق بولمىغۇدەك.»

9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى مەركىزىي كومىتېتنىڭ ماۋزېدۇڭ، ليۇ شاۋچى، جۇئېنلەي، جۇدې، لىن بياۋ قاتارلىق رەھبەرلىرى جۇڭنەنخەيدىكى زىڭگۇاڭگې زالىدا سەيپىدىن ئەزىزى، ئالىمجان ھاكىمبايوپ، تۆجىلارنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا كەلگەنلىكىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە بىرلىكتە سۈكۈتتە تۇرۇپ ئىنقىلابىي قۇربانلارغا تەزىيە بىلدۈردى. ماۋجۇشى مۇنداق دېدى: يولداش ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى بارلىق ئەزالارنىڭ بەختكە قارشى قۇربان بولغانلىقى شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈنلا چوڭ يوقىتىش بولۇپ قالماستىن، پۈتۈن جۇڭگو خەلقى ئۈچۈنمۇ چوڭ يوقىتىش، ئۇلارنىڭ روھى مەڭگۈ ھايات.

شۇ كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئورگان گېزىتى «ئالغا»، ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئورگان گېزىتى «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان» ئايرىم - ئايرىم ھالدا ماقالە ئېلان قىلىپ، ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىنى تەبرىكلىدى. «ئالغا»نىڭ «يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىنىڭ ئېچىلىشىنى تەبرىكلەيمىز» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدە مۇنداق دېيىلدى: «بىز قولنى قولغا تۇتۇشۇپ بىردەك ئىتتىپاقلىشايلى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە ۋە شىنجاڭ خەلقىگە بەخت - سائادەت ئېلىپ كەلگەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى كۆز قارچۇقىمىزنى ئاسرىغاندەك ئاسرايلى، چۈنكى ئۇ خەلقنىڭ بەخت - سائادەتلىك داغدام يولغا مېڭىشىغا رەھبەرلىك قىلىدۇ.»

« بىز شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىمۇ بۇ قېتىمقى سىياسىي مەسلىھەت كېـ
ڭەشى يىغىنىنىڭ ئېچىلىشىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز ھەمدە بۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ
تـولـۇق مـۇۋەپپـەقىيەتكە ئېرىشىشىگـە چىن قەلبىمىزدىن تىلەكداشمىز ! »

9 - ئاينىڭ 19 - كۈنى بۇرھان شەھىدى لىچۈن راتسىيىسى ئارقىلىق
ماۋزېدۇڭغا تېلېگراما يوللاپ مۇنۇلارنى بىلدۈردى : « بۇ يەردىكىلەر يېـ
ڭى دېموكراتىزم ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەنپەئىتىگە ھۆرمەت قىلىش
چاقىرىقىغا نىسبەتەن خېلى بۇرۇنلا كۈچلۈك ئىشەنچكە ۋە سادىقلىق بىلەن
ھىمايە قىلىش ئىرادىسىگە كەلگەن ھەمدە بۇ يولدا قىيىنچىلىقلارنى يەڭـ
مەكتە ، بىز ئەمدى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمىتىدىن قەتئىي تۈردە مۇـ
ناسىۋەتنى ئۈزۈش قارارىغا كەلدۇق . پارتىيىڭلار رەھبەرلىك قىلغان پۈتـ
كۈل جۇڭگونىڭ ئازادلىقنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن ، بارلىق كۈچىمىز
بىلەن ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى يوقىتىپ ، رەھبەرلىكىڭلارنى قوبـۇل قىلىپ ،
ھـەمـمـە جايدا يېڭى ھاياتنى بىرلىكتە تـەبرىكلـەشكـە تەييارمىز . »

شۇ كۈنى جۇ ئېنلەي ئىككىنچى قېتىم سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىقلارنى
قوبۇل قىلىپ ، شىنجاڭنىڭ يېقىنقى ئەھۋالىنى خەۋەر قىلدى ھەمدە شىنجاڭ
ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەركىب تېپىشى ، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيە-
سىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش مەسىلىسى ئۈستىدە كېڭەشتى .

9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشىنىڭ
1 - ئومۇمىي يىغىنى بېيپىڭدا ئۆتكۈزۈلدى . سەيپىدىن ئەزىزى يىغىن ھەيـ
ئەت رىياسەتچىلىرىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى . ئۇ مۇنداق دېدى : « شىنجاڭ خەلـ
قى يېقىنقى بىر قانچە يىللىق كۈرەش تەجرىبىلىرىدىن شۇنى چۈشەندىكى ،
جۇڭگو خەلقى ( شىنجاڭ خەلقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) پەقەت جۇڭگو
خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەلىبىسى ئارقىلىقلا تولۇق - كېسىل ئازاد-
لىققا ئېرىشەلەيدۇ . بۇ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەلىبىسى
شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ غەلىبىسى دېگەنلىكتۇر . شۇڭا ،

شىنجاڭ خەلقى تىنچلىق ۋە كۈرەش مۇھىتىدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى تەشنالىق بىلەن كۈتتى. شىنجاڭ خەلقى جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدىكى باشقا خەلققە ئوخشاش يولغا قويۇلۇش ئالدىدا تۇرغان يېڭى دېموكراتىزمغا بولغان ئىشەنچ ۋە ئۈمىدىنى قەتئىيلەشتۈرۈپ، پۈتكۈل دۆلەتنىڭ سىياسىي ۋە تەشكىلىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىدىغان بۇ خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا خۇشاللىق بىلەن ۋەكىل ئەۋەتتى. بۇ شىنجاڭ خەلقى پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان ئىش.»

9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى سەيپىدىن ئەزىزى جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بويىچە شىنجاڭدىن مەخسۇس ئېلىپ كەلگەن تون ۋە تۇماقنى رەئىس ماۋزېدۇڭغا تەقدىم قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماۋجۇشىغا ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە بولغان چىن مۇھەببىتىنى ئىپادىلىدى.

9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ماۋزېدۇڭ بۇرھان شەھىدىگە جاۋاب تېلېگراممىسى ئەۋەتتى، تېلېگراممىنىڭ تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

رەئىس بۇرھان شەھىدى: 19 - سىنتەبىردىكى تېلېگراممىڭىزدىن ۋاقىپ بولدۇم، ھىممىتىڭىزدىن ئىنتايىن تەسىرلەندىم. شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى رەئىس جانابىڭىزنىڭ كۈچ چىقىرىشىڭىزغا باغلىق، ھەر قايسى تەرەپتىكى ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىش ھەرىكىتىگە ماسلىشىپ، پۈتكۈل شىنجاڭنى ئازاد قىلىش يولىدا كۈرەش قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۇشبۇ تېلېگرامما ئارقىلىق ئالاھىدە جاۋاب قايتۇردۇم، خىزمەت كۆرسىتىشىڭىزگە تىلەكداشمەن.

ماۋزېدۇڭ

9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى.

شۇ كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپا-

قى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى «خەلق-
چىللىق»تە «جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەلىبىلىك يۈرۈش قىل-
غانلىقىنى تەبرىكلەيمىز» سەرلەۋھىلىك باش ماقالە ئېلان قىلىندى، ئۇنىڭ-
دا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: «جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غە-
لىبىسى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىزنىڭ غەلىبىگە ئېرىشىشىدىكى مۇھىم ئا-
مىل. بۇ ئەمەلىيەت داۋامىدا دەلىللەنگەن پاكىت. شۇڭا، بىز خەلق ئا-
زادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەلىبىسىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز ۋە تەبرىكلەيمىز
ھەمدە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۆرەشتە ئۇزۇل-كېسىل
غەلىبىگە ئېرىشىپ، پۈتۈن جۇڭگودا قۇدرەتلىك، تەرەققىي قىلغان، گۈل-
لەپ ياشنىغان يېڭى خەلق دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇپ چىقىشىغا
تىلەكداشمىز.»

9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 1 - دالا ئارمى-
يىسى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جيۇچۇەن شەھىرىنى ئازاد قىلىپ، ئۇدۇل شىن-
جاڭ دەرۋازىسىغا يېتىپ كەلدى.

شۇ كۈنى تاۋسيۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتې-
تىغا ئەۋەتكەن «شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش توغرىسى-
دا پىكىرنامە»دە ئۈچ ۋىلايەت مەسىلىسى ئۈستىدە تۆۋەندىكى پىكىرلەرنى
ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ مۇنۇلاردىن ئىبارەت: «ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي
ۋىلايەتلىرىدە تۇرۇۋاتقان ھەربىي قىسىملار (تىنچلىق بىتىم) دىكى بەلگىلى-
مىلەرگە ئاساسەن، ئەسلىدىكى مۇداپىئە ئورۇنلىرىدا تۇرۇشى، خەلق ئىن-
قىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ، شۇ جايدا ئۆزگەر-
تىپ تەشكىل قىلىنىشى لازىم». «ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆزگىرىشنى جاكارلى-
غاندىن كېيىن... ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە قالغان سا-
بىق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىرى دەرھال ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ دا-
ۋاملىق ۋەزىپە ئۆتىشى لازىم.»

شۇ كۈنى سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىقلار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىنىڭ غەلىبىلىك چاقىرىلغانلىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن يىغىنغا ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە يېزىقتا «جۇڭگو خەلقىنىڭ پارلاق ئىستىقبالىدا زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 1 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ چاقىرىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز» دېگەن سۆز كەشتىلەنگەن لەۋھەنى تەقدىم قىلدى.

9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تاۋسىيۇ باش بولۇپ، ھەر قايسى شى، لۈي كوماندىرلىرى بىرلىشىپ رەئىس ماۋزېدۇڭ ۋە خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىغا تېلېگرامما يوللاپ، قىسمنى باشلاپ ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى جاكارلىدى. ھەقىقەتكە قايتىش تېلېگراممىسىدا مۇنداق دېيىلدى: «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 1 - ئومۇمىي يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈشكە باشلىدى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى سەممىي ئۈمىد قىلىۋاتقان جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۇنياغا كېلىش ئالدىدا تۇرماقتا. يېڭى جۇڭگو تىنچ شارائىتتا قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتەك پارلاق داغدام يولغا قەدەم قويىدى. شىنجاڭ جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسى، شىنجاڭ قىسىملىرى دۆلەتنىڭ چېگرا رايونىنى قوغدايدىغان قوراللىق كۈچى. ئۇ دۆلەتنىڭ مۇستەقىل، ئەركىن بولۇش، گۈللەپ ياشنىشىدەك ئىستىقبالىنى قىزغىن ئارزۇ قىلىدۇ. خەلق ئىنقىلابىي ئىشلىرىنىڭ ئۇزۇل - كېسىل ئورۇنلىنىشى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ بارلىق كۈچىنى تەقدىم قىلىشنى چىن كۆڭلىدىن خالايدۇ. تاۋسىيۇ قاتارلىقلار پۈتۈن قوشۇننىڭ بارلىق كوماندىر - جەڭچىلىرىنى باشلاپ شۇنى جاكارلايدۇكى، بۈگۈندىن ئېتىبارەن گۇاڭجۇ ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان ئالاقىنى ئۈزدۇق. ماۋجۇشىنىڭ سەككىز ماددىلىق تىنچلىق باياناتىنى ۋە دۆلەت ئىچىدىكى تىنچلىق كېلىشىمىنى سەممىي قوبۇل قىلىمىز. پۈتۈن قوشۇن ئەسلىدىكى مۇداپىئە ئورنىنى ساقلاپ، يەرلىكنىڭ تەرتىپىنى ساقلاپ، خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى باش قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ.»

شۇ كۈنى   شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپا-
قى مەركىزىي كومىتېتى جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى يىغىنىنىڭ
غەلىبىلىك چاقىرىلغانلىقىنى تەبرىكلەپ ئالاھىدە تەبرىك تېلېگراممىسى ئە-
ۋەتتى ، تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنداق دېيىلدى : « شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە
خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ بارلىق ئەزالىرى جۇڭگو خەلق سى-
ياسىي مەسلىھەت كېڭەشى يىغىنىدا ماقۇللانغان قارارلارنى ئاكتىپ ھىمايە
قىلىدۇ ھەمدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ، يېڭى دې-
موكراتىيە سېپىدە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە كۈرەش قىلى-
دۇ . »

شۇ كۈنى   سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىقلار بېيجىڭدا مۇخبىرلارنى كۈتۈ-
ۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ ، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى
ۋە شىنجاڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھەرىكىتىنى تونۇشتۇردى . پۈتۈن
مەملىكەت ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە
ماۋجۇشىنىڭ رەھبەرلىكىدە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چوقۇم زىچ ئىتتىپاقلىشىپ ،
يېڭى دېموكراتىزملىق جەمئىيەت قۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى .

9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى   بۇرھان شەھىدى ئۈرۈمچىدە ئۆلكىلىك ھۆكۈ-
مەت ئەزالىرىنىڭ جىددىي يىغىنىنى چاقىرىپ ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرى
نامىدىن ھەقىقەتكە قايتىش تېلېگراممىسى يوللاپ ، گۇاڭجۇغا كۆچۈپ
كەتكەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىن ئالاقىنى ئۈزگەنلىكىنى ، جۇڭگو كوممۇنىس-
تىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى . ھەقى-
قەتكە قايتىش تېلېگراممىسىدا مۇنداق دېيىلدى : « بىز بىرلىككە كەلگەن ،
مۇستەقىل ، ئەركىن ، دېموكراتىك ۋەتىنىنىڭ ياردىمىدە باي ، قۇدرەتلىك ،
شاد - خۇرام يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش ، تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ پۈتۈن مەملىكەت-
نىڭ تىنچ قۇرۇلۇشىغا ئۆز كۈچىنى تۆھپە قىلىش شىنجاڭ خەلقىنىڭ بىردىن
بىر ئارزۇسى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشەندۇق . » « بىز ھازىر شىنجاڭ ئۆل-

كىلىك ھۆكۈمەتكە ۋە پۈتۈن ئۆلكىدىكى ھەر مىللەت قېرىنداشلارغا ۋەكالە-
تەن شۇنى تەنتەنە بىلەن جاكارلايمىزكى، بۈگۈندىن ئېتىبارەن گۇاڭجۇ
ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان ئالاقىنى ئۈزدۇق. ماۋجۇشىنىڭ سەك-
كىز ماددىلىق تىنچلىق باياناتىنى ۋە ئىچكى تىنچلىق كېلىشىمنى سەممىي
قوبۇل قىلىمىز ھەمدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ۋاقىتلىق
خەلق ھۆكۈمىتى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىمىز، پۈتۈن ئۆلكىنىڭ مەمۇ-
رىي ئىشلىرىنى ۋاقىتنچە باشقۇرۇپ تۇرىمىز، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ
بۇيرۇقىنى كۈتىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، غۇلجىدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت
ئەزالىرىنى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ ئورتاق ھەمكارلىششقا تەكلىپ قىلى-
مىز. ئۆلكىمىزنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە ئۇلۇغ داھىي ماۋجۇ-
شىنىڭ دانا رەھبەرلىكىدە، پارلاق، تىنچ قۇرۇلۇش داغدام يولىغا تېزلىكتە
ماڭىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىمىز.»

شۇ كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپا-
قى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى «دېموك-
راتىيە گېزىتى»، «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىنىڭ ئې-
چىلغانلىقىنى تەبرىكلەيمىز» دېگەن سەرلەۋھىلىك باش ماقالە ئېلان قىل-
دى.

شۇ كۈنى ماۋزېدۇڭ پېڭ دېخۇەيگە تېلېگرامما ئەۋەتتى ھەمدە غەر-
بىي شىمال بيۇروسىغا مۇنۇلارنى ئۇقتۇردى: شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قى-
لىشنىڭ ئاچقۇچى پارتىيىمىزنىڭ شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن
زىچ ھەمكارلىشىپ، شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن، كۆپ بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچ-
رىمايدىغان يول بىلەن ئۆتكۈزۈۋېلىش ھەم گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى تەرتىپ-
لىك ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشتە. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆزگەرتىپ تەشكىللەن-
گەندىن كېيىنمۇ بۇرھان شەھىدى رەئىس بولىۋەرسۇن. ھۆكۈمەت ئەزالىرى
ئىچىدە خەنزۇلار ئاز سانىنى ئىگىلىسۇن، ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەر كۆپ
سانىنى ئىگىلىسۇن.

شۇ كۈنى جۇ ئېنلەي جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى يىغى-
نىدا بارلىق ۋەكىللەرگە تاۋسىيۇ ، بۇرھان شەھىدى باشچىلىقىدىكى شىن-
جاڭ ھەربىي ، مەمۇرىي دائىرىلىرىنىڭ تېلېگراما يوللاپ ھەقىقەتكە قايت-
قانلىقى ، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغانلىقى خەۋىرىنى ئېلان
قىلدى .

9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى غۇلجا شەھىرىدە 30 نەچچە مىڭ كىشىلىك ئاممىۋى يىغىن ئۆتكۈزۈلۈپ ، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغانلىقى تەبرىكلەندى . ئەسئەت ئىسھاقوپ ھەر مىللەت خەلقىگە ۋەكالىتەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە رەئىس ماۋزېدۇڭغا تەبرىك تېلېگراممىسى يوللىدى .

تېلېگراممىنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە :

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ماۋزېدۇڭغا :

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا بولۇپمۇ يېقىندىن بېرى غەربىي شىمالدا غەلىبىگە ئېرىشتى . بۇ مۇناسىۋەت بىلەن جانابىڭىزنى ھەمدە يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشىنىڭ بارلىق ۋەكىللىرىنى تەبرىكلەيمەن . ئىلى ، تارباغاتاي ، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىكى خەلق گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوراللىق كۆرەش قىلىپ بېرىش نەتىجىسىدە ئۆزلىرىنىڭ دېموكراتىك يېڭى تۈزۈمىنىڭ ئاساسىنى ئورناتقان بولسىمۇ ، لېكىن يەنىلا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ سىياسىي زۇلۇمى ، ئىقتىسادىي بۇزغۇنچىلىقى ، مىللىي كەمسىتىشكە ۋە مە-دەنىيەت جەھەتتە ئاياغ ئاستى قىلىشىغا ئۇچراپ كەلدى . بۇ قېتىم خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى-نىڭ تەسىرىدە ، ئۆلكىمىزدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى يوقىتىلدى . پۈتۈن ئۆلكە خەلقىمىز ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋە گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە خەلق ئا-زادلىق ئارمىيىسىگە باش ئەگكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ چەكسىز شادلاندى ھەمدە قىزغىنلىق ئاممىۋى يىغىن ئېچىپ ، نامايىش ئۆتكۈزۈپ ، بۇ تارىخىي ۋەقەنى قەتئىي ھىمايە قىلىدىغانلىقى ۋە تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى . ئۈچ ۋىلايەت خەلقى جانابىڭىزغا ئەڭ چوڭقۇر ھۆرمەت بىلدۈرگەن-دىن سىرت ، شۇنى ئالاھىدە بىلدۈرىدۈكى ، پۈتۈن ئۆلكە خەلقى جانابىڭىزنىڭ رەھبەرلىكىدە ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ياردىمى ئاستىدا ، ئىگىلىكنى مۇستەھكەملەش ، بەختىيار ، مەدەنىيەتلىك ۋە ھەممە مىللەت بىردەك باراۋەر بولۇش ئاساسىدا ، يېڭى تۈزۈمۇش بەرپا قىلىش

ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ.

## شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇۋەققەت رەئىسى

ئەسئەت ئىسھاقوپ

1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئىلى.

9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ماۋزېدۇڭ بىلەن جۇدې تاۋسىيۇ، بۇرھان شەھىدىنىڭ 25 - ، 26 - كۈنلىرى يوللىغان ھەقىقەتكە قايتىش توغرىسىدىكى تېلېگراممىسىغا جاۋاب تېلېگرامما ئەۋەتتى. تېلېگراممىنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە :

تاۋسىيۇ جىياڭجۈنگە ۋە قول ئاستىڭىزدىكى قوشۇنلارنىڭ ئوفىتسېر - جەڭچىلىرىگە :

رەئىس بۇرھان شەھىدىگە ۋە قول ئاستىڭىزدىكى ھۆكۈمەت خادىملىرىغا :

سىلەرنىڭ 9 - ئاينىڭ 25 - ، 26 - كۈنلىرى ئەۋەتكەن تېلېگراممىلىرىڭلارنى تاپشۇرۇپ ئالدۇق. بىز سىلەرنىڭ مەيدانىڭلارنى توغرا دەپ قارايمىز. سىلەر گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىدىن ئايرىلىپ، خەلق دېموكراتىيە لاگېرىغا قايتىپ، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىمىز، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ۋە خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ۋە بىر تەرەپ قىلىشىغا بويسۇنىمىز دەپ باياناتلار ئېلان قىلدىڭلار، بۇ پوزىتسىيەڭلار پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. بىز بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولدۇق. سىلەرنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي خادىملارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە يەرلىك تەرتىپنى قوغداش ئىشلىرىنى ھەمدە ھازىر جىيايۇگۇەندىن چىقىشقا تەييارلىنىۋاتقان خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، كونا تۈزۈمنى بىكار قىلىپ، يېڭى تۈزۈمنى يولغا قويۇپ، يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز!

ماۋزېدۇڭ
جۇدې

1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى

شۇ كۈنى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 1 - دالا ئارمىيىسى ئالدىنقى سەپ كومىتېتى شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىش بۇيرۇقىنى چىقاردى، بۇيرۇقتا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: «6 - جۈن شىمالىي شىنجاڭدىكى قۇمۇل، گۆچۆك، ئۈرۈمچىنى ئازاد قىلىپ غۇلجا مۇختارىيات رايونى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تۇتاشتۇرسۇن. 2 - جۈن شىنجاڭدىكى تۇرپان، قارا شەھەر، كورلا، قەشقەر، خوتەنگە يۈرۈش قىلسۇن. ھەر قايسى جايلارغا يەرلىك كادىرلارنى تەييارلىغاندىن باشقا، تاۋسىيۇ قىسمىدىكى 60 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن سىياسىي كادىرلارمۇ تەييارلانسۇن. شۇڭا، 1 -، 2 - بىكتۈەن پارتكومىلىرى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتىلغان سىياسەت ۋە ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىشقا تولۇق تەييارلىق كۆرسۇن، بۇنىڭغا ھەقىقىي رىئايە قىلىنسۇن.»

شۇ كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى ئالتاي ۋىلايەتلىك تەشكىلىي كومىتېتى بىلەن ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، سارسۇمبىدىكى ھەر مىللەت ئاممىسى تەنتەنىلىك يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

شۇ كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تەشكىلىي كومىتېتى بىلەن تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسى رىياسەتچىلىكىدە، چۆچەكتىكى ھەر مىللەت ئاممىسى تەنتەنىلىك يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى سەيپىدىن ئەزىزى، ئالىمجان ھاكىمبايوپ، تۆجىلار شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن بېيجىڭدا رەئىس ماۋزېدۇڭ، باش قوماندان جۇدېغا تەبرىك خېتى يازدى. تەبرىك خەتتە مۇنداق دېيىلدى: «بىز جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلى-

ھەت كېڭشى يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان شىنجاڭ ۋەكىللىرى سابىق گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھەربىي ئەمەلدارى تاۋسىيۇ ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بۇرھان شەھىدى باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئە- زالىرىنىڭ گۇاڭجۇدا تۇرۇۋاتقان گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىن ئالاقىنى ئۈزگەن- لىكىنى جاكارلاپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پار- تىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلغانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق. بىز سىلەرنىڭ رەھبەرلىكىڭلار ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ كۆرسەتمىسى ئاستىدا، شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى كۈچلىرى يوقىتىلىپ، خەلق ئەركىنلىك- كە ئېرىشكەنلىكىدىن چەكسىز خۇشالىمىز. سىلەرنىڭ شىنجاڭ خەلقىگە يەت- كۈزگەن بۇ شەپقىتىڭلارغا رەھمەت ئېيتىمىز.»

9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى سەيپىدىن ئەزىزى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزالىقىغا، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى مىللەت- لەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىر ئەزالىقىغا سايلاندى.

شۇ كۈنى سەيپىدىن ئەزىزى، تۇجى، ئالىمجان ھاكىمبايوپ، ئو- بۇلخەيرى تۆرە قاتارلىقلار جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 1 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى.

شۇ كۈنى بېيجىڭدا چىقىدىغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەر- كىزىي كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى «خەلق گېزىتى»: «تاۋسىيۇ، بۇرھان شەھىدىنىڭ تېلېگراممىا يوللاپ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقىنى ئۈزگەن- لىكىنى جاكارلىغانلىقى شىنجاڭ خەلقىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ، ئىلى قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت خەلقى ۋە پۈتۈن شىنجاڭ خەلقى يېڭى شىنجاڭ قۇ- رۇپ چىقىدۇ» دېگەن سەرلەۋھىدە سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق شىنجاڭ ۋە- كىللىرىنىڭ باياناتىنى ئېلان قىلدى. باياناتتا مۇنداق دېيىلدى: سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك گومىنداڭ ھەربىي ئىشلار ئەمەلدارى تاۋ سىيۇ جياڭجۈن بىلەن سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بۇرھان شەھىدى

باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرى ۋە ئۆلكىلىك
ھۆكۈمەتنىڭ گۈاڭجۇدا تۇرۇۋاتقان گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىدىن
مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ، خەلق دېموكراتىيە لاگېرىغا ئۆتۈش ھەرىكىتىنى قار-
شى ئالىمىز ھەمدە ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ پۈتۈن ئۆلكە خەلقى بىلەن بىر-
لىكتە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ۋە پات ئارىدا
قۇرۇلىدىغان شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە يېڭى دې-
موكراتىزملىق يېڭى جۇڭگو قۇرۇش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغانلى-
قىنى بىلدۈرىمىز.

9 - ئاي ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، مۇشۇ ئايغا قەدەر شىنجاڭدا
تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ مىللىي ئارمىيىدە قو-
بۇل قىلغان ئەزاسى 10 مىڭ 545 كە يەتكەن، بۇ مىللىي ئارمىيە ئومۇمىي
ئادەم سانىنىڭ تەخمىنەن 80% نى ئىگىلەيدۇ.

شۇ ئاي شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى
مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىدا «مەدەنىيەت -
مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا ئالغا باسايلى» دېگەن ماقا-
لە ئېلان قىلىندى. ماقالىدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: ئىلى ۋىلايىتىدە
ئۆلكىلىك ئوتتۇرا تېخنىكۇمى، رۇس تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى، قىزلار تېخ-
نىك مەكتىپى، تىببىي مەكتەپتىن باشقا، يەنە 309 مەكتەپ، 1296 ئوقۇتقۇ-
چى، 30 مىڭ 79 ئوقۇغۇچى بار، تارباغاتاي ۋىلايىتىدە 210 مەكتەپ،
570 ئوقۇتقۇچى، 14 مىڭ 594 ئوقۇغۇچى بار، ئالتاي ۋىلايىتىدە 62
مەكتەپ، 294 ئوقۇتقۇچى، 7896 ئوقۇغۇچى بار.

10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى.

شۇ كۈنى غۇلجىدا 3 مىڭدىن ئارتۇق ئاما جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇر-
يىتى قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن تەنتەنىلىك يىغىلىش

ئۆتكۈزدى. ئەسئەت ئىسھاقوپ قاتارلىق شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىق-
نى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى، مىللىي ئارمىيە، ئىلى ۋا-
لىي مەھكىمىسىنىڭ رەھبەرلىرى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا ئەسئەت ئىسھا-
قوپنىڭ ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ۋەكالىتەن مەركىزىي خەلق
ھۆكۈمىتىگە ۋە رەئىس ماۋزېدۇڭغا يوللايدىغان تەبرىك تېلېگراممىسى ما-
قۇللاندى. تەبرىك تېلېگراممىسىنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى ماۋزېدۇڭ جانابلىرىغا،
مۇئاۋىن رەئىسلىرى جۇدې، ليۇشاۋچى، سۇڭ چىڭلىڭ، لى جىشېن، جاڭ لەن، گاۋگاڭ
جانابلىرىغا:

بۈگۈن ئۈچ ۋىلايەت خەلقى جايلاردا تەبرىكلەش يىغىنلىرىنى ئۆتكۈزدى، مەن شىن-
جاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى ئەزالىرى ۋە ئۈچ ۋىلايەت نامىدىن
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەي-
مەن، خىزمىتىڭلارنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا چىن قەلبىمدىن تىلەكداشمەن ھەمدە جۇڭخۇا
خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى بىزگە تاپشۇرغان ھەر قانداق ۋەزىپىنى قەت-
ئىي، يۈزدە يۈز ئورۇندايدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرىمەن.

شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى
مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇۋەققەت رەئىسى
ئەسئەت ئىسھاقوپ

1949 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى غۇلجا.

10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى چۈشتە ھەر مىللەت ئاممىسى جۇڭخۇا خەلق
جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئۆتكۈزدى، يىغىن
ماۋزېدۇڭغا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى. تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇن-
داق دېيىلدى: سىزنىڭ رەھبەرلىكىڭىزدە قەھرىمان خەلق ئازادلىق ئارمىيە-
سى ئۆزىنى جاھانگىرلارنىڭ قوينىغا ئاتقان جياڭ جيېشى باشچىلىقىدىكى
گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. بۇ ئۇ-
لۇغ غەلىبە ئۆلكىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئۇزۇل - كېسىل ئازادلىققا

ئېرىشتۇردى. بۇنىڭ بىلەن بەش يىلدىن بۇيان ئېلىپ بارغان جاپا - مۇ-
شەققەتلىك ئازادلىق ئىنقىلابىي كۈرىشىمىز ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتىگە يەتتى.
بىز سىزگە ھەمدە سىز رەھبەرلىك قىلغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى
ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە چىن قەلبىمىزدىن كۆپ رەھمەت ئېيتىمىز.
مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ پىروگراممىسىنى قەتئىي ھىمايە قىلىمىز.
سىزنىڭ دانا رەھبەرلىكىڭىزدە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىردەك ئىنتى-
پاقلىشىپ، يېڭى دېموكراتىزملىق يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش يولىدا كۈرەش
قىلىمىز.

شۇ كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپا-
قى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى «ئالغا» ۋە تارباغاتاي ۋالىي
مەھكىمىسىنىڭ ئورگان گېزىتى «خەلق ئاۋازى» ئايرىم - ئايرىم ھالدا
باش ماقالە ئېلان قىلىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقنى
تەبرىكلىدى.

10 - ئاينىڭ 3 - كۈنى دېڭ لىچۈن ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىدىن
غۇلجىغا قايتىپ، ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى-
گە ياردەم بېرىش ۋە ئۇلارنى كۈتۈۋېلىشقا دائىر كونكرېت ئىشلار ئۈستى-
دە ئالاقىلەشتى.

10 - ئاينىڭ باشلىرى ماۋزېدۇڭ قوشۇننى باشلاپ شىنجاڭغا كىرىش
ئالدىدا تۇرغان خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1 - بىڭتۇەننىڭ قوماندانى
ۋاڭ جېنغا مۇنداق دەپ يوليورۇق بەردى: «سىلەرنىڭ شىنجاڭغا كىرىشتى-
كى ئاساسلىق ۋەزىپەڭلار ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن كۆپرەك ياخشى ئىش
قىلىپ بېرىش. سىلەر تارىختا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئەزگەن ئەكسىيەت-
چى ھۆكۈمرانلارنىڭ قەرزىنى تۆلەش روھى بويىچە خىزمەت ئىشلىشىڭلار
كېرەك.»

شۇ ئاينىڭ باشلىرى   مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەي جيۇچۇەن-
دە چاقىرىلغان 1 - بىگتۇەن پارتىيە كومىتېتىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا شىنـ-
جاڭغا يۈرۈش قىلىش ھەققىدە مۇھىم يوليورۇق بەردى . شىنجاڭغا يۈرۈش
قىلىش ئالدىدا تۇرغان خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قىسىملىرىدىن شىنجاڭ-
دىكى مىللىي ئارمىيە بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقنى ياخشىلاش ، مىللىي سىيا-
سەتنى قەتئىي ئىجرا قىلىش ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە
ھۆرمەت قىلىش ، ھەر مىللەت خەلقى بىلەن ئىتتىپاقلىشىش ۋە ئۇلارنىڭ
بەختلىك تۇرمۇشنى بەرپا قىلىشىغا ياردەم بېرىش ، گومىنداڭنىڭ ھەقىقەت-
كە قايتقان قوشۇنىنى خەلقنىڭ ئارمىيىسى قىلىپ ئۆزگەرتىشكە ياردەم
بېرىشنى تەلەپ قىلدى .

10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى   شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە
قىلىش ئىتتىپاقى ئالتاي ۋىلايەتلىك تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ رىياسەتچىلىكـ-
دە ، سارسۇمبىدىكى ھەر مىللەت ئاممىسى تەنتەنىلىك يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ ،
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقنى تەبرىكلىدى . يىغىن نامىدىن
رەئىس ماۋزېدۇڭغا تېلېگرامما يوللاندى . يىغىندىن كېيىن ھەيۋەتلىك ناما-
يىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى .

10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى   ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ دېڭ لىچۈن ئارقىلىق
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىغا ئۈچ ۋىلايەت مىقياسىـ-
دا دۆلەت بايرىقىنى ئېسىش مەسىلىسى توغرىسىدا تەكلىپ بەردى ، تەكـ-
لىپنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق : ئۈچ ۋىلايەتتە ئىلگىرى ئاساسلىق يې-
شىل رەڭلىك « شەرقىي تۈركىستان » بايرىقى ۋە ئاق رەڭلىك ئىسلام دىنى-
نىڭ دىنىي بايرىقى ئېسىلاتتى . ھازىر سىياسىي كېڭەش يىغىنىنىڭ قارارىنى
ئىجرا قىلىش ۋە قارشىلىششنى ئازايتىش ئۈچۈن ، تۆۋەندىكى قەدەم -
باسقۇچ بويىچە ئىجرا قىلىشنى تەكلىپ قىلىمىز . يېشىل رەڭلىك بايراقنى
ئاسماي يېڭى جۇڭگونىڭ دۆلەت بايرىقى بىلەن ئاق رەڭلىك دىنىي بايراق-
نى ئېسىش ، ئۇنىڭدىن كېيىن ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا دىنىي بايراق ئاس-

ماسلىق، تەدرىجىي خەلق ئارىسىدا ۋە ھەربىي قوشۇنلاردا دىنىي بايراق ئاساسلىق، پەقەت دىنىي تەشكىلاتلارنىڭلا دىنىي بايراق ئېسىشىغا يول قويۇش.

شۇ كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىچىسى دېڭ لىچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلى ئارىستوپىنىڭ ھەمراھلىقىدا غۇلجىدىن نىلقا ناھىيىسىگە مەخسۇس بېرىپ، نىلقا ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يوقلىدى.

10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1 - بىڭتۇەنىنىڭ ئالدىن يۈرگۈچى قىسمى شىنجاڭغا يۈرۈش قىلدى.

10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ۋاقىتلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى چۇۋۇ باشچىلىقىدا بەي ۋېنيۇ، قاسىمجان قەمبىرى، تەلئەت مۇسابايوپ، يۈ جياڭجى، نۇسرەت شەھىدى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكىلەرنىڭ ئازادلىق ئارمىيىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى كۈتۈۋېلىش ئۆمىكى تەشكىللەپ، جيۇچۇەنگە ئەۋەتىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1 - بىڭتۇەنىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى قارشى ئالدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى.

پېڭ دېخۇەي جيۇچۇەندە چۇۋۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى قوبۇل قىلدى. شىنجاڭنىڭ ھەقىقەتكە قايتىش ئەھۋالى ھەققىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: شىنجاڭدا گومىنداڭنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي خادىملىرى جياڭجۈن تاۋسىيۇ، رەئىس بۇرھان شەھىدىنىڭ رەھبەرلىكىدە تېلېگراما يوللاپ ھەقىقەتكە قايتىپ، زۇلمەتتىن قۇتۇلۇپ، يورۇقلۇققا چىقىپ، ناھايىتى ياخشى قىلدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى كۈچىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشىدا ناھايىتى زور رول ئوينىدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت تەرەققىيپەرۋەر ياشلىرى ئازادلىقتىن ئىلگى-

ري تەشۋىقات ۋە كۈرەش ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن پايدىلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. يېڭى دېمۇكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە ھەر قايسى مىللەت خەلقىدىن بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ھەر قايسى جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى.

10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تېلېگراممىسىغا بۇيرۇقىغا ئاساسەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى قۇرۇلدى، ۋاڭ جېن شۇجى، شۇ لىچىڭ مۇئاۋىن شۇجى، لوپۇەنفا، جاڭ شىيەنيۈ، راۋ جېڭشى، ۋاڭ ئېنماۋ، گوپېڭ، زېڭ دى، دېڭ لىچۈنلەر ئەزالىرى بولدى.

شۇ كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى يېڭى دېمۇكراتىيە، گەن سىچى ۋە غەربىي شىمال بيۇروسىغا مىللىي ئارمىيە قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە مۇنداق دەپ تېلېگراممىدا يوليورۇق بەردى: (1) مىللىي ئارمىيىدىن بىر ئادەم شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھەربىي رايوننىڭ مۇئاۋىن قوماندانى بولۇشى كېرەك. (2) مىللىي ئارمىيىنى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە ئۆزگەرتىش كېرەك، ئۇلاردىمۇ مۇشۇنداق ئۈمىد بولغان ھەمدە بىزنىڭ سىياسىي خىزمەت خادىملىرىنى ئەۋەتىشىمىزنى تەلەپ قىلغانىدى. (3) مىللىي ئارمىيىنىڭ بىر قىسمىنى ئۈرۈمچىدە تۇرغۇزۇش، يەنە بىر قىسمىنى شىخودا تۇرغۇزۇش لازىم. ئۈچ ۋىلايەتتە پەقەت شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلق چىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىلا بولۇپ، پارتىيە تەشكىلاتى يوق. شۇڭا، پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇش كېرەك.

شۇ كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى «ئالغا» «خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسى نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنەيلى» دېگەن سەرلەۋھىلىك باش ماقالە ئېلان قىلدى.

10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى دېڭ لىچۈنگە تېلېگراممىا ئارقىلىق مۇنداق دەپ يوليورۇق بەردى: مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەيىنىڭ پىكرىگە ئاساسەن، ئۈچ ۋىلا- يەتنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش ۋە مىللىي ئارمىيىگە مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىش ئۈ- چۈن، ئۇلارنى جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقى يولۇچىلار ئايروپىلانى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي، سىياسىي ۋەكىللىرىنى قۇمۇلغا ئەۋەتىشكە تەكلىپ قى- لىڭلار، قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق 2 - جۈنىمىز ئۇلارنى ئاپتوموبىل بىلەن جيۇ- چۇەنگە ئاپىرىپ قويىسۇن، بۇ يەردە مىللىي ئارمىيىنى خەلق ئازادلىق ئار- مىيىسى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش مەسىلىسى ۋە باشقا سىياسەتلەر ئۈستىدە كېڭەشىش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى دېڭ لىچۈن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەيگە تېلېگراممىا ئارقىلىق مۇنۇلارنى مەلۇم قىلدى: ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ سىياسىي ۋەكىل ئۆيغۇر سايرانى، ھەربىي ۋەكىل رۇسۇلوپ پەخىردىن خوجا، مالىيە ۋەكى- لى پولات ئالىمنى بىر تەرجىمان بىلەن ئەۋەتىشنى بېكىتتى. كېيىنكى دۈ- شەنبە كۈنى جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقى يولۇچىلار ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ جيۇچۇەنگە بارماقچى (كېيىن باشقا سەۋەب بىلەن يولغا چىقالمىدى).

10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى سەيپىدىن ئەزىزى جۇڭگو كوممۇنىستىك پار- تىيىسى مەركىزىي كومىتېتىغا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرىشنى ئىل- تىماس قىلدى. 23 - كۈنى ماۋزېدۇڭ بۇنىڭغا مۇنداق دەپ تەستىق سال- دى: «يولداش سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ پارتىيىگە كىرىشكە قوشۇلىمەن. بۇ خەتنى سەيپىدىن ئەزىزى ئۆزى ئالغاچ كېتىپ يولداش پېڭ دېخۇەيىنىڭ ساقلىشىغا تاپشۇرسا. شىنجاڭ شۆبە بىيوروسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، يول- داش سەيپىدىن ئەزىزى شۆبە بىيورودا ئانكېت تولدۇرۇپ پارتىيىگە كىرىش رەسمىيىتىنى ئادا قىلسا.»

**10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى** شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە
قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتى غۇلجىدا 37 - سانلىق يىغىن
چاقىرىپ، شىنجاڭغا كىرگەن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىن ھال سوراش
توغرىسىدا قارار چىقاردى، كەڭ ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنى
پۇلى بارلار پۇل، چارۋىسى بارلار چارۋا، ئاشلىقى بارلار ئاشلىق ئىئانە
قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرگەن خەلق ئا-
زادلىق ئارمىيىسىنى قارشى ئېلىش ۋە ئۇلاردىن ھال سوراشقا چاقىردى.

**شۇ كۈنى** شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپا-
قى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى «ئالغا» «خەلق ئازادلىق ئارمى-
يىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى قارشى ئالىمىز» دېگەن سەرلەۋھىدە باش ما-
قالە ئېلان قىلدى.

**10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى** ئىلى ۋالىي مەھكىمىسى 125 - نومۇرلۇق
بۇيرۇق ئېلان قىلىپ، بۈگۈندىن باشلاپ ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىگە قاراش-
لىق بارلىق ئورگان، تەشكىلاتلاردا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت
بايرىقى — بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق ئېسىشنى، ئىلى ۋىلايىتىدىكى
بارلىق ئورگان، تەشكىلاتلارنىڭ ۋىۋىسكىلىرىنى ئىلى ۋىلايەتلىك مەمۇ-
رىي مەھكىمە، پالانى ناھىيە، پالانى ئورگان، پالانى تەشكىلات دېگەن
ۋىۋىسكىغا ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى.

**10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى** شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە
قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتى 38 - سانلىق يىغىن ئېچىپ،
شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى دائىرىسىدە ۋە
ئورگان، تەشكىلات، ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىدىكى كادىرلار، ئىشچى -
خىزمەتچىلەر ئارىسىدا ماۋجۇشىنىڭ «خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى
ھەققىدە» دېگەن ئەسىرى بىلەن لىيۇ شاۋچىنىڭ «ئىنتېرناتسىئونالىزم ۋە مىل-
لەتچىلىك» دېگەن ماقالىسىنى ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش

ھەمدە 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئىمتىھان ئېلىشنى قارار قىلدى. يىغىندا
شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ ھەر دەرىجە-
لىك تەشكىلاتلىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرىدىن بىردەك ئىتتى-
پاقلىشىپ، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىندا ماقۇللانغان
«ئورتاق پروگرامما»نى ۋە مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى توغ-
را ئىجرا قىلىپ، يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش خىزمىتىگە ماس قەدەم بىلەن ئاڭلىق
قاتنىشىشنى تەلەپ قىلىندى.

10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە
قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى «ئالغا» سەيپىدىن
ئەزىزىنىڭ 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى بېيجىڭدا چاقىرىلغان جۇڭگو خەلق سىيا-
سىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىندا قىلغان سۆزىنى ئېلان قىلدى.

شۇ كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپا-
قى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى «ئالغا» «ئومۇمىي خەلق ھەرى-
كەتكە كېلىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىن ھال سوراش پائالىيىتىگە ئاك-
تىپ قاتنىشايلى» دېگەن سەرلەۋھىدە باش ماقالە ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا
مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: «خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەلىبىسى بىز-
نىڭ غەلىبىمىز، شۇنداقلا پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭ غەلىبىسى. بىزدە قان
تۆكۈش، قۇربان بېرىشتىن باش تارتماي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش
ئارزۇسى بولغانىدى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى بى-
لەن ئۇزاقتىن بۇيان كۈتۈپ كەلگەن ئازادلىققا ئېرىشىش غايىمىز قۇربان
بەرمىگەن ۋە مال - مۈلكىمىزنى زىيانغا ئۇچراتمىغان ئەھۋالدا ئەمەلگە
ئاشتى. بۇ پۈتۈنلەي خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ بىزگە مۇشۇنداق رېئال
ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەنلىكىدىن بولدى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى
يۇرتىمىزغا يۈرۈش قىلىش ئالدىدا تۇرغان بۈگۈنكى كۈندە بىز قارشى
ئېلىش ۋە كۈتۈۋېلىش خىزمىتىنى خۇشاللىق بىلەن ياخشى ئىشلىشىمىز
لازىم. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئازادلىققا

ئېرىشتۇرۇش يولىدا قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلغانلىقىغا ۋە ئۆلكىمىز خەلقى ئۈچۈن كۆرسەتكەن ئۇلۇغ تۆھپىسىگە سەممىي دوستلۇق بىلەن چىن قەلبىمىزدىن رەھمەت ئېيتىشىمىز لازىم. كەڭ خەلق ئاممىسى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، پائال ھەرىكەتكە كېلىپ، پۇل ۋە مال ئىئانە قىلىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىن ھال سورىشى لازىم. شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ بارلىق ئەزالىرى خەلق ئاممىسىغا كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىپ ۋە ئۇلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىن داغدۇغىلىق ھال سوراش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇشى كېرەك».

شۇ كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى «ئالغا» «〈ئورتاق پروگرامما〉 خەلقنىڭ بىردىن بىر ئاساسىي لۇشيەنى» دېگەن سەرلەۋھىدە باش ماقالە ئېلان قىلدى. باش ماقالىدا «ئورتاق پروگرامما»نىڭ ئاساسىي مەزمۇنى كۆچۈرۈپ بېسىلدى ھەمدە بىز ھەر قانداق ۋاقىتتا جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى يىغىنىنىڭ «ئورتاق پروگرامما»سىنىڭ تۇرمۇشىمىزدا يول كۆرسەتكۈچ ماياك ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز لازىم، دېيىلدى.

10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1 - بىگىتۇەنىنىڭ ئالدىن يۈرگۈچى قىسمىنىڭ ئۇرۇش ئاپتوموبىلى تۇەنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سەممىي قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

شۇ كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتى 39 - سانلىق يىغىن چاقىرىپ، ئۆلدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى ۋە نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن، ناھىيىلەرگە

ۋەكىل ئەۋەتىپ بۇ خىزمەتنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى.

شۇ كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپا-قى ئالتاي ۋىلايەتلىك تەشكىلىي كومىتېتى يىغىن چاقىرىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە ھال سوراش بۇيۇملىرىنى ئىئانە قىلىش بويىچە مۇۋەققەت ۋا-لىي شامشى مامىيوپ مۇدىرلىقىدىكى ھەيئەت قۇرۇشنى ھەمدە ناھىيىلەرگە تەشۋىقات خىزمىتى ئىشلەشكە مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىشنى قارار قىلدى.

10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى رەئىس ماۋزېدۇڭ ئەسئەت ئىسھاقوپنىڭ 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى يوللىغان تەبرىك تېلېگراممىسىغا جاۋاب تېلېگراممىسى ئەۋەتتى. جاۋاب تېلېگراممىنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

ئەسئەت ئىسھاقوپ ئەپەندىگە ھەمدە سىز ئارقىلىق شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھى-مايە قىلىش ئىتتىپاقىدىكى بارلىق يولداشلارغا ۋە ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىكى بارلىق قېرىنداشلارغا:

سىلەرنىڭ تەبرىكلىگەنلىكىڭلارغا رەھمەت. ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرى خەلقىنىڭ كۈرىشى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئازادلىقى ۋە پۈتۈن جۇڭگونىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن قو-شۇلغان مۇھىم تۆھپە. ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ پۈتۈن شىنجاڭ خەلقى بىلەن بىردەك ئىتتىپاقلى-شىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە ھەمكارلىشىپ، خەلق دېموكراتىيىسى ئاساسىدىكى يې-ڭى شىنجاڭنى ئورتاق قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن.

ماۋزېدۇڭ

1949 - يىل 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى.

10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ماۋزېدۇڭ ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئىن-قىلابىي قۇربانلارنىڭ ۋاپات بولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن تەزىيە تېلېگ-راممىسى ئەۋەتتى. ئۇنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

شىنجاڭ تىنچلىقى ئوغداش خەلقچىل ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىدىكى ئەدىرلىك يولداشلار:

شىنجاڭ خەلقىنىڭ جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا قاتناشقۇچى بىرىنچى تۇركۇم ۋەكىلى، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش ئەخمەتجان قاسىمى، شىنجاڭ ئۆلكىسى ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدىكى مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى يولداش ئىسھاقبېك مونونوپ، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى يولداش ئابدۇكېرىم ئاببا‌سوپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى يولداش دەلىلقان سۇگۇرباييوپ ۋە جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقى مەدەنىيەت جەمئىيىتىدىكى يولداش لوجى 1949 - يىل 9 - ئايدا① بېيجىڭغا كېلىش سەپىرىدە ئايروپىلان ۋەقەسى تۈپەيلىدىن بەختسىزلىككە ئۇچراپ قازا تاپتى.

بۇ شىنجاڭ خەلقى ۋە جۇڭگو خەلقى ئۈچۈن غايەت زور يوقىتىش. مەن بۇنىڭغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىمەن. ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق بەش يولداش ھايات ۋاقتىدا شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن قەھرىمانە كۈرەش قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا يەنە جۇڭگو خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش ئىشى يولىدا قۇربان بولدى. ئۇلار پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ مەڭگۈ خاتىرىلىشىگە ئەرزىيدۇ.

يولداش ئەخمەتجان قاسىمى، يولداش ئىسھاقبېك مونونوپ، يولداش ئابدۇكېرىم ئاببا‌سوپ، يولداش دەلىلقان سۇگۇرباييوپ ۋە يولداش لوجى مەڭگۈ ھايات.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى

ماۋزېدۇڭ

1949 - يىل 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى.

شۇ كۈنى ماۋزېدۇڭ ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك مونونوپ، ئابدۇكېرىم ئاببا‌سوپ. دەلىلقان سۇگۇرباييوپ ۋە لوجى قاتارلىق بەش ئىنقىلابىي قۇربانغا تەزىيە بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن قەبرە تاش يادنامىسى يېزىپ بەردى. يادنامىنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

مىللىي ئازادلىق ۋە خەلق دېموكراتىيىسى ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يولىدا قۇربان بولغان يولداش ئەخمەتجان قاسىمى، يولداش ئىسھاقبېك مونونوپ، يولداش

① ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلارنىڭ بەختسىزلىككە ئۇچراپ قازا تاپقان ۋاقتى 1949 - يىل 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، يولداش دەلىلقان سۇگۇربايوپ، يولداش لوجىنىڭ روھى مەڭگۈ ھايات!

ماۋزېدۇڭ

1949 - يىل 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى.

10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى پېڭ دېخۇەيگە ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى بىلەن ئىتتىپاقلىشىش قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە تېلېگراما ئەۋەتتى. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلدى: مىللىي ئارمىيە ئۆتكەنكى بىر قانچە يىلدا ئۆزىنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتى بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، جۇڭگو ئىنقىلابىغا ماسلىشىش جەھەتتە ناھايىتى زور رول ئوينىدى. شۇڭا، 14 مىڭ كىشىلىك مىللىي ئارمىينى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن بىرلىكتە پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ يەرلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن ئالاقە باغلىشىدىكى كۆۋرۈك قىلىپ، خەلق ھاكىمىيىتى، يەرلىك قوراللىق كۈچ ۋە يەرلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى قۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەش كېرەك.

شۇ كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى «ئالغا» «نۆۋەتتىكى سىياسىي لۇشيەننى ئۆگىنىش، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ ئاكتىپلىرىنىڭ بىردىن بىر ۋەزىپىسى» دېگەن سەرلەۋھىدە باش ماقالە ئېلان قىلدى.

شۇ كۈنى سەيپىدىن ئەزىزى، ئالىمجان ھاكىمبايوپ، تۇجىلار بېيجىڭدىن قايتتى، جۇئېنلەي زۇڭلى ئايرودرومغا چىقىپ ئۇزىتىپ قويدى. 25-كۈنى سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىقلار ئايروپىلان بىلەن جيۇچۇەنگە يېتىپ كې-

لىپ، مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەي بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنى قۇرۇش ۋە شىنجاڭدا پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى.

10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى   شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتى 41 - سانلىق يىغىن ئېچىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىن ھال سوراش ئۆمىكى تەشكىللەپ ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ، شىنجاڭغا كىرگەن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قىسىملىرىدىن ھال سوراشنى قارار قىلدى.

10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى   ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئەسئەت ئىسھاقوپ ئۆمەك باشلىقى بولغان خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىن ھال سوراش ئۆمىكى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىن ھال سوراش ئۈچۈن، غۇلجىدىن بۇغداي، گۈرۈچ، كالا - قوي گۆشى، پاپىرۇس، موخوركا، قەنت، سوپۇن، سەرەڭگە، مېۋە - چېۋە ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئېلىپ، «جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى قارشى ئالىمىز» دېگەن قىزىل لوزۇنكا ئېسىلغان 37 ئاپتوموبىلدىن تەركىب تاپقان ئاپتوموبىل ئەترىتى بىلەن ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتى. دېڭ لىچۈن ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلى ن.ب ئارىستوپلار ئۇلار بىلەن بىللە ماڭدى.

شۇ كۈنى   شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تەشكىلىي كومىتېتى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت بايرىقىنى ئېسىشنى بەلگىلىدى. ئەتىسى ناھىيىلەر، ئورۇنلارنىڭ زال ۋە ئىشخانىلىرىغا ستالىن، ماۋ زېدۇڭ، جۇدېلارنىڭ رەسىمىنى ئېسىشنى ئۇقتۇردى.

10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى   سەيپىدىن ئەزىزى، ئالىمجان ھاكىمبايوپ،

تۆجى قاتارلىقلار ئايروپىلان بىلەن جيۇچۈەندىن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى.

10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئەسئەت ئىسھاقوپ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىن ھال سوراش ئۆمىكىنى باشلاپ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇش ئاپتوموبىلى تۆەنى تۇرۇشلۇق جايغا بېرىپ ئۇلاردىن ھال سورىدى. سەيپىدىن ئەزىزى، ئالىمجان ھاكىمبايوپ، تۆجى، بۇرھان شەھىدى قاتارلىقلار ھال سوراش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

10 - ئاينىڭ 31 - كۈنى دېڭ لىچۈن، سەيپىدىن ئەزىزى، ئالىمجان ھاكىمبايوپ ۋە ئەسئەت ئىسھاقوپ باشچىلىقىدىكى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىن ھال سوراش ئۆمىكى ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا يېتىپ باردى.

شۇ كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق بەش ئىنقىلابىي قۇرباننىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ تۆۋەندىكى قارارنى چىقاردى: (1) غۇلجىدا ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېگ مونونوپ، ئابدۇكېرىم ئاباسوپ ئۈچۈن خاتىرە مۇنارى ئورنىتىش، سارسۇمبىدە دەلىلقان سۇگۇربايوپ ئۈچۈن خاتىرە مۇنارى ئورنىتىش. (2) ئۇيغۇر سايرانى مۇدىرلىقىدا خاتىرە مۇنارىنى لايىھىلەش ھەيئىتى قۇرۇش. (3) غۇلجىدىكى تېخنىكۇم مەكتىپىگە ئەخمەتجان قاسىمى تېخنىكۇم مەكتىپى دەپ نام بېرىش. (4) مىللىي ئارمىيىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق بىر تۆەنىگە ئىسھاقبېگ مونونوپ تۆەنى دەپ نام بېرىش. (5) ئالتاي ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 - تۆەنىگە دەلىلقان سۇگۇربايوپ ئاتلىق ئەسكەرلەر تۆەنى دەپ نام بېرىش. (6) غۇلجا نەشرىياتىغا ئابدۇكېرىم ئاباسوپ نەشرىياتى دەپ نام بېرىش. (7) ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا نەپىقە بېرىش.

10 - ئاي جاڭ جىجۇڭ بېيجىڭدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ رەئىس ماۋزېدۇڭ، جۇئېنلەي زۇڭلى بىلەن شىنجاڭغا ئالاقىدار بىر قانچە مەسىلە ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ئارقىدىن يەنە رەئىس ماۋزېدۇڭغا مەخسۇس «شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات»نى يېزىپ سۇندى. بۇ دوكلات «شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيە، تارىخىي ۋە سىياسىي تارىخىي جەريانى»، «غۇلجا ۋەقەسى ۋە تىنچلىق بىتىم»، «ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزگەرتىپ تەشكىللىنىشى ۋە ئىلى تەرەپنىڭ چېكىنىشى»، «شىنجاڭ مەسىلىسى توغرىسىدا ئۆزۈمنى تەكشۈرۈشۈم»، «بىر قانچە مەسىلە ۋە پىكىر» قاتارلىق بەش چوڭ قىسىمغا بۆلۈنگەن.

11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى قايغۇلۇق ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، بارلىق ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە پۈتۈن ئۆلكە خەلقىگە ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك مونونوپ، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، دەلىلقان سۇگۇرباييوپ، لوجىنىڭ ئايروپىلان بىلەن غۇلجىدىن بېيجىڭغا كېتىۋاتقاندا ھاۋا بۇزۇلۇپ، ئايروپىلان سوۋېت ئىتتىپاقىدا ھادىسىگە ئۇچراپ بەختكە قارشى قازا تاپقانلىق خەۋىرىنى ئېلان قىلدى.

شۇ كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى غۇلجىدا شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ ئەزالىرى، ھەر مىللەت ئاممىسى قاتناشقان ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق بەش ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ بەختكە قارشى قازا تاپقانلىقىغا قايغۇلۇق تەزىيە بىلدۈردى. سەيپىدىن ئەزىزى تەزىيە نۇتقى سۆزلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «يولداش ماۋزېدۇڭ ئېيتقاندەك، رەھبەرلىرىمىز ئىنقىلاب ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلىپ قۇربان بولدى. ئۇلارنىڭ روھى خەلقنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ھايات، ئۇلارنىڭ گۈزەل نامى ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە ساقلىن-

دۇ . »

دېگەن ئىچىدە تەزىيە سۆزى قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى : « ئەخمەتـ
جان قاسىمى قاتارلىق بەش ئىنقىلابچى قۇربانىنىڭ بەختكە قارشى قازا تاپـ
قانلىقى شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن ھەتتا پۈتۈن جۇڭگو خەلقى ئۈچۈنمۇ بىر
زور يوقىتىش. ئۇلار جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشتەك ئۇلۇغۋار نىـ
شاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆـ
كۈمىتى قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ تارىخىي بۇرۇچنى ئادا قىلىش يولىدا
قۇربان بولدى. شۇنداقلا ئۇلار پۈتۈن مەملىكەتتىكى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك
ئىتتىپاقلىقىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەش يولىدا قۇربان بولدى.
بەش ئىنقىلابچى قۇربان بىزدىن ئايرىلغان بولسىمۇ ، لېكىن بىز ئۇلارنىڭ
ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ، ئۇلار ئورۇنداپ بولالمىغان ئىشلارنى داـ
ۋاملاشتۇرۇشىمىز لازىم. خەلق قەھرىمانلىرى مەڭگۈ ھايات. »

11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى « شىنجاڭ گېزىتى » « پۈتۈن مەملىكەت خەلقى
ۋە شىنجاڭ خەلقى بىرلىكتە مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ بەختكە
قارشى ۋاپات بولغانلىقىغا تەزىيە بىلدۈردى » دېگەن قارا خەتلىك ماۋزۇدا
ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلارنىڭ قۇربان بولغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.
گېزىتكە مەرھۇم مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ سۈرىتى ۋە رەئىس
ماۋزېدۇڭنىڭ تەزىيە تېلېگراممىسىنىڭ تولۇق تېكىستى ھەمدە تاۋسىيۇ ، بۇرـ
ھان شەھىدىنىڭ تەزىيە ماقالىسى بېسىلدى.

11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ۋاقىتلىق خەلق ھۆكۈمىتى
ئۈرۈمچىدە ئىنقىلابچى قۇربان ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ بەختكە قارشى ۋاپات
بولغانلىقىغا تەزىيە بىلدۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى ، بۇرھان شەھىدى
سۆز قىلدى ، ھەر قايسى مەسچىتلەرنىڭ ئاخۇنلىرى ۋە ھەر مىللەت ، ھەر
ساھە ئاممىسى بولۇپ 21 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم تەزىيە پائالىيىتىگە قاتـ
ناشتى.

11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى سەيپىدىن ئەزىزى غۇلجىدا ئېچىلغان شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى ئاكتىپلىرى، ھۆكۈمەت كادىرلىرى ۋە دىنىي زاتلار قاتناشقان يىغىندا ھەر مىللەت خەلقىگە مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى يىغىنىنىڭ روھىنى ۋە «ئورتاق پروگرامما»نىڭ روھىنى ھەمدە رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ ئۇچ ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىگە يوللىغان سەممىي سالىمىنى يەتكۈزدى.

شۇ كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتى بىلەن ئىلى ۋالىي مەھكىمىسى بىرلەشمە يىغىن ئاچتى. يىغىن قارارىدا مۇنداق دېيىلدى: «پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر قايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار ۋە ئۆلكىلەرنىڭ خەلق ۋەكىللىرى قاتناشقان سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى يىغىنىدا چىقىرىلغان قارار، ئوتتۇرىغا قويۇلغان سىياسىي پروگرامما، مىللىي سىياسەت ئېلىمىزنى ھەقىقىي مۇستەقىل، تەرەققىي تاپقان دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش، ھەر مىللەت خەلقىنى تەل - تۆكۈس ئازادلىققا چىقىرىپ، ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن دېموكراتىك، پارلاق، توغرا يولنى كۆرسىتىپ بەردى»، «بىز مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى يىغىنىدا بارلىققا كەلگەن مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى چىقارغان تۈرلۈك قارارلارنى قەتئىي ئىجرا قىلىمىز، ئۇنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىجرا قىلىنىشىغا ئىنقىلابىي ئىنتىزام ئارقىلىق كاپالەتلىك قىلىمىز.»

شۇ كۈنى ئالىمجان ھاكىمبايوپ غۇلجىدىن چۆچەككە قايتىپ باردى. 10 - كۈنى چۆچەك خەلق كۇلۇبىدا ئېچىلغان ئاممىۋى يىغىندا مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى يىغىنى ۋە «ئورتاق پروگرامما»نىڭ روھىنى يەتكۈزۈش دوكلاتى بەردى.

شۇ كۈنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1 - بىڭتۇەننىڭ قوماندانى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە

بىيوروسىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ جېن 1 - بىڭتۇەن قوماندانلىق شتابىدىكى خا-
دىملارنى باشلاپ ئايروپىلان بىلەن جيۇچۈەندىن ئۈرۈمچىگە يېتىپ
كەلدى.

11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ماۋزېدۇڭ سەيپىدىن ئەزىزىگە تېلېگراما يوللاپ، 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى بولىدىغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ بەش يىللىقىنى تەبرىكلىدى. تېلېگراممىنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇۋەق-
قەت رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى ئەپەندىگە:

ئىلى ئىنقىلابىي پارتلىغانلىقىنىڭ بەش يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىل-
لەت قېرىنداشلارنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زىچ ئىتتىپاق-
لىشىپ، خەلق دېموكراتىيىسى ئاساسىدا يېڭى تۇرمۇش بەرپا قىلىشىغا تىلەكداشلىق
بىلدۈرىمەن.

ماۋزېدۇڭ

1949 - يىل 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى

11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى غۇلجىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ بەش يىل-
لىقىنى خاتىرىلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. ۋاڭ جېن، بۇرھان شەھىدى قا-
تارلىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا بېرىپ
يىغىنغا قاتناشتى، دېڭ لىچۈن، سەيپىدىن ئەزىزمۇ يىغىنغا قاتناشتى.

ۋاڭ جېن يىغىندا سۆز قىلىپ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرى-
دىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ۋە مىللىي ئارمىيىنىڭ بارلىق كوماندىر - جەڭ-
چىلىرىگە مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋە شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق بارلىق
خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قىسىملىرىنىڭ سەممىي سالىمىنى يەتكۈزدى،
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش جەھەتتە
ئوينىغان رولىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى ۋە ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بەردى.
ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ۋە مىللىي ئارمىيىنىڭ كوماندىر -
جەڭچىلىرىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە يېڭى دېموك-

راتنىڭ يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش يولىدا كۈرەش قىلىشقا چاقىردى. دېڭ لى-
چۈنمۇ يىغىندا سۆز قىلدى، ئۇ سۆزىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «شىن-
جاڭ خەلقى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ ئازادلىقى جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە ئىشقا ئاشتى. ئوخشاشلا جۇڭگو خەلقى-
نىڭ ئازادلىق ھەرىكىتى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئازادلىقى جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە ئىشقا ئاشتى. جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى بولغاچقا، پۈتۈن مەملىكەت
خەلقى، پۈتۈن شىنجاڭ خەلقى بۈگۈنكى غەلىبىگە ئېرىشتى.»

يىغىندىن كېيىن، ۋاڭ جېن، بۇرھان شەھىدى ئەخمەتجان قاسىمى قا-
تارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ ھال سورىدى.

شۇ كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى
مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى «ئالغا»غا شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە
خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى ئېلان قىلغان مىل-
لىي ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ بەش يىللىقىنى تەبرىكلەش شۇئارلىرى بېسىل-
دى، ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

پۈتۈن ئارمىيىدىكى كوماندىر-جەڭچىلەر خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى
بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، خەلقنىڭ ئەركىن تۇرمۇشىنى قوغداش يولىدا كۈ-
رەش قىلايلى!

مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە مىللەتچىلىك ئۇرۇقىنى چاچقۇچى بۇزغۇنچىلارغا
قەتئىي زەربە بېرەيلى!

مىللەتلەر ئارىسىدا سەمىمىي دوستلۇق ۋە ھەقىقىي باراۋەرلىكنى ئور-
نىتىش ۋە كۈچەيتىش يولىدا كۈرەش قىلايلى!

خەلق مەنپەئىتىنى قۇربان قىلىپ جاھانگىرلىك، مۇستەملىكىچىلەر ئۈ-
چۈن كەتمەن چاپىدىغان پانتۈركىزمغا قەتئىي قارشى تۇرايلى!

ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت خادىملىرى دۆلەت ئورگانلىرىنى مۇستەھ-
كەملەش ئۈچۈن خىزمەت ئىنتىزامىغا قاتتىق بويسۇنۇپ، پاك-دىيانەتلىك
بولۇشتا چىڭ تۇرايلى!

11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى رەئىس ماۋزېدۇڭغا تېلېگرامما يوللاپ، مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىدا ماقۇللانغان «ئورتاق پروگرامما»نى تامامەن ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە يېڭى جۇڭگو قۇرۇش، يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش يولىدا كۈرەش قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شۇ كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى، ئىلى ۋالىي مەھكىمىسى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى كۈلۈبىدا ۋاڭ جېننى قارشى ئېلىش يىغىنى ئاچتى. ۋاڭ جېن يىغىندا سۆز قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش، شىنجاڭنى قوغداشتەك شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالىدۇ ھەمدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ھەر جەھەتتىن ياردەم بېرىپ، پارتىيە ۋە ماۋجۇشىنىڭ رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭنى جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىنىڭ بەختلىك بىر ئەزاسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش يولىدا تىرىشىپ كۈرەش قىلىدۇ.

11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ۋاڭ جېن، بۇرھان شەھىدى قاتارلىقلار غۇلجىدا مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى تۇرۇشلۇق جايغا بېرىپ ئۇلاردىن ھال سورىدى ھەمدە ھال سوراش بۇيۇملىرىنى سوۋغات قىلدى.

11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ۋاڭ جېن، بۇرھان شەھىدى قاتارلىقلار ئايروپىلان بىلەن غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە قايتتى.

شۇ كۈنى ماۋزېدۇڭ ۋاڭ جېنغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ۋاڭ جېن قاتارلىقلارنىڭ غۇلجىغا بارغانلىقىنى قۇۋۋەتلىدى. تېلېگراممىدا مۇنداق دېيىل-

دى: «سلەرنىڭ ئىلغا بارغانلىقىڭلار ۋە تۇتقان پوزىتسىيەڭلار توغرا
بولغان.»

11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ۋاڭ جېننىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، مىللىي
ئارمىيىنىڭ بىر ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن سەنمۇ-
جاڭى مەھتىمىن ئىمىنوپىنىڭ باشچىلىقىدا ئىلىدىن ئاقسۇغا قاراپ يولغا
چىقتى، پۈتۈن تۈەندىكى ئۈچ يىلىك ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئاقسۇ، قەش-
قەر، خوتەنلەرگە بېرىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھەمدە شۇ ئاساستا ئۈچ تۈەن
بولۇپ كېڭەيتىلگەن بولدى. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەتلىرى-
دىن ئىلىغا چىقىپ بارغان سابىق ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرىدىن 20 گە
يېقىن كىشى خىزمەت ئۆمىكى بولۇپ تەشكىللىنىپ، سەيدۇللا سەيپۇللايوپ-
نىڭ باشچىلىقىدا شۇ قىسىم بىلەن بىرگە جەنۇبىي شىنجاڭغا قاراپ يولغا
چىقتى.

11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى دېڭ لىچۈن ۋە غۇلجىدا قۇرۇلغان «لىچۈن
راتسىيىسى» مەركىزىي كومىتېت تاپشۇرغان ۋەزىپىنى غەلىبىلىك ئادا قى-
لىپ ئايروپىلان بىلەن غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتى. سەيپى-
دىن ئەزىزى قاتارلىق 15 كىشىمۇ شۇ ئايروپىلان بىلەن يولغا چىقىپ، شىن-
جاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنى قۇرۇش، شىنجاڭ ھەربىي رايونى قۇ-
رۇش، مىللىي ئارمىينى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەش-
كىللەش قاتارلىق چوڭ - چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە كېڭەشىشكە ماڭدى.

شۇ كۈنى ۋاڭ جېننىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن، گەخمەت ۋاجىدى،
ۋۇجىيەنفېڭ قۇمۇلدىكى بىر قىسىم تەسىرى بار زاتلارنى باشلاپ، ۋاڭ
جېننىڭ گوسمان ئىسلامغا يازغان خېتى ۋە سوۋغىتىنى ئېلىپ بارىكۆل ناھە-
يىسىگە بېرىپ، گوسمان ئىسلامغا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭنى
تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش توغرىسىدىكى بىر قاتار سىياسەتلىرىنى تەش-
ۋىق قىلىپ، گوسمان ئىسلامنى قولغا كەلتۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلىدى.

11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى مىللىي ئىشلار كومىتېتى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەر-
كىزىي كومىتېتىغا تېلېگرامما يوللاپ، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق كىشى-
لەرنىڭ قازا تاپقانلىقىغا تەزىيە بىلدۈردى. تەزىيە تېلېگراممىسىنىڭ تولۇق
تېكستى تۆۋەندىكىچە:

شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىدىكى قەدىر-
لىك يولداشلار:

شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى يولىدا قەھرىمانلىق بىلەن كۈرەش قىلغان مۆتى-
ۋەر رەئىس ئەخمەتجان قاسىمى ۋە ئىسھاقبېك مونونوپ، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، دەلىلقان
سۇگۇرباييوپ، لوجى يولداشلارنىڭ بەختكە قارشى قازا تاپقانلىقى شىنجاڭ خەلقى ۋە جۇڭگو
خەلقى ئۈچۈن غايەت زور يوقىتىش. سىلەر ئارقىلىق ئۇلارغا قايغۇلۇق تەزىيە بىلدۈرىمىز.

مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى مىللىي ئىشلار كومىتېتى

11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى.

11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى مەملى-
كەتلىك كومىتېتى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپا-
قى مەركىزىي كومىتېتىغا تېلېگرامما يوللاپ، ئەخمەتجان قاسىمى قاتار-
لىقلارنىڭ قازا تاپقانلىقىغا تەزىيە بىلدۈردى. تەزىيە تېلېگراممىسىنىڭ تو-
لۇق تېكستى تۆۋەندىكىچە:

شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىغا:

كومىتېتىڭلارنىڭ قايغۇلۇق ئۇقتۇرۇشىنى كۆرۈپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ بىرىنچى تۈركۈم-
دىكى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ۋەكىللىرى ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك مونونوپ،
ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، دەلىلقان سۇگۇرباييوپ ۋە لوجى قاتارلىق بەش يولداشنىڭ بەختسىز-
لىككە ئۇچرىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق، بۇ غايەت زور يوقىتىش. كېڭىشىمىز ئۇلارغا قايغۇ-
لۇق تەزىيە بىلدۈرىدۇ. مەركىزىي كومىتېتىڭلارنىڭ مەرھۇم ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق
بەش يولداشنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، شىنجاڭ خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، مەركە-
زىي خەلق ھۆكۈمىتىنى ھىمايە قىلىپ، يېڭى دېموكراتىزملىق يېڭى جۇڭگو قۇرۇش يولىدا

كۆرەش قىلىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىمىز .

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى مەملىكەتلىك كومىتېتى

11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى

شۇ كۈنى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىغا تېلېگرامما يوللاپ، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ بەختسىزلىككە ئۇچرىغانلىقىغا تەزىيە بىلدۈردى. تەزىيە تېلېگراممىسىنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە :

شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىدىكى ئەدىرلىك يولداشلار :

شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەخمەتجان قاسىمى، شىنجاڭ ئۆلكىسى ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرى مىللىي ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى ئىسھاقبېك مونونوپ، شىنجاڭ تىنچلىقنى قوغداش خەلقچىل ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى يولداش دەلىلقان سۈگۈرباييوپ ۋە شىنجاڭدىكى جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقى مەدەنىيەت جەمئىيىتىدىن يولداش لوجەنىڭ بېيجىڭغا كېلىش سەپىرىدە ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ بەختكە قارشى قازا قىلغانلىقى شىنجاڭ خەلقى ۋە جۇڭگو خەلقى ئۈچۈن غايەت زور يوقىتىش. ئۇلارغا قايغۇلۇق تەزىيە بىلدۈرىمىز .

مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى

11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى

شۇ كۈنى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 6 - جۈن 17 - شى 50 - تۈەنـ نىڭ تۈەنجاڭى ليۇگۇاڭخەن قاتارلىقلار بۇيرۇققا بىنائەن ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىدىن تۇنجى تۈركۈمدە غۇلجىغا يېتىپ بېرىپ، قوشۇننىڭ ئىلى ۋىلايىتىدە تۇرۇشىغا دائىر كونكرېت ئىشلارغا تەييارلىق كۆرۈشكە باشلى-

دى، ئۇلار شۇ جايدىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋە مىللىي ئارمىيە ۋەكىللىرىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا سازاۋەر بولدى.

11 - ئاينىڭ 27 - كۈنى غەربىي شىمال ھەربىي، مەمۇرىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى پېڭ دېخۇەي، مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ جىجۇڭ ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ، شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن دۇچ كەلگەن چوڭ - چوڭ ۋەزىپىلەرنى مۇھاكىمە قىلدى ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى.

شۇ كۈنى مۇقاش جاكە سارسۇمبىدە چاقىرىلغان شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى ئاكتىپلىرى يىغىنىدا جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىنىڭ زور ئەھمىيىتىنى ۋە «ئورتاق پروگرامما»نىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى تونۇشتۇردى.

11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ بەختسىزلىككە ئۇچرىغانلىقىغا تەزىيە بىلدۈردى. تەزىيە تېلېگراممىسىنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىغا:

شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى يولداش ئەخمەتجان قاسىمى، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى يولداش ئىسھاقبېك مونونوپ، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى ئاخبارات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى يولداش دەللىقان سۈگۈرباييوپ، جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقى مەدەنىيەت جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ باشلىقى يولداش لوجىنىڭ① بەختكە قار-

---

① لوجى ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقى مەدەنىيەت جەمئىيىتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىدى.

شى قازا تاپقانلىقى شىنجاڭ ۋە جۇڭگو ئىنقىلابىي ئىشلىرىدىكى غايەت زور يوقىتىش. بىز بۇنىڭغا چوڭقۇر قايغۇلۇق تەزىيە بىلدۈرىمىز.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى

11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى

شۇ كۈنى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشىنىڭ زۇڭلىسى جۇ ئېنلەي شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ بەختسىزلىككە ئۇچراپ قازا قىلغانلىقىغا تەزىيە بىلدۈردى. تەزىيە تېلېگراممىسىنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىدىكى يولداشلار:

شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش ئەخمەتجان قاسىمى، شىنجاڭ ئۆلكىسى ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدىكى مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى يولداش ئىسھاقبېك مونونوپ، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى يولداش دەللىقان سۇگۇربايوپ، شىنجاڭ جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقى مەدەنىيەت جەمئىيىتىدىن يولداش لوجى شىنجاڭ خەلقىگە ۋەكالىتەن جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كېتىۋاتقاندا 1949 - يىلى 9 - ئايدا (1949 - يىل 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدەپ يېزىلىشى كېرەك ئىدى — تۈزگۈچىدىن) بەختكە قارشى ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ سەپەر ئۈستىدە قۇربان بولدى. بۇ شىنجاڭ خەلقى ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي ئىشلىرى ئۈچۈن ھەقىقەتەن زور يوقىتىش. بۇ تەزىيە تېلېگراممىسى ئارقىلىق، ئۇلارغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىمەن، بولۇپمۇ ئورتاق تىرىشچانلىقىمىز داۋامىدا ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئىرادىسىنى داۋاملاشتۇرۇشلىرىنى ۋە جارى قىلدۇرۇشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشىنىڭ زۇڭلىسى

جۇ ئېنلەي

1949 - يىل 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى

11 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە    پېڭ دېخۇەينىڭ
رىياسەتچىلىكىدە ئۈرۈمچىدە شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر، دېموك-
راتىك تەبىقىلەر، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملاردىن بولۇپ 30 نەچچە كى-
شى قاتناشقان ۋەكىللەر يىغىنى ئېچىلدى. تولۇق كېڭىشىش ئارقىلىق شىن-
جاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، قوشۇننى تەرتىپكە
سېلىپ تەشكىللەش، مالىيە - ئىقتىسادنى ھەل قىلىش قاتارلىق ئۈچ مەس-
لە توغرىسىدا كونكرېت لايىھە بېرىدەك ماقۇللاندى ھەمدە مەركىزىي خەلق
ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللاندى.

12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى    بۇيرۇققا بىنائەن شىمالىي شىنجاڭدىن جەنۇ-
بىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلغان ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ بىر قىسمى
مەتىمىن ئىمىنوپنىڭ باشچىلىقىدا جاپا - مۇشەققەتلىك قىشلىق ھەربىي يۈ-
رۈشنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسى-
گە يېتىپ بېرىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 2 - جۈن 5 - شىسى بىلەن
غەلبىلىك ئۇچراشتى.

12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى    تارباغاتاي ۋىلايىتىگە ئورۇنلىشىدىغان خەلق
ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئالدىن يۈرگۈچى قىسمى شىخو ناھىيىسىگە يېتىپ
بېرىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى    بۇرھان شەھىدى، سەيپىدىن ئەزىزى مەمۇرىي
مەھكىمىلەر، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەرگە تۆۋەندىكىچە بۇيرۇق چىقاردى:
1949 - يىل 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن باشلاپ يەتتە ۋىلايەت بىلەن ئۈچ
ۋىلايەت ئوتتۇرىسىدىكى باردى - كەلدى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈل-
دۇ. سودىگەرلەر جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭدا ئەركىن سودىگەرچىلىك
قىلسا بولىدۇ. لېكىن، باج ۋە پۇل تۈزۈمى بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشتىن ئىلگى-
رى ئۈچ ۋىلايەت بىلەن يەتتە ۋىلايەتنىڭ قەغەز پۇلى ئۆزئارا ئوبوروت قى-
لىنمايدۇ، ۋاقىتنچە مالنى مالغا ئالماشتۇرۇش شەكلى قوللىنىلىدۇ. ئۈچ

ۋىلايەت بىلەن يەتتە ۋىلايەتنىڭ تۇرلۇك خىراجەتلىرى بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشتىن ئىلگىرى، ئۈچ ۋىلايەت تۇشۇپ سىتىلغان تۇرلۇك تاۋار ماللاردىن ئەھۋالغا قاراپ باج ئالسا بولىدۇ.

12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى جايلارنىڭ تەرتىپىنى مۇستەھكەملەش، بانىدىتلارنى تازىلاش، توپىلاڭنىڭ ئالدىنى ئېلىش، مىللىي ئارمىيە ۋە شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ كادىرلىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ جايلاردا خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش، يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشكە ياردەملىشىش ئۈچۈن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى ئۈرۈمچى، ئىلى، قەشقەر يەرلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھەربىي رايونلىرى قۇرۇشنى، 2 - جۇڭنىڭ قوشۇمچە قەشقەر ھەربىي رايونى، 6 - جۇڭنىڭ قوشۇمچە ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى، مىللىي ئارمىيە شىتابىنىڭ قوشۇمچە ئىلى ھەربىي رايونى بولۇشىنى، مىللىي ئارمىيىنىڭ كادىرلىرى قەشقەر ھەربىي رايونى بىلەن ئۈرۈمچى ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشىنى، جۇڭ پارتىيە كومىتېتلىرىنىڭ قوشۇمچە يەرلىك پارتىيە كومىتېتى بولۇشىنى قارار قىلدى.

12 - ئاينىڭ 13 - كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئابلىمان ھاكىمبايېۋ، تارباغاتاينىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى داشجاپ مىكجۇلجىپلار ئۈرۈمچىگە يۆتكەلگەنلىكى ئۈچۈن، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تەشكىلىي كومىتېتى پەۋقۇلئاددە يىغىن چاقىرىپ، ئابدۇقادىر زۇنۇننى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ ۋاقىتلىق رەئىسلىكىگە تەيىنلەشنى قارار قىلدى؛ تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسى 32 - نومۇرلۇق بۇيرۇق چىقىرىپ، ئارىپ نەسىبىنى تارباغاتاينىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا تەيىنلەشنى قارار قىلدى.

،

12 - ئاينڭ 14 - كۈنى سەيپىدىن ئەزىزى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى، ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىدىكى 31 كىشىدىن تەركىب تاپ- قان ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇ- رۇش يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئايروپىلان بىلەن غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە باردى.

12 - ئاينڭ 15 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئالىي ئىقتىساد كومىتېتى مۇن- داق ئومۇمىي بۇيرۇق چىقاردى:

1. يەتتە ۋىلايەت بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئوتتۇرىسىدا ئەركىن سودا ۋە قاتناش - ترانسپورت ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ، ئۆلكە بويىچە پۇل بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشتىن ئىلگىرى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ پۇلى داۋاملىق ئىشلىتىلىدۇ. يەتتە ۋىلايەتنىڭ پۇلى ئۈچ ۋىلايەتتە ئوبوروت قىلىنمايدۇ؛

2. ھۆكۈمەت بۇيرۇق چۈشۈرۈشتىن ئىلگىرى بانكىنىڭ سودىگەرلەرگە قەرز پۇل بېرىشكە بولمايدۇ؛

3. بازاردا ھازىر تەييار تاۋارلار بېكىتىلگەن ھازىرقى باھا بويىچە سېتىلىدۇ، سودىگەرلەرنىڭ قانۇنلۇق پايدا ئېلىشىغا يول قويۇلىدۇ؛

4. ھازىرقى باج تۈزۈمى داۋاملىق يولغا قويۇلىدۇ. يەتتە ۋىلايەت بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئوتتۇرىسىدىكى سودىدا ئۈچ ۋىلايەت بەلگىلىگەن باج ئۆلچىمى بويىچە باج ئېلىنىدۇ.

12 - ئاينڭ 16 - كۈنى مەمۇرىي كېڭەشنىڭ 11 - سانلىق مەمۇرىي ئىشلار يىغىنىدا بۇرھان شەھىدى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رە- ئىسلىكىگە، گاۋجىنچۈن، سەيپىدىن ئەزىزى مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلەن- دى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزالىقىغا 33 كىشى تەيىنلەن- دى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرىي تايانچلىرىدىن سەيپىدىن ئەزى- زى، قىيۇمبەگ خوجا، فاتىي ئىۋانوۋىچ لېسكىن، غېنى، ئەنۋەر جاكولىن، ئەنۋەر خانبابا، ئەسئەت ئىسھاقوپ، ئىبراھىم تۇردى، پاتقان سۇگۇربا- يوپ، ئابدۇراخمان مۇھىتى، شۇمۇتۇڭ، داشجاپ مىجۇلىوپ، ئوبۇل-

خەيرى تۆرە قاتارلىق 13 كىشى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزا-
سى بولدى.

12 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن-
لىشىش ئۈچۈن، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپا-
قى مەركىزىي كومىتېتى غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ كېلىپ ئىش بېجىر-
دى.

شۇ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى مىللىي ئارمىيىنىڭ شىخو پىيادە ئەسكەرلەر 1 -
تۈەنى تۈەنجاڭ مەرغۇپ ئىسھاقوپنىڭ يېتەكچىلىكىدە شىخودىن يولغا چى-
قىپ ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى.

12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى، ئۈچ ۋىلايەت
مىللىي ئارمىيىسى، گومىنداڭنىڭ ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملىرى ئۈرۈمچىدە
ئۈچ قوشۇن بىرلىشىپ شەھەرگە كىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. پېڭ دې-
خۇەي ئۈچ قوشۇننى كۆزدىن كەچۈردى. پېڭ دېخۇەيگە ھەمراھ بولۇپ
كۆزدىن كەچۈرۈشكە جاڭ جىجۇڭ، ۋاڭ جېن، تاۋسىيۇ، بۇرھان شەھىدى،
سەيپىدىن ئەزىزى قاتناشتى.

شۇ كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايونى بىلەن شىنجاڭ خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ
قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. پېڭ دېخۇەي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قو-
ماندانلىقىغا، قوشۇمچە سىياسىي كومىسسارلىقىغا تەيىنلەندى. ۋاڭ جېن
1 - مۇئاۋىن قوماندانلىقىغا، تاۋسىيۇ 2 - مۇئاۋىن قوماندانلىقىغا، سەيپى-
دىن ئەزىزى 3 - مۇئاۋىن قوماندانلىقىغا، جاڭ شىچېن سەنمۇجاڭلىقىغا،
زېڭ جېنۇۋ مۇئاۋىن سەنمۇجاڭلىقىغا، شۈلىچىڭ سىياسىي بۆلۈمنىڭ مۇدى-
رىلىقىغا، زېڭ دى، ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوپلار سىياسىي بۆلۈمنىڭ مۇئا-
ۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى؛ شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە بۇرھان
شەھىدى رەئىس، گاۋ جىنچۈن، سەيپىدىن ئەزىزى مۇئاۋىن رەئىس
بولدى.

# ئاخىرقى سۆز

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى بىلەن، ئۈچ ۋىلايەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى يېڭى دەۋرنى كۈتۈۋالدى.

1949 - يىل 12 - ئايدىن باشلاپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشى ئارقىسىدا، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىگە ئارقا - ئارقىدىن كېلىپ ئورۇنلاشتى. سەيپىدىن ئەزىزى، دېلىن، مەرغۇپ ئىسھاقوپ، ئابدۇللا زاكىروپ، ئەنۋەرخانبابا، داشجاب مىجىجۇلىيوپ، ئابدۇراخمان مۆھتى، ئۆيغۇر سايرانى، ئىسمايىل ياسىنوپ، شۇمۇتۇڭ، چىن شىخۇا، ئەنۋەر جاكولىن، ئىبراھىم تۇردى، ئابلىمىت مەخسۇتوپ قاتارلىق شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ بىر تۈركۈم رەھبىرىي تايانچلىرى شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىرىپ، پارتىيىمىزنىڭ شىنجاڭدا قوبۇل قىلغان تۇنجى تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت پارتىيە ئەزالىرى ۋە يېڭى شىنجاڭ قۇرۇشتىكى تايانچ كۈچلەردىن بولۇپ قالدى. ئۇلار ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ئورۇنلىرىنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىدە تېگىشلىك رول ئوينىدى.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى رىياسەتچىلىكىدە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ پۇلى، پۇل مۇئامىلىسى، سودا، قاتناش، پوچتا - تېلېگراف ئىشلىرى ئارقا - ئارقىدىن پۈتۈن ئۆلكىنىڭكى بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. 1950 - يىل 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ قوراللىق كۈچى بولغان مىللىي ئارمىيە رەسمىي جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 5 - جۈنى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەندى. 1950 - يىل 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ سى-

ياسىي تەشكىلاتى بولغان شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللىنىپ، رەسمىي جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دېموكراتىك بىرلىك سەپ تەشكىلاتىغا ئايلاندى.

1950 - يىل 3 - ئايدىن باشلاپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ ۋالىي مەھكىمىلىرىنى ۋە ئۇلارغا قاراشلىق ناھىيىلەرنىڭ ھاكىمىيىتىنى تەڭشەشكە، تولۇقلاشقا باشلىدى ھەمدە پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلىدى. 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىلى يەرلىك كومىتېتى قۇرۇلدى. 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىلى رايونلۇق كومىتېتى قۇرۇلدى. 7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك كومىتېتى قۇرۇلدى. 10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئالتاي ۋىلايەتلىك كومىتېتى قۇرۇلدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە 1951 - يىلى 8 - ئايدىن 1952 - يىلى 11 - ئايغىچە ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى، 1952 - يىلى 11 - ئايدىن 1953 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلدى ھەمدە چارۋىچىلىق رايونلىرىدا زۆرۈر ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلدى، بۇنىڭ بىلەن فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى يوقىتىشتەك ئۇلۇغ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ئورۇندالدى. 1954 - يىلى 11 - ئاينىڭ 27 - كۈنى پارتىيىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى باشقۇرىدىغان ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلدى (تەبرىكلەش پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، كېيىن ئوبلاست قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش ۋاقتى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگە ئۆز-

گەرتىلدى) . 1955 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلدى. ئۈچ ۋىلايەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى ئاتا قىلغان تۇرلۇك ھوقۇقلارنى تولۇق يۈرگۈزۈشكە باشلىدى. ئارقىدىنلا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى سوتسىيالىزم داغدام يولىغا قەدەم قويدى.

# خاتىمە

«شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» نى تۈزۈش بىر قەدەر ئۇزاق ۋاقىت داۋاملىشىپ، ئىككى باسقۇچقا بۆلۈپ ئورۇندالدى.

بىرىنچى باسقۇچ: دەسلەپكى قەدەمدە تۈزۈش باسقۇچى (1986 - يىل 10 - ئاي—1991 - يىل 8 - ئاي). «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»نىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى (بىرىنچى ئورگىنالىدىن بەشىنچى ئورگىنالىغىچە) جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جانابىلىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى، قوللىشى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى فۇۋېن، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ سابىق شۇجىسى لۇچيەنشۇن ۋە ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ باشقا رەھبەرلىرىنىڭ قوللىشى ۋە ياردەم بېرىشى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە تارىخى خىزمىتى كومىتېتىنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق كومىتېتى مەسئۇل بولۇپ تەشكىللىگەن «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخى»نى يېزىش گۇرۇپپىسى ماتېرىيال توپلاش ئاساسىدا دەسلەپكى قەدەمدە تۈزۈپ چىقتى. ماتېرىياللار ئاساسلىقى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى، ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ ئارخىپخانىلىرى، تەزكىرە ئىشخانىلىرى ۋە نىلقا ناھىيىلىك ئارخىپخانىسى، تەزكىرە ئىشخانىسى ۋە غۇلجا شەھەرلىك كۇتۇپخانىدىن توپلاندى ھەمدە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، بېيجىڭ، نەنجىڭ، شىئەن، لەنجۇ، چۇڭچىڭ، چېڭدۇ ئارخىپخانىلىرى، كۇتۇپخانىلىرىغا، ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپخانا، كۇتۇپ-

خانا، بورتالا، قىزىلسۇ، قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ئاخپىخانىلىرى، تەزكىرە ئىشخانىلىرىغا ئادەم ئەۋەتىپ، شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر نۇرغۇن ئارخىپ، گېزىت، ژۇرنال، ماتېرىياللارنى كۆرۈش، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا تۈرلۈك رەھبەرلىك ۋەزىپىلىرىنى ئۆتىگەن پېشقەدەم يولداشلارنى زىيارەت قىلىش ئارقىلىق شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر نۇرغۇن ئاغزاكى ماتېرىيال ۋە يازما ماتېرىيالغا ئىگە بولدۇق. بىر قانچە يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق نۇرغۇن ئاز سانلىق مىللەت يېزىقى ۋە خەنزۇ يېزىقىدىكى ماتېرىياللارنى توپلىدۇق ۋە تەرجىمە قىلدۇردۇق. غۇلجا، ئۈرۈمچىدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقانلار، ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەر ۋە مۇناسىۋەتلىك ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيە (شەھەر) لەردىكى تەزكىرە تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرىنى تەكلىپ قىلىپ، چوڭ ئىشلار خاتىرىسى ھەققىدە كۆپ قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئارقىسىدا، چوڭ ئىشلار خاتىرىسىنىڭ دەسلەپكى بەشىنچى ئورىگىنالى شەكىللەندۈرۈلدى. بۇ ھال چوڭ ئىشلار خاتىرىسىنى پۈختا تۈزۈش ئۈچۈن ياخشى ئاساس سالدى.

«شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخى» ۋە «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» نى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر ماتېرىياللار مەجمۇئەسىنى تۈزۈشنىڭ چېتىلىش دائىرىسى كەڭ، سىياسىيلىقى كۈچلۈك، بىر قەدەر قىيىن پەن - تەتقىقات خىزمىتى ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى 1991 - يىلى يولداش جانابىل گۇرۇپپا باشلىقلىقى، يولداش فۇۋېن مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقلىقىدىكى شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخىنى يېزىش گۇرۇپپىسى قۇرۇشنى قارار قىلدى. رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئاستىدا يېزىش گۇرۇپپىسى ۋە ماتېرىيال گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى. يېزىش گۇرۇپپىسى ئالاقىدار ئالىم، پروفېسسورلاردىن تەركىب تاپتى. ماتېرىيال گۇرۇپپىسى ئەسلىدىكى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتى «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخى» نى يېزىش گۇرۇپپىسىدىن ئۆزگەرتىپ قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا

دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»نى تۈزۈش خىزمىتى ئىككىنچى باسقۇچقا قەدەم قويدى.

ئىككىنچى باسقۇچ: پۇختا تۈزۈش باسقۇچى ( 1991 - يىل 8 - ئاي— 1994 - يىل 8 - ئاي ) ، «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»نى پۇختا تۈزۈش خىزمىتى جانابىل، فۇۋېن يولداشلارنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە تارىخى خىزمىتى كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخىنى يېزىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى يولداش شۇ يۈچىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە تارىخى خىزمىتى كومىتېتىنىڭ قوللىشى ۋە ياردەم بېرىشى بىلەن ئېلىپ بېرىلدى. بۇ باسقۇچتا «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»نى پۇختا تۈزۈش يۈزىسىدىن تۆت قېتىم مۇزاكىرە ئۇيۇشتۇرۇلدى. قوشۇش، قىسقارتىش، چوڭ تۈزىتىش كىرگۈزۈش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلدى.

بىرىنچى قېتىمدا، 1992 - يىل 2 - ئايدا يولداش شۇ يۈچىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە يېزىش گۇرۇپپىسى، ماتېرىيال گۇرۇپپىسى ئەزالىرى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە تارىخى خىزمىتى كومىتېتىدىكى ئالاقىدار يولداشلار قاتناشقان مۇزاكىرە يىغىنى چاقىرىلدى، چوڭ ئىشلار خاتىرىسىنىڭ بەشىنچى ئورگىنالى مۇزاكىرە قىلىنىپ، ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى. يىغىن ئارىلىقىدا يولداش جانابىل يىغىنغا كېلىپ قانداق قىلىپ چوڭ ئىشلار خاتىرىسىنى ياخشى تۈزۈش مەسىلىسى ھەققىدە سەپەرۋەرلىك سۆزى قىلدى. بۇ قېتىمقى مۇزاكىرە يىغىنىدا چوڭ ئىشلار خاتىرىسىنى تۈزۈش پرىنسىپى، قۇرۇلمىسى، سىستېمىسى، ماتېرىيالنى كىرگۈزۈش، چىقىرىۋېتىش، قوشۇش، ئۆزگەرتىش، تەرجىمىسىنى قېلىپلاشتۇرۇش مەسىلىسى، گراماتىكا، ستىلىستىكا ۋە يېزىش جەھەتلەردە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار قاتارلىق مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىنىپ، نۇرغۇن مۇھىم پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ئورگىنالغا چوڭ ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلدى.

ئىككىنچى قېتىمدا، 1992 - يىل 11 - ئايدا يېزىش گۇرۇپپىسى، ماتېرىيال گۇرۇپپىسى ئەستايىدىل تەييارلىق كۆرۈش ئاساسىدا، جانابىل، فۇۋېن يولداشلارنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، ئۇرۇمچىدە «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» ئورگىنالىنى تەكشۈرۈش يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىنغا يولداش لۈچيەنشۈن، شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە تۈرلۈك رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان بىر قىسىم پېشقەدەم يولداشلار، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە تارىخى خىزمىتى كومىتېتى، ئالاقىدار ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق پارتىيە تارىخى ئىشخانىلىرىدىكى يولداشلار ۋە شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخىنى يېزىش گۇرۇپپىسى، ماتېرىيال گۇرۇپپىسىدىكى يولداشلار بولۇپ جەمئىي 30 نەچچە ئادەم قاتناشتى. يىغىندا يولداش جانابىل «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»نى يېزىشنىڭ مەقسىتى، ئەھمىيىتى ۋە يېزىش پرىنسىپى ھەققىدە مۇھىم سۆز قىلدى. تەكشۈرۈش يىغىنىدا چوڭ ئىشلار خاتىرىسىنىڭ ئالتىنچى ئورگىنالىنى ئاساسەن مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئاساسىدا، نۇرغۇن قىممەتلىك تۈزىتىش كىرگۈزۈش پىكرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخىنىڭ پاكىتلىرى ئۈستىدە ئەستايىدىل، تەپسىلىي ئىزدىنىش، سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈش، تۈزىتىش ئېلىپ بېرىلدى، بۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخىي پاكىتلىرىنىڭ توغرا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

ئۈچىنچى قېتىمدا، 1993 - يىل 5 - ئايدا يولداش شۇ يۈچىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە يېزىش گۇرۇپپىسى ۋە ماتېرىيال گۇرۇپپىسىدىكى يولداشلار قاتناشقان ئورگىنالنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يىغىنى چاقىرىلىپ، چوڭ ئىشلار خاتىرىسىنىڭ يەتتىنچى ئورگىنالى جۈملىمۇ - جۈملە تەپسىلىي مۇزاكىرە قىلىنىپ، قوشۇش، چىقىرىۋېتىش، تۈزىتىش كىرگۈزۈش، تولۇقلاش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلىپ، چوڭ ئىشلار خاتىرىسىنىڭ سەككىزىنچى ئورگىنالى شەكىللەندۈرۈلدى، بۇ ئالاقىدار رەھبەرلەر، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان پېشقەدەم يولداشلارنىڭ تەكشۈرۈپ كۆرۈشىگە سۇنۇلدى ھەمدە ئۇلارنىڭ چوڭ ئىشلار خاتىرىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش پىكرى

تەپسىلىي ئېلىندى.
تۆتىنچى قېتىمدا، يولداش فۇۋېن چوڭ ئىشلار خاتىرىسىنىڭ تۈزۈ-
تىش كىرگۈزۈلگەن ئورۇنلىرىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ كۆرگەن ھەمدە تۈزۈ-
تىش كىرگۈزۈش پىكرىنى بەرگەندىن كېيىن، 1994 - يىل 6 - ئايدا يول-
داش شۇ يۈچىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە يىغىلىش - تەھرىرلەش گۇرۇپپىسى،
ماتېرىيال گۇرۇپپىسىدىكى يولداشلار قاتناشقان ئورۇنلارنى بىرلىككە
كەلتۈرۈش يىغىنى چاقىرىلىپ، چوڭ ئىشلار خاتىرىسىنىڭ سەككىزىنچى ئو-
رۇنلىرى بىر - بىرلەپ كوللېكتىپ تەكشۈرۈلدى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق
سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى
شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخىنى يىغىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ
ئەزاسى فېڭ داجېن قاتارلىق ئالاقىدار رەھبەرلەر ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلا-
بىغا قاتناشقان پېشقەدەم يولداشلارنىڭ تەكشۈرۈش پىكرىگە ئاساسەن،
زور تەكشۈرۈش، تۈزىتىش، تولۇقلاش ئېلىپ بېرىلدى.
«شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»نىڭ
بىرىنچى باسقۇچتىكى يىغىش خىزمىتىگە جاڭ كېشۈن، لى روبىن، لىن گو-
خەي، چى روشيۈگلار قاتناشتى. ئىككىنچى باسقۇچتا، ئالتىنچى ئورۇن-
لىرىدىن توققۇزىنچى ئورۇنلىرىغىچە ئاساسلىقى يولداش جاڭ كېشۈن،
چى روشيۈگلار قەلەم تەۋرىتىپ ھەر قېتىملىق مۇزاكىرە يىغىنى، ئورۇنلارنى
تەكشۈرۈش يىغىنى، ئورۇنلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يىغىنىدا ئوتتۇرىغا
قويۇلغان پىكىرلەرگە ئاساسەن تۈزىتىش كىرگۈزدى. يولداش شۇ يۈچى،
جۇچىڭلىن، گاۋچاۋمىڭ، ۋۇشالۇ، دۇخەن، دۇن شىچۈنلەر چوڭ ئىشلار
خاتىرىسىنىڭ مۇزاكىرە قىلىش، تۈزىتىش، تەھرىرلەش، تەشكىللەش خىز-
مىتىگە قاتناشتى. ئاخىرىدا مەسئۇل مۇھەررىر شۇ يۈچى، جاڭ كېشۈن،
مۇئاۋىن مەسئۇل مۇھەررىر جۇ چىڭلىن، چى روشيۈك «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلا-
يەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»نىڭ توققۇزىنچى ئورۇنلىرى-
غا تۈزىتىش كىرگۈزدى ۋە ئۇنى بىرلىككە كەلتۈردى، باش مۇھەررىر جانا-
بىل، فۇۋېن يولداشلار تەكشۈرۈپ بېكىتتى.
«شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»نى

يېزىش جەريانىدا ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە تارىخى خىزمىتى كومىتېتىنىڭ سابىق ۋە ھازىرقى مەسئۇللىرىدىن شىڭ سۇگېن ، كوچىگىپىڭ ، چېن توگۇيې ، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخىنى يېزىش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى يولداش جياڭ چۇگلۇن ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە تارىخى خىزمىتى كومىتېتىدىن ياڭ چيەن ، خې پىڭئەن ، ۋاڭ شاۋۋېي ۋە ئالاقىدار باشقارما ( ئىشخانىدىكى ) يولداشلار كۆپ تەرەپتىن كۆڭۈل بۆلۈپ ، ياردەم بېرىپ ۋە قوللاپ ، بۇ كىتابنى يېزىپ چىقىش ئۈچۈن نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى .

«شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»نى يېزىش جەريانىدا بىز سەيپىدىن ئەزىزى ، بۇرھان شەھىدى ، ساۋدانوپ زايىر ، جاڭ جىجۇڭ ، ۋۇجۇگشىن ، سۇڭ شىليەن ، جاڭ داجۈنلەرنىڭ ئەسلىمە ماقالىلىرى ، خاتىرىلىرى ، ئەسەرلىرىدىكى شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا مۇناسىۋەتلىك قىسىملىرىدىن پايدىلاندۇق . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىلمىي ئورۇنلار ، مۇتەخەسسىس ، ئالىملارنىڭ شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى قوبۇل قىلدۇق .

«شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»نى يېزىش جەريانىدا سەيپىدىن ئەزىزى ، بۇرھان شەھىدى ، دېڭ لىچۈن ( خەنزۇ ) ، سەيدۇللا سەيپۇللايوپ ، ساۋدانوپ زايىر ، ئابلىمىت ھاجىيوپ ، ئەنۋەرخانبابا ( ئۆزبېك ) ، ئىسمايىل ياسىنوپ ، ماھنۇر قاسىم ، پاتقان سۇگۇربايوپ ( قازاق ) ، قوساين سىيابايوپ ( قازاق ) ، قۇربان غالى ئوسمانوپ ( قازاق ) ، مۇسايوپ ، شارشىبېك سىدىق ( قىرغىز ) ، ياسىن خۇدابەردى ، ئۇيغۇر سايرانى ، شۇمۇتۇڭ ( شىبە ) ، چېن شىخۇا ( خەنزۇ ) ، لى تەييۇ ( خەنزۇ ) ، دېلىن ( شىبە ) ، ۋۇزىۋۇ ( خەنزۇ ) ، فەن يىنجۇڭ ( خەنزۇ ) ، پولات ئالىمى ( ئۆزبېك ) ، مەنسۇر لومىيوپ ( خۇيزۇ ) ، پېڭ چاگگۇي ( چاۋشيەن مىللىتىدىن ، ئازاتلىقتىن كېيىن ئىسمىنى پېڭ گۇئەنگە ئۆزگەرتكەن ) ، لۇسۇشىن ( ئايال ، خەنزۇ ) ، خەمىت سۇل-

تان، سوپاخۇن سۇۋۇروپ، ۋاھاپ (قازاق)، ئابلايوپ، توختى ئىبراھىموپ، ئابدۇۋەلى جارىللايوپ، مۇقەددەس ھاجىيوۋا (ئايال، ئۆزبېك)، تاۋتىيەنبەي (خەنزۇ)، جاڭ زىگې (خەنزۇ)لار بىزنى شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر ئاغزاكى ماتېرىيال ۋە يازما ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئەتتى.

«شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»گە دائىر ماتېرىياللارنى تەرجىمە قىلىش خىزمىتىگە ئاساسلىقى ماشۇتيەن (خۇيزۇ)، خې يۈبو (خەنزۇ)، ۋاڭ لىزېڭ (خەنزۇ)، لى گۈيلىڭ (خەنزۇ)، ماجېڭ (خۇيزۇ) قاتناشتى.

«شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»نىڭ ماتېرىيال خىزمىتىگە ئاساسلىقى بىيشەن، ماشۇتيەن، دى جوشەن، يارى، ۋاڭ يەن، دۇەن شۇ قاتناشتى.

شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار ئېغىر دەرىجىدە يوقىلىپ كەتكەنلىكى، ماتېرىياللارنىڭ توپلىنىشى دېگەندەك ئەتراپلىق بولمىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېزىشقا قاتناشقان خادىملارنىڭ سەۋىيىسى چەكلىك بولغانلىقى سەۋەبىدىن كىتابتا چۈشۈپ قالغان ۋە مۇۋاپىق بايان قىلىنمىغان جايلار بولۇشى تەبىئىي. «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»نىڭ يەنىمۇ مۇكەممەللىشىشى ئۈچۈن ھەر قايسى تەرەپلەردىكى زاتلار، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئۆز پىكرىنى ئايىماي بېرىشىنى قارشى ئالىمىز.

بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»نى يېزىش ۋە نەشر قىلىش خىزمىتىنى قوللىغان بارلىق ئورۇنلار ۋە ھەر قايسى تەرەپلەردىكى زاتلارغا چىن قەلبىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز.

تۈزگۈچىدىن

1994 - يىل 8 - ئاي.

بۇ كىتاب نەشرىياتىمىزنىڭ 1994 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى، 1994 - يىل 9 - ئاي 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى. ئىككىنچى قېتىم بېسىلغاندا، بۇ كىتابنىڭ تەرجىمىسىگە قىسمەن تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى.

本书根据本社 1994 年 9 月第 1 版、1994 年 9 月第 1 次印刷本翻译出版。第二次印刷时，对本书的译文作了部分修改。

مەسئۇل مۇھەررىرى:  ئوبۇل ئىسلام
مەسئۇل كوررېكتورى:  ئاسىيە ئەخمەت
تېخرېداكتور:  ياسىن تۇردى
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى:  خۇجۇنچيۇ، قاھار ئوسمان

**شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى**

شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخىنى يېزىش - تەھرىرلەش كومىتېتى
تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇللا ئاۋۇت قاتارلىقلار
تەرجىمە مۇھەررىرى: مىجىت ئابدۇرۇسۇل، چېن يۈگۈي

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق كوچىسى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ج ك پ ش ئۇ ئا ر كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى ھۆججەت بېسىش مەركىزىدە بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 15.125  قىستۇرما ۋارىقى: 2
1995 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى
1996 - يىل 8 - ئاي 2 - بېسىلىشى
تىراژى: 2.001——8.000
ISBN 7—228—03601—8/K・398
باھاسى: 13.50 يۈەن

责任编辑：　乌布利·斯拉木
责任校对：　阿斯亚
技术编辑：　亚生·吐尔地
封面设计：　胡隽秋，卡哈尔·欧司曼

新疆三区革命大事记　（维吾尔文）
新疆三区革命史编纂委员会
阿不都拉·阿吾提等译
米吉提·阿不都若素力，陈毓贵校订

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路348号，　邮政编码：830001）
新疆新华书店发行
中共新疆维吾尔自治区委员会办公厅文印中心印刷
850×1168毫米　32开本　15.125印张　2插页
1995年8月第1版　1996年9月第2次印刷
印数：　2,001——8,000

ISBN 7—228—03601—8/K·398　　定价：13.50元